www.uyghurkitap.com
Abduleelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

لو گۇەنجۇڭ

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە

# 3

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھاجى ياقۇپ
غۇلام غوپۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


قىرىق بىرىنچى باب
لىيۇ بېينىڭ ئەلنى باشلاپ دەريادىن ئۆتكەنلىكى
جاۋ يۈننىڭ يالغۇز يېرىپ ئىگىسىنى قۇتقۇزغانلىقى ............ 1
قىرىق ئىككىنچى باب
جاڭ فېينىڭ چاڭبەن كۆۋرۈكىدە غوۋغا چىقارغانلىقى
لىيۇ بېينىڭ خەنجىن ئېغىزىدىن قاچقانلىقى ................ 28
قىرىق ئۈچىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ موللىلار بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلغانلىقى
لۇ سۇنىڭ كۆپچىلىك پىكرىنى يەكلەپ كۆرسەتكەنلىكى ...... 45
قىرىق تۆتىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ دەي - دەيگە سېلىش ئۇ-
سۇلى بىلەن جۇ يۈينى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەنلىكى
سۈن چۈەننىڭ ساۋ ساۋنى تارمار قىلىش قارارىغا قەتئىي
كەلگەنلىكى .......................................... 71
قىرىق بەشىنچى باب
ساۋ ساۋنىڭ سەنجياڭكۇدا يېڭىلگەنلىكى
جياڭ گەننىڭ قەھرىمانلار ئۇچرىشىشىدا تۇزاققا چۈش-
كەنلىكى .......................................... 93
قىرىق ئالتىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ كارامەت ھىيلە بىلەن ئوقيا ئوقلىرىنى ئال-
غانلىقى
خۇاڭ گەينىڭ مەخپىي ھىيلە كۆرسىتىپ تاياق يېيىشكە
رازى بولغانلىقى .................................... 119
قىرىق يەتتىنچى باب

كەن زىننىڭ يوشۇرۇنچە ساختا ئەل بولۇشنامە تەقدىم قىلىنغانلىقى
پالۇ تۇڭنىڭ زەنجىر چېتىق پەتنىنى ئۇستىلىق بىلەن كۆرسەتكەنلىكى ...... 140
قىرىق سەككىزىنچى باب
ساۋ ساۋنىڭ چاڭجياڭدا مەرىكە - سورۇن ئۆتكۈزۈپ شېئىر ئوقۇغانلىقى
يۇقىرى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ كېمىلەرنى زەنجىر بىلەن چېتىپ قويۇپ، چېتىق كېمىلەر بىلەن جەڭگە چىققانلىقى ...... 158
قىرىق توققۇزىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ يەتتە يۇلتۇز سۇپىسىدا تىلاۋەت قىلىپ بوران چىقارغانلىقى
جۇ يۈيىنىڭ سەنجياڭكۇدا ياۋ كېمىلىرىگە ئوت قويغانلىقى ...... 173
ئەللىكىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ خۇارۇڭ يولىدا بولغۇسى ۋەقەنى ئالدىن بىلگەنلىكى
گۇەن يۈيىنىڭ مەردلىك قىلىپ ساۋ ساۋنى قويۇۋەتكەنلىكى ...... 195
ئەللىك بىرىنچى باب
ساۋ رېننىڭ كۈنچىقىش ۋۇ لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
جۇگې لياڭنىڭ بىرىنچى قېتىم جۇ يۈيىنىڭ جېنىغا تەگكەنلىكى ...... 212
ئەللىك ئىككىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ پەم بىلەن لۇ سۇنى ئۇزىتىپ قويغانلىقى
جاۋ يۈننىڭ پەند بىلەن گۈيياڭنى ئالغانلىقى ...... 231
ئەللىك ئۈچىنچى باب
گۇەن يۈيىنىڭ مەردلىك قىلىپ خۇاڭ جۇڭنى قويۇۋەتكەنلىكى

سۈن چۈەننىڭ جاڭ لياڭ بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان-
لىقى …………………………………… 250
ئەللىك تۆتىنچى باب
ژۇ بەگ ئانىسىنىڭ ئىبادەتخانىدا ئۆيلەنمەكچى بولغان يې-
گىتنى كۆرگەنلىكى
خان تافسى ليۇ بېينىڭ ساھىبجامالنى ئالغانلىقى ……… 269
ئەللىك بەشىنچى باب
ليۇ بېينىڭ پەم بىلەن سۈن خانىمنى دەي - دەيگە سالغان-
لىقى
جۇگې لياڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم جۇ يۈيىنىڭ جېنىغا تەگ-
كەنلىكى …………………………………… 290
ئەللىك ئالتىنچى باب
ساۋ ساۋنىڭ مىس قۇشقاچ مۇنارىدا كاتتا مەرىكە - سورۇن
ئۆتكۈزگەنلىكى
جۇگې لياڭنىڭ ئۈچىنچى قېتىم جۇ يۈيىنىڭ جېنىغا
تەگكەنلىكى …………………………………… 308
ئەللىك يەتتىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ سەيساڭكۇدا تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى
پاڭ تۇڭنىڭ لېيياڭ ناھىيىسىدە ئىش باشقۇرغانلىقى …… 328
ئەللىك سەككىزىنچى باب
ما چاۋنىڭ لەشكەر تارتىپ قىساس ئالغانلىقى
ساۋ ساۋنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى كېسىپ تاشلاپ، كىيىم -
كېچىكىنى سېلىۋېتىپ قاچقانلىقى ……………… 353
ئەللىك توققۇزىنچى باب
شۈي چۇنىڭ يالىڭاچ بولۇپ ما چاۋ بىلەن ئېلىشقانلىقى
ساۋ ساۋنىڭ خەن سۈيگە ئۆچۈرگەن خەت ئەۋەتىپ ئارىنى
بۇلگەنلىكى …………………………………… 374
ئاتمىشىنچى باب
جاڭ سۇڭنىڭ ياڭ شيۇنى خىجىل قىلىپ قويغانلىقى
پاڭ تۇڭنىڭ شىچۈەننى ئېلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەر-
گەنلىكى …………………………………… 396

www.uyghurkitap.com

# قىرىق بىرىنچى باب

## لىۇ بېيىنىڭ ئەلنى باشلاپ دەريادىن ئۆتكەنلىكى
## جاۋ يۈنىنىڭ يالغۇز بىرىپ ئىگىسىنى قۇتقۇزغانلىقى

ئەلقىسسە، جاڭ فېي ساۋ رېننىڭ ئالدىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن راسا بىر تۇتىشىش ئۈچۈن، گۈەن يۈي دەريانىڭ بېشىدىكى سۇنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، دەريانىڭ ئايىغىدىن چېرىكلىرىنى باشلاپ بوراندەك چىقىپ كەلدى. ئالدىدىن يورتلا قىلىپ شۈي چۇ چىقىپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىر پەس ئېلىشتى؛ شۈي چۇ بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن داۋاملىق ئېلىشىشقا رايى بارماي، بىر تەرەپكە قاچتى. جاڭ فېي ئارقىدىن قوغلىشىپ كېتىۋەردى. كېيىن لىۇ بېي بىلەن جۇگې لياڭغا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئۆرلەپ كەتتى. لىۇ فېڭ بىلەن مى فاڭ كېمە ـ قېيىقلارنى راسلاپ، قىرغاقتا كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇلار كەلدى ـ دە، ئولاش ـ چولاش كېمىلەرگە چۈشۈپ دەريادىن ئۆتتى، ئاندىن ئۇدۇل فەنچېڭ شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى. مېڭىش ئالدىدا جۇگې لياڭ كېمە ـ ساللارنىڭ بىرىنى قويماي كۆيدۈرۈۋېتىشنى تاپىلاپ قويۇپ ماڭغانىدى.

ئەمدى گەپنى ساۋ رېندىن ئاڭلاڭ. ساۋ رېن قالدى ـ قاتتى لەشكەرلىرىنى يىغىپ شىنيېگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قانداقسىگە يېڭىلىپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، ساۋ

خوڭخىنى ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ساۋ ساۋ ئەھۋالنى ئاڭلاپ:

— ھىم، جۇگې لياڭ دېگەن سەھرالىق شۇنچە يامانلىق قىلىشقا پېتىنىپتىما؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئاچچىقى بىلەن.

شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ ئۆز قوشۇنىنى سەپراس قىلىپ ئىتتىك يولغا چىقتى ۋە تاغ - داللارنى بىراقلا بېسىپ، شىنيېگە كەلگەندە قارارگاھ قۇردى. بىر بۆلۈك لەشكەرنى تاغلارنى چارلاشقا ۋە بەيخې دەرياسىنى تىنىدۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇدى. چوڭ قوشۇننى بولسا سەككىز يولغا بۆلۈنۈپ، فەنچېڭ شەھىرىگە تەرەپ - تەرەپتىن بىراقلا بېسىپ كىرىشكە بۇيرۇدى. بۇ چاغدا ليۇ يې ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ۋەزىر ئەزەمنىڭ بۇ سەپىرى شائىيالىڭ تەۋەسىگە قىلغان بىرىنچى سەپىرى بولىدۇ، شۇ ۋەجىدىن ھەممىدىن ئاۋۋال ئەلنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشىمىز كېرەك. ليۇ بېي شىنيېنىڭ ئاھالىسىنى ئېرىق فەنچېڭغا يۆتكەپ كېتىپتىمىش، ئەگەر بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز بۇ شەھەرگە بىراقلا باستۇرۇپ كىرسە، ئىككى ناھىيىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئەلچى كىرگۈزۈپ، ليۇ بېينى ئەل بولۇشقا ئۈندەپ بېقىشىمىز كېرەك، ئەگەر ليۇ بېي ئەل بولمىسا، بىزنىڭ پۇقرانى سۆيىدىغانلىقىمىز ھەممە كىشىگە ئايان بولىدۇ؛ ئەگەر ئەل بولسا، جىڭجۇ تەۋەسىنى ئۇرۇشمايلا قولغا كىرگۈزۈۋالىمىز، — دېگەن مەسلىھەتنى بەردى.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتكە كىرىپ:

— ئۇنداق بولسا كىمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۈي شۇ ليۇ بېي بىلەن يېقىن، ھازىر ئۇ بىزنىڭ لەشكىرىمىزدە، نېمىشقا شۇ كىشىنى ئەۋەتىپ كۆرمەيمىز؟ — دېدى ليۇ يې.

— ئۇنى بارسا قايتىپ كەلمەسمىكىن دەپ ئەندىشە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلمىسە، خەقنىڭ كۆلكىسىگە قالىدۇ، بۇنىڭدىن گۇمان قىلمىسىلا، ۋەزىر بېگىم، — دېدى لىۇ بېي.

شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ شۆي شۇنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— ئەسلىدە مەن فەنچېڭ شەھىرىنى تۈپتالاس قىلىۋېتەي دېگەنىدىم، بىراق پۇقراغا ئىچىم ئاغرىدى. جانابىڭىز بېرىپ لىۇ بېيغا شۇنى يەتكۈزگەيسىزكى، ئەگەر ئۇ ئەل بولسا، گۇناھىدىن كەچكەننىڭ ئۈستىگە مەرتىۋە ئاتا قىلىمەن؛ ئەگەر ئەقلىدىن ئېزىپ بويۇنتاۋلۇق قىلسا، لەشكەرلىرىدىن تارتىپ پۇقراسىغىچە قويماي قىرىپ تاشلايمەن، ئۇ چاغدا قاشتېشى كۆيىدۇ، تاشمۇ كۆيىدۇ. مەن جانابىڭىزنىڭ ساداقەتمەن ۋە مەرد ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ياخشى بىلىمەن. شۇڭا ئەتەي سىزنى ئەلچىلىككە ئەۋەتمەكچىمەن. بۇ ئىشنى ئوبدان ئورۇنداپ كەلگەيسىز.

شۆي شۇ بۇيرۇقنى ئېلىپ يولغا چىقتى. فەنچېڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، لىۇ بېي ۋە جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشتى-دە، بۇرۇنقى ئىشلار ئۈستىدە ھال-مۇڭ قىلىشىپ كەتتى.

— ساۋ ساۋنىڭ جانابلىرىنى ئەل بولۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن مېنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىشتىكى غەرىزى ئەلنىڭ كۆزىنى بوياش. ھازىر ئۇ لەشكەرلىرىنى سەككىز يولغا بۆلۈپ، بەيخې دەرياسىنى تىندۇرۇپ، ھەدەپ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ، فەنچېڭ شەھىرىنى ساقلاپ قېلىش قىيىندەك تۇرىدۇ، دەرھال ئامال قىلىشسىلا، — دېدى شۆي شۇ.

لىۇ بېي شۆي شۇنى ئېلىپ قالماقچى بولدى. شۆي شۇ رەھمەت ئوقۇپ:

— ئەگەر مەن قايتىپ بارمىسام، باشقىلارنىڭ كۆلكىسىگە قېلىشىم مۇمكىن. ئانام بىچارە ئۆلۈپ كەتتى، دەرد-ئىنتىقام

بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتىمەن. پېقىر ئۇلارنىڭ قولىدا بولسامۇ، ھەرگىز ئۇلار ئۈچۈن مەسلىھەت كۆرسەتمەيمەن. جانابلىرىغا ھەمدەملىشىدىغان جۇگې لياڭ خەلپىتىم بار، نېمىدىن غەم قىلىلا، تەقسىر. پېقىرغا رۇخسەت قىلغايلا، — دېدى.

ليۇ بېي ئۇنى قېلىپ قېلىڭ دەپ زورلاۋېرىشكە پېتىنالمىدى.

شۈي شۇ قايتىپ كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ليۇ بېينىڭ ئەل بولۇشقا كۆنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ، شۇ كۈنىلا لەشكەر تارتىپ ماڭدى. ليۇ بېي جۇگې لياڭدىن مەسلىھەت سورىدى.

— فەنچېڭ شەھىرىنى تاشلاپ، دەرھال شاڭياڭغا بېرىپ ۋاقىتىنچە ئارام ئېلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ئەل - خالايىق بىزنى ئەگىشىپ يۈرۈۋاتقىلى نە چاغ، قانداقمۇ تاشلاپ كېتىمىز؟ — دېدى ليۇ بېي.

— ئەلگە: خالىغانلار بىز بىلەن مېڭىڭلار، خالىمىغانلار قېلىڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى جۇگې لياڭ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۈەن يۈينى دەريا بويىغا بېرىپ كېمە - قېيىقلارنى جۇمقۇلاپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى، سۈن چيەن بىلەن جيەن يۇڭنى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، ئەلكۈنگە: «ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى كېلىپ قالدى، ئەمدى بۇ يالغۇزاق شەھەرنى ساقلاپ يېتىشنىڭ يولى قالمىدى، خالايىق، خالىغانلار بىز بىلەن دەريادىن ئۆتۈشكە مېڭىڭلار» دەپ جار سېلىشقا بۇيرۇدى.

— بىز ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز، ليۇ بېي بېگىم نەگە بارسا شۇ يەرگە بارىمىز! — دەپ تەڭلا ئۈن سېلىشتى ئىككى ناھىيىنىڭ ئەھلى.

www.uyghurkitap.com

ئەلكۈن يىغا ـ زار بىلەن شۇ كۈنى يولغا چىقتى. چوڭلار كىچىكلەرنى كۆتۈرۈپ، ياشلار قېرىلارنى يۆلەپ، ئەرلەر ئاياللارنى باشلاپ، دەبدەبە بىلەن دەريادىن ئۆتۈشتى، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا داد ـ پەرياد كۆتۈرۈلدى. ليۇ بېي كېمە ئۈستىدە قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ:

— ئەلكۈن مېنى دەپ مۇشۇنداق ئېغىر كۈنگە قېلىۋاتىدۇ، ماڭا بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى بار! — دېدى ۋە ئۆزىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولدى، شۇئاندا يېنىدىكىلەر ئىتتىك كېلىپ تۇتۇۋالدى. بۇ ھالنى ئاڭلىغانلار ئاھ ئۇرۇپ پەرياد قىلدى. كېمە ئاستىن قىرغاققا كەلگەندە، ليۇ بېي كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئەلكۈنگە قارىدى، دەريادىن تېخى ئۆتۈپ بولالمىغانلار ئاستىن قىرغاققا قاراپ يىغلاۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ليۇ بېي دەرھال گۇەن يۈيىنى دەريادىن ئۆتۈپ بولالمىغانلارنىڭ ئالدىغا كېمە ئەۋەتىشكە بۇيرۇپ ئاندىن ئېتىغا مىندى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار شياڭياڭ شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى، كېلىپ شۇنداق قارىسا، شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىگە تۇغ ـ ئەلەملەر ئېسىلغان، خەندەك بويلاپ سانجاق ـ تۇسۇقلار ئورنىتىلغان. ليۇ بېي ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ئەزىز جىيەنىم ليۇ زۇڭ، مەن پۇقرانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا كەلدىم، مەندە باشقا ئوي يوق، دەرۋازىنى ئاچتۇرۇڭ، — دېدى.

ليۇ زۇڭ ليۇ بېينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقۇپ دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقالمىدى. سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈن توپتوغرا دەرۋازا راۋىقىغا كېلىپ، لەشكەرلىرىنى پەسكە قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا بۇيرۇدى. سېپىل سىرتىدا تۇرغان ئاھالە راۋاققا قاراپ يىغا ـ زار قىلىشتى. شەھەر ئىچىدىن تۇيۇقسىز بىر پالۋان نەچچە يۈز ئادەمنى باشلاپ راۋاق ئۈستىگە چىقىپ:

— ئەي ۋەتەن ساتقۇچ سەي ماۋ! مۇناپىق جالڭ يۈن! لىۇ بېي بېگىم بولسا ئادالەتپەرۋەر ئادەم، بۈگۈن ئۇ كىشى ئەلنى قۇتقۇزىمەن دەپ سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كەلسە، نېمىشقا رەت قىلىسىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھەممە بۇ ئادەمگە كۆز تىكتى، قارىسا ئۇ بويى سەككىز چى كېلىدىغان، يۈزى چىلاندەك قىزىل ئادەم ئىدى؛ ئۇنىڭ يۈرتى يىيالڭ، ئىسىم- زاتى ۋېي يەن، يەنە بىر ئىسمى ۋېن چالڭ ئىدى.

ئۇ قوۋۇق باقار لەشكەرنى چېپىپ تاشلاپ، سېپىل دەرۋازىسىنى ئاچتى ۋە ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرۈپ:

— ئەي خان تاغىسى، قېنى لەشكەرنى چاپسان شەھەرگە تارتىپ كىرسىلە، ۋەتەن ساتقۇچ ئوغرىلارنى قىر- چاپ قىلايلى! — دەپ ۋارقىرىدى.

جالڭ فېي شەھەرگە كىرمەكچى بولۇپ ئېتىنى دېۋەيلىۋىدى، لىۇ بېي ئۇنى ئىتتىك توسۇپ:

— ئەل چۆچۈپ كەتمىسۇن! — دېدى.

ۋېي يەن لىۇ بېينىڭ لەشكىرىنى شەھەرگە تېزرەك كىرىشكە چاقىرىپ ھەدەپ ۋارقىراۋاتاتتى. شەھەر ئىچىدىن تۇيۇقسىز بىر پالۋان بىر بۆلەك لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ:

— ھەي چۈپرەندە ۋېي يەن، سەن قايسى ھالىڭغا بىزگە يانماقچىسەن! ئاكالڭ قارىغاي ۋېن پىڭنى تونۇپ قوي! — دەپ ئۇن سالدى.

ۋېن يەن دەرغەزەپ بولۇپ، نەيزىسىنى پىرقىراتقىنىچە ئات قويۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرى سېپىل ياقىسىدا تىغمۇتىغ ئېلىشىپ كەتتى، قىر- چاپ ئاۋازلىرى جاھاننى تىترەتتى.

— پېقىرنىڭ تىلىكى ئەلنى قوغداش، ئەل قىرىلىپ كەتمىسۇن! مەن شياڭياڭغا كىرىشنى ئىستىمەيمەن! — دېدى لىۇ بېي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— جىياڭلىنىڭ بولسا جىڭجۇ تەۋەسى بويىچە مۇھىم جاي، شۇڭا ئاۋۋال جىياڭلىڭغا بېرىپ ئورۇنلاشقىنىمىز تۈزۈك، — دېدى جۇگې لياڭ.

— دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىڭلا، — دېدى ليۇ بېي.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەلنى باشلاپ، شياڭياڭغا بارىدىغان چوڭ يولدىن چىقىپ جىياڭلىڭغا قاراپ مېڭىشتى. شياڭياڭ شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى پاتپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ شەھەر سىرتىغا قېچىپ چىقىپ، ليۇ بېيگە ئەگىشىپ ماڭدى. ۋېي يەن، ۋېن پىن بىلەن پېشىندىن دېگەرگىچە ئېلىشتى، قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى تامامەن قىرىلىپ تۈگىدى. ۋېي يەن ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى شەھەر سىرتىغا قېچىپ چىقتى، قارىسا ليۇ بېي كۆرۈنمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاڭشا ھاكىمى خەن شۈەننى پاناھلاپ شۇ ياققا يول تارتتى.

ئەمدى ليۇ بېيغا كېلەيلى. ليۇ بېي 10 تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر ۋە ئاھالە بىلەن چوڭ - كىچىك نەچچە مىڭ ھارۋىنى ئېلىپ، ئۇدۇل جىياڭلىڭغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئەپكەش ۋە بوغچىما كۆتۈرگەنلەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. ليۇ بياۋنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كەلگەندە، ليۇ بېي سەركەردىلىرىنى باشلاپ قەبرە ئالدىغا بېرىپ، نالە - پەرياد قىلىپ:

— ئەي ئەزىز ئاغا، پاراسەتسىز ئىنىڭىز ليۇ بېي سىزنىڭ قىممەتلىك تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ئورۇندىيالمىدى، گۇناھ مەندە، ئەلدە ئەيىب يوق. ئەي ئاغا، سىزدىن شۇنى تىلەيمەنكى، روھىڭىزنى راۋان قىلىپ، جىڭجۇ ئەھلى بىلەن شياڭياڭ ئەھلىنى قۇتقۇزغايسىز! — دېدى.

بۇ ئەلەملىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆزىدىن ياش ئاققۇزمىغان بىرمۇ لەشكەر ۋە پۇقرا قالمىدى. شۇ ئارىدا ئايغاقچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى فەنچېڭغا كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ،

شۇ تاپتا كېمە ـ سالالارنى تەييار قىلىپ بوپتۇ، ئەتىگىچە دەريادىن ئۆتۈپ بىزنى قوغلىشىپ كېلەرمىش، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. سەركەردىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ:

— جياڭلىڭ بولسا مۇھىم جاي، شۇ يەرگە يېتىۋالساق، ياۋدىن پۈتۈنلەي ساقلىنالايتتۇق، لېكىن نەچچە تۈمەن ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، كۈنىگە ئون نەچچە چاقىرىم يول بېسىپ، جياڭلىڭغا قاچان يېتىپ بارالايمىز؟ ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى كېلىپ قالسا، قانداق توغرا تۇرالايمىز؟ پۇقرانى تاشلاپ، ئالدىدا بېرىپ تۇرغىنىمىز تۈزۈك، — دېيىشتى.

— ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن تۇغ كۆتۈرگۈچىلەر ئۆزىگە ئەلنى تايانچ قىلىشى كېرەك. ئەل بىزنى ئەگىشىپ مېڭىۋاتسا، بىز قانداقمۇ ئەلنى تاشلاپ كېتىمىز؟ — دېدى ليۇ بېي يىغلاپ تۇرۇپ.

ليۇ بېينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ھەممە كىشىنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى. كېيىنكىلەر ئۇنىڭ شەنىگە ئاتاپ مۇنداق بىر تەزمە پۈتۈپتىكەن:

*ئۇنتۇماي پۇقراسىنى باشقا چۈشكەندە ئەلەم،*
*كېمە ئىچرە ياش تۆكۈپ لەشكەرگە تەسىر بەردى ھەم.*
*تۈنتى ماتەم ـ تەزىيە ليۇ بياۋغا شياڭجياڭ ئاغزىدا،*
*ئەسلىدى چوڭدىن كىچىك ليۇ بېي بەگىمنى ھەم شۇدەم.*

ليۇ بېي ئەل بىلەن بىللە ئاستا كېتىۋاتاتتى. جوڭي لياڭ:

— قوغلىشىپ كېلىۋاتقان لەشكەر ھەر ھالدا يېقىنلىشىپ قالدى، بەگزادە ليۇ چىدىن ھەمدەم تىلەش ئۈچۈن گۈەن يۈينى جياڭشياغا ئەۋەتەيلى، ئۇ دەرھال لەشكەرنى باشلاپ كېمە بىلەن جياڭلىڭغا بېرىپ تۇرسۇن، — دېدى.

ليۇ بېي بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپ دەرھال قولىغا قەلەم ـ قەغەز ئېلىپ خەت يازدى ـ دە، گۈەن يۈينى سۇن چيەن بىلەن

www.uyghurkitap.com

500 لەشكەر باشلاپ، ھەممەيلەن تىنىش ئۈچۈن جىلغىلارغا ئەۋەتتى. چالۋاقىنى قوشۇن ئارقىدىن قوغلاپ بېگىچە يېتىپ كەلدى؛ چاۋ يۈن ئاپاسى ـ ئورۇق، قىرى ـ چىرايلىق ۋە بالا ـ چاقىلارنى قوغداپ ماڭدى؛ قالغانلار يۇقىرىغا قارىغاچ ئەل بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇلار كۈنىگە ئون چاقىرىم يول يۈرۈپ، ھەر ئون چاقىرىمدا بىر توختاپ، دەم ـ ئارامىنى ئېلىپ ماڭدى.

ئەمدى ساۋ ساۋغا كېلەيلى، ئۇ لىيۇ زۇڭنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن فەنچېڭدىن شياڭياڭغا چاپارمەن ئەۋەتتى. لىيۇ زۇڭ ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا كېلىشتىن قورقتى. سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈن بىز ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈشكە بارساق دەپ ئىلتىماس قىلدى، شۇ ئارىدا ۋاڭ ۋېي ئاستىرتىن ئۇنىڭ قۇلىقىنى بۇراپ مۇنداق دېدى:

— جانابلىرى ئەگەر ساۋ ساۋغا ئەل بولسىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە لىيۇ بېي كېتىپ قالسا، ساۋ ساۋ چوقۇم بوشاپ كېتىپ تەييارلىق قىلمايدۇ، مېنىڭچە: جانابلىرى خىل لەشكەرلەرنى مۇھىم بىر جايغا مۆكتۈرۈپ قويۇپ، تازا ئېپىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرسىلە، ئۇ يېڭىلمەي نەگە باراتتى. ساۋ ساۋنى قولغا چۈشۈرۈۋالساق، پۈتۈن جاھان لەرزىگە كېلىپ كېتىدۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كەڭ بولسىمۇ، ئۇنى بۇيرۇق بىلەنلا تىنچلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئاجايىپ ياخشى پۇرسەت، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرگىلى بولمايدۇ.

لىيۇ زۇڭ ئۇنىڭ بۇ مەسلىھىتىنى سەي ماۋغا ئېيتتى. سەي ماۋ ئاڭلاپ:

— سەن تەقدىرگە تەن بەرمەي، نېمىدەپ شولتەڭلەپ يۈرىسەن! — دېدى ۋارقىراپ ۋاڭ ۋېيغا.

— ھەي ۋەتەن ساتقۇچ ئوغرى، سېنىڭ بىر چىشلەم گۆشۈڭنى يېيەلىسەم؛ دەردىم سىقمايدۇ — دەپ تىللىدى غەزەپ بىلەن ۋاڭ ۋېي سەي ماۋنى.

سەي ماۋ ئۇنى شۇئان چېپىپ تاشلىماقچى بولدى، بىراق كۆەي يۈ ئارىغا كىرىپ توسۇۋالدى. شۈنىلاڭ بىلەن سەي ماۋ جالڭ يۈننى ئېلىپ ئىككىسى بىرلىكتە فەنچېڭغا بېرىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. سەي ماۋ بىلەن جالڭ يۈن ناھايىتى خۇشامەتچىلىك قىلدى. ساۋ ساۋ:

— جىنجۇدا ھازىر قانچىلىك لەشكەر ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بار؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن.

— 5 تۈمەن ئاتلىق لەشكەر، 15 تۈمەن پىيادە لەشكەر، 8 تۈمەن سۇ لەشكىرى، جەمئىي 28 تۈمەن لەشكەر بار. ئاشلىق - ئوزۇق، مال - بىساتنىڭ تەڭدىن تولىسى جياڭلىڭدا؛ باشقا جايلاردىكىنى قوشقاندا بىر يىل يېتىپ ئاشقۇدەك ئاشلىق بار، — دېدى سەي ماۋ جاۋابەن.

— قانچىلىك ئۇرۇش كېمىسى بار؟ كېمىلەرنى كىم باشقۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— چوڭ - كىچىك يەتتە مىڭ نەچچە كېمە بار، بىز ئىككىمىز باشقۇراتتۇق، — دېدى سەي ماۋ.

شۈنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ سەي ماۋنى تۆۋەن تەرەپنى مۇداپىئە قىلىش بېگى ھەم سۇ لەشكىرىنىڭ باش تۇتۇقبېگى قىلىپ بەلگىلىدى، جالڭ يۈننى بولسا ياردەمچى بەگ ۋە ياردەمچى تۇتۇقبەگ قىلىپ بەلگىلىدى. ئىككىسى چوڭ مىننەتدار بولۇپ، ساۋ ساۋغا تەزىم بەجا كەلتۈردى.

ساۋ ساۋ يەنە:

— ليۇ بياۋ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئەگەر ئوغلى بىزگە بوي ئەگسە، پېقىر خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى جىنجۇ ئايمىقىنىڭ مەڭگۈلۈك ھۆكۈمدارى قىلىپ قويىمەن، — دېدى.

ئىككىيلەن خۇشاللىقىدا رەھمەت ئېيتىشقا توققۇز تەزىم قىلىپ ئېتىنىك قايتتى.

— ئەي تەقسىر، سەي ماۋ بىلەن جالڭ يۈن ئىككىسى تازا

خۇشامەتچى ئوغرىلار، بۇلارغا شۇنچە چوڭ ئەمەللەرنى بەرگەنلىرى نېمىسى؟ يەنە كېلىپ ئۇلارنى سۇ لەشكىرىنىڭ تۇتۇقبېگى قىلىپ قويغانلىرى قىزىق ئىش! — دېدى شۈن يۈ.

— مەن بىلمەي قېلىۋاتقىنىم يوق! پېقىر باشلاپ ماڭغان لەشكەرلەر شىمال سەھرالىرىدىن بولۇپ، سۇدا ئۇرۇش قىلىپ كۆنمىگەن، شۇڭا ئەتەي بۇ ئىككىسىدىن پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتتۇم؛ ئىشىمىز ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن، قالغان ئىشنى ئۆزۈم جايلايمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

ئەمدى گەپنى سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈندىن ئاڭلاڭ. ئۇلار ئىككىسى قايتىپ بېرىپ ليۇ زۇڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئىككىسى تەڭلا:

— ساۋ ساۋ بېگىم ئۆزلىرىنى جىڭجۇ - شائىياڭ تەۋەسىگە مەڭگۈ ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلەشنى ۋەدە قىلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ليۇ زۇڭ بەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئەتىسى ئانىسى سەي ئافچا خېنىم بىلەن تامغا - تەمتەكلەرنى ئېلىپ دەريادىن ئۆتۈپ، ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا تەزىمگە كەلدى. ساۋ ساۋ ئەھۋال سوراپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن، دەرھال قوشۇننى باشلاپ شائىياڭ شەھىرىنىڭ سىرتىغا كېلىپ جايلاشتى. سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈن شائىياڭ ئەھلىنى كوچا - شام يېقىپ، دەبدەبە بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ ساۋ ساۋنى كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇدى. ساۋ ساۋ سىلىق - سىپايە سۆزلەر بىلەن ئاھالىدىن كۆڭۈل سورىدى. شەھەرگە كىرىپ، مەھكىمىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، كۇەي يۈنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ۋە:

— پېقىر جىڭجۇنى ئېلىشقا خۇشتار ئەمەس، يىدۇنى ئېلىشقا خۇشتار، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن كۇەي يۈنى جياڭلىڭغا ھاكىم، فەنچېڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى؛ فۇ شۈن، ۋاڭ شەنلەرنى گۇەننېي بېگى

قىلىپ تەيىنلىدى؛ ليۇ زۇڭنى بولسا جىڭجۇ ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ھەممىسىنى يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى.

ليۇ زۇڭ بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ھەيران ـ ھەس قالدى ۋە:

— پېقىر ئاتا ـ ئانامنىڭ يۇرتىنى ساقلاشنى خالايمەنكى، ئەمەلدار بولۇشنى خالىمايمەن، — دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

— سىزنى جىڭجۇ ـ شاڭيالڭ تەۋەسىدە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراپ قالمىسۇن، ئوردا ئەتراپىدا ئەمەلدار بولسۇن دەپ، ئەتەي جىڭجۇغا تەيىنلىدىم، چۈنكى جىڭجۇ بولسا پايتەختكە يېقىن جاي، — دېدى ساۋ ساۋ چۈشەندۈرۈپ.

ليۇ زۇڭ بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئېيتقان بولسىمۇ، ساۋ ساۋ ئۇنىڭغا يول قويمىدى. ليۇ زۇڭ نائىلاج ئانىسى بىلەن جىڭجۇغا قاراپ يول ئالدى. پېشقەدەم سەركەردىلەردىن پەقەت ۋاڭ ۋېيلا ئۇلار بىللە كەتتى، قالغان بەگلەر دەريانىڭ ئاغزىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. ساۋ ساۋ ئەمدى يۈي جىننى چاقىرتىپ كىرىپ:

— سەن چەبدەس ئاتلىقلار بىلەن ليۇ زۇڭنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئۇنى ئانىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەت، بولمىسا ئۇ كېيىن بىزگە بالا بولىدۇ، — دەپ تاپىلىدى.

يۈي جىن بۇيرۇقنى ئالدى ـ دە، ئاتلىقلار بىلەن قوغلىشىپ بېرىپ، ليۇ زۇڭغا ۋارقىرىدى:

— ھاي ليۇ زۇڭ، مەن ۋەزىر ئەزەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئانا ـ بالا ئىككىڭنى ئۆلتۈرگىلى كەلدىم! ئۆزۈڭلارنى بىلىپ كاللاڭلارنى تاپشۇرۇڭلار!

سەي خانىم ليۇ زۇڭنى قۇچاقلىۋېلىپ ھۆڭگىرەپ ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. يۈي جىن لەشكەرلىرىنى قول سېلىشقا بۇيرۇدى. ۋاڭ ۋېي غەزەپكە كېلىپ، لەشكەرلەر بىلەن قاتتىق ئېلىشتى، بىراق لەشكەرلەر ئۇنى چېپىپ تاشلىدى. لەشكەرلەر يەنە ليۇ زۇڭ بىلەن سەي خانىمنىمۇ چېپىپ تاشلىدى. يۈي جىن قايتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىپ بۇ ئىشنى ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى، ساۋ ساۋ خۇش بولۇپ، ئۇنى چولڭ تارتۇقلىدى. ساۋ ساۋ يەنە جۇگې لياڭنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى تېپىپ كېلىڭلار دەپ، لۇڭجۇڭغا كىشى ئەۋەتتى، بىراق، ئىزدەپ بارغانلار تاپالماي قايتىپ كەلدى. جۇگې لياڭ ئۆز بالا ـ چاقىلىرىنى ئاللىقاچان سەنجاڭغا ئەۋەتىپ يوشۇرۇندۇرۇپ قويغانىدى. ساۋ ساۋ ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى.

شياڭياڭ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن شۈن يۇ:

— جياڭلىڭ بولسا جىڭجۇ ـ شاڭياڭ تەۋەسى بويىچە مۇھىم جاي ھېسابلىنىدۇ، بۇ جايدا بايلىق كۆپ، ئاشلىق مول. ئەگەر ليۇ بېي بۇ يەرنى ئىگىلىۋالسا، ئۇنى تەۋرىتىش تەس بولىدۇ.

— يېقىن ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان شياڭياڭدىكى سەركەردىلەردىن بىرنى تاللاپ، ئۇنى لەشكەر تارتىپ مېڭىشقا بۇيرۇماقچى بولدى. سەركەردىلەردىن پەقەت ۋېن پىنلا كۆرۈنمەيتتى. ساۋ ساۋ ئۇنى تېپىپ كېلىڭلار دەپ ئادەم ئەۋەتىپ تۇرغاندا، ئۇ كىرىپ كەلدى.

— نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— قۇللىرى جانابىي ئىگەمنىڭ زېمىنىنى تۇتۇپ تۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ، مېنىڭ خىجالەتچىلىك تارتىپ، مۇبارەك جامالىلىرىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، — دەپ جاۋاب قىلدى ۋېن پىن ۋە شۇئان ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— يارايسىز، سادىق مۇلازىملاردىن ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ ساۋ ئۇنى جياڭشيانىڭ ھاكىملىقىدىن ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭغا گۇەننېي بېگى دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى ۋە ئۇنى لەشكەر تارتىپ يول ئېچىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى.

شۇ ئارىدا چاپارمەن كېلىپ:

— ليۇ بېي پۇقرانى باشلاپ، كۈنىگە ئون نەچچە چاقىرىمدىن يول بېسىپ كېتىۋېتىپتۇ، ھازىرغىچە 300 چاقىرىمدىن نېرىراق يەرگە كەتكەنمىش، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ساۋ ساۋ ھەرقايسى قىسىملاردىن 5000 ئاتلىقنى تاللاپ ئالدىدىن ماڭغۇزدى، ئاتلىقلار كېچىلەپ يولغا چىقىپ، بىر كېچە - كۈندۈزلۈك سۈرۈك بىلەن ليۇ بېينى قوغلاپ يېتىشىشكە ماڭدى. ئارقىدىن چوڭ قوشۇن يولغا چىقتى.

ئەمدى سۆزنى ليۇ بېيدىن ئاڭلاڭ. ليۇ بېي بىرنەچچە ئون تۈمەن پۇقرا بىلەن 3000 دىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، جياڭلىڭغا قاراپ سەپ تارتىپ كېتىۋاتاتتى. جاۋ يۈن قېرى - چۆرى ۋە ئاجىز - ئۇششاقلارنى قوغداپ كېتىۋاتاتتى، جاڭ فېي بولسا ھىماتچى بولۇپ ھەممىنىڭ ئارقىدا كېلىۋاتاتتى.

— گۇەن يۈي جياڭشياغا كەتكەنىدى، تېخىچە سىرتىغى يوق، نېمە بولغاندۇ؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— مۇشاۋىرىمىز ئۆزى بىر بېرىپ كەلسە قانداق؟ ليۇ چى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە بەرگەن تەلىملىرىدىن بەك مىننەتدار ئىدى، بۇگۈن ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالسا بەك خۇشال بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئىش چوقۇم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

جۇگې لياڭ ماقۇل كېلىپ، ليۇ فېڭ بىلەن 500 لەشكەرنى باشلاپ، ھەمدەم تىلەش ئۈچۈن جياڭشياغا كەتتى. شۇ كۈنى ليۇ بېي جيەن يۇڭ، مى جۇ، مى فاڭلار بىلەن بىللە يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە بىردىنلا بىر پارچە قويۇن كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىدا پىرقىراپ چاڭ كەلتۈردى ۋە كۈننىڭ يۈزىنى توسۇپ، ئاسمان - پەلەككە چىقىپ كەتتى. ليۇ بېي چۆچۈپ كېتىپ:

— بۇ نېمە ئالامەت؟ — دەپ سورىدى يېنىدىكىلەردىن.

جيەن يۇڭ راماللىقتىن خەۋەردار بولغاچقا بىر پال

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېچىپ، چۆچۈگەن ھالدا:
— بۇ چوڭ شۇملۇقنىڭ ئالامىتى. بۈگۈن كېچە بىر بالا ـ قازا يېتىپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. جانابلىرى ئەلنى تاشلاپ، دەرھال مېڭىپ كەتمەكلىرى زۆرۈر، — دېدى.
— ئەلكۈن ماڭا شىنيېدىن تارتىپ ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ، مەن ئۇلارنى قانداقمۇ تاشلاپ كېتىمەن! — دېدى ليۇ بېي.
— جانابلىرى ئەگەر ئەلكۈنگە تارتىشسىلا، بالا ـ قازادىن قۇتۇلالمايدىلا، — دېدى جيەن يۇڭ.
— ئالدىمىزدىكى يۇرت قايسى يۇرت؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.
— داڭياڭ ناھىيىسى دېگەن يەر شۇ. بۇ يەردە جىڭشەن دېگەن تاغ بار، — دېدى جاۋابەن يېنىدىكىلەر.
ليۇ بېي ئەمدى ئادەملىرىگە مۇشۇ تاغقا بېرىپ جايلىشىشنى بۇيرۇدى. قىش تېخى باشلانمىغان، كۈز كۈنلىرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرى ئىدى، ئىزغىرىن شامال جاندىن ئۆتەتتى؛ كۆز باغلىناي دەپ قالغانىدى، پۈتۈن دالىنى نالە ـ زار قاپلىدى. باش توخۇغا يېقىنلىشىپ قالغان بىر چاغدا، كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپتىن ئۇر ـ چاپ دەپ چۇقان سېلىپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ئاۋازى جاھاننى يېرىپ كېلىۋاتاتتى. قاتتىق چۆچۈگەن ليۇ بېي ئالمان ـ تالمان ئېتىغا مىنىپ، ئاساسىي قوشۇندىن 2000 دىن ئارتۇق خىل يىگىتنى باشلاپ ياۋغا قارشى ئاتلاندى. ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى ھېچقانداق توسالغۇغا بوي بەرمەي، بۆسۈپ ـ يېرىپ، ئەتراپ ـ ئالەمنى قورشاپ كەلمەكتە ئىدى. ليۇ بېي جان تىكىپ ئېلىشتى. تازا خەۋپلىك پەيت ئۈستىدە تۇرغاندا، بەختكە يارىشا جاڭ فېي لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى ـ دە، قىلىچتەك يېرىپ كىرىپ، ليۇ بېينى قۇتۇلدۇرۇپ كۈنچىقىش تەرەپكە ئېلىپ قاچتى. ۋېن پىن تاق ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ توسۇدى.

— ھېبى يۈزى قارا مۇناپىق، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئادەمگە قارايسەن! — دەپ تىللىدى ليۇ بېي ئۇنى.

ۋېي پىن ئۆيالغىنىدىن لەشكەرلىرىنى قايرىپ كۆنچىقىش يۇقىرى سايان كېتىپ قالدى. جاڭ فېي ليۇ بېينى ئوتتۇرىغا ئالغان پېتى ياۋ بىلەن ئېتىشا ـ ئېتىشا ئالغا قاراپ كېتىۋەردى. قىر ـ چاپ ئاۋازلىرى بارا ـ بارا پەسىيىپ، تاڭ ئاتار چاغدا ئاندىن توختىدى، شۇنىڭ بىلەن ليۇ بېيمۇ توختاپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى. قارىسا، يېنىدا ئاران يۈز نەچچە ئاتلىق قاپتۇ؛ مى جۇ، مى فاڭ، جيەن يۇڭ، جاۋ يۈنلەرنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كېلىۋاتقان بىرەر مىڭچە پۇقرانىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق ئىدى.

ليۇ بېي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى ۋە يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

— نەچچە ئون تۈمەن جان مېنى دەپ مۇشۇنداق قاتتىق سورۇقچىلىق تارتىۋاتىدۇ؛ سەركەردىلىرىم ۋە قېرى ـ چۆرى، ئاجىز ـ ئۇششاق پۇقرالىرىم قەيەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ، ئۇلار زادى بارمىدۇ ـ يوقمىدۇ؟ بىچارىلەرگە ئىچىم بەك سىيرىلىدۇ، — دېدى.

مانا مۇشۇنداق پاراكەندىچىلىك ئۈستىگە مى فاڭ يۈزلىرىگە قادالغان يا ئوقلىرى بىلەن ئاسقاقلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ:

— جاۋ يۈن يۈز ئۆرۈپ ساۋ ساۋغا ئەل بولۇپ كەتتى! — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ھە، جاۋ يۈن مېنىڭ قەدىناس دوستۇم تۇرسا، قاراپ تۇرۇپ ماڭا يۈزى قارىلىق قىلارمۇ؟ — دېدى ليۇ بېي ئىشەنمەي.

— ئۇ بەلكى بىزنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، كەلگۈسىدە بىرەر مەرتىۋىدىن قۇرۇق قالماي دەپ، ئۆزىنى ساۋ ساۋنىڭ قويىنىغا ئاتقان بولۇشى مۇمكىن! — دېدى جاڭ فېي.

— جاۋ يۈن مېنىڭ بېشىمغا ھەرقانچە ئېغىر كۈنلەر

كەلگەندىمۇ بىلىنى بوشاتقان ئادەم ئەمەس، ئۇ ھەرگىز ئورۇن - مەرتىۋىنى دەپ يۈزى قارىلىق قىلمايدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— مەن ئۇنىڭ كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە قاراپ كېتىپ بارغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دەپ گۇۋاھلىق بەردى مى فاڭ.

— مەن ئۇنى ئۆزۈم تۇتۇپ ئەدىبىنى بەرمىسەم ھېساب ئەمەس. قەيەردە كۆرسەم، شۇ يەردىلا نەيزىلەپ ئۆلتۈرىمەن! — دېدى جاڭ فېي.

— قۇرۇق گۇمان قىلمايلى. ئوتتۇرانچى ئاكىمىزنىڭ يەن لياڭ بىلەن ۋېن چۇنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ جاۋ يۈننىڭ كېتىپ قېلىشىدا چوقۇم بىر سەۋەب بار. مېنىڭچە ئۇ ھەرگىز بىزدىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

جاڭ فېي نەدىكىنى ئاڭلىسۇن، يىگىرمە نەچچە ئاتلىقنى باشلاپ چاڭبەن كۆۋرۈكىگە چاپتى. كۆردىكى، كۆۋرۈكنىڭ كۈنچىقىش يېقىدا بىر پارچە ئورمانلىق تۇرۇپتۇ، ئۇ بۇ ئورمانلىقنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇنداق بىر ئامالنى ئويلاپ تاپتى: باشلاپ كەلگەن لەشكەرلىرىگە ئورمانلىقتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخ - پۇتاقلىرىنى چاتقۇزتىش، ئاندىن بۇ شاخ - پۇتاقلارنى ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا چىگىش، ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە ھەدەپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ، چاڭ - توزان قايىنتىپ، ياۋغا بارلىق كۆرسىتىشنى بۇيرۇدى. جاڭ فېي ئۆزى ئات ئۈستىدە نەيزىسىنى تىككىسىگە كۆتۈرۈپ كۆۋرۈكتە تۇرۇپ كۈنپېتىشقا قاراپ تۇردى.

ئەمدى گەپنى جاۋ يۈندىن ئاڭلاڭ. باش توخۇ ۋاقتىدا ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى بىلەن قىلىچلىشىشقا باشلىغان جاۋ يۈن تاڭ ئاتقۇچە ئۇرۇشتى، بىراق لىيۇ بېينى ئىزدەپ تاپالمىدى. شۇنداق

قىلىپ لىۋ بېيدىن ۋە ئەلدىن يەنە ئايرىلىپ قالدى. جاۋ يۈن ئويلىنىپ: «تۆرەم ھەزرەتلىرى ئىككى ئاغىچام بىلەن كىچىك تۆرەم ئادۇ بېگىمنى ماڭا تاپشۇرغانىدى؛ ئاساسىي قوشۇن تاراپ توزۇدى، مەن ئەمدى تۆرەمنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن؟ — دېدى ئۆز ئۆزىگە، — بۇنىڭدىن كۆرە يەنە بىر قېتىم جان تىكىپ ئىلىشىپ، ئاغىچىلىرىم بىلەن كىچىك تۆرەمنىڭ زادى نەدىلىكىنى بىلىپ باقمايمۇ!»

ئۇ بۇ خىياللاردىن كېيىن، دەرھال يېنى ـ ۋىلىگە قارىدى، قارىسا، يېنىدا پەقەت 30 — 40 چىلا ئاتلىق قالغانىدى. جاۋ يۈن پاتىپاراق بولۇپ چېچىلىپ يۈرگەن لەشكەرلەر ئىچىگە ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ ئىزدىدى. ئاھ ئۇرۇپ پەرياد قىلىپ يۈرگەن ئىككى ناھىيە پۇقراسىنىڭ نالە ـ زارى جاھاننى قاپلىغانىدى؛ ئوق تېگىپ، نەيزە سانجىلىپ يارىدار بولغانلارنىڭ، ئەرلىرى خوتۇنلىرىدىن، خوتۇنلىرى ئەرلىرىدىن ئايرىلغانلارنىڭ سان ـ سانىقى يوق ئىدى. جاۋ يۈن ئىزدەپ ھەدەپ ئالدىغا كېتىۋاتاتتى، بىردىنلا ئوتلاقنىڭ ئىچىدە ياتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى، شۇنداق قارىسا، بۇ ياتقان ئادەم جيەن يۇڭ ئىكەن.

جاۋ يۈن ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭدىن:

— ئاغىچىلىرىمىزنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاغىچىلىرىمىز ھارۋىلارنى تاشلاپ، ئادۇ بېگىمنى قۇچىقىغا ئالغىنىچە كېتىپ قاپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىزدەپ ئات چاپتۇردۇم، بىر كۆتەلدىن بۇرۇلۇپ ئەمدىلا ئۆتۈشۈمگە، تۇيۇقسىز بىر نەيزە كېلىپ تەگدى ـ دە، شۇ يەردىلا ئاتتىن دومىلاپ چۈشتۈم. ئېتىمنى ئېلىپ كېتىشتى، مەن كۈچ ئىلىشالماي، مانا مۇشۇ يەردە يېتىپ قالدىم، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى جيەن يۇڭ.

جاۋ يۈن يېنىدىكىلەرنىڭ بىرىنىڭ ئېتىنى ئېلىپ جيەن يۇڭنى مىندۈردى ۋە ئىككى چېرىكنى ئۇنىڭغا قوشۇپ چوڭ

www.uyghurkitap.com

تۆرەمنىڭ قېشىغا يوللىدى ۋە ئۆلارغا:

— تۆرەمگە شۇنداق دەڭلاركى، مەن خاھى ئاسماندىن، خاھى يەرنىڭ ئاستىدىن بولسۇن، ئاغىچىلىرىم بىلەن كىچىك تۆرەمنى تېپىپ، ھەزرىتى تۆرەمنىڭ ئالدىغا ساق - سالامەت ئېلىپ بارىمەن. ئەگەر تېپىپ ئاپىرالمىسام جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولىمەن، — دەپ جېكىلىدى، ئاندىن ئېتىنى قامچىلاپ چاڭبەن تۆپىلىكىگە چاپتى.

شۇ ئارىدا تۇساتتىن بىرى:

— قاياقتا مېڭىپ قالدىلا، جاۋ يۈن بېگىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى. جاۋ يۈن ئېتىنى ئىتتىك توختىتىپ بۇ ئادەمدىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ليۇ ئايماقبېگىمىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەردىن بولىمەن، هارۋىلارنى قوغداپ كېتىۋاتاتتىم، قاياقتىندۇر بىر ئوق كېلىپ تېگىپ، مۇشۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم، — دېدى جاۋابەن بۇ ئادەم.

جاۋ يۈن ئۇنىڭدىن ئاغىچىلىرىنىڭ سىرتىقىنى سورىدى.

— گەن ئاغىچامنى ھېلىراقلا كۆردۈم، بىرمۇنچە خوتۇنلار چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، يالاڭ ئاياغ تۆۋەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، — دەپ جاۋاب قىلدى ھېلىقى لەشكەر.

جاۋ يۈن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھېچنېمىگە قارىماي تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئات قويدى. بىرنەچچە يۈز ئەر - ئايال پۇقرا بىر - بىرىنى يۆلىگەن پېتى يول بويلاپ كېتىۋاتاتتى.

— ھوي خالايىق، ئاراڭلاردا گەن ئاغىچام بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى جاۋ يۈن.

ھەممىنىڭ ئارقىدا كېتىۋاتقان گەن ئاغىچا جاۋ يۈننى كۆرۈپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. جاۋ يۈن ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، نەيزىسىنى يەرگە قاداپ قويۇپ، كۆزىگە ياش ئالغان پېتى:

— مەن ئاغىچىلىرىمنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، گۇناھلىق ئىش قىلدىم! مى ئاغىچام بىلەن كىچىك تۆرەم نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنى ياۋلار قوغلىشىپ كېلىۋەردى، بىز ھارۋىلارنى تاشلاپ يۇقىرالارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، شۇلار بىلەن پىيادە ماڭدۇق. ئالدىمىزدىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ قېلىپ، بىزنى يەنە تارقىتىۋەتتى. مى ئاغىچام بىلەن ئادۇ بېگىم نەلەردە يۈرىدىكىن، ھېچ بىلەلمىدۇق. مەن ئۆزۈم يالغۇز بۇ يەرلەردە جېنىمنى ئېلىپ قېچىپ يۈرىمەن، — دېدى گەن ئاغىچا.

شۇ ئاندا ئەل ئىچىدىن ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئالدى ياقتىن يەنە بىر تۈركۈم لەشكەر چىقىپ كەلدى. جاۋ يۈن نەيزىسىنى ئالغان پېتى ئېتىغا سەكرەپ چىقىپ كۆز تىكتى، ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم باغلاقلىق ياتاتتى، قارىسا بۇ ئادەم ھېلىقى مى جۇ ئىكەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىلىچ كۆتۈرگەن بىر قوربېشى بىر مىڭچە چېرىكنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى، بۇ ساۋ رېننىڭ چۇن يۈيداۋ دېگەن سەركەردىسى ئىدى، ئۇ مى جۇنى ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە تارتۇق ئالماقچىدى. جاۋ يۈن قاتتىق بىر ۋارقىراپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى بېرىپ، چۇن يۈيداۋغا ئېتىلدى. چۇن يۈيداۋ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى، جاۋ يۈن ئۇنى بىر نەيزە بىلەن ئېتىدىن دومىلىتىپ چۈشۈرۈپ، مى جۇنى قۇتقۇلدۇردى ۋە ئىككى ئاتنى قولغا چۈشۈردى. جاۋ يۈن گەن ئاغىچىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ قاچقان پېتى توپتوغرا چاڭپەن تۆپىلىكىگە ئېلىپ باردى. ئات ئۈستىدە نەيزىسىنى توغرىسىغا تۇتۇپ، كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرغان جاڭ فېي:

— ھەي جاۋ يۈن! ئاغىمىزدىن نېمىدەپ يۈز ئۆرۈدۈڭ؟ — دەپ سورىدى ۋارقىراپ.

— مەن ئاغىچىلىرىمىز بىلەن كىچىك تۆرەمنى ئىزدەپ

www.uyghurkitap.com

يۈرۈپ ئارقىدا قالدىم، بۇ قانداق يۈز ئۆرۈگەنلىك بولسۇن؟ — دېدى جاۋ يۈن.

— ئەگەر جيەن يۇڭ ئالدىدىن كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتمىغان بولسا، سىزنى شۇ تاپتا بوش قويمىغان بولاتتىم! — دېدى جاڭ فېي.

— تۆرەم ھەزرەتلىرى قېنى؟ — دەپ سورىدى جاڭ يۈن.

— ئالدىمىزدىلا، ئانچە يىراقتا ئەمەس، — دېدى جاۋابەن جاڭ فېي.

— مي جۇ، سىز گەن ئاغىچامىنى قوغداپ ئالدىدا كېتىۋېرىڭ، مەن مي ئاغىچام بىلەن كىچىك تۆرەمنى تېپىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، — دېدى ـ دە، جاۋ يۈن بىرنەچچە ئاتلىقنى ئەگەشتۈرۈپ، يەنە كەلگەن يولغا قايتتى.

يول ئۈستىدە، قولىغا بىر تۆمۈر نەيزە تۇتۇپ، ئۈستىگە بىر زۇلپىقار ئاسقان ھالدا، ئون نەچچە ئاتلىقنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان پالۋان كېزىكتى. جاۋ يۈن گەپ ـ سۆز قىلماي بىرىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى. ئىككىسى بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، جاۋ يۈن ئۇنى بىر نەيزە ئۇرۇپ ئاتتىن چۈشۈردى، ئۇنىڭ ئادەملىرى بولسا بىرى قالماي قېچىپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ پالۋان ساۋ ساۋنىڭ زۇلپىقارىنى كۆتۈرۈپ ئارقىسىدىن بىللە يۈرىدىغان سەركەردىسى شيا خۇئېن ئىدى. ساۋ ساۋنىڭ ئىككى زۇلپىقارى بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرىنى «دەستىپەلەك» دەيتتى، بىرىنى «قارا قىزىل» دەيتتى؛ دەستىپەلەكنى ئۆزى ئېلىپ يۈرەتتى، قارا قىزىلنى بولسا شيا خۇئېن ئېلىپ ماڭاتتى. قارا قىزىل دېگەن زۇلپىقار تۆمۈر دېگەننى قەغەزنى كەسكەندەك كېسىدىغان ئالامەت ئۆتكۈر زۇلپىقار ئىدى. شيا خۇئېن ئۆزىنى باتۇر دەپ ھېسابلاپ، ساۋ ساۋغا ئېيتماي، بىرمۇنچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا چىقىپ كەتكەنىدى. بەختكە قارشى بۇ يەردە جاۋ يۈنگە ئۇچراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitabi.com

قىلىپ، بىر نەيزە بىلەن جىنىدىن ئايرىلدى، جاۋ يۈن ئۇنىڭ بۇ زۇلپىقارىنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى، زۇلپىقارنىڭ سېپىدا ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلغان «قارا قىزىل» دېگەن ئىككى خەت تۇراتتى. مانا شۇنىڭ بىلەن بۇ زۇلپىقارنىڭ ئېسىل زۇلپىقار ئىكەنلىكىنى بىلدى. جاۋ يۈن زۇلپىقارنى قىنىغا سېلىپ، نەيزىسىنى ئالدى ـ دە، يېڭىۋاشتىن قاتمۇقات توسۇقلار ئىچىگە بۆسۈپ كىرمەكچى بولدى؛ ئەتراپىغا قارىسا بىرمۇ ئادىمى قالماپتۇ، پەقەت يالغۇز ئۆزىلا قاپتۇ. جاۋ يۈن ئىرادىسىدىن زادى قايتماي، يەنىلا مى ئاغىچا خېنىم بىلەن كىچىك تۆرەمنى تاپماقچى بولۇپ يولغا راۋان بولدى؛ يولدا يەنە خالايىققا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلاردىن مى ئاغىچىنىڭ سىرتىقىنى سورىدى.

— ئاغىچا خېنىم بالىسىنى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ مېڭىپ كېتىۋاتقاندا، سول پۇتىغا نەيزە تېگىپ كېتىۋىدى، ئاقساپ ماڭالماي، ئالدىمىزدىكى سۇنۇق تامنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ قالدى، — دېدى خالايىقتىن بىرى.

جاۋ يۈن بۇنى ئاڭلاپ، يەنە ئالمان ـ تالمان ئىزدەشكە كىرىشتى. قارىسا، تاملىرى كۆيۈپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئۆي تۇراتتى، مى ئاغىچا ئادۇ بېگىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدىكى قۇدۇقنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى. جاۋ يۈن ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ئەجەبمۇ ئوبدان كەپسىلا، تەقسىر، ئادۇ بېگىمنىڭ جېنى ئەمدى ئامان قالىدىغان بولدى. بۇ بالا دادىسى بىچارىنىڭ ئۆمرىدە ئاران تاپقان بىر ئەزىز بالىسى ئەمەسمۇ، ئېھلىرى ئاغرىسۇن. بالامنى ئامان ـ ئېسەن ئاپىرىپ دادىسىنىڭ ئۆز قولىغا تەگكۈزگەن بولسىلا، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق ئەمدى! — دېدى مى ئاغىچا.

— ئاغىچامنى جاپاغا سېلىپ قويدۇم، ھەممە گۇناھ مەندە. ئەمدى باشقا گەپنى قويۇپ ئاتقا مىنسىلە، خېنىم. پېقىر پىيادە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈرۈپ جەلپ قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەرقانداق توسۇقتىن ئامان ـ ئېسەن ئاچىقىپ كېتىمەن، — دېدى جاۋ يۈن.

— ياق! جانابلىرى پىيادە قالسىلا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ بالىنىڭ ئامانلىقىغا تامامەن ئۆزلىرى كېپىل. مەن ئېغىر يارىلاندىم، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ھېچقىسى يوق! جانابلىرى دەرھال بالىنى ئېلىپ ماڭسىلا، مەن بىلەن بەند بولۇپ قېلىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمىسىلە، — دەپ ئالدىراتتى مى ئاغىچا.

— تېز بولسىلا، خېنىم، كەينىمىزدىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلار يېقىنلىشىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى يېقىنلا بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ، قېنى، ئاتقا مىنسىلە، خېنىم، — دېدى جاۋ يۈن ئالدىرىتىپ.

— مېنىڭ ئاتقا مىنگۈچىلىك ھالىم يوق، قاراپ تۇرۇپ ئىككى زىياننى بىر تارتمايلى، — دېدى مى ئاغىچا ۋە ئادۇنى جاۋ يۈنگە سۇنۇپ تۇرۇپ، — بۇ بالىنى تامامەن ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم، تەقسىر! — دېدى يەنە.

جاۋ يۈن مى ئاغىچىنى ئاتقا مىنسىلە دەپ يېنىش ـ يېنىش ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى. ئەتراپتىن يەنە ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلدى.

— خېنىم، نېمىشقا گېپىمگە كىرمەيدىغاندىلا، كەينىمىزدىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلار كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى تىت ـ تىت بولۇپ جاۋ يۈن.

مى ئاغىچا ئادۇنى يەرگە قويدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ بېرىپ، پوكلا قىلىپ ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. بۇ خېنىمنى كېيىنكىلەرنىڭ قانداق تەرىپلىگەنلىكىنى تۆۋەندىكى غەزەلدىن كۆرۈڭ:

*يىگىتكە باغشى ئات لازىم زەپەر ئالماققا جەڭلەردە،*
*نېچۈكمۇ قۇتقۇزار جاۋ يۈن يۈرۈپ ئادۇنى پىيادە؟*

*تىكىپ جېنىنى قۇتقۇزدى بۇ لىيۇ بېي يۇتتىنى ئاخىر،*
*ئايال مەرد چىقىرىپ كەسكىن قارارنى بۇ قېيىن پەيتتە.*

جاۋ يۈن مى ئاغىچىنىڭ قۇدۇقتا ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قاچمىسۇن يەنە دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، دەرھال قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى ئەسكى تامنى ئۆرۈپ، قۇدۇقنى كۆمۈۋەتتى. قۇدۇقنى كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن، بېلىدىكى يىپەك پوتىسىنى يېشىپ، يۈرەك دالدىسىنى چۆشۈرۈپ، ئادۇنى قۇچىقىغا تاڭدى ـ دە، نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ئېتىغا مىندى. شۇ ئارىدا بىر توپ لەشكەرنى ئەگەشتۈرگەن بىر سەركەردە كېلىپ قالدى، بۇ ساۋ خۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى يەن مىڭ دېگەن سەركەردە ئىدى، ئۇ قولىغا ئۈچ باشلىق ـ ئىككى بىسلىق بىر قىلىچنى كۆتۈرۈپ جاۋ يۈن بىلەن ئېلىشقىلى كەلدى. ئۇلار ئۈچ قېتىم ئېلىشتى، ئاخىر جاۋ يۈن ئۇنى بىر نەيزە ئۇرۇپ ئىتتىك موللاق چۈشۈردى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى، جاۋ يۈن ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈرۈپ، چاپقاننى چېپىپ، قوشۇندىكى چېپىپ چىقىپ كەتتى. چاپا ـ چاپا بىر يەرگە بارغاندا، ئالدىدىن يەنە بىر توپ لەشكەر چىقىپ قېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا بىر سەركەردە تۇراتتى، ئۇنىڭ لەشكەر تۇغىغا «خېجيەنلىك جاڭ خې» دېگەن خەتلەر چوڭ ـ چوڭ قىلىپ يېزىپ قويۇلغانىدى. جاۋ يۈن يەنە گەپ ـ سۆز قىلماي بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى. ئالاھازەل ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، ئېلىشىپ ـ ئېلىشىپ تورغا چۈشۈپ قالماي دېگەن يەرگە كەلگەن جاۋ يۈن غىپلا قىلىپ بىر ياقتىن يول ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن جاڭ خې قوغلاشتى، جاۋ يۈن ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، چېپىشنى تېخىمۇ تېزلەتتى، كۈتۈلمىگەندە گۈپپۈرلەپ بىر ئورىنىڭ ئىچىگە ئېتى بىلەن دومىلاپ چۈشتى. جاڭ خې ئالمان ـ تالمان كېلىپ نەيزە ئۇرماقچى بولۇۋىدى، شۇ ئارىدا ۋاللىدە قىلىپ ئورىنىڭ ئىچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر پارچە قىزىل نۇر ياندى ـ دە، ھېلىقى ئات شارت قىلىپ ئورنىنىڭ ئىچىدىن سەكرەپ چىقىپ كەتتى. كېيىنكىلەر ئۇنىڭ شەنىگە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىكەن:

*قىپقىزىل شوخ نۇر بىلەن چىقتى قامالغان ئەجدىھا،*
*جاڭ ئېتى ئۆتتى يېرىپ چاڭبەن ماقالىنى مانا.*
*قىرىق ئىككى يىلغىچە تۇتقاچقا تەختنى ھەق ئىگەم،*
*بولدى پۇر سەركەردىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىتى بۇ ئەلگارا.*

بۇ ھالنى كۆرگەن جاڭ خې ھەيران قېلىپ دەررۇ كەينىگە ياندى. جاۋ يۈن ئېتىنى قامچىلاپ چېپىپ كېتىۋاتقاندا، ئارقىدىن تۇيۇقسىزلا ئىككى سەركەردە پەيدا بولۇپ:

— ھاي جاۋ يۈن، يولۇڭدىن توختا! — دەپ ۋارقىراپ قالدى. ئالدىدىن يەنە ئىككى سەركەردە چىقىپ، ئىككىسى ئىككى خىل قورال بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋدى. كەينىدىن قوغلىشىپ كەلگىنى ما يەن بىلەن جاڭ يى، ئالدىدىن توسۇغىنى جياۋ چۇ بىلەن جاڭ نەن ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈەن شاۋنىڭ تەسلىم بولغان سەركەردىلىرى ئىدى. جاۋ يۈن بۇ تۆت سەركەردە بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ تۇرغاندا ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. جاۋ يۈن كۆك ـ قىزىل شەمشىرىنى ئېلىپ بىر باشتىن چاپقىلى تۇردى، ئۇ قولىنى ھەربىر كۆتۈرگەندە دۇبۇلغا ـ قۇياقلارنىمۇ پارە ـ پارە قىلىپ يەڭلىرىدىن شارىلداپ قانلار ئاقاتتى. سەركەردىلەر ھەممىسى چېكىنىپ كەينىلىرىگە قاچتى. جاۋ يۈن ئەمدى قاتمۇقات توسۇقلاردىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۇدۇل يولغا راۋان بولدى.

ئەمدى گەپنى ساۋ ساۋدىن ئاڭلاڭ. ساۋ ساۋ جىڭشەن تېغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، جاۋ يۈنگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، شۇ ئاپتىلا يېنىدىكى ئادەملىرىدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. ساۋ خۇڭ

تاغدىن ئۆچقاندەك چۈشۈپ:

— ھەي باتۇر ئوغلان، ئېتىڭىزنى ئېيتىقاچ كېتىڭ، ئۇقۇپ قالايلى! — دەپ ۋارقىرىدى.

— پېقىر چاڭشەنلىك جاۋ يۈن دېگەن بولىمەن! — دەپ جاۋاب قىلدى جاۋ يۈن.

ساۋ خۇڭ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى.

— يولۋاستەك ئوغلان ئىكەن - دە! مەن ئۇنىڭغا ھاياتلىق بېرىشىم كېرەك، — دېدى ساۋ ساۋ.

شۇنىڭ بىلەن تېزدىن ھەرقايسى جايلارغا: «ئەگەر جاۋ يۈن بېرىپ قالسا، ئوق ئاتماي، تىرىك قولغا چۈشۈرۈڭلار» دېگەن بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. ئەمما، جاۋ يۈن ئادۇننىڭ شاراپىتى بىلەن بۇ بالايىبەتتەردىن ساق قالدى. جاۋ يۈن كىچىك تۆرەمنى قۇچىقىغا تېڭىپ، قاتمۇقات توسۇقلارنى بىرمۇبىر يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل يولىغا راۋان بولدى، ئىككى چوڭ تۇغنى يىقىتتى، ئۈچ تەبەرنى تارتىۋالدى؛ بۇ جەرياندا ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ساۋ ساۋنىڭ سېپىدىكى ئەللىك نەچچە داڭدار سەركەردىنى چېپىپ تاشلىدى ۋە نەيزىلەپ ئۆلتۈردى. كېيىنكىلەر ئۇنىڭ شەنىگە مۇنداق بىر نەزمە توقۇپ، ئۇنى كۆپتىن - كۆپ تەرىپلەپتىكەن:

*قوياق - تونلار بويالدى قىپقىزىل قانغا،*
*تەڭ كەلمىدى داڭقياڭدا ھېچكىم ئۇنىڭغا.*
*خەۋپ - خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالدى تۆرىنى،*
*پەقەت مۇشۇ چاڭشەنلىك باتۇر جاۋ يۈنلا.*

جاۋ يۈننىڭ قاتمۇقات توسۇقلاردىن يېرىپ ئۆتۈپ، چوڭ سەپ دائىرىسىدىن چىقىپ بولغۇچە ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، بىر كۆتەلنىڭ باغرىدا يەنە ئىككى توپ لەشكەرگە كېزىكتى. شىيا خودۇننىڭ قول ئاستىدىكى جۇڭ جىن،

www.uyghurkitap.com

جۇڭ شىن دېگەن ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بىـــــر قېرىنداش بۇ لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى قولىغا چوڭ پالتا، يەنە بىرى گۈللۈك يالمان تۇتقىنىچە:

— هاي جاۋ يۈن، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سوراپ، ئاتتىن چۈشۈپ بىزگە ئەل بول! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. دەرھەقىقەت:

*ئەمدىلا ئاپما نىجات يولۇۋاسنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ،*
*بولدى يەم ئەمدى مانا ھەيدەرنىڭ ئاغزىغا كىرىپ.*

دېگەندەك بولدى. ئەمدى جاۋ يۈننىڭ زادى قانداق يول بىلەن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىق ئىككىنچى باب

## جاڭ فېيىنىڭ چاڭبەن كۆۋرۈكىدە غوۋغا چىقارغانلىقى لىيۇ بېيىنىڭ خەنجىن ئېغىزىدىن قاچقانلىقى

ئەلقىسسە، جۇڭ جىن ۋە جۇڭ شېن جاۋ يۈن بىلەن ئېلىشماق بولۇپ، ئۇنى توسۇۋدى. جاۋ يۈن نەيزىسىنى دەس كۆتۈرۈپ ئىككىسىگە ئېتىلدى. ئالدى بىلەن جۇڭ جىن پالتىسىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭغا قارشى كەلدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىككىسى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قاتتىق ئېلىشتى. ئالاھازەل ئۈچ قېتىمچە ئېلىشقاندىن كېيىن جاۋ يۈن نەيزىسى بىلەن بىر ئۇرۇۋىدى، جۇڭ جىن شۇئان ئات ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشتى، جاۋ يۈن غىپپىلا قىلىپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان جۇڭ شېن يالمانلىق نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ كەلدى، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە شۇنداق يېقىن كېلىپ قالدىكى، جۇڭ شېننىڭ نەيزىسى جاۋ يۈننىڭ دۈمبىسىدە ئوينىدى، جاۋ يۈن ئېتىنى غاچچىدە قايرىپ كەينىگە بۇرۇلدى، بۇ چاغدا ئىككىيلەننىڭ كۆكرىكى جاققىدە كېلىپ بىر - بىرىگە تەگدى. جاۋ يۈن سول قولىدا تۇتۇپ تۇرغان نەيزىسى بىلەن جۇڭ شېننىڭ يالمانلىق نەيزىسىنى قايرىپ تاشلاپ، ئوڭ قولى بىلەن كۆك قىزىل زۇلپىقارىنى سۇغۇرۇپ شۇنداق چاپتىكى، جۇڭ شېننىڭ كاللىسى بېشىدىكى دۇبۇلغىسى بىلەن قاق يېرىمىدىن ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى، تېنى بولسا گۈپ قىلىپ ئاتتىن دومىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشتى، ئۇنىڭ ئادەملىرى تارىپىسىن بولۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. جاۋ يۈن ئەمدى قۇتۇلۇپ، چاڭبەن كۆۋرۈكىگە قاراپ يول ئالدى. بىر چاغدا ئارقا تەرەپتىن قاتتىق ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى، قارىسا، ۋېن پىن بىرمۇنچە لەشكەرنى باشلاپ قوغلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. جاۋ يۈن ھېرىپ - ئېچىپ ئاران تەسلىكتە كۆۋرۈكنىڭ بويىغا يېتىۋالدى، ئۇنىڭ ئېتىمۇ چارچاپ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە جاڭ فېي نەيزىسىنى تىككىسىگە تۇتۇپ تۇراتتى، جاۋ يۈن ئۇنى كۆرۈپ:

— ھەي جاڭ فېي، ماڭا ياردەم قىلىڭ! — دەپ توۋلىدى.

— ئىتتىك بولۇڭ، قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلارنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، ئۆزۈم توسۇپ تۇرىمەن، — دېدى جاۋابەن جاڭ فېي.

جاۋ يۈن كۆۋرۈكتىن ئۆچقاندەك ئۆتۈپ يەنە يىگىرمە نەچچە چاقىرىمچە يول بېسىپ، تال - دەرەخلىك بىر جايغا يېتىپ كەلدى، كېلىپ قارىسا، تال - دەرەخلەرنىڭ سايىسىدە ليۇ بېي بىلەن بىرمۇنچە ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. جاۋ يۈن ئېتىدىن ئىتتىك چۈشۈپ، يەرگە يىقىلىپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى، ليۇ بېيمۇ كۆز يېشى قىلدى. تېخىچە دېمىنى باسالمىغان جاۋ يۈن ھاسىراپ تۇرۇپ:

— پېقىرنىڭ جىنايىتى ئېغىر، تەقسىر، پېقىرنى قىيما - چىيما قىلىۋەتسىلىمۇ ئاز! مى ئاغىچام قاتتىق يارىلىنىپتىكەن، ئاتقا مىنسىلە دېسەم ئۇنىماي، پوكلا قىلىپ ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىۋەتتى، پېقىر نېمە قىلارىمنى بىلمەي، ئاخىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا بىر تام بار ئىكەن، شۇ تامنى ئۆرۈۋېتىپ قۇدۇقنى تىندۇرۇۋەتتىم، ئاندىن بەگزادەمنى قوينۇمغا سالدىم - دە، قاتمۇقات توسۇقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، جانابلىرىنىڭ دۇئاسىنىڭ بەركاتى بىلەن ساق - سالامەت بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم، بەگزادەم ھېلىلا قوينۇمدا ئىڭراۋاتاتتى، نېمە بولغاندۇ جىمىپ كەتتى، يا بىر گەپ بولغانمىدۇ، — دېدى - دە، قوينىنى ئېچىپ بالىغا

قارىدى، قارىسا ئادۇ بىر ئۆيدان ئۇخلاپ يېتىپتۇ. جاۋ يۈن خۇشاللىقىدا، — بەختىمىزگە يارىشا بەگزادەم ھېچ نەرسە بولماپتۇ! — دەپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇنى لىيۇ بېيغا سۇندى.

لىيۇ بېي بالىنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى ۋە:

— سەن قوزىچاقنى دەپ، بىر ئۇلۇغ سەركەردەم جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قاپتۇ؟ — دېدى.

جاۋ يۈن ئادۇنى ئىتتىك يەردىن ئالدى ـ دە، كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق دېمىسىلە، تەقسىر، جانابلىرى ئۈچۈن جېنىم كەتسىمۇ ئاز! — دېدى تەزىم بىلەن.

كېيىنكىلەر بۇ ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق بىر قوشاق قېتىپتىكەن:

*چېقتى ساۋ ساۋ لەشكىرىنىڭ ئىچىدىن يولۋاس كەبى،*
*ئەجدىھا ئادۇنى جاۋ يۈن قوينىغا سالغان يېتى.*
*تاشلىبان ئات ئالدىغا ئادۇ بوۋاقنى لىيۇ بېگىم،*
*جىن ۋاپادار پالۋىنى جاۋ يۈندىن ئەھۋال سورىدى.*

ئەمدى گەپنى ۋېن پىندىن ئاڭلاڭ. ئۇ جاۋ يۈننى قوغلىشىپ، لەشكەرلىرى بىلەن چاڭبەن كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلدى، قارىسا، كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا ساقاللىرىنى تىترىتىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، قولىغا يىلانباش نەيزىسىنى تۇتقان جاڭ فېي تۇرۇپتۇ؛ كۆۋرۈكنىڭ كۈنچىقىش يېقىدىكى ئورمانلىقنىڭ كەينىدىن چاڭ ـ توزان چىقىپ تۇرۇپتۇ، ۋېن پىن بۇ يەردە تايىن ـ مۆكتۈرۈلگەن لەشكەر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ـ دە، يېقىنلاپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي، تۇرغان ئىزىدا توختاپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ساۋ رېن، لى يەن، شيا خۇدۇن، شيا خۇيۈەن، يۆ جىن، جاڭ لياۋ، جاڭ خې، شۈي چۇلار يېتىپ كەلدى. بۇلارمۇ جاڭ

فېينىڭ كۆۋرۈك ئۈستىدە كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، نەيزىسىنى كۆندىلەڭ تۇتقان پېتى قەھر ـ غەزەپ بىلەن غادىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە بۇنى جوگې لياڭنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلىسى بولمىسۇن دەپ ئويلاپ، يېقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ كۆيۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېقىندا كۆندىلەڭ تاياقتەك زاققىدە تۇرۇپ قالدى ۋە دەرھال ساۋ ساۋغا چاپارمەن ئەۋەتتى.

ساۋ ساۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئېتىغا مىندى ـ دە، ئارقىسىغا بىر تالاي لەشكەرنى سىلىپ ئۇچقاندەك يولغا چىقتى.

جاڭ فېي ئىنچىكىلەپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى، قارىسا، يىراقتىن يېشىل كۆنلۈكلەرنى تۇتۇپ، تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن لەشكەرلەر كېلىۋاتاتتى. جاڭ فېي ئىچىدە، ساۋ ساۋ ئەندىكىپ ئۆزى كېلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدى ـ دە:

— مەن يەن بەگلىكلىك جاڭ فېي دېگەن بولىمەن! قېنى، قايسىڭ مەن بىلەن ئېلىشىسەن! — دەپ نەرە تارتتى.

بۇ دەھشەتلىك ئاۋازنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى قورقۇپ تىترەپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ساۋ ساۋ ئۆز بېشىدىكى كۆنلۈكنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ئىتتىك بۇيرۇق بېرىپ، يېنىدىكى ئادەملىرىگە دېدى:

— مەن بۇرۇن گۇەن يۈيدىن جاڭ فېينى ئەگەر 100 تۈمەن لەشكەر ئىچىدىن ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەل دەپ بۇيرۇسا، خۇددى يان خالتىسىدىن چىقارغاندەك چىقىرىپ بېرەلەيدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن مانا مۇشۇ ئادەمگە دۇچ كەپتۇق، بۇ ئادەمگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

ساۋ ساۋنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگمەيلا جاڭ فېي كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ يەنە بىر نەرە تارتتى:

— يەن بەگلىكلىك جاڭ فېي بۇ يەردە ھازىرمەن! قېنى، قايسىڭ كېلىپ مەن بىلەن ئېلىشىسەن؟

جالڭ فېينىڭ بۇ جاسارىتىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ راسا قورقتى. جالڭ فېي ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئارقا تەرىپى قىمىرلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نەيزىسىنى تىككىنىگە كۆتۈرگەن ھالدا يەنە بىر ۋارقىرىدى:

— يا ئۇرۇشمايسەن، يا چېكىنمەيسەن، بۇ نېمىدىن!

ساۋ ساۋنىڭ يېنىدا تۇرغان شىيا خۇجيې بۇ ئاۋاز بىلەن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ، ئات ئۈستىدىن موللاقلاپ يەرگە چۈشتى. ساۋ ساۋ شۇئان ئېتىنى بۇراپ كەينىگە قايتتى. بۇنى كۆرگەن لەشكەرلەر بىلەن سەركەردىلەرمۇ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ چاپتى. بۇ خۇددى نارەسىدىلەر گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرىدىن قورققاندەك؛ ئاغرىقلار شىر ـ قاپلانلارنىڭ چىرقىراشلىرىدىن قورققاندەك ئىش بولدى. نەيزە ـ قالقانلىرىنى تاشلاپ قاچقانلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى، ئادەملەر چايقىلىپ، ئاتلار دوڭغاقلاپ، بىر ـ بىرىنى دەسسەپ ـ يانجىپ، خۇددى قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى، كېيىنكىلەر بۇ ھالەتنى تەسۋىرلەپ مۇنداق بىر قوشاق قاتقانىكەن:

*قاپلىدى چاڭبەننى قاتىللىق ئارا قەھر ـ غەزەپ،*
*قولىدا نەيزە، مىنىپ ئات، چاقنىتىپ كۆزگە غەجەپ.*
*خۇددى گۈلدۈردەك شۇئان ئارتقاندا جالڭ فېي نەرىنى،*
*قاچتى ساۋ ساۋ يۈز تۈمەننىڭ لەشكىرى تەرەپ ـ تەرەپ.*

ساۋ ساۋ جالڭ فېينىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، لەشكەرلىرى بىلەن كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ قاچتى، ئۇلارنىڭ دۇبۇلغا، چاچ قىسقۇچلىرى چۈشۈپ كېتىپ، چېچى چۇۋۇلغان پېتى قېچىۋەردى. شۇ چاغدا جالڭ لياۋ بىلەن شۈي چۇ ئىككىسى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى توختىتىۋالدى. بۇ چاغدا ساۋ ساۋ قورقۇپ تۈگىشىپ كەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

— قورقمىسىلا، ۋەزىر ئەزەم، — دېدى جاڭ لياۋ، — بىزنىڭ پەممىزچە جاڭ فېي ئۆزى يالغۇزدەك تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن نېمانچە قورقۇش! لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈشىمىز كېرەك. لىيۇ بېينى تىرىك قولغا چۈشۈرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن.

ساۋ ساۋنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. ئۇ ئەمدى جاڭ لياۋ بىلەن شۇي چۇنى كۆۋرۈككە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئەمدى جاڭ فېيغا كېلەيلى. جاڭ فېي ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ يىراقلا چېكىنگەنلىكىگە قاراپ، كەينىدىن قوغلىشىشقا پېتىنالمىدى ۋە ئۆزى باشلاپ كەلگەن يىگىرمە نەچچە ئاتلىق يىگىتنى چاقىرىپ، ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا چىگىلگەن شاخلارنى ئالدۇرۇۋېتىپ، يىگىتلەرگە كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاشنى بۇيرۇدى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ لىيۇ بېيغا كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىنى بايان قىلدى.

— ئىنىم، باتۇرلۇقىڭىزغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن، بىراق، بىر ئىشنى چاتاق قىپسىز، — دېدى لىيۇ بېي.

نېمە ئىشنى چاتاق قىلىپ قويغانلىقىنى سورىدى جاڭ فېي.

— ساۋ ساۋ بەك ھىيلىگەر نەرسە. كۆۋرۈكنى بۇزغىنىڭىز بولماپتۇ، ئەمدى ساۋ ساۋ چوقۇم بىزنى قوغلىشىپ كېلىدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— مېنىڭ بىر نەرە تارتىشىم بىلەن چېكىنىپ ئاللىقاندان يەرلەرگە كەتتى، بىزنى قوغلىشىپ كېلىدىغان نېمە ھەددى؟ — دېدى جاڭ فېي.

— ئەگەر كۆۋرۈكنى بۇزمىغان بولسىڭىز، بىزنى مۆكتۈرۈپ قويغان لەشكەرلىرى بولسا كېرەك، دەپ قوغلىشىپ كېلەلمەيتتى؛ ئەمدى كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىپسىز، بىزنى لەشكىرى يوققا ئوخشايدۇ دەپ، چوقۇم قوغلىشىپ كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ لەكمىڭلاپ لەشكىرى بار، ئەگەر چاڭجياڭ، خەنشۇيدەك دەريالاردىن ئۆتمەكچى بولسا، ئادەملىرىدىن كۆۋرۈك ياساپمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ، شۇنداقكەن، بىرەر كۆۋرۈكنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ قالامتى ئۇلار؟ — دېدى ليۇ بېي.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال قوزغىلىپ، كىچىك يول بىلەن يانداپ ئۆتۈپ، ميەنياڭنى بويلاپ خەنجىن شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى جاڭ لياۋ بىلەن شۈي چۇدىن ئاڭلاڭ. بۇلار ساۋ ساۋنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كۆۋرۈكنىڭ يېنىــــغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىپ ساۋ ساۋغا:

— جاڭ فېي كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىپ كېتىپ قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— كۆۋرۈكنى بۇزۇپ كېتىپ قالغانلىقى قورققانلىقىنىڭ ئالامىتى، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە 1 تۈمەن لەشكەرنى ئاجرىتىپ، ئۈچ لەيلىمە كۆۋرۈك ياساشقا ۋە ئۇلارنى بۈگۈن كېچە دەريادىن ئۆتۈپ بولۇشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا لى ديەن تۇرۇپ:

— بۇ جۇگې ليـاڭنىـڭ ھىيلىسى بولسا كېرەك، ئالدىراپ ـ سالدىراپ لەشكەر تارتساق بولماسمىكىن، — دېدى.

— جاڭ فېي بولسا باتۇرلۇقىلا تايىنىدىغان ئادەم، ھىيلە بىــلەن كارى يوق، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شۇئان لەشكەر يۈرۈتتى.

ئەمدى ليۇ بېيغا كېلەيلى، بۇلار مېڭىپ ـ مېڭىپ خەنجىنگە يېقىن بىر جايغا كەلگەندە، ئارقىدىن بىردىنلا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ، قىر ـ چاپ ئاۋازلىرى جاھاننى بىر ئالدى.

— ئالدىمىزدا دەريا تۇرۇپتۇ، ئارقىمىزدىن ياۋ لەشكىرى سۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى ليۇ بېي ۋە دەرھال جاۋ يۈننى ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

www.uyghurkitap.com

ساۋ ساۋمۇ لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شۇنداق دېدى:

— ليۇ بېي شۇ تاپتا كوزىغا چۈشكەن پاقىغا، قۇدۇققا چۈشكەن قاپلانغا ئوخشاپ قالدى. ئەگەر مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرمىسەك، خۇددى بېلىقنى دەرياغا قويۇپ بەرگەندەك، يولۋاسنى تاغقا قويۇپ بەرگەندەك بولىمىز. ھەممىڭلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئالغا ئاتلىنىڭلار.

سەركەردە ـ سەرۋازلار بۇيرۇقنى ئېلىپ، باشقىدىن غەيرەتكە كېلىپ، ليۇ بېينى قوغلىشىشقا چۈشتى.

بىر يەرگە بارغاندا، قانداقتۇر بىر كۆتەلنىڭ ئارقىسىدىن داقا ـ دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، بىر توپ لەشكەر ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقتى.

— سىلەرنى بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىلى نېكەم! — دەپ ۋارقىرىدى قولىغا كۆك ئەجدىھا سۈرەتلىك قىلىچ تۇتۇپ، جەدە ئارغىماققا مىنگەن بىر سەركەردە.

بۇ ئەسلىدە گۇەن يۈي دېگەن باش سەركەردە ئىدى، ئۇ جياڭشادىن 1 تۈمەن لەشكەر باشلاپ كېلىپ، داڭيالڭ بىلەن جاڭبەن ئەتراپىدا قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، بۇ يەردە ئەتەي توختاپ يول توسۇغانىدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ گۇەن يۈي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ئېتىنى تارتتى ـ دە، سەركەردىلەرگە قاراپ:

— يەنە جۇگې لياڭنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپتۇق! — دېدى ۋە لەشكەرلىرىنى دەرھال چېكىنىشكە بۇيرۇدى.

گۇەي يۈي ئۇلارنى ئون نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلىشىپ باردى، ئاندىن لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ، ليۇ بېينىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇلارنى قوغداپ خەنجىنگىچە باردى، بۇ يەردە ئۇلارنى كېمىلەر كۈتۈپ تۇراتتى؛ گۇەن يۈي ليۇ بېي بىلەن گەن خېنىمنى ۋە ئادۇنى كېمىگە چۈشۈردى. گۇەن يۈي بىردىنلا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitabi.com

— كىچىك خېنىم يوققۇ؟ — دەپ سورىدى.

ليۇ بېي داتچياڭدا بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

— شۇيىتيەندە ئۇۋغا چىققان ۋاقتىدا پېقىرنىڭ مەسلىھەتىگە كىرگەن بولسىلا، بۇ پېشكەللىكلەرمۇ بولمىغان بولاتتى، — دېدى گۇەن يۈي ھەسرەتلىنىپ تىنىپ.

— مەن ھازىرمۇ «قاچا ـ قۇچىلار چېقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ چاشقانغا چېقىلالماي» ۋاتىمەن، — دېدى ليۇ بېي.

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، بىردىنلا دەريانىڭ تۆۋەنكى قىرغىقىدا جەڭ دۇمباقلىرى چېلىنىپ، قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى، چۈمۈلىدەك يامراپ كەتكەن كېمە ـ قېيىقلار يەلكەنلىرىنى يېيىپ، شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئۇچقاندەك بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. ليۇ بېي كۆرۈپ قاتتىق تەشۋىشكە چۈشتى. كېمىلەر يېقىنلاشقاندا، ئاق پەرىجە ئاستىغا كۈمۈش قۇياق كىيگەن بىر كىشى كېمىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— ئەي تاغا، يەنە بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇۋېتىلا، جىيەنلىرىنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا!

ليۇ بېي شۇنداق قارىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ جىيەنى ليۇ چى ئىكەن. ليۇ چى ئۆز كېمىسىدىن تاغىسى ئولتۇرغان كېمىگە ئۆتۈپ:

— ئۆزلىرىنى ساۋ ساۋ قاپسىۋاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ئالدىلىرىغا كەلدىم، تاغا، — دېدى تەزىم بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ.

ليۇ بېي ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە لەشكەرلىرىنى جىيەنىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كېمە ـ قېيىقلارغا چۈشۈپ بىرلىكتە يۈرۈپ كەتتى. كېمە ئۈستىدە ئۇلار راسا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى، دەريانىڭ كۈنپېتىش تۆۋەن تەرىپىدىن ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ كۆندىلەڭ تىزىلىپ، غارقىراپ كېلىۋاتقان ئاۋازى شامال بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن جياڭشيادىكى لەشكەرلەرنىڭ بىرىنى قويماي بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم. مانا ئەمدى بۇ ئۇرۇش كېمىلىرى بىزنىڭ ئالدىمىزدىن چىقىپ يولىمىزنى توسۇماقتا، بۇلار يا ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى، يا جياڭدۇڭلۇقلارنىڭ لەشكىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى ليۇ چى تەشۋىشلىنىپ.

ليۇ بېي كېمىنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ قارىدى، قارىسا، بېشىغا بوغمىچا چىگكەن، ئۈستىگە دەرۋىش تونى كىيگەن بىر كىشى كېمىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ، بۇ كىشى جۇگې لياڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا سۈن چيەن ئۆرە تۇراتتى. ليۇ بېي ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنى ئۆز كېمىسىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ يەرگە نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالغانلىقىنى سورىدى.

— پېقىر، — دېدى جاۋابەن جۇگې لياڭ، — جياڭشياغا كېلىپ ئالدى بىلەن گۈەن يۈيىنى خەنجىندە قۇرۇقلۇققا چىقىپ ئۆزلىرىگە ھەمدەملىشىشكە بۇيرۇدۇم، پېقىر ساۋ ساۋنىڭ قوغلىشىپ كېلىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، جانابلىرىنى جياڭلىڭ بىلەن كەلمەي خەنجىننى بويلاپ كېلىدىغانلىقلىرىنى پەملەپ، ئەتەي بەگزادە ليۇ چىنى ئالدىلىرىغا ئەۋەتكەنىدىم، ئۆزۈم بولسام شياكۇغا يول ئېلىپ پۈتۈن لەشكەر بىلەن ئالدىلىرىغا ھەمدەملىككە كەلدىم.

ليۇ بېي تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە جۇگې لياڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، ساۋ ساۋنىڭ ئەدىبىنى بېرىشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

— شياكۇ ئەپلىك جاي، ئاشلىقى مول، پۇل - مال كۆپ، ئۇزاققىچە چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ. جانابلىرى، شۇ يەرگە بېرىپ جايلاشقانلىرى تۈزۈك. بەگزادەم جياڭشياغا قايتىپ بېرىپ، ئۇرۇش كېمىلىرىنى جۇغلاپ، قورال - ياراغلار ھازىرلاپ، ئىككى ياقتىن تاقابىل تۇرساق، ئاندىن ساۋ ساۋغا توغرا تۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر ھەممىمىز لا جياڭشاغا بېرىۋالساق، يالغۇز

قالمىمىز - دە، ئىش چاتاق بولىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

— مۇشاۋىر بېگىمنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس. بىراق، پېقىر ئۆزلىرىنى ئاۋۋال جياڭشياغا بېرىپ، لەشكەرلەرنى ئوبدان ئىدىتلاپ، ئاندىن شياكۇغا قايتىسىمۇ كېچىكمەسمىكىن دەپ ئويلايمەن، — دېدى ليۇ چى.

— دانا ئوغلۇمنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇستەك تۇرىدۇ، — دېدى ليۇ بېي ۋە شۇئان گۇەن يۈينى 5000 لەشكەر بىلەن شياكۇنى ساقلاشقا قالدۇردى. ليۇ بېي، جۇگې لياڭ، ليۇ چىلار بىرلىكتە جياڭشياغا قاراپ راۋان بولدى.

ئەمدى گەپنى ساۋ ساۋدىن ئاڭلاڭ. ساۋ ساۋ گۇەن يۈينىڭ قۇرۇقلۇقتىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ يول توسۇغانلىقىنى بىلىپ، يولدا بىزنى پايلاپ ياتقان لەشكەر بولمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن قوغلىششقا جۈرئەت قىلالماي تۇرۇپ قالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ليۇ بېي دەريا بىلەن كېلىپ جياڭلىڭنى تارتىپ كەتمىسۇن دەپ، لەشكەرلىرىنى كېچىلەپ جياڭلىڭغا يولغا سالدى. جىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ياردەمچى ئايماقبېگى دېڭ يى، ياندىش ئايماقبېگى ليۇ شيەن شياڭياڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، جىڭجۇ شەھىرىنىڭ لەشكەر ۋە پۇقرالىرىنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، ساۋ ساۋغا ئەل بولدى. ساۋ ساۋ شەھەرگە كىرىپ، ئاھالىنى ئەمىن قىلغاندىن كېيىن، خەن سۇڭنى قاماقتىن چىقىرىپ، ئۇنى مەرىكە - مۇراسىمبەگلىكىگە كۆتۈردى. قالغان ئەمەلدارلارغىمۇ ئۆزلىرىگە لايىق مەنسەپ - مەرتىۋىلەر بەردى. ساۋ ساۋ ئەمدى ھەممە سەركەردىلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ:

— ليۇ بېي ھازىر جياڭشياغا قاراپ يول ئاپتۇ، بەلكىم كۇنچىقىش ۋۇ بىلەن بىرلىشىۋېلىشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇنداق بولسا، ئۇ تېخىمۇ كېڭىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قەستىنى بەربات قىلىشنىڭ ئامالى نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىزنىڭ لەشكىرىمىز جاھاننى تىترىتىپ، ھەممىنى ھەيران قالدۇرماقتا، جياڭدۇڭدىكى سۇن چۈەن ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى بىز بىلەن بىللە جياڭشياغا بېسىپ كىرىشكە، ليۇ بېينى قولغا چۈشۈرۈش ۋە جىڭجۇ تەۋەسىنى بۆلۈشۈۋېلىشقا، بىز بىلەن ئەبەدىي ئىتتىپاق تۈزۈشكە تەكلىپ قىلساق، سۇن چۈەن قورقۇشىدا ئۆزى كېلىپ ئەل بولىدۇ. ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدۇ، — دېدى شۈن يۇ.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتكە كىرىپ، بىر ياقتىن تەكلىپ يېزىپ كۈنچىقىش ۋۇغا ئەلچى ئەۋەتتى؛ يەنە بىر ياقتىن 83 تۈمەن ئاتلىق، پىيادە ۋە سۇ لەشكىرىنى توپلاپ ۋە بۇنى 100 تۈمەن كىشىلىك لەشكەر دەپ گەپ يۈرگۈزۈپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭلا چاپقۇن ياسىدى، كېمىلەر بىلەن ئاتلىقلار تەڭ يولغا چىقىپ، دەريا ياقىلاپ ئىلگىرىلىدى، كۈنپېتىشتا جىڭجۇ ئايمىقى بىلەن شياۋجۇ ئايمىقى تۇتاشتۇرۇلدى، كۈنچىقىشتا چىچۈن بىلەن خۇاڭجۇ ئايمىقى تۇتاشتۇرۇلدى، قارارگاھلار 300 چاقىرىم يەرگىچە چىتلاندى.

ئەمدى گەپنى ئىككى ياقتىن ئاڭلاڭ. جياڭدۇڭدىكى سۇن چۈەن لەشكەرلىرىنى سەيساڭ ۋىلايىتىگە جايلاشتۇرۇۋالغانىدى، ئۇ، ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى شياڭياڭغا كېلىش بىلەنلا، ليۇ زۇڭ ئەل بوپتىمىش، ئەمدى يەنە جياڭلىڭنى ئېلىش ئۈچۈن كېچىلەپ يولغا چىققانمىش دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، كېڭەشچى - مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ، قانداق قوغدىنىش توغرىسىدا ئۇلاردىن ئەقىل سورىدى.

— جىڭجۇ ئايمىقى، — دەپ سۆز باشلىدى لۇ سۇ، — ئېلىمىز بىلەن چېگرىداش، بۇ يەرنىڭ تاغ - دەريالىرى خەتەرلىك، خەلقى باي. ئەگەر بۇ يەرنى قولغا چۈشۈرۈۋالساق، خاندانلىقىمىزغا يېڭى بىر بايلىق قوشۇلىدۇ دېگەن گەپ. ليۇ بياۋ يېڭىدىنلا قازا

تاپتى، ليۇ بېي يېقىندىلا ئۇرۇشتا يېڭىلدى، پېقىرنى ليۇ بياۋغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن جياڭشياغا ئەۋەتسىلە. پېقىر بېرىپ، ليۇ بېيغا ليۇ بياۋنىڭ سەركەردىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىرلىكتە ساۋ ساۋنى يوقىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ كۆرەي، ئەگەر ليۇ بېي خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ ماقۇل كۆرسە، ئۇ چاغدا ئىش ئوڭىدىن چىقىدۇ.

سۈن چۈەن خۇش بولۇپ، بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلدى ۋە دەرھال لۇ سۇنى سوۋغا - سالام بىلەن جياڭشياغا يولغا سالدى.

ئەمدى ليۇ بېيغا كېلەيلى. ليۇ بېي جياڭشياغا كېلىپ، جۇگې لياڭ ۋە ليۇ چىلار بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەت قىلىشتى.

— ساۋ ساۋنىڭ كۈچى كۆپ، — دەپ مەسلىھەت بەردى جۇگې لياڭ، — ئۇنىڭغا ئالدىراپ - تېنەپ تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈنچىقىش ۋۇدىكى سۈن چۈەنگە قوشۇلۇپ، شۇنىڭدىن مەدەت تىلىگىنىمىز تۈزۈك. جەنۇب بىلەن شىمالنى بىر - بىرىگە تىركەشتۈرۈپ قويساق، نېمىشقا ئوتتۇرىدىن پايدا ئالالمىغۇدەكمىز؟

— جياڭدۇڭدا يىراقنى كۆرىدىغان دانىشمەنلەر ئاز ئەمەس، ئۇلار بىزنى سىڭدۇرارمۇ؟ — دېدى ليۇ بېي.

— ساۋ ساۋ شۇ تاپتا 100 تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ، چاڭجياڭ بىلەن خەنشۈينى بېسىپ ياتتى، جياڭدۇڭلۇقلارنى بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىزگە ئادەم ئەۋەتمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇلار كىشى ئەۋەتسە، پېقىر بۇ دوقالدىن پايدىلىنىپ، جياڭدۇڭغا بېرىپ، تۆۋەن تەرەپ لەشكىرىنى يۇقىرى تەرەپ لەشكەرلىرى بىلەن بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشقا ئاغزىمنى ئىشقا سېلىپ باقاي دەيمەن. ئەگەر تۆۋەن تەرەپ لەشكىرى يېڭىپ چىقسا، بىرلىكتە بېرىپ ساۋ ساۋنى يوقىتىش بىلەن جىڭجۇ ئەتراپىنى قولغا كەلتۈرىمىز؛ ئەگەر يۇقىرى تەرەپ لەشكىرى يېڭىپ چىقسا، ئۇ چاغدا بىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جياڭنەننى ئالساق بولىدۇ، — دېگەن مەسلىھەتنى بەردى جۇگې لياڭ.

— بۇ دانا مەسلىھەت بولدى. بىراق، جياڭدۇڭدىن قانداق قىلساق ئادەم كېلەر؟ — دېدى ليۇ بېي.

دەل شۇ پەيتتە، خەۋەرچىلەر: جياڭدۇڭدىكى سۈن چۈەن تەزىيە ئۈچۈن لۇ سۇنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇ كىشى كېمىسىنى قىرغاققا توختىتىپ قويۇپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كىرىشتى.

— ئازا بەلەن ئىش بوپتۇ! — دېدى كۈلۈپ جۇگې لياڭ ۋە ليۇ بېيغا قاراپ:

— سۈن سې قازا تاپقاندا، شاڭياڭدىن تەزىيە بىلدۈرۈپ كىشى ئەۋەتكەنمىدى؟ — دەپ سورىدى يەنە.

— جياڭدۇڭلۇقلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئاتا قىساسى بار تۇرسا، ئۇلار تەزىيە بىلدۈرەمتى! — دېدى ليۇ چى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى جۇگې لياڭ، — لۇ سۇ تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، لەشكەر ئەھۋالىنى بىلمەك ئۈچۈن كەپتۇ.

جۇگې لياڭ ئەمدى ليۇ بېيغا قاراپ:

— لۇ سۇ كېلىپ ساۋ ساۋنىڭ ئەھۋالىنى سورىسا، خەۋىرىم يوق ئىكەن دېسىلە. ئەگەر يەنە سوراپ تۇرۇۋالسا، جۇگې لياڭدىن سوراڭ دەپ، ماڭا ئىتتىرىپ قويسىلا، تەقسىر، — دېدى.

مەسلىھەت پۈتكەندىن كېيىن، لۇ سۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن كىشى چىقىرىلدى. لۇ سۇ شەھەرگە كىرىپ، ليۇ بياۋ ئۈچۈن تەزىيە بىلدۈردى. سوۋغا - سالاملار تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ليۇ چى لۇ سۇنى ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. سالام - سەھەت قىلىشىپ رەسمىيەتلەر ئۆتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، مەرىكە - سورۇن ھازىرلاپ، لۇ سۇنى ئارقا دىۋانغا تەكلىپ قىلىشتى.

— جانابلىرىنىڭ شەۋكەتلىك نامىنى ئاڭلاپ، ئۇزاقتىن بۇيان بىر زىيارەت قىلىپ كەلسەمكەن دېگەن ئارزۇنى قىلىپ يۈرەتتىم، بەختكە يارىشا بۈگۈن دىدار كۆرۈشتۇق، بۇنىڭغا بەك خۇشالمەن. يېقىندىن بۇيان جانابلىرىنى ساۋ ساۋ بىلەن جەڭ قىلىشىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغانلا؟ ساۋ ساۋنىڭ زادى قانچىلىك لەشكىرى باردۇ؟ تەقسىر، ئېيتىپ بەرسىلە، قانداق؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— پېقىرنىڭ لەشكىرى ئاز بولغانلىقتىن، ساۋ ساۋنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كېتىپ قالدۇق، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى جاۋابەن ليۇ بېي.

— جانابلىرىنى جۇگې لياڭنىڭ ھىيلىسى بىلەن ساۋ ساۋنى ئىككى قېتىم ئۇرتەپ، يۈزەكزادە قىلىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، نېمىشقا بىلمەيمەن دەيدىلا، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— بۇ ئىشنى جۇگې لياڭدىن سورالڭ، — دەپ جۇگې لياڭغا ئىشارەت قىلدى ليۇ بېي.

— ھە، جۇگې لياڭ بۇ يەردىمىدى؟ بىر كۆرۈشسەم بولاتتى، — دېدى لۇ سۇ.

ليۇ بېي جۇگې لياڭنى چىقىپ كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى.

لۇ سۇ جۇگې لياڭ بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— خەلىپىتىمنىڭ دانىشمەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر كۆرۈشسەم ئىكەن دەپ، ئۇزاقتىن ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنىدىم؛ مانا بۈگۈن تەقدىر ـ قىسمەت بىزنى بىر ئوبدان ئۇچراشتۇردى، جانابلىرىنىڭ جاھاننى ئەنسىزلىككە سېلىۋاتقان دېشۋارلىقلار توغرىسىدا بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرىشلىرىنى سورايمەن.

— ساۋ ساۋنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى تامامەن بىلىپ بولدۇم، — دەپ سۆز باشلىدى جۇگې لياڭ، — بىراق، كۈچىمىز ئاجىز بولغانلىقتىن، ۋاقتىنچە ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇردۇق.

— خان ئالىيلىرىنىڭ ئاغىسى ليۇ بېي بېگىم مەشەدە توختىماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— ليۇ بېي بېگىم ساڭۇۋ ھاكىمى ۋۇ چېڭ بېگىم بىلەن كونا تونۇش، شۇڭا شۇ يەرگە بېرىپ پاناھلاپ تۇرماقچى، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ۋۇ چېڭنىڭ ئاشلىقى قىس، لەشكىرى ئاز، ئۇ كىشى ئۆزىنى ئاران ساقلاپ تۇرغان يەردە، كىشىگە قانداقمۇ پاناھلىق بېرەلىسۇن؟ — دېدى لۇ سۇ.

— ۋۇ چېڭنىڭ يېرىدە ئۇزاق تۇرمىساقمۇ، ۋاقتىنچە ئارامىمىزنى ئېلىپ تۇرمايمىزمۇ، ئەمدى بۇنىڭدىن باشقا ياخشى چارە يوق، — دېدى جۇگې لياڭ.

— سۇن چۈەن بېگىم ئالتە ۋىلايەتنى سوراۋاتىدۇ، لەشكەرلىرى خىل، ئاشلىقى مول، ئۇنىڭ ئۇستىگە دانىشمەنلەر بىلەن باتۇرلارنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. شۇڭا جاڭجياڭ ئەتراپىدىكى باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ كۆپى ئۇنىڭغا كېلىپ بېقىندى. ئەمدى سىلىنىڭ غەملىرىنى قىلىدىغان بولسام، ئۇلۇغ مەقسەتلىرىمىزگە يېتىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئەلچى ئەۋەتىپ كۈنچىقىش ۋۇ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشلىرى كېرەك دەيمەن، — دېدى لۇ سۇ.

— ليۇ بېي بېگىم سۇن چۈەن بېگىم بىلەن كونا سىرداشلاردىن ئەمەس، شۇڭا دېگەن گەپ جايىدىن چىقماي قالارمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاستىچى بولىدىغان باشقا ئىشەنچلىك كىشى يوق، — دېدى جۇگې لياڭ.

— خەلپىتىمنىڭ ئاغىسى ھازىر جياڭدۇڭدا مۇشاۋىر. ئۇ كىشى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسەم دەپ كېچە - كۈندۈز ئارزۇلىرىنى يەيدۇ. پېقىر بولسام پاراسەتسىزىر كىشى، شۇنداق بولسىمۇ، خەلپىتىم بىلەن بىرگە بېرىپ، سۇن چۈەن بېگىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلۇغ ئىشلار ئۇستىدە ئەقىللىشىپ

كۆرسەممىكىن دەيمەن، — دېدى لۇ سۇ.

— جۇگې لياڭ پېقىرنىڭ ئۇستازى بولمدۇ، ئۇ كىشىدىن بىردەممۇ ئايرىلالمايمەن، ئۇ كىشى كېتىپ قالسا قانداق بولار؟ — دېدى ليۇ بېي.

لۇ سۇ جۇگې لياڭنى بىللە بارغان بولسا بولاتتى دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ليۇ بېي ئۇنىمىغاندەك قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— ئىش چىڭ يېرىگە بېرىپ تاقىلىپ قالدى، ئەمدى بۇيرۇق قىلىسىلا، تەقسىر، مەن بېرىپ كۆرەي، — دېدى جۇگې لياڭ.

ليۇ بېي تەسلىكتە ماقۇل كەلدى.

لۇ سۇ ليۇ بېي، ليۇ چىلار بىلەن خوشلىشىپ، جۇگې لياڭ بىلەن بىر كېمىگە چۈشۈپ سەيساڭ ۋىلايىتىگە قاراپ راۋان بولدى. دەرھەقىقەت:

*جۇگې لياڭ قېيىق بىلەن چىقتى يولغا،*
*ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى چۈشتى تورغا.*

جۇگې لياڭنىڭ بۇ سەپىرىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئۈچىنچى باب

## جۇگې لياڭنىڭ موللىلار بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلغانلىقى
## لۇ سۇنىڭ كۆپچىلىك پىكرىنى يەكلەپ كۈرەشتە چىڭ تۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، لۇ سۇ بىلەن جۇگې لياڭ لىۋ بېي ھەم لىۇ چى بىلەن خوشلىشىپ، كېمىگە چۈشتى - دە، ئۇدۇل سەيساڭ ۋىلايىتىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار كېمە ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ماڭدى. لۇ سۇ ئاخىر جۇگې لياڭغا جېكىلەپ:

— خەلپىتىم، سۇن چۈەن بېگىم بىلەن كۆرۈشكەندە ھەرگىز ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ كۆپلۈكى توغرىسىدا گەپ قىلىپ تاشلىمىغايلا، — دېدى.

— سىلى دېمىسىلىمۇ ئۆزۈم بىلىمەن، ئۇ جانابقا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم، — دېدى جاۋابەن جۇگې لياڭ.

كېمە قىرغاققا كېلىش بىلەنلا، لۇ سۇ جۇگې لياڭنى يەمخانىدا ئارام ئېلىپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى سۇن چۈەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەتتى. سۇن چۈەن ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەرنى دىۋانغا چاقىرىپ، كۆپچىلىك بىلەن قىزىق كېڭەش

ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. سۈن چۈەن لۇ سۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇنى چاقىرتىپ كىرىپ:

— ھە، لۇ سۇ، جياڭشياغا بېرىپ نېمە ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— بەزى ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ كەلدىم، تەقسىر. جانابىي ئالىيلىرىغا ئەمدى بىر - بىردىن مەلۇم قىلاي، — دېدى لۇ سۇ.

بۇ چاغدا سۈن چۈەن ساۋ ساۋنىڭ يازغان خېتىنى لۇ سۇغا كۆرسىتىپ:

— ساۋ ساۋ تۈنۈگۈن خەت يېزىپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، پېقىر ئەلچىنى قايتىپ تۇرۇڭ دەپ ماڭغۇزۇۋەتتىم، ھازىر كۆپچىلىكنى يىغىپ مەسلىھەتلىشىۋاتىمەن، تېخى بىر قارارغا كېلەلمىدۇق، — دېدى.

لۇ سۇ خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى، خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

> مەن خان ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن جازا يۈرۈشى قىلىپ كەلدىم. تۇغىمىز تۆۋەن تەرەپكە قارىتىلغاندا، ليۇ زۇڭ تەسلىم بولدى؛ جىڭجۇ - شاڭياڭ ئەھلى بىزگە مايىل بولدى. ھازىر 100 تۈمەنلىگەن لەشكەر، مىڭلىغان سەركەردىنى تەخلەپ قويدۇق، جانابىڭىز بىلەن جياڭشيادا ئۇچرىشىپ، بىرلىكتە ليۇ بېينى يوقىتىپ، يەر - زېمىننى تەڭ بۆلۈشۈپ، مەڭگۈ ئىتتىپاق قۇرساق دەيمەن. ئارقا - ئالدىڭىزغا قارىماي، تېزدىن جاۋاب قايتۇرۇڭ.

لۇ سۇ خەتنى كۆرۈپ بولۇپ:

— جانابىي ئالىيلىرى قانداق ئويلاۋاتىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— تېخى بىر قارارغا كېلەلمىدىم، — دېدى سۈن چۈەن.

بۇ چاغدا جاڭ جاۋ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى ھازىر 100 تۈمەندىن ئارتىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خان ئائىلىلىرىنىڭ نامى بىلەن جىمى ئىقلىمنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن تارتىپ كەلدى. قارشى چىقساق بىزگە بەتنام ئارتىلىدۇ. جانابلىرى ئەسلىدە ئۇنىڭغا چاڭجىياڭ دەرياسى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشلىرى مۇمكىن ئىدى. ھازىر بولسا ئۇ جىڭجۇنى قولغا چۈشۈردى، ئۇنداقتا چاڭجىياڭنىڭ رولىمۇ قالمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. پېقىر نادانلىرىنىڭ پىكرىچە، ئەل بولۇشتىن ياخشى ئىش يوق، مانا شۇنىڭ ئۆزىلا مەڭگۈ ئامان بولۇشنىڭ تەدبىرى.

— جاڭ جاۋنىڭ ئېيتقانلىرى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق، — دېيىشتى كېڭەشچىلەر بىر ئېغىزدىن.

سۈن چۈەن ئۈنچىقمىدى.

— ھەرگىز ئەندىشە قىلمىسىلا، تەقسىر. ساۋ ساۋغا ئەل بولساق، كۈنچىقىش ۋۇ ئەھلى ئامان تاپىدۇ. جاڭنەندىكى ئالتە ۋىلايەت قولدا تۇرىدۇ، — دېدى يەنە جاڭ جاۋ.

سۈن چۈەن بېشىنى كۆتۈرمەي جىم ئولتۇردى. بىرپەستىن كېيىن، سۈن چۈەن كىيىمىنى يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، لۇ سۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. سۈن چۈەن لۇ سۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىزچە قانداق قىلساق بولار؟ — دەپ سورىدى.

— بايا بىرمۇنچە بەگلەرنىڭ ئېيتقانلىرى جانابلىرى ئۈچۈن پايدىلىق گەپلەر ئەمەس. ھەممەيلەن ساۋ ساۋغا ئەل بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، جانابلىرى ئەل بولماسلىقلىرى كېرەك، — دېدى لۇ سۇ.

— ئېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ — دېدى سۇن چۈەن.

— ئەگەر ساۋ ساۋغا ئەل بولساق، پېقىردەك ئادەملەر كۆپ بولغاندا يۇرتىغا قايتىدۇ، مەنسەپ - مەرتىۋىدىن ئايرىلىسىمۇ، ئايماق - ۋىلايەت قولدىن كەتمەيدۇ؛ جانابىي ئالىيلىرى ئەل بولسىلا قانداق قىلماقچى ئىدىلە؟ ئۇ چاغدا ئۆزلىرىگە تېگىدىغىنى بىرەر يۇرتنىڭ تارخانلىقى، بىر مەپە، بىر ئات ۋە بىرنەچچە خىزمەتكاردىن باشقا نەرسە بولمايدۇ، تۆۋەن تەرەپنىڭ شاھى دېگەن ناملىرى تۈگەيدۇ! بۇ بەگلەر ھەممىسى ئۆز غېمىنى يېۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىلا، تەقسىر. جانابلىرى ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى قىلىپ بىر قارارغا كەلسىلە، — دېدى لۇ سۇ.

— بەگلەرنىڭ ئېيتقانلىرى پېقىرنى چوڭ ئۈمىدسىزلىككە سالدى، پەقەت سىزلا ئەل - يۇرتىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، پايدىلىق گەپلەرنى قىلدىڭىز، بۇ دەل مېنىڭ ئويىمدىكى ئىشلار ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە تەڭرىنىڭ ماڭا سىزدىن ئەۋەتكەن سۆزى! بىراق، ساۋ ساۋ يېقىندىلا يۈەن شاۋنى ئەل قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە جىڭجۇ لەشكىرىنى قولغا چۈشۈردى، بۇنداق ھالدا، ساۋ ساۋغا تەڭ كەلگىلى بولماسمىكىن دەپ ئويلايمەن، — دېدى سۇن چۈەن.

— پېقىر جياڭشياغا بېرىپ، جۇگې جىنىنىڭ ئىنىسى جۇگې لياڭنى باشلاپ كەلدىم، جانابلىرى ئۇ كىشىدىن سوراپ باقسىلا، شۇ چاغدا ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەردار بولىدىلا، — دېدى لۇ سۇ.

— ھە، ئەجەبا خەلپەت كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇن چۈەن.

— شۇنداق، كەلدى. ئۇ كىشى ئارام ئېلىپ يەمخانىدا

قالدى، — دېدى لۈ سۇ.

— بۈگۈن كەچ كىرىپ كەتتى، كۆرۈشكىلى بولماس. ئەتە ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەر قارارگاھقا يىغىلسۇن، ئاۋۋال جياڭدۇڭ باتۇرلىرىنى كۆرسۇن، ئاندىن دىۋانغا يىغىلىپ رەسمىي سۆزلىشەيلى، — دېدى سۈن چۈەن.

لۈ سۇ بۇيرۇقنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى يەمخانىغا بېرىپ جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشكەندە يەنە ئۇنىڭغا تاپىلاپ:

— بۈگۈن ئىگەم ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ھەرگىز ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى كۆپ دېگەن سۆزنى قىلىپ تاشلىمىسىلا، — دېدى.

— پېقىر ئىشنىڭ ئېپىگە قاراپ ئىش تۇتۇشنى بىلىمەن، ھەرگىز پەلپەتىش ئىش قىلمايمەن، — دېدى جۇگې لياڭ كۈلۈپ.

شۇنىڭ بىلەن لۈ سۇ جۇگې لياڭنى قارارگاھقا باشلاپ كەلدى. قارارگاھتا باشلىرىغا غاز تاجلىق بۆكلەرنى كىيىپ، بەللىرىگە كەڭ - كەڭ كەمەرلەرنى باغلاپ، رەسمىي كىيىملەرنى كىيگەن جاڭ جاۋ، گۇ يۇڭ باشلىق يىگىرمە نەچچە قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگ رەت - رېتى بىلەن ئولتۇراتتى. جۇگې لياڭ ئۇلار بىلەن بىر - بىردىن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ، ھەممىسىنىڭ ئات - شېرىپلىرىنى سورىدى. سالاملىشىش تۈگىگەندىن كېيىن، جۇگې لياڭ مېھمان ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى. جاڭ جاۋ باشلىق ھەممە بەگلەر جۇگې لياڭنىڭ قەددى - قامەتلىك، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ ئادەم چوقۇم ۋەزخانلىق قىلغىلى كەپتۇ دەپ ئويلاشتى. جاڭ جاۋ ئالدى بىلەن گەپ ئېلىش غەرىزىدە مۇنداق بىر سۆزنى قىلدى:

— پېقىر جياڭدۇڭنىڭ ئەرزىمەس پۇقرالىرىدىن بولىمەن،

جانابىڭىزنى ئېگىز تۆپىلىككە جايلاشقان لۇڭجۇڭ دېگەن يەرلىك زات ئىمىش، ئۆزىنى گۇەن جۇڭ بىلەن لې يىغا سېلىشتۇرارمىش دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ راست گەپمىدۇ؟

— بۇ پېقىرنىڭ ئادەتتىكىچە سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىم، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ليۇ بېي بېگىم جىڭجۇ ـ شاڭياڭ تەۋەسىنى ئىگىلەش ئارزۇسى بىلەن، جانابىڭىزنى ئىزدەپ، كەپىڭىزگە ئۈچ قېتىم بېرىپ، جانابىڭىزغا ئىگە بوپتۇ. بۇ «خۇددى بېلىق سۇغا ئېرىشكەندەك» بولۇپتۇ، هازىر بۇ جايلارنىڭ هەممىسى ساۋ ساۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، خوش، ئەمدى قانداق قاراشقا كەلدىڭىزلەركىن؟ — دەپ سورىدى جاڭ جاۋ.

جۇگې لياڭ جاڭ جاۋ سۈن چۈەننىڭ بىرىنچى كېڭەشچىسى ئىكەن، ئەگەر بۇنى ئالدى بىلەن گەپتە چۈشۈرۈۋەتمىسەم، سۈن چۈەنگە قانداق تاقابىل تۇرىمەن دەپ ئويلىدى ـ دە:

— پېقىر خەنشۇي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىدىكى يەرلەرنى ئالماق هەممىدىن ئاسان ئىش دەپ ئويلايمەن. ئىگەم ئالىيلىرى ليۇ بېي بېگىم شاپائەتدار، خالىس بىر زات، ئۆز قوۋمداشلىرىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىشنى خالىمايدۇ، شۇڭا بۇنداق ئىشلاردىن ئامال بار ئۆزىنى تارتىدۇ. ليۇ زۇڭ بالىلىق قىلىپ ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشىنىپ، ساۋ ساۋغا يەر ئاستىدىن ئەل بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋنىڭ خورىكى ئېشىپ كەتتى. ئىگەم ئالىيلىرى هازىر جياڭشياغا ئورۇنلاشتى، باشقا ياخشى چارە ئويلاپ قويدى، ئۇنى ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، جانابىڭىزنىڭ سۆزىڭىز بىلەن هەرىكىتىڭىز ئوخشىمىغان بولىدۇ. جانابىڭىز ئۆزىڭىزنى گۇەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۇلاڭ بىلەن لىپ يىغا ئوخشىتىدىكەنسىز، گۈزەن جۇلاڭ خۇزەن گۈلاڭ غوجامغا جۆر بولۇپ، تارخان بەگلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ، جاھاننى بىر ئالغان؛ لىپ يى بولسا ئاجىز يەن بەگلىكىنى يۆلەپ، چى بەگلىكىنىڭ يەتمىش نەچچە شەھىرىنى ئالغان: بۇ ئىككى زات ھەقىقەتەن پاراسەتلىك ئالەمگەر زاتلار ئىدى. جانابىڭىز جاھاندىكى ئىشلارنى مەسخىرە قىلىپ، كەپىڭىزدە تىزىڭىزنى قۇچاقلاپ بەخىرامان ئولتۇراتتىكەنسىز. ئەمدى يۇرت بۇزارلارنى يوقىتىپ، ئەل ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت كەلتۈرمەن دەپ لىۋ بېينىڭ كەينىگە كىرىپسىز. بىراق لىۋ بېي سىزگە ئېرىشىشتىن ئىلگىرى، ئالەمنى چۆرگىلىتىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئۆز ئالدىغا سوراپ كېلىۋاتاتتى؛ بۈگۈن سىزگە ئېرىشكەندىن كېيىن، كىشىلەر ھەممىسى ئۈمىدنى سىزگە باغلىغانمىش. كىچىككىنە بالىلارمۇ يولۋاسقا قانات چىقتى، ئەمدى خەن خاندانلىقى ئەسلىگە كېلىدىغان بولدى، ساۋ ساۋ يوقىلىدىغان بولدى دېيىشىۋاتارمىش. ئوردىدا ئىشلىگەن كونا بەگلەر، تاغ ـ ئورمانلار ئىچىدە تەركىدۇنيا بولۇپ ياتقان زاھىتلار ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلار تارقاپ جىمى جاھان يوپيورۇق ئېچىلىپ كەتسىكەن، ئەل ـ يۇرت ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ، ھەممە كىشى بەخت ـ سائادەت ئىچىدە خاتىرجەم كۈن كەچۈرسىكەن دەپ تىلەپ، بۇ كۈنلەرنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرارمىش. بىراق، جانابىڭىز لىۋ بېي بېگىمنىڭ قولىغا كىرگەندىن كېيىن، ساۋ ساۋ بىرلا ھۇجۇم قىلىۋىدى، قورال ـ ياراغنى تاشلاپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتىڭىزلار؛ يا لىۋ بېياۋنى دەپ قارا بۆدۈنلەرنى خاتىرجەم قىلالمىدىڭىز، يا ئۇنىڭ ئوغلى لىۋ چىغا ھەمدەملىشىپ يۇرت ـ زېمىننى تۇتۇپ تۇرالمىدىڭىز؛ ئەكسىچە شىنيېنى تاشلاپ، فەنچېڭغا قېچىپ باردىڭىزلار، داڭياڭدا يېڭىلىپ،

شىياكۇغا قاچتىڭىزلار، قىسقىسى پاناھلايدىغان جاي تاپالماي قالدىڭىزلار؛ لىيۇ بېي بېگىم جانابىڭىزغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ياخشىلىنىش بوياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بۇرۇنقىدىن بەتتەرلىشىپ كەتتى. گۈەن جۇڭ، لى يىلار شۇنداق ئادەملەرمىدى؟ پىقىر گەپنى ئوچۇق قىلىدىغان ئادەم، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن! — دېدى جاڭ جاۋ.

جۇگې لياڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مۇنداق جاۋاب قىلدى:

— ئەنقا ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچىدۇ، ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى قۇشقاچلار نەدىن بىلسۇن؟ مىسالغا ئالايلۇق، بىر ئادەم ئاغرىپ قالسا، ئاۋۋال سۇيۇق تاماق بېرىپ، يەڭگىل دورا ئىچكۈزۈپ ئەملەيمىز؛ ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرى تەڭشىلىپ، تەنلىرى ئوڭشىلىپ، سەل ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن گۆشلۈك تاماق بېرىپ ماغدۇر كىرگۈزۈپ، كۈچلۈك دورا بىلەن ئەملەيمىز. دېمەك، ئاغرىقنىڭ يىلتىزى چىقىپ كەتكەندە، ئادەم ئاندىن سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئاغرىق ئادەمنى ماغدۇرغا كەلمەي تۇرۇپلا، كۈچلۈك دورا ۋە كۈچلۈك تاماقلار بىلەن ساقايتىۋېلىشقا ئالدىرساق، ئۇ چاغدا ئاغرىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. ئىگەم لىيۇ بېي بېگىم رۇنەندە يېڭىلىپ، لىيۇ بياۋنىڭ يېنىدا تۇرغان چاغدا، لەشكەرلەر 1000 غا يەتمەيتتى، سەركەردىلەردىن پەقەت گۈەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەرلا بار ئىدى. بۇ خۇددى ئاغرىق تازا ئەۋجىگە چىقىپ، تەن ئاجىزلىشىپ كەتكەن چاغلارغا ئوخشاش بىر مەزگىل ئىدى. شىنيې ئادىمى شالاڭ، ئاشلىق ئاز چىقىدىغان كىچىككىنە تاغلىق ناھىيە. لىيۇ بېي بېگىم بۇ يەردە ۋاقتىنچە پاناداش ئوچۇنلا تۇرغان. ئەسلى مەقسەت بۇ شەھەرنى ساقلاپ تۇرۇش ئەمەس

www.uyghurkitap.com

ئىدى، پېقىر لەشكەرلىرى ئاز، شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولمىغان، لەشكەرلەر چېنىقمىغان، ئاشلىق يېتىشمەيۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بۇۋاڭدا ئوت بىلەن تېگىش قىلىش، بەيخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى قويۇۋېتىش يولى بىلەن شيا خۇدۇن، ساۋ رېنغا ئوخشاشلارنىڭ يۈرىكىنى ئالغاندى. مېنىڭچە، گۇەن جۇڭ، لي يىلارمۇ شۇنچە لەشكىرى بىلەن مۇشۇنچىلىك ئىش قىلالمىغاندى. ليۇ زۇڭنىڭ ساۋ ساۋغا ئەل بولغانلىقىدىن ليۇ بېي بېگىمنىڭ ھەقىقەتەن خەۋىرى يوق؛ يەنە كېلىپ، ئۇ كىشى مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز قوۋمى — قېرىنداشلىرىنىڭ تەختىنى تارتىۋالاي دېگەن يامان نىيەتتە بولمىدى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ زور ئادىللىق. داڭياڭدىكى يېڭىلىشتا، ليۇ بېي بېگىم ھەققانىيەت ئۈچۈن جان پىدا قىلغان نەچچە يۈز مىڭ ئاھالىنى تاشلىۋەتمەي، قېرى — چۈرى، ئاجىز — ئورۇقلارنى يۆلەپ — سىغاپ بىرلىكتە ئېلىپ مېڭىپ، كۈنىگە ئاران ئون چاقىرىم يول باسقانىدى، بۇ چاغدىمۇ جياڭلىڭنى ئېلىۋالسامكەن دېگەن ئويدا بولماي، ئەل نېمە بولسا شۇنى كۆرەي دېگەنىدى، بۇمۇ زور ئادىللىقتۇر. ئاز كۈچ كۆپ كۈچكە تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇرۇشتا يېڭىش بىلەن يېڭىلىش ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. بۇرۇنىسىدا خەن گاۋزۇ ئالىيلىرى شياڭ يۈيدىن نەچچە قېتىم يېڭىلگەن، ئەمما، خېيشيادىكى بىر جەڭدە يېڭىپ چىققان، بۇ خەن شىننىڭ ياخشى تەدبىرى بىلەن بولغان ئىش ئەمەسمىدى؟ ئەمما، خەن شىننىڭ ئۇزاق زامانلار خەن گاۋزۇغا ئەقىل كۆرسىتىپ يۈرۈپ ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنىڭ ھەممىسىلا غەلىبىلىك بولۇۋەرگەن ئەمەس. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا، ئەلنىڭ ئامانلىقىغا ئاساسىي تەدبىر بولۇش كېرەك. ماختانچاق، ئابرۇيپەرەس شاللاقلار قۇرۇق سۆز سېتىپ، ئادەم ئالداشتىن

باشقىنى بىلمەيدۇ، ئۆلتۈرۈپ كېچەش قىلىشنا، ئۇرە تۇرۇپ پاراڭلاشقاندا ھېچكىم ئۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ؛ خەتەرلىك، جىددىي پەيتتە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار خەلقئالەمنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ!

جاڭ جاۋ بۇ سۆزلەرگە بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرالمىدى.

سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن بىرى قاتتىق ئاۋاز بىلەن سوئال قويدى:

— ساۋ ساۋ ھەزرەت ھازىر لەكمىڭلاپ لەشكەر، مىڭلاپ سەركەردىنى تەخ قىلىپ، جياڭشىيانى يۇتۇپ كېتىش ئۈچۈن، ئەجدىھادەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپتۇ، جانابىڭىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

جۇگې لياڭ شۇنداق قارىسا، بۇ ھېلىقى يۈي فەن ئىكەن.

— ساۋ ساۋ يۈەن شاۋنىڭ چۈمۈلىدەك لەشكەرلىرىنى، ليۇ بياۋنىڭ مايماق - سايماق چېرىكلىرىنى جەم قىلىپ، لەكمىڭلاپ لەشكەر توپلىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دېدى جاۋابەن جۇگې لياڭ.

— داڭياڭدا يېڭىلىپ، شياكۇدا بوغۇلۇپ، كۆرۈنگەن كىشىدىن ياردەم تىلەپ يۈرۈپتۇ، «كارايىتى چاغلىق» دەپ پاختا ئېتىۋاتقىنىنى قارا، بۇ تازا ئالدامچىلىقتە! — دېدى مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ يۈي فەن.

— ليۇ بېي بېگىمنىڭ بىرنەچچە مىڭغىنا ئادالەتچى لەشكىرى ساۋ ساۋنىڭ لەكمىڭلىغان ۋەھشىيلىرىگە قانداق تەڭ كېلەلىسۇن؟ شياكۇغا چېكىنىشتىن مەقسەت پۇرسەت كۈتۈش ئىدى. جياڭدۇڭ بەگلىكىنىڭ لەشكىرى خىل، ئاشلىقى مول، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاڭجياڭدەك ئەپچىل تەبىئىي توسىقلىرى بار تۇرۇپمۇ، خەلقئالەمنىڭ تەلىپىگە باقماي، ئۆز ئىگىسىنى تىز

www.uyghurkitap.com

يۈكۈپ ئەل بولۇشقا ئۈندەشتىنمۇ سەت ئىش بارمۇ؟ خوش، لېۋ بېي بېگىمنىڭ مۇناپىق ساۋ ساۋدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقى مانا مۇشۇنىڭدىن بىلىنىپ تۇرامدۇ! — دېدى جۇگې لياڭ.

يۈي فەن لام ـ مىم دېيەلمىدى.

سورۇندىكىلەردىن يەنە بىرى تۇرۇپ سوئال قويدى:

— ئەي جۇگې لياڭ، سىز جاڭ يى ۋە سۇچىنلارنىڭ تىلى بىلەن كۆنچىقىش ۋۇلۇقلارغا ۋەزخانلىق قىلماقچىمۇ؟

جۇگې لياڭ قارىسا، بۇ ھېلىقى بۇ جى دېگەن كىشى ئىكەن.

— بۇ جى، سىز سۇ چىن بىلەن جاڭ يىنى بەس ـ مۇنازىرىچى دەپ قارايدىكەنسىز. ئۇلارنىڭ مەشھۇر باتۇرلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنسىز. سۇ چىن ئالتە بەگلىككە ۋەزىر بولغان، جاڭ يى بولسا چىن بەگلىكىگە ئىككى قېتىم ۋەزىر بولغان، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەن باتۇرلار، ئۇنداق زوردىن قورقۇپ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان، قىلىچ ـ خەنجەردىن قورقىدىغان ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. جانابىڭىز ساۋ ساۋنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قورقۇپ كېتىپ ئەل بولماقچى بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، يەنە سۇ چىن بىلەن جاڭ يىنى مازاق قىلماقچىمۇ؟ — دېۋىدى، بۇ جى لام ـ مىم دېيەلمەي قالدى.

توساتتىن يەنە بىرى تۇرۇپ سوئال قويدى:

— جۇگې لياڭ، ساۋ ساۋنى قانداق ئادەم دەپ قارايسىز؟

جۇگې لياڭ قارىسا، بۇ ھېلىقى شۆ زۇڭ دېگەنىكەن.

— قانداق ئادەم دەمسىز؟ خەن خاندانلىقىدىن چىققان بىر مۇناپىق! — دېدى جۇگې لياڭ.

— خاتالىشىۋاتىسىز، تەقسىر، — دېدى شۆ زۇڭ، — خەن خاندانلىقىنىڭ ۋارىسلىقى ئەمدى تۈگىدى. ساۋ ساۋ ھەزرەت

جاھاننىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئۆزىگە قارىتىپ بولدى، جىمى ئادەم ئۇنىڭغا قايىل بولماقتا. لىۋ بېي بېگىمنىڭ تەقدىرگە بويسۇنماستىن، ئۇنىڭ بىلەن زورمۇزور ئېلىشماقچى بولغانلىقى خۇددى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك ئىشتە، بۇنداق قىلسا يېڭىلمەي قالامدۇ؟

جۇگې لياڭ ئەمدى قاتتىق ـ قاتتىق تەگكۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— شۈ زۇڭ، سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن مۇشۇنداق پەلپەتىش سۆز چىقسا بولامدۇ؟ سىز دۇنيادا ياشايمەن دېسىڭىز، ساداقەتلىك، ۋاپادارلىقنى ئاساس قىلىشىڭىز كېرەك. سىز خەن خاندانلىقىنىڭ بەگلىرىدىن ئىكەنسىز، ئەلۋەتتە بۇنداق يامان بەگلەرنى كۆرگەندە غەزەپلىنىپ، بۇنداق بەگلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىڭىز كېرەك، بەگ بولۇشنىڭ يولى ئەنە شۇ. بۈگۈنكى كۈندە ساۋ ساۋ خاندانلىقنىڭ نېنىنى يەپ، خىزمەت كۆرسىتەي دېمەي، ئەكسىچە تۇزكورلۇق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا جىمى ئالەم نەپرەت ئوقۇماقتا؛ سىز تېخى بۇ ئىشنى خۇدايىتائالانىڭ بۇيرۇقى دەيسىز، تازا ئاتا كۆرمىگەن ساداقەتسىز، ۋاپاسىز كىشى ئوخشايسىز! بەس ئەمدى، سىزگە دەيدىغان گېپىم يوق! سىزمۇ گەپ قىلمايلا قويۇڭ!

شۈ زۇڭ شەلپەردەك قىزىرىپ، قىلچە جاۋاب قايتۇرالمىدى.

سورۇندىكىلەردىن يەنە بىرى تۇرۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ يەنە سوئال قويدى:

— ساۋ ساۋ خان ئالىيلىرىنىڭ نامىدىن تارخانلارنى ئىدارە قىلىۋاتىدۇ، بىراق ئۇ ۋەزىرئەزەم ساۋ شېن* بېگىمنىڭ

* ساۋ شېن — خەن گاۋزۇ لىۋ باڭنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرى.

www.uyghurkitap.com

ئەۋلادى ئىمىش. لىۇ بېيىنى جۇڭشەن چىڭۋاڭنىڭ ئەۋلادى دېيىشىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئاساس يوق. ئۇ ئەسلىدە بورا توقۇيدىغان بىر كارگەر ئىكەن، شۇنداق ئىكەن، ئۇ قانداقمۇ ساۋ ساۋغا تەڭ كېلەلىسۇن!

جۇگې لىيالڭ قارىسا، بۇ ھېلىقى لىۇ جى ئىكەن. جۇگې لىيالڭ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— جانابىڭىز ھېلىقى يۈەن شۇ بېگىمنىڭ ئۈيىدە جۈيزى ئوغرىلىۋالغان لىۇ جى دېگەن شۇغۇ دەيمەن؟ مەن بىر سۆز ئېيتاي، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاڭ: ساۋ ساۋ ۋەزىرنىڭ ئەۋلادى بولغانىكەن، ئەلۋەتتە خەن خاندانلىقىغا سادىق بولۇپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى؛ بىراق ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، خان ئالىيلىرىنى بوزەك قىلماقتا. دېمەك، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۆزىدىن باشقا خان يوق. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاتىسىغىمۇ ھاقارەت كەلتۈرمەكتە. ئۇ خەن خاندانلىقىدىن چىققان بۇزۇق بەگلەردىنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ساۋ ئائىلىسىدىن چىققان مۇناپىققا ئايلىنىپ قالدى. لىۇ بېي بېگىم ھەقىقەتەن خان ئەۋلادى، ھازىر خان ئالىيلىرى ئۇنىڭغا جۇرۇڭقاي بويىچە مەرتىۋە ئاتا قىلغان تۇرسا، قانداقسىگە «ئاساسى يوق ئىش» بولسۇن؟ گاۋزۇ خاننىڭ كېلىپ چىقىشى مەنزىل بېشى، ئاخىر پۈتكۈل ئالەمنى ئىلكىگە ئالغانىدى؛ بورا توقۇغۇچى بولسا نېمە بوپتۇ، ئۇ قانچىلىك ئۇياتلىق ئىش؟ سىز گۆدەك بالىدەك گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنسىز، مەندەك ئالىيجاناب زات بىلەن سۆزلەشكۈدەك لاياقەتكە ئىگە ئەمەس ئىكەنسىز.

لىۇ جىنىڭ ئاغزى بوغۇلدى.

شۇئاندا سورۇندىكىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي جۇگې لىيالڭ، سىز قۇرۇق گەپنى تولا

قىلىدىكەنسىز، مەمەدانىلىق قىلىۋەرمەڭ. مەن سىزدىن شۇنى سورايكى، سىز زادى قانداق كىتاب - دەستۇرلارنى يازغان؟ — دېدى.

جوگې لياڭ بۇ ئادەمگە قارىسا، ھېلىقى يەن جۇن دېگەن ئادەم ئىكەن.

— دۇنيادا چالا مولللار ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن سۆز تېرىپ، ئۇنى - بۇنى يېزىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ باقىدۇ، لېكىن قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، بۇنداق ئادەملەر قانداقمۇ يۇرت سوراپ، سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئەلگە ياخشىلىق كەلتۈرەلىسۇن؟ قەدىمدە تېرىقچىلىق قىلغان يى يى، بېلىقچىلىق قىلغان زى يا، جاڭ لياڭ، چېڭ پىڭ دېگەن ئادەملەردە، دېڭ يۈي، گېڭ يەنگە ئوخشاش كىشىلەردە ئەقىل - پاراسەت دېسە بار، جاھاننى ئۆرۈپ، پەلەكنى چۆرۈيدىغان ئۇلۇغ ئىشلار شۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، شۇنداق كاتتا ئادەملەرمۇ ئۆمرىدە كىتاب - دەستۇر يازماپتىكەن. ئۇلار قانداقسىگە تالىپلاردەك قولىدىن دۇۋەت - قەلەمنى چۈشۈرمەي، قارا بىلەن سېرىقنى شەرھلەپ، قەلەم ئوينىتىپ يۈرەلىسۇن؟ — دېدى جوگې لياڭ.

يەن جۈننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، بېشى ساڭگىلاپ كەتتى.

بۇ چاغدا يەنە بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ كاسىلدىغىلى تۇردى:

— جانابىڭىز بەك چوڭ گەپ قىلىدىكەنسىز، لېكىن سىزدە ھەقىقىي بىلىم بولۇشى ناتايىن، موللا - ئۆلىمالار ئاڭلىسا، كۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن، — دېدى.

جوگې لياڭ بۇ ئادەمگە قارىسا، ھېلىقى رۇنەنلىك چېڭ دېشۇ دېگەننىكەن.

— موللا - ئۆلىمالارنىڭ ئالىيجانابلىرى بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاكىنىلىرىمۇ بولىدۇ. ئالىيجاناب ئۆلىمالار پادىشاھلارغا سادىق بولىدۇ، ۋەتەننى سۆيىدۇ، توغرا يول تۇتىدۇ، يامان يولدىن قاچىدۇ، زامانغا لايىق ئىش قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ — ئەگەر سىز چاكىنا ئۆلىمالاردىن بولسىڭىز، بەرھەق ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرت - قوڭغۇزلاردىن پەرقىڭىز بولمايدۇ - دە، ئاق قەغەزنى قارا سىياھ بىلەن بوياشتىن باشقىنى بىلمەيسىز؛ سىزمۇ ياشلىقىڭىزدا نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان، قېرىغىچە سان - ساناقسىز دەستۇرلارنى ئوقۇغان، ھەددى - ھېسابسىز ماقالىلەرنى يازغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن قولىڭىزدىن ھېچ ئىش كەلمەي ئۆتتىڭىز. ياڭ شيۇلڭ* مۇ كىتاب دەستۇر يېزىپ داڭق چىقارغان، ئاخىر بېرىپ ۋاڭ ماڭغا باش ئېگىپ، ئۆزىنى راۋاقتىن تاشلاپ ئۆلگىلى تاس قالغان، مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنى چاكىنا ئۆلىمالار دەيمىز؛ بۇنداق ئادەملەر كۈنىگە نەچچە كىتاب يازسىمۇ، ئۇلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن، — دېدى جۇگې لياڭ جاۋابەن.

سورۇندا ئولتۇرغانلار جۇگې لياڭنىڭ بۇ كۆچلۈك جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ تاتىرىپ كېتىشتى.

سورۇندا ئولتۇرغانلار ئىچىدىن جاڭ ۋېن، لو تۇڭ دېگەن ئىككىسى تۇرۇپ يەنە لوقما سالماقچى بولدى، شۇ ئارىدا سىرتتىن بىر كىشى ئىتتىك كىرىپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— جۇگې لياڭ بولسا زامانىمىزنىڭ دانىشمەنلىرىدىن بىرى، ئۇ كىشىگە قۇرۇقتىن - قۇرۇق سوئال تاشلاپ، ھۆرمەتسىزلىك قىلماڭلار. ساۋ ساۋ لاۋ - لەشكىرىنى باشلاپ بېسىپ كېلىۋاتقان يەردە، سىلەرنىڭ قانداق قىلىپ ياۋنى

* ياڭ شيۇلڭ — غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يازغۇچى بولۇپ، ۋاڭ ماڭنىڭ يېڭىدىن قۇرغان خاندانلىقىدا ئەمەلدار بولغان. جازانى تارتىلىشتىن قورقۇپ، ئۆزىنى راۋاقتىن تاشلاپ ئۆلگىلى تاس قالغان.

چېكىندۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدىمەي، ئەكسىچە سۆز تالىشى قىلىپ ئولتۇرغىنىڭلار نېمىسى! — دېدى.

ھەممەيلەن بۇ ئادەمگە قارىدى، قارىسا، بۇ ھېلىقى لىڭلىڭلىق خۇاڭ گەي دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى گۇڭ فۇ بولۇپ، ھازىر كۈنچىقىش ۋۇنىڭ لەشكىرىي تەمىنات مەمۇرى ئىدى. ئۇ جوگې لياڭغا قاراپ:

— پېقىر كۆپ سۆز قىلىپ پايدا تاپقاندىن، سۆز قىلماي جىم تۇرغان ياخشى دەپ ئاڭلىغانىدىم. جانابىڭىز نېمىشقا قىممەتلىك سۆزلىرىڭىزنى ئىگەمنىڭ ئۆزىگە ئېيتماي، بۇ ئادەملەر بىلەن تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دېدى.

— بۇ جانابلار نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ئۇقماي، نەدىكى قۇرۇق سوئاللارنى تاشلاپ ئولتۇرسا، تېگىشلىك جاۋابنى بەرمىسەم بولامتى، — دېدى جوگې لياڭ.

شۇنداق قىلىپ، خۇاڭ گەي بىلەن لۇ سۇ ئىككىسى جوگې لياڭنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئوتتۇرا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، دەل جوگې جىنگە ئۇچرىشىپ قالدى. جوگې لياڭ ئۇنىڭغا سالام قىلدى.

— ئەزىز ئىنىم، سىز جياڭدۇڭ تەۋەسگە كەپسىزيۇ، نېمىشقا مېنى ئىزدەپ كۆرمىدىڭىز؟ — دېدى جوگې جىن.

— پېقىر ئىنىڭىز لىيۇ بېي بېگىمنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. ئاۋۋال ئەلكۈننىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ، ئاندىن خۇسۇسىي ئىشنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلكۈننىڭ ئىشىنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپ، خۇسۇسىي ئىشقا يۈگۈرۈشكە پېتىنالمىدىم. ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ئاغا، — دېدى جوگې لياڭ.

— ئۇنداق بولسا، ئىنىم، سۇن چۈەن بېگىم بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭ، ئەھۋاللىشايلى، —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېدى جوگې جىن.

ئۇلار سۆزلىشىپ بولۇپ، ئۆز يوللىرىغا كېتىشتى.

— بايا دېگەن سۆزۈمنى ئەزەرگە ئېلىپ، گەپنى جايىدا قىلايلى، دىققەت قىلسىلا، — دېدى لۇ سۇ.

جوگې لياڭ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل دېدى.

لۇ سۇ ئۇنى دىۋانغا باشلاپ كىردى، سۈن چۈەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، جوگې لياڭنى قارشى ئالدى ۋە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى، سالاملىشىش تۈگىگەندىن كېيىن، سۈن چۈەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەر ئىككى قاتار بولۇپ ئۆرە تۇرۇشتى. لۇ سۇ جوگې لياڭنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇردى. جوگې لياڭ ليۇ بېينىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، سۈن چۈەنگە يەر ئاستىدىن بىر قارىۋالدى. ماش كۆز، سۆسۈن ساقاللىق سۈن چۈەن ئۇنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈندى.

جوگې لياڭ ئىچىدە: «بۇ ئادەم تۇرقىدىن بۆلەكچىلا ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ، قارىغاندا، ئۇنىڭغا داۋلى بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماي، ئۇنى دەي ـ دەيگە سېلىش ياخشىدەك تۇرىدۇ. قېنى، ئۇ ئاۋۋال سورىسۇن، ئاندىن ئۇنى دەي ـ دەيگە سېلىشقا پىرنەرسە دەي» دەپ ئويلىدى.

چاي قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سۈن چۈەن:

— جانابىڭىزنىڭ دانا ـ بىلگىرلىكىنى لۇ سۇدىن كۆپ ئاڭلىغانىدىم، مانا بۈگۈن بەختىمىزگە يارىشا دىدار كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، ئەمدى ياخشى، ئاقىل مەسلىھەتلىرىڭىز بولسا كۆرسەتسىڭىز، ئاڭلاپ باقسام دەيمەن، — دېدى.

— يوغىسۇ ـ يوغىسۇ، پېقىر پاراسەتسىز بىر نادانمەن، تىلغا ئالغۇچىلىك بىلىمىم يوق، — دېدى جوگې لياڭ.

— جانابىڭىز يېقىندىن بۇيان شىنيېدە ليۇ بېي بېگىمگە ھەمدەملىشىپ، ساۋ ساۋ بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتىسىز، ئۇنىڭ زادى قانچىلىك لەشكىرى بارلىقىنى چوقۇم بىلىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى سۇن چۈەن.

— ليۇ بېي بېگىمنىڭ لەشكىرى ئاز ۋە ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنيې شەھىرى كىچىك بىر شەھەر، ئاشلىق چىقمايدۇ؛ شۇنداق تۇرۇقلۇق ساۋ ساۋ بىلەن قانداق تىركىشىپ تۇرالىسۇن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ساۋ ساۋنىڭ زادى قانچىلىك لەشكىرى بار؟ — دەپ سورىدى سۇن چۈەن.

— ئاتلىق، قۇرۇقلۇق ۋە سۇدىن بولۇپ تەخمىنەن يۈزنەچچە تۈمەن لەشكىرى بار، — دېدى جۇگې لياڭ.

— يالغان ئەمەستۇ؟ — دەپ قايتا سورىدى سۇن چۈەن.

— يالغان ئەمەس. ساۋ ساۋنىڭ يەنجۇدىلا 20 تۈمەن چىڭجۇلۇق لەشكىرى بار؛ يۈەن شاۋ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە 50 — 60 تۈمەن لەشكەر قوشۇلدى؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يېڭىدىن ئالغان لەشكىرى 30 — 40 تۈمەنگە يېتىدۇ؛ يېقىندا يەنە جىڭجۇدا 20 — 30 تۈمەن لەشكەرگە ئىگە بولدى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 150 تۈمەنگە يېتىدۇ. پېقىر بۇ گەپلەرنى دەپ قويۇپ، جىياڭدۇڭلۇق ئەربابلارنى چۆچۈتۈۋەتمەي دەپمۇ ئويلاپ قويىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

جۇگې لياڭنىڭ يېنىدا تۇرغان لۇ سۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، جۇگې لياڭغا تىكىلىپ قاراپ قويدى؛ جۇگې لياڭ كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— ساۋ ساۋنىڭ قولىدا زادى قانچىلىك سەركەردە

باردۇ؟ — دەپ سورىدى سۈن چۈەن.

— پاراسەتلىك مەسلىھەتچىلەر، جەڭگىۋار سەركەردىلەر 1 — 2 مىڭغا يېتىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ جاۋابەن.

— ساۋ ساۋ جىڭجۇ، چۇجۇ ئايماقلىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەنە قانداق ئويلاردا بولۇۋاتىدىغاندۇ؟ — دېدى سۈن چۈەن.

— ھازىر ئۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن بويلىرىدا لەشكەرگاھ قۇرۇپ، ئۇرۇش كېمىلىرىنى تەييارلاۋاتىدۇ، دېمەك، ئۇنىڭ جياڭدۇڭنى ئېلىشتىن باشقا نېمە خىيالى بولسۇن؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— ئەگەر ئۇ بىزنىمۇ يۇتۇۋالماقچى بولۇپ باستۇرۇپ كەلسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشىمىز كېرەكمۇ، يوقمۇ، جانابىڭىز بىر ئەقىل كۆرسەتسىڭىز، — دېدى سۈن چۈەن.

— پېقىرنىڭ بىر مەسلىھەتى بار، بىراق جانابلىرى قوبۇل كۆرەرلىمۇ، يوقمۇ، بىلمەيمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— قېنى، دانا مەسلىھەتىڭىزنى ئاڭلاپ كۆرەي، — دېدى سۈن چۈەن.

— بۇرۇنىسىدا جاھان تازا قالايمىقان بولغاندا، جانابلىرى جياڭدۇڭدىن غازات قىلىپ چىققان، ليۇ بېي بېگىم خەنسۇي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىنى قاماللاپ تۇرغان، شۇنداق قىلىپ، ئىككىلىرى ساۋ ساۋ بىلەن تىركىشىپ جاھاننى تەڭ تۇتۇپ تۇرغان. ئەمدىلىكتە ساۋ ساۋ ئۆزىنىڭ چوڭ توسالغۇلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، شۇ جايلارغا تىنچلىق ئورناتتى. يېقىندا يەنە جىڭجۇنى ئېلىپ، جاھاننى تىترەتتى؛ شۇ تاپتا پالۋانلار بولسىمۇ ئۆز ماھارەتلىرىنى

كۆرسىتىدىغان جاي تاپالماي تۇرۇپتۇ. شۇڭا ليۇ بېي بېگىم مۇشۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋالدى. ئەمدى جانابلىرىنىڭ ئۆز كۈچلىرىگە قاراپ بىر ئىش قىلىسلا: ئەگەر ۋۇلۇق ۋە يۈجۇلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگو* لۇقلارغا قارشى تۇرۇشقا كۈزلىرى يېتىدىكەن، ئۇ ھالدا ساۋ ساۋدىن ئالاقىلىرىنى بالدۇرراق ئۈزۈۋشلىرى كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا كۈزلىرى يەتمىسە، نېمىشقا كېڭەشچىلەرنىڭ مەسلىھەتلىرى بويىچە، لەشكەرلەرنى قىمىرلاتماي ئەل بولۇش ئۈستىدە ئويلاشمايلا؟

سۈن چۈەن جاۋاب قايتۇرماي جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

جۇگې لياڭ يەنە سۆز ئېچىپ:

— جانابلىرى كۆرۈنۈشتە بويسۇنغاندەك قىلىپ، ئىچلىرىدە گۇمان - ئەندىشىدىن خالىي بولالمىسىلا، ئۇ چاغدا ئىش كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئۇزاققا بارماي بىر بالا - قازاغا يولۇقماي قالمايدىلا، — دېدى.

— جانابىگىزنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس بولسا، ليۇ بېي بېگىم نېمىشقا ئەل بولمايدىكەن؟ — دېدى يانىدۇرۇپ سۈن چۈەن.

— بۇرۇنىسىدا تيەن خېڭ** دېگەن چى بەگلىكىنىڭ بىر باتۇر ئەزىمەت ئۆتكەن، ئۇ مەردلىكىنى چىڭ ساقلاپ خورلىنىشقا رازى بولماي، مەردانىلىك بىلەن ئۆلگەنىكەن. ۋەھالەنكى، خان ئەۋلادى بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەسۇرلۇقتا، ئەقىل - پاراسەتتە جاھانغا تونۇلۇپ، جىمى ئەربابلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان ليۇ بېي بېگىم ئەل بولسا قانداق

---

* جۇڭگو — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك. قەدىمكى پايتەخت جايلاشقان خۇاڭخې ۋادىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. باشقا رايونلارغا قارىتا نىسبىي ھالدا شۇنداق دەپ ئاتالغان.

** تيەن خېڭ — چىن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن چى بەگلىكىنىڭ كىشى. چى بەگلىكىنىڭ شاھى تيەن گۇاڭ خەن شىنگە ئەسىرگە چۈشكەندە، تيەن خېڭ ئۆز ئالدىغا پادىشاھلىق تىكلىگەن. كېيىن چېكىنىپ، خەيداۋنى چېسىپ تۇرغان. خەن گاۋزۇ ئۇنى ئەل بولۇشقا ئۈندەپ كىشى ئەۋەتكەندە، ئۇ ئەل بولماي، قولىدىكى 500 دىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن بىرگە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغىنى؟ بۇ ئىش ئۆزىگە باغلىق ئەمەس، تەڭرىگە باغلىق، بۇنداق ئىكەن، ئۇ كىشى باشقىلارغا ئەل بولۇشنى قانداقمۇ ئۆزىگە راۋا كۆرسۇن! — دېدى جۇگې لياڭ.

سۇن چۈەن جۇگې لياڭنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، يېڭىنى قىقىپ دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىچكەرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھەممە قاقاقلاپ كۈلۈپ تارقىشىپ كەتتى. لۇ سۇ جۇگې لياڭنى ئەيىبلەپ:

— خەلپىتىم، يوچۇنلا گەپ قىلدىڭىز، ھېلىقى ئىگەم ئالىيلىرى كەڭ قورساق كىشى، بولمىسا يۈزلىرىدىلا تىللاشتىن يانمايتتى. خەلپىتىم، شۇ تاپتا ئىگەمنى ھاقارەتلىگەندەك گەپلەرنى قىلدىلا، بۇ بەك ئېشىپ كەتتى، — دېدى.

جۇگې لياڭ ئاسمانغا قاراپ كۈلگەندەك قىلىپ:

— نېمانچىۋالا تارلىق قىلىدۇ! مېنىڭدە ساۋ ساۋنى تارمار قىلىش تەدبىرى بار ئىدى. ئۇ كىشى مەندىن بۇنى سورىمىغاندىن كېيىن، بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدىم، — دېدى.

— ئەگەر ھەقىقەتەن ياخشى تەدبىرلىرى بولسا، پېقىر ئىگەم ئالىيلىرىنى چىللاپ چىقاي، تەدبىرلىرىنى ئاڭلاپ كۆرسۇن.

— مېنىڭچە، ساۋ ساۋنىڭ 100 تۈمەن لەشكىرى چۈمۈلىگە ئوخشاش نەرسە! ئەگەر مەن قولۇمنى بىر كۆتۈرسەملا، بۇ چۈمۈلىلەرنىڭ مىجىقى چىقىدۇ! — دېدى جۇگې لياڭ.

لۇ سۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىچكەرىكى ئۆيگە كىرىپ سۇن چۈەن بىلەن كۆرۈشتى.

سۇن چۈەننىڭ تېخى ئاچچىقى يانمىغانىدى. ئۇ لۇ سۇغا قاراپ:

— جۇگې لياڭ مېنى بەك خاپا قىلدى! — دېدى زەردە

بىلەن.

— كەمىنە قۇللىرى جۇگې لياڭنى ئەيىبلىدى، جۇگې لياڭ ئاڭلاپ تەنە بىلەن كۈلۈپ، جانابلىرىنى تارلىق قىلدى، دېگەندەك قىلدۇ. ساۋ ساۋنى يوقىتىش تەدبىرىنى جۇگې لياڭ ئاسانلىقچە ئېيتمايدۇ. جانابلىرى، نېمىشقا سوراپ كۆرمەيدىلا؟

— ھە، جۇگې لياڭنىڭ ياخشى تەدبىرى بار ئىكەن ـ دە. شۇڭا ئۇ قەستەن مېنى دەي ـ دەيگە سالغانىكەن، مەن يەڭگىللىك قىلىپ، چوڭ ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈشكە تاس قاپتىمەن ـ دە، — دېدى سۈن چۈەن بىر دەم تىنىۋېلىپ خۇشاللىق بىلەن.

سۈن چۈەن ئەمدى لۇ سۇ بىلەن بىللە ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ، جۇگې لياڭنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. سۈن چۈەن جۇگې لياڭغا قاراپ:

— بايا قوپاللىق قىلىپ بىھۆرمەتلىك قىلىپتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، — دېدى ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ.

جۇگې لياڭمۇ ئەپۇ سوراپ:

— پېقىر قوپال گەپ قىپتىمەن، كەچۈرسىلە، بېگىم، — دېدى ياندۇرۇپ.

سۈن چۈەن جۇگې لياڭنى ئىچكەركى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ مەي ـ شاراب قويۇپ مېھمان قىلدى.

مەي ئىچىشىۋېتىپ، سۈن چۈەن دېدى:

— ساۋ ساۋ ئادەتتە لۇي بۇ، ليۇ بياۋ، يۈەن شاۋ، يۈەن شۇ، ليۇ بېيلارنى ۋە پېقىرنى يامان كۆرەتتى. ھازىر بۇ ئەربابلارنىڭ ھەممىسى تۈگىدى، پەقەت ليۇ بېي بىلەن پېقىر ئىككىمىزلا قالدۇق. پېقىر ئۆز ئېلىنى كىشىنىڭ قولىغا قارىتىپ قويۇشنى خالىمايدۇ. ئەمدى قەتئىي قارارغا كەلدىم. ساۋ ساۋغا پەقەت ليۇ بېي بېگىملا توغرا كېلەلەيتتى. بىراق ليۇ

www.uyghurkitap.com

بېي بېگىم يېقىندا يېڭىلدى، بۇنداق ئەھۋالدا بۇنداق زور ياۋغا قانداقمۇ تەلەپ كېلەلىسۇن؟

— ليۇ بېي بېگىم يېقىندىلا يېڭىلگەن بولسىمۇ، لېكىن گۇەن يۈينىڭ قولىدا 1 تۈمەن خىل لەشكەر بار؛ ليۇ چى جياڭشيا جەڭچىلىرىنى باشقۇرۇۋاتىدۇ، بۇلارمۇ 1 تۈمەندىن ئاز ئەمەس. ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى يىراق يول بېسىپ كەلگەنلىكتىن، چارچاپ بىر يەرگە بېرىپ قالدى؛ يېقىندىن بۇيان ئۇلار چاققان ئاتلار بىلەن كېچە - كۈندۈزلەپ 300 چاقىرىم يول بېسىپ، ليۇ بېي بېگىمنى قوغلىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇ خۇددى «ھەرقانداق كۈچلۈك ئوقمۇ بارار يېرىگە يېتىپ قالغاندا، ئەڭ يۇپقا ئەلگەكنىمۇ تېشىپ ئۆتەلمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش بىر ئەھۋال. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىماللىقلار سۇدا ئۇرۇش قىلالمايدۇ. جىڭجۇ ئەھلىنىڭ ساۋ ساۋغا بېقىنىشى چىن كۆڭلىدىن بولغان ئىش ئەمەس، مەجبۇرىيەتتىن بولغان. جانابلىرى ئەگەر ليۇ بېي بېگىم بىلەن چىن كۆڭۈللىرىدىن بىرلىشىپ ئىش قىلىدىغان بولسىلا، ساۋ ساۋنىڭ قوشۇنىنى چوقۇم بەربات قىلغىلى بولىدۇ. ساۋ ساۋنىڭ قوشۇنى بەربات بولسا، يۇقىرىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا، جىڭجۇلۇق، كۇنچىقىش ۋۇلۇقلارنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ، ئۈچ تەرەپ تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ. يېڭىش - يېڭىلىش مەسىلىسى بۈگۈنگە قاراقلىق بولۇپ قالدى. جانابلىرى ھۆكۈم قىلسىلا، — دېدى جۇگې لياڭ.

سۈن چۈەن بەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە جۇگې لياڭغا قاراپ:

— ئەلپېتتىم، سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز كۆڭلۈمنى چىراغ يورۇتقاندەك يورۇتۇۋەتتى. ئەمدى بىر قارارغا كەلدىم، ھېچقانداق گۇمان - ئەندىشە قالمىدى. ئەمدى قوشۇننى تارتىپ، بىرلىكتە

ساۋ ساۋنى يوقىتىشقا ئاتلىنايلى! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن لۇ سۇ بۇ ئەھۋالنى ھەممە ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەرگە ئۇقتۇردى، ئاندىن جۇگې لياڭنى ئارام ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن يەمخانىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

سۈن چۈەننىڭ لەشكەر تارتىپ جەڭگە ماڭماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جاڭ جاۋ قاتارلىق بەگلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— جۇگې لياڭنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپتۇق! — دېدى-دە، ئىتتىك مېڭىپ سۈن چۈەننىڭ قېشىغا كىرىپ دېدى، — جانابلىرىنى ساۋ ساۋ بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن قوشۇن تارتقۇدەك دەپ ئاڭلىدۇق. جانابلىرى يۈەن شاۋدىن كۈچلۈكمۇ؟ ئۆزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقسىلا! ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى كۈچى بۇرۇن ئاجىز ئىدى، شۇ چاغدىمۇ يۈەن شاۋنى بىر جەڭ بىلەنلا تارمار قىلدى؛ ئەمدى ئۇنىڭ لەشكىرى 100 تۈمەنگە يېتىپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كەلدى، بۇنى سەل چاغلىغىلى بولامدۇ، تەقسىر! ئەگەر جۇگې لياڭنىڭ گېپىگە كىرىپ، تەۋەككۈلىگە لەشكەر تارتىدىكەنلا، بۇ خۇددى ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقاندەك ئىش بولىدۇ.

سۈن چۈەن بېشىنى كۆتۈرمەي شۈك ئولتۇردى. بۇ چاغدا گۇ يۇڭ:

— ليۇ بېي ساۋدىن يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىز جياڭدۇڭلۇقلارنىڭ لەشكىرىدىن پايدىلىنىپ ساۋ ساۋنى چېكىندۇرمەكچى. جانابلىرى بۇنىڭغا ماقۇل دەمدىلا؟ مەن جاڭ جاۋنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، — دېدى نارازىلىق بىلدۈرۈپ.

سۈن چۈەن بىر قارارغا كېلەلمەي، سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى. جاڭ جاۋلار قايتىپ چىققاندىن كېيىن، لۇ سۇ كىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېدى:

— بايا جالق جاۋلار كىرىپ يەنە جانابلىرىنى ئەل بولۇشقا ئۈندەۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئامانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەرەزلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق قىلىشىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىلا، تەقسىر.

سۇن چۇەن تېخىچىلا ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

— تەقسىر، ئەگەر بۇ ئىشتا ئىككىلىنىدىغان بولسىلا، چوقۇم ئەلكۈنىنىڭ ئىشىغا دەخلى يەتكۈزىدىلا، — دېدى لۇ سۇ.

— ۋاقتىنچە چىقىپ تۇرۇڭ، مەن كىچىككىنە ئويلىنىۋالاي، — دېدى سۇن چۇەن.

لۇ سۇ چىقىپ كەتتى. ئەمەلدار بەگلەر ئىچىدىن ئۇرۇشمىز دەپ تۇرۇۋاتقانلار بار ئىدى، قەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئەل بولىمىز دېيىتتى، تالاش ـ تارتىش توگىمەي، گەپ بىر يەرگە توختىمىدى.

ئەمدى سۇن چۇەنگە كەلسەك، ئۇ ئىچكى بۆلمىگە كىرىپ كىتىپ، بىئارام بولۇپ، يا تاماق يېگۈسى كەلمەي، يا ئۇيقۇسى كەلمەي، ئىككىلىنىپ ئولتۇردى.

ۋالىدەخان ۋۇ خانىم سۇن چۇەننىڭ مۇنداق پەرىشان بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدى، بالام، كۆڭلۈڭ بەك پەرىشانغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ساۋ ساۋ يېقىندىن بۇيان چاڭجياڭ بىلەن خەنسۇي دەريالىرى بويىغا لەشكەر توپلاۋاتارمىش، قارىغاندا تۆۋەنگە سۈرۈلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمەلدار ۋە قەلەمدار بەگلەردىن مەسلىھەت سورىسام، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەل بولىلى دەيدۇ،

بەزىلىرى ئۇرۇش قىلىلى دەيدۇ. ئەگەر ئۇرۇش قىلساق، تەڭ كېلەلمەسمىزمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن؛ ئەل بولساق، ساۋ ساق سىغدۇرماي قويارمىكىن دەپ قورقىمەن؛ شۇڭا بىر قارارغا كېلەلمەي باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دېدى جاۋابەن سۈن چۈەن.

— ئىگىچىم مەرھۇمنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئېيتقان سۆزىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ۋالىدەخان.

سۈن چۈەن خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك، مەستلىكتىن يېشىلگەندەك بولۇپ، ئۇ سۆزنى ئېسىگە كەلتۈردى. دەرھەقىقەت:

*كەلدى شۇل ئان ئېسىگە دۆلەت ئاناسىنىڭ سۆزى،*
*ھەم يېتىپ كەلدى ھامان جۇ يۈي بېگىمنىڭ تۆھپىسى.*

بۇ سۆزنىڭ زادى قانداق سۆز ئىكەنلىكىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# قىرىق تۆتىنچى باب

**جۇگې لياڭنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ دەي ـ دەيگە سىپىلش ئۇسۇلى بىلەن جۇ يۈيىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەنلىكى**

**سۈن چۈەننىڭ ساۋ ساۋنى تارمار قىلىش قارارىغا قەتئىي كەلگەنلىكى**

ئەلقىسسە، ۋالىدەخان ۋۇ خانىم سۈن چۈەننىڭ ئىككىلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— مەرھۇمە ئاچام ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىدە سۈن سې ۋاپاتى ئالدىدا: «ئىچكى ئىشلاردا بىر قارارغا كېلەلمىگەندە جاڭ جاۋدىن، تاشقى ئىشلاردا بىر قارارغا كېلەلمىگەندە جۇ يۈيدىن كېڭەش سوراڭلار!» دېگەن ئەمەسمىدى؟ نېمىشقا جۇ يۈيىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ سورىمايمىز؟ — دېدى.

سۈن چۈەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپ شۇئان جۇ يۈينى تەكلىپ قىلىپ كېلىش ئۈچۈن پوياڭغا چاپارمەن ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا پوياڭ كۆلىدە سۇ لەشكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتقان جۇ يۈي ساۋ ساۋنىڭ لەشكەر تارتىپ خەن دەرياسى ئۈستىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كېچە ـ كۈندۈزلەپ مېڭىپ سەيساڭ دىيارىغا كەلدى.

جۇ يۈي چاپارمەن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەنىدى. لۇ سۇ جۇ يۈي بىلەن ناھايىتى يېقىن دوست بولغاچقا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، بولغان ئەھۋالنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى.

— لۇ سۇ، — دېدى جۇ يۈي، — تەشۋىشلەنمىسىلە، ھەممىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. ھازىر سىلى جۇگې لياڭنى تېز تەكلىپ قىلىپ كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرسىلە.

لۇ سۇ ئاتلىنىپ كەتتى. جۇ يۈي ئەمدى دەم ئالاي دەپ تۇرۇشىغا بىر چاپارمەن كىرىپ جاڭ جاۋ، گۇ يۇڭ، جاڭ خوڭ، بۇ جى تۆتەيلەن زىيارەتلىرىگە كەپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى، جۇ يۈي قوبۇل قىلىپ دىۋانىغا ئېلىپ كىرىپ ئولتۇرغۇزدى، سالام-سەھەت قىلىشتى.

— جانابىي تۇتۇقبېگىم! جياڭدۇڭنىڭ مەنپەئەتى ۋە خەتىرىنى بىلەمدىلا؟ — دېدى جاڭ جاۋ.

— بىلىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى جۇ يۈي.

— ساۋ ساۋ 100 تۈمەندەك قوشۇنى بىلەن خەن دەرياسىنىڭ ياقىسىغا ئورۇنلىشىپتۇ. تۈنۈگۈن جانابىي پاسباننى جياڭشياغا بىللە ئېگىش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ يازغان مەكتۇپى كەلدى، — دېدى جاڭ جاۋ، — گەرچە بىزنى يۇتۇش نىيىتى بولسىمۇ، ئۇنى تېخى ئاشكارا قىلمىدى. كەمىنىلەر جياڭدۇڭ خەلقىنى بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جانابىي پاسباننى ئەل بولۇشقا ئۈندىدۇق، بىراق كۈتۈلمىگەندە لۇ سۇ جياڭشيادىن ليۇ بېينىڭ مۇشاۋىرى جۇگې لياڭنى بۇ يەرگە باشلاپ كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاداۋەت-ئۆچمەنلىكى تۈپەيلى ھەدەپ ئۆز سۆزى بىلەن جانابىي پاسباننى جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ، لۇ سۇ بولسا ھەدەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەكتە، ئەمدىلىكتە جانابىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتۆقبېگىمنىڭ قارار قىلىشىغا قاراشلىق قالدۇق.

— جانابىي ھەر بىرلىرىنىڭ قاراشلىرى ئوخشاشمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— بىردەك مەسلىھەتكە كەلدۇق، — دېدى گو يۈڭلار جاۋابەن.

— مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئەل بولۇشنى ئويلاپ يۈرەتتىم، جانابىي ھەربىرلىرى قايتىپ تۇرۇشسىلا، ئەتە ئەتىگەن جانابىي پاسىبان بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ئۆز پىكرىمنى ئېيتىمەن، — دېدى جۇ يۈي.

جاڭ جاۋلار خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بىر پەستىن كېيىن چاپارمەن يەنە چېڭ پۇ، خۇاڭ گەي، خەن داڭ قاتارلىق پالۋانلارنىڭ كۆرۈشۈشكە كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. جۇ يۈي چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كىردى، ھال ـ ئەھۋال سورىدى. چېڭ پۇ:

— ئۆتۆقبېگىم! پات يېقىندا جياڭدۇڭنىڭ باشقىلار قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋاتامدىلا؟ — دېدى.

— ياق، بىلمىدىم.

— مەن ۋە باشقىلار، — دېدى چېڭ پۇ، — سۈن سەركەردە بىلەن ئۇلۇغ ئىشىمىزغا ئاساس سېلىپ، چوڭ ـ كىچىك بىرنەچچە 100 قېتىملىق جەڭ بىلەن ئەمدىلا ئالتە ئايماق ـ شەھەرگە ئىگە بولغانىدۇق. بۈگۈن جانابىي پاسىبان مەسلىھەتچىلەرنىڭ سۆزىگە كىرىپ ساۋ ساۋغا ئەل بولماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئۇيىلىدىغان، ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشتۇر! بىز ئۆلۈمگە رازىمىزكى، خورلانمايمىز. جانابىي پاسىبانىنى قەتئىي لەشكىرىي يۈرۈش قىلىشقا ئۈندەشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز ئۆلگۈچە جەڭ قىلىشنى خالايمىز.

— سەركەردە، ھەرقايسىلىرىنىڭ قاراشلىرى ئوخشاشمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— بېشىم كېسىلگەن ھالەتتىمۇ، ساۋ ساۋغا ئەل بولماسقا ئانت ئىچىمەن! — دېدى غەزىپى ئۆرلىگەن ھالدا پېشانىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ خۇاڭ گەي.

— بىزمۇ ئەل بولۇشنى خالىمايمىز، — دېدى قالغانلار.

— مەن ساۋ ساۋغا قارشى قەتئىي جەڭ قىلماقچىمەن، قانداق قىلىپ ئەل بولىدىكەنمەن؟ ھەرقايسىلىرى قايتىپ تۇرۇشسىلا، پاسىبان بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ئۆز پىكرىمنى بايان قىلىمەن، — دېدى جۇ يۈي.

چېڭ پۇلار خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

يەنە ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا، جۇگې جىن، لۇي فەن باشلىق بىر تۈركۈم قەلەمدار بەگلەر كەلدى. جۇ يۈي ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ھال - ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن جۇگې جىن:

— ئىنىم جۇگې لياڭ خەندىن كېلىپتۇ، سۆزىگە قارىغاندا ليۇ بېي بىز بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، بىرلىكتە ساۋ ساۋغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىكەن، قەلەمدار - ئەلەمدار بەگلەرنىڭ كېڭىشى بىر يەرگە توختىمىدى. ئىنىم ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئارتۇق سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، جانابىي تۇتۇقبېگىمنىڭ بۇ ئىش ھەققىدە قارار چىقىرىشىنى كۈتمەكتىمىز، — دېدى.

— جانابلىرىچە قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— ئەل بولغانلار قۇتۇلغاي، ئۇرۇشقانلار خەتەردە قالغاي، — دېدى جۇگې جىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بۇنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دېدى جۇ يۈي كۈلگەن ھالدا، — ئەتە مەھكىمىگە بىرلىكتە بېرىپ قارار قىلىمىز.

جۇگې جىنلار خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بىردىنلا چاپارمەن كىرىپ يەنە لۇي مېڭ، گەن فېڭ باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. جۇ يۈي ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى؛ يەنە شۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ جەڭ قىلىش تەرەپدارلىرى ۋە ئەل بولۇش تەرەپدارلىرى بار ئىدى، ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ كەتتى.

— كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەتە ھەممەيلەن مەھكىمىگە بېرىپ بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىمىز، — دېدى جۇ يۈي.

كۆپچىلىك خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. جۇ يۈي سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

كەچ كىرگەندە چاپارمەن كىرىپ، لۇ سۇ جۇگې لياڭنى زىيارەتلىرىگە باشلاپ كەپتۇ دەپ مەلۇم قىلدى. جۇ يۈي ئوتتۇرا دەرۋازىغىچە ئىستىقبالغا چىقىپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن مېھمان ۋە ساھىبخان بولۇپ ئورۇن ئېلىشتى.

ئالدى بىلەن لۇ سۇ سۆز ئالدى، ئۇ جۇ يۈيگە:

— ھالا ساۋ ساۋ زور قوشۇن بىلەن تۆۋەنگە باستۇرۇپ كەلدى. سۈلھى بىلەن ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول تۇرۇپتۇ، پاسىبان بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلەلمەي، ئۆزلىرىنىڭ كېڭىشىگە قاراپ قالدى، سەركەردە جانابلىرىنىڭ رايلىرى قانداق ئىكەن؟ — دېدى.

— ساۋ ساۋ خان نامىدىن ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ

قوشۇنىغا تەلەپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ كۆچى ناھايىتى زور، ئۇنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇرۇشقانلار يېڭىلەر، ئەل بولغانلار ئامان قالار دەپتىكەن، مەن بىر قارارغا كەلدىم، ئەتە جانابىي پاسىبان بىلەن كۆرۈشكەندە، باش ئېلىشىنى ماقۇل كۆرۈپ ئەلچى ئەۋەتكۈزىمەن، — دېدى جۇ يۈي.

— جانابلىرى يېڭىلىشىۋاتىدىلا! — دېدى ھەيران بولغان لۇ سۇ، — جياڭدۇڭدىكى ھاكىمىيەت ئۈز بېشىدىن ئۈچ ئەۋلادىنى ئۆتكۈزدى، بىردىنلا ۋاز كېچىپ، ئۇنى باشقىلارغا تاشلاپ بېرىۋېتىمىزمۇ؟ سۇن سې ئۈز ۋەسىيىتىدە تاشقى ئىشلارنى سەركەردە جانابلىرىغا ھاۋالە قىلغانىدى. سەركەردە جانابلىرىنى تەيشەن تېغىدەك يۆلەنچۈك قىلىپ ئەلنى قوغدايمىز دەپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئەجەبا قورققانلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلدىلىغۇ؟

— جياڭدۇڭدىكى ئالتە ئايماقتا نۇرغۇن ئاھالە ياشايدۇ، ئەگەر ئۇرۇش ئاپىتىگە سېلىپ قويۇلسا، چوقۇم مەندىن كۆرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئەل بولۇش نىيىتىگە قەتئىي كەلدىم، — دېدى جۇ يۈي.

— ئۇنداق ئەمەس! — دېدى لۇ سۇ، — سەركەردە جانابلىرىنىڭ قەھرىمانلىقلىرى كۈنچىقىش ۋۇ زېمىنىنىڭ مۇستەھكەملىكى بىلەن باغلانغان. ساۋ ئۈز خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.

ئىككىيلەن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى، جۇگې لياڭ بولسا قولىنى قوشتۇرۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— تەقسىر! نېمە سەۋەبتىن كۈلىدىلا؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— باشقا ئىشقا كۈلمىدىم، لۇ سۇنىڭ ۋاقتىنىڭ تەلىپىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن كۈلدۈم.

— تەقسىر! سىلىمۇ ئەجەب مېنى ۋاقىتنىڭ تەلىپىنى تونۇمايدۇ دەپ كۈلۈۋاتىدىلىغۇ؟ — دېدى لۇ سۈ.

— جۇ يۈيىنىڭ ساۋ ساۋغا ئەل بولۇش ھەققىدىكى تەشەببۇسى ئەقىلغا ناھايىتى ئۇيغۇن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— جۇگې لياڭ ۋاقىتنىڭ تەقەززاسىنى بىلىدىغان زات، مېنىڭ بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇشى چوقۇم، — دېدى جۇ يۈي.

— جۇگې لياڭ، سىلىمۇ مۇنداق دەيدىلىغۇ؟ — دېدى لۇ سۈ.

— ساۋ ساۋ جەڭگە ماھىر كىشى، ئەلدە ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۆتمۈشتە پەقەت لۈي بۇ، يۈەن شاۋ، يۈەن شۇ، ليۇ بياۋلار ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىغانىدى. ھالا بۇلارنىڭ ھەممىسى ساۋ ساۋ تەرىپىدىن يوقىتىلدى، ئەمدى ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدىغان كىشى قالمىدى. يالغۇز ليۇ بېي ۋاقىتنىڭ تەقەززاسىنى چۈشەنمەي، كۈچەپ ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ؛ ئەمدى ھالاك بولامدۇ ياكى ھايات قالامدۇ، ئۆزىمۇ ئىشەنچ قىلالماي جياڭشياغا كېلىۋاپتۇ. سەركەردە جانابلىرى ساۋ ساۋغا ئەل بولۇش پىكرىگە كەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئائىلىسىنى، دۆلەتمەنلىكىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئەلنىڭ نېمە بولىدىغانلىقى تەقدىرگە باغلىق، ئۇنىڭدىن ئېچىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى! — دېدى جۇگې لياڭ.

— سىلى پاسىبانىمغا ۋەتەن خائىنىغا تىز پۈكۈپ خورلىنىشنى ئۆگىتىۋاتامدىلا؟ — دېدى راسا غەزەپلەنگەن لۇ سۈ.

— مېنىڭ بىر پەنتىم باركى، ئۇ قوللىنىلسا قوي - پوي سويدۇرۇپ شاراب ئاپىرىشنىڭ، زېمىن ۋە تامغىنى تەقدىم

قىلىشىنىڭ، شۇنىڭدەك شەخسەن دەريادىن كېچىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. پەقەت بىر مۇناسىۋەت باغلايدىغان ئەلچى ۋە كىچىك بىر قېيىق بىلەن ئىككىلا كىشى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئەۋەتىپ بېرىلسىلا بولىدۇ. ساۋ ساۋ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىگە ئىگە بولسا، 100 تۈمەن لەشكەرنىڭ قورال - ياراغلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، تۇغ - ئەلەملىرىنى يۆگەپ قايتىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

— قايسى ئىككى كىشى بىلەن ساۋ ساۋ قوشۇنىنى چېكىندۈرگىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي ئەجەبلىنىپ.

— جياڭدۇڭدىن بۇ ئىككى ئادەمنىڭ كېتىشى شامالنىڭ بىر دانە دەرەخ يوپۇرمىقىنى ئۇچۇرتۇپ كەتكەنگە، ئاشلىق سېڭدىن بىر دانە دانىنىڭ كېمىيىپ قالغىنىغىلا ئوخشاش ئىش. ھالبۇكى، ساۋ ساۋ بۇلارغا ئىگە بولسا، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ قايتىپ كېتىشى چوقۇم، — دېدى جۇگې لياڭ.

— قايسى ئىككىيلەن كېرەك؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— مەن لۇڭجۇڭدا، — دېدى جۇگې لياڭ، — ئىستىقامەت قىلىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا، ساۋ ساۋ جاڭخې دەرياسى بويىدا يېڭى بىر مۇنار ياساتتى، مۇنارنىڭ نامى مىس قۇشقاچ مۇنار دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك مۇنار. ئەلدىن ئۇ يەرگە نۇرغۇن گۈزەل قىزلارنى تاللاپ، مۇنارغا ئېلىپ كېلىدىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم. ساۋ ساۋ ئەسلىدە شەھۋەتپەرەس ئادەم. جياڭدۇڭلۇق چياۋ خوجىنىڭ ئىككى قىزى بار، چوڭىنى دا چياۋ، كىچىكىنى شياۋ چياۋ دەپ ئاتايدۇ. ساۋ ساۋ، ئۇلارنىڭ ساھىبجاماللىقى ئالدىدا، ئايمۇ خىجالەتتە قالىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەسەم ئىچىپ: «مېنىڭ ئىككى ئارزۇيۇم بار، بىرى ئەلنى تىنچىتىپ، خانلىق ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش،

www.uyghurkitap.com

بىرى جىياڭدۇڭدىكى ئىككى چىياۋنى يېنىمغا ئالدۇرۇش. ئۇلارنى مىس قۇشقاچ مۇنارىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياشانغان ھاياتىمنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسەم، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق» دېگەنىكەن. بۈگۈن ئۇ 100 تۈمەن لەشكەر بىلەن جىياڭنەنگە تىكىلىپ قاراپ تۇرسىمۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ مەقسىتى ئاشۇ ئىككى ئايالنى ئېلىش. سەركەردە جانابلىرى چىياۋ خوجىنى تېپىپ، 1000 سەر ئالتۇن بەدىلىگە بولسىمۇ ئۇ ئىككى ئايالنى سېتىۋېلىپ، ساۋ ساۋغا ئەۋەتىپ بەرسىلە، ساۋ ساۋ بۇ ئىككى ئايالغا ئىگە بولغىنىغا مەمنۇن بولۇپ، قوشۇنىنى قايتۇراتتىغۇ؟ بۇ فەن لىنىڭ شى شىنى سوۋغا قىلىش پەنتىگە ئوخشاش پەنت بولاتتى، نېمىشقا بۇ ئىشنى پاتراق ئىجرا قىلمايدىلا؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— ساۋ ساۋنىڭ ئىككى چىياۋنى ئالماقچى بولغىنىغا قانداق دەلىللىرى بار؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— ساۋ ساۋنىڭ كىچىك ئوغلى ساۋ جى، يەنە بىر ئىسمى زى جيەن بولۇپ، ئۆزى شائىر، — دېدى جۇگې لياڭ، — ئۇ قەلەمنى تەۋرەتسىلا شېئىر بولۇپ چىققۇدەكمىش. ساۋ ساۋ ئوغلىغا بىر قەسىدە يېزىشنى بۇيرۇپتۇ، بۇ قەسىدىگە «مىس قۇشقاچ مۇنارى ھەققىدە قەسىدە» دەپ نام بېرىلىپتۇ. قەسىدىنىڭ مەزمۇنى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ خان بولۇشقا لايىقلىقى، ئىككى چىياۋنى ئېلىشقا ئانت ئىچكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىكەن.

— بۇ قەسىدە جانابلىرىنىڭ خاتىرىسىدە بارمىكىن؟ — دېدى جۇ يۈي.

— بۇ قەسىدە، — دېدى جۇگې لياڭ، — ياخشى يېزىلغانلىقى ئۈچۈن يادلىۋالغانىدىم.

— بىر ئوقۇپ بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى جۇ يۈي.

جۇگې لياڭ شۇئان «مىس قۇشقاچ مۇنارى ھەققىدە

قەسىدە»نى يادلاشقا باشلىدى:

مىنىڭ بىلەن ئېيتىڭىز، سەيلە قىلدۇق شاد ـ خۇرام،
ئېگىز مۇنارغا چىقىپ، كۆڭۈل ئاچتۇق ئېيىپ ئارام.
نەزەر سالساق مۇنارغا، ھەشەمەتلىك بەك ھەيۋەت،
خاقان پەزىل ئەخلاقى ئەجەب ئېسىل ـ كارامەت.
ئېگىز قىلىپ ياسالغان، ھەشەمەتلىك دەرۋازا،
دەرۋازىنىڭ راۋىقى، تۇتاشقان كۆك ئاسمانغا.
شەھەر ـ قەلئە مەركىزى، ئاجايىپ قىزىق ـ ئاۋات،
سوزۇلغان مەغرىپ سىرى، بالىخانىلار قات ـ قات.
جاڭشۈي دەرياسىنىڭ سۈيى، ئاقار شار ـ شار شارقىراپ،
باغلىرىدا مېۋىسى ئۆسكەن تەملىكتە بايراپ.
ئۆلگ ـ سول تەرەپلىرىدە، بىردىن پەشتاق مۇنارى،
بىرىنىڭ ئەنقا ئىسمى، بىرىنىڭ ئىسمى ئەجدىھا.
بۇ يەردە بار «ئىككى كۆۋرۈك»، كۆنچىقىش— تۇۋەن ياقتا،
كۆڭلۈمنى ئاچسام دەيمەن، ئەرتە بىلەن ئاخشامدا.
مۇناردىن قارىساڭ، گۈزەل كۆرۈنەر پايتەخت،
ئاسماندا توپ بۇلۇتلار، لەيلەپ يۈرىدۇ ھەر ۋاقىت.
يېغىلىشار بۇ يەرگە، مولla ـ ئالىم كىشىلەر،
ياخشى چۈشكە مەدەتكار؛ ئالاتىلىق ھەر ئېسىللەر.
ئۆرۈلار دىماقىڭغا، باھار مەيىن ساباسى،
ئاڭلىنار قۇلاقىڭغا، قۇشلار مۇڭلۇق ساداسى.
پەشتاقنى قاپلاپ كەتتى، كۆكتىن بۇلۇت ـ ئاسمان،
مۇردىلارغا يەتكۈزدى، رەپىق بولۇپ شۇ زامان.
ئىززەت ـ ھۆرمىتىم چەكسىز، باھار كۆتىمەن خاقان،
مەۋلۇت ئوقۇتۇپ ھەر چاغ، قىلىمەن خەيرى ـ ئېھسان.
شاھانە تۇغ كۆتۈرۈپ، سەپەر قىلاي يىراققا.
كەلسە خانلىق يۆتكىنىسى، خەقلەر قاچار ھەر ياققا.
پۈتۈن ئەھلى جاھانغا، يەتتى سەندىن ئىنايەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

*مالۇ ۋەملەر كۆپىيىپ، ئەل كۆرمەكتە ھالاۋەت.*
*پەشتاق ئامان ـ ئېسەن بول،*
*ئەبەد ـ ئەبەدكە بار بول!*
*ئەي شادلىق ـ خۇشال كۈنلەر،*
*بىزگە ئەبەدىي بار بول!*

قەسىدىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن جۇ يۈي بىردىن ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، يۇقىرى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قېرى ئوغرى مېنى بەك ھاقارەتلەپتۇ! — دەپ تىللىدى.

— بۇرۇن ھون خانى زېمىنىمىزغا بېسىپ كىرىۋەرگەچكە خەن خاندانلىقىنىڭ خانى ئۆز مەلىكىسىنى بېرىپ، تۇغقان بولۇپ ئىتتىپاق ئۆتۈشكەنىدى، بۇگۈن ئىككى نەپەر ئاددىي خەلقتىن بولغان ئاياللىنى ئايىمدىكەن؟ — دېدى جۇگې لياڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنى توختىتىپ.

— جانابلىرى بىلمىسىلە كېرەك، — دېدى جۇ يۈي، — دا چياۋ سۇن سې سەركەردىنىڭ رەپىقىسى، شياۋ چياۋ مېنىڭ رەپىقەم بولىدۇ.

— كەمىنە ھەقىقەتەن بىلمەپتىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ قورققان، ئوڭايسىزلانغان بىر ھالەتكە چۈشۈپ، — يارىماس سۆزلەرنى قىلىپ تاشلاپتىمەن، مۇئابە قىلىۋرلەر، كەچۈرۈرلەر!

— مەن بۇ قېرى ئوغرى بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم قىلىپ ئېلىشىمەن! — دېدى ھاياجان بىلەن جۇ يۈي.

— كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ياخشى ئويلىنىش كېرەك، — دېدى جۇگې لياڭ.

— مەن سۇن سېنىڭ ھاۋالىسىنى ئاقلىشىم كېرەك، قانداق قىلىپ ساۋ ساۋغا ئەل بولىدىكەنمەن، — دېدى جۇ يۈي، —

بايىقى سۆزلەرنى ئەتەيگە سىناش ئۈچۈن ئېيتقانىدىم، پوياڭ كۆلىدىن چىققان ۋاقتىمدىلا يۇقىرىغا يۈرۈش قىلىش نىيىتىم بار ئىدى. گەرچە بويىنۇمغا قىلىچ تەگسىمۇ، نىيىتىمدىن يانمايمەن. ساۋ ساۋنى يوقىتىشتا ئۆزلىرىنىڭ ھەمدەمدە بولۇشلىرىنى سورايمەن.

— ئەگەر جانابلىرىلا مېنى خىزمەتلىرىگە سالىدىكەنلا، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خىزمەتلىرىنى قىلىمەن. بۇيرۇغان ئىشلىرىغا ھەر ۋاقىت تەييارمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ئەتە جانابىي پاسىبان بىلەن كۆرۈشۈپ، مېڭىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزەيلى، — دېدى جۇ يۈي.

جۇگې لياڭ بىلەن لۇ سۇ خەيرلىشىپ چىقىپ، ئايرىلىشىپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە سۈن چۈەن داتاڭدا ئولتۇرۇپ كېڭەش ئۆتكۈزدى، سول تەرەپتە جاڭ جاۋ، گۇ يۇڭ باشلىق ئوتتۇز نەچچە قەلەمدار بەگلەر ئورۇن ئالدى. چېڭ پۇ، خۇاڭ گې باشلىق ئوتتۇز نەچچە ئەلەمدار بەگ ئوڭ تەرەپتىن ئورۇن ئالدى. ئۇلار خىلمۇخىل كىيىم، باشلىق كىيىشكەنىدى، قىممەت قىلسا ئاقىغان قىلىچلىرى كەمەرلىرىگە تېگىپ سادا چىقىراتتى، ئۇلار ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ تۇرۇشتى.

بىر پەستىن كېيىن جۇ يۈي كۆرۈشۈشكە كىردى. سالام - سەھەت قىلىشتى. سۈن چۈەن ھال - ئەھۋال سورىدى.

— يېقىندا ئاڭلىشىمچە، — دېدى جۇ يۈي، — ساۋ ساۋ لەشكەر باشلاپ كېلىپ خەن دەرياسى بويىغا ئورۇنلىشىۋاپتۇ ۋە بۇ يەرگە مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. پاسىبانىڭ رايلىرى قانداق ئىكەن؟

سۈن چۈەن مەكتۇپنى ئېلىپ جۇ يۈيگە كۆرسەتتى، جۇ يۈي

www.uyghurkitap.com

خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:
— قېرى ئوغرى! شۇ قەدەر ھاقارەتلەشكە جۈرئەت قىلىپتۇ، جىياڭدۇڭدا ھەقىقىي قەھرىمانلار يوق دەپ ئويلىسا كېرەك؟
— سىلىنىڭ رايىلىرى قانداق؟ — دەپ سورىدى سۇن چۈەن.
— جانابلىرى! قەلەمدار ـ ئەلەمدار سىپاھ ـ بەگلەر بىلەن كېڭەش قىلىپ باقتىلىمۇ؟
— بىرنەچچە كۈن بولدى، ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇ ئىش ئۈستىدە كېڭەش قىلىۋاتىمىز، — دېدى سۇن چۈەن، — بەزىلەر مېنى ئەل بولۇشقا ئۈندىسە، بەزىلەر مېنى ئۇرۇشقا ئۈندەيدۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدىم، شۇڭا سىلىنى مەسلىھەت بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدىم.
— كىملەر جانابلىرىنى ئەل بولۇشقا ئۈندەيدۇ؟
— جاڭ جاۋلار بۇ كېڭەشنى بېرىشتى.
— ئۆزلىرىنىڭ ئەل بولۇش پىكرىدە ئىكەنلىكلىرىنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي جاڭ جاۋدىن.
— ساۋ ساۋ خاننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ پۈتۈن ئەلگە يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ، ئۇردا نامىدىن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، — دېدى جاڭ جاۋ، — بۇ يېقىندا يەنە جىڭجۇغا ئىگە بولدى. كۈچ ـ قۇدرىتى تېخىمۇ ئاشتى. جىياڭدۇڭنىڭ ساۋ ساۋغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىمكانىيىتى چاڭجياڭ دەرياسى ئىدى. ھازىر ساۋ ساۋ مىڭلاپ ئۇرۇش كېمىسىگە ئىگە بولۇپ قالدى، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن بىر دەكلا ئىلگىرىلىسە، قانداق توسۇغىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرچە ئەل بولۇپ، كېيىن بىر ئامالىنى قىلايلى.

— بۇ قورققاقلارنىڭ قارشى! — دېدى جۇ يۈي، — جياڭدۇڭدا بەگلىككىمىز قۇرۇلۇپ، ھازىر ئۈچ ئەۋلادنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، قانداق قىلىپ ئۇنىڭدىن بىر كۈندىلا ۋاز كېچىدىكەنمىز؟

— ئۇنداق بولسا، قانداق چارە بار؟ — دېدى سۈن چۈەن.

— ساۋ ساۋ گەرچە خەن خاندانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ خەن خاندانلىقىغا ئاسىيلىق قىلغۇچى ئوغرى. جانابلىرى تالانتلىق سەركەردە، ئاتىلىرى ۋە ئاغىلىرىدىن قالغان ئۇلۇغ ئىشنىڭ مىراسخورى، جياڭدۇڭ ئىلىنىڭ ئىلكىلىرىدە. تاللانغان قوشۇن، مول ئوزۇق-تۈلۈكلىرى بار. ھازىر تەرەپ-تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ئەل ئۈچۈن بۇزۇقلارنى يوقىتىدىغان پەيت تۇرسا، قانداق قىلىپ ئاسىيغا ئەل بولىمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋ ساۋ مۇشۇ كېلىشتە جەڭ قائىدىلىرىگە خىلاپ ئىش قىلدى. يۇقىرى تەرەپ تېخى تىنچلانمىدى. ساۋ ساۋنىڭ تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ، ما تىڭ، خەن سۈيلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خەۋپ سېلىپ تۇرىدۇ، بۇ بىرىنچى خەۋپتۇر؛ ساۋ ساۋ ئات-ئېگەرلىرىنى تاشلاپ كېمىگە چۈشۈپ، كۈنچىقىش ۋۇ بىلەن بوي ئۆلچەشمەكچى بولۇۋاتىدۇ، لېكىن يۇقىرى تەرەپتىكى لەشكەرلەر سۇ ئۇرۇشىغا پىششىق ئەمەس، بۇ ئىككىنچى خەۋپتۇر؛ يەنە ناھايىتى سوغۇق ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالدى، ئاتلىرىنىڭ يەم-خەشەكلىرى يوق، بۇ ئۈچىنچى خەۋپتۇر؛ ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ لەشكەرلىرىنى ھەر تەرەپتىن ھەيدەپ كەلدى، ئۇلارغا بۇ يەرنىڭ ئاب-ھاۋاسى ياقمايدۇ، كۆپلىرى كېسەلگە دۇچار بولىدۇ، بۇ تۆتىنچى خەۋپتۇر. ساۋ ساۋ قوشۇنىغا ئەنە شۇ خەۋپلەر دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئادىمى كۆپ بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

چوقۇم يېڭىلىدۇ. جانابلىرى دەل مۇشۇ پەيتتە ساۋ ساۋنى قولغا چۈشۈردىلا، پېقىرغا تاللانغان لەشكەردىن بىرنەچچە تۈمەننى بەرسىلە، شياكۇدا تۇرۇپ سەركەردە جانابلىرى ئۈچۈن ياۋنى تارمار قىلايلى! — دېدى جۇ يۈي.

— قىرى مۇناپىق! — دېدى بىردىنلا كۆزىنى پارقىرىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ سۈن چۈەن، — ساۋ ساۋ ئۇزۇندىن بېرى خاننى يىقىتىپ ئۆزى تەختكە چىقىشنى ئويلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، يۈەن شاۋ، يۈەن شۇ، لۈي بۇ، ليۇ بياۋ ۋە مېنىڭدىن ئېھتىيات قىلىپ كەلگەنىدى. ھالا ئۇ قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولدى، يالغۇز مەنلا ھاياتمەن، بۇ قىرى مۇناپىق بىلەن زادىلا بىر دۇنيادا ياشىيالمايمەن. سىلىنىڭ ئۇرۇش قىلايلى دېگەن مەسلىھەتلىرى مېنىڭ نىيىتىمگە باپ، بۇنى تەڭرى سىلى ئارقىلىق ماڭا تەلىم بېرىۋاتىدۇ.

— كەمىنىلىرى سىلى ئۈچۈن قانلىق جەڭ قىلىشنى ئىستەيمەن. ئۆلسەممۇ نىيىتىمدىن قايتمايمەن، بىراق سەركەردە جانابلىرىنىڭ ئىككىلىنىپ قېلىشلىرىدىن ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى جۇ يۈي.

سۈن چۈەن كەمىرىگە قادىغان شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ چىقىپ، ئالدىدىكى شىرەگە چېپىپلا بىر بۇرجىكىنى كېسىپ تاشلىدى ۋە:

— بەگ ـ سىپاھلار، ئاڭلاپ قويۇڭلار، ئىچىڭلاردا يەنە ئەل بولۇش ھەققىدە سۆز قىلغۇچىلار بولىدىكەن، كاللىسىنى قاپاقنىڭ بېشىنى ئۈزگەندەك كېسىمەن، — دېدى.

سۈن چۈەن سۆزىنى تۈگىتىپلا شەمشەرنى جۇ يۈيگە بەردى. جۇ يۈينى باش تۇتۇق، چېڭ پۇنى ئورۇنباسار تۇتۇق، لۇ سۇنى ياردەمچى لەشكەربېشى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— ئەگەر بەگ ـ سىپاھلار، پالۋانلار بۇيرۇقىقا ئەمەل قىلمايدىكەن، مۇشۇ شەمشەر بىلەن كاللىسى ئېلىنسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

جۇ يۈي شەمشەرنى ئېلىپ كۆپچىلىككە قاراپ:

— مەن جانابىي پاسىبانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ساۋ ساۋنى يوقىتىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ ماڭماقچى بولدۇم. پالۋانلار، بەگ سىپاھلار، ئەتە دەريا بويىدىكى قارارگاھقا چىقىپ بۇيرۇق ئاڭلىغايسىزلەر، ئەگەر كېچىككۈچىلەر بولىدىكەن، مەنئى قىلىنغان ئىشلار توغرىسىدىكى يەتتىنچى ماددىنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىش توغرىسىدىكى تۆتىنچى تارمىقى بويىچە چارە كۆرۈلىدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

جۇ يۈي سۆزىنى تۈگىتىپ، سۈن چۈەن بىلەن خەيرلىشىپ سارايدىن چىقىپ كەتتى. قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ھېچقايسىسى سۆز قىلماستىن تاراپ كېتىشتى.

جۇ يۈي چۈشكۈنىگە قايتقاندىن كېيىن، جۇگې لياڭنى كېڭەشكە چاقىردى. جۇگې لياڭ كەلگەندىن كېيىن، جۇ يۈي:

— بۈگۈن سارايدا مەسلىھەت بىر يەرگە كەلدى. ساۋ ساۋنى يوقىتىش ھەققىدە ئاقىلانە ياخشى مەسلىھەت بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

— پاسىبان سۈن چۈەننىڭ كۆڭلى تېخى تەسكىن تاپمىدى، ھازىرچە بىرنېمە دېيىش قىيىن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— كۆڭلى تەسكىن تاپمىدى دېگەنلىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ياۋغا قارشى تۇرغىلى بولماسمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن سىلى لەشكەرلەرنىڭ سانى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن چۈشەندۈرسىلە، ئاندىن ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

— تەقسىر، سۆزلىرى توغرا! — دېدى جۇ يۈي ۋە قايتا سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشۈشكە كىردى.

— جۇ يۈي! — دېدى سۈن چۈەن، — كېچىسى كەپتىلا، مۇھىم بىر ئىشلىرى بولۇشى كېرەك.

— ئەتە قوشۇننى يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇيمەن، جانابلىرىنىڭ كۆڭلىدە گۇمانلىرى بارمىكىن؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— ئاز كۈچ بىلەن ساۋ ساۋنىڭ كۆپ قوشۇنىغا قارشى تۇرالايمىزمۇ، دەپ گۇمان قىلىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئەندىشەم يوق، — دېدى سۈن چۈەن.

— مەن، — دېدى جۇ يۈي كۈلۈپ، — ئالايىتەن جانابلىرىنىڭ ۋەھىمىسىنى چىقىرىۋېتىشكە كەلدىم. سىلى ساۋ ساۋنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا 100 تۈمەن سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكىرىم بار دېگەن سۆزىنى كۆرۈپ راست - يالغىنىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا ۋەھىمىگە چۈشۈپ قاپتىلا، بۈگۈن راست ئەھۋالنى كۆرۈپ باقايلى. ساۋ ساۋنىڭ ئوتتۇرا ئىقلىمدىن ئېلىپ كەلگەن لەشكىرى 15 — 16 تۈمەندىن ئاشمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يۈرۈشتە بولغاچقا، ناھايىتى چارچاپ كەتتى. يۈەن شاۋ، يۈەن شۇلاردىن قالغان لەشكەرلەرمۇ ئۆتۈپ كەتسە 7 — 8 تۈمەندىن ئاشمايدۇ، ئۇلار تېخى گۇماندا بولۇپ پۈتۈنلەي بويسۇنۇپ كەتمىدى. ئۇزۇندىن بېرى چارچاپ كېلىۋاتقان، گۇماندا بولۇپ تۇرۇۋاتقان قوشۇن بولغاچقا، گەرچە سان جەھەتتىن كۆپ بولسىمۇ، قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. كەمىنىلىرى 5 تۈمەن لەشكەرگە ئىگە بولسام، ساۋ ساۋنى تارمار قىلالايمەن. جانابىي پاسىبان! ئەندىشە قىلمىسىلا!

— جۇ يۈي! سىلىنىڭ بۇ سۆزلىرى مېنىڭ شۈبھەمنى دېگەندەك چىقىرىپ تاشلىدى، — دېدى سۇن چۈەن جۇ يۈينىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — جاڭ جاۋ پاراسەتسىز ئادەم، مېنى ناھايىتى چوڭقۇر ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغانىدى. سىلى ۋە لۇ سۇلا مېنىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولۇشتىلا، سىلى لۇ سۇ، چېڭ پۇلار بىلەن بىرلىكتە دەرھال قوشۇننى تاللاپ يۈرۈش قىلۇرلا. مەن ئۆزمەي لەشكەر ۋە يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك ئەۋەتىپ سىلىگە ئارقىلىرىدىن ھەمدەمدە بولىمەن. ئەگەر ئالدىنقى قوشۇندا ئۈگۈشسىزلىق يۈز بېرىپ قالسا، قايتىپ كەلسىلە، مۇناپىق ساۋ ساۋ بىلەن شەخسەن ئۆزۈم ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمەن، باشقا ھېچقانداق گۇمان يوق.

جۇ يۈي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى ۋە: «جۇگې لياڭ ۋۇ بېگى سۇن چۈەننىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاللىقاچان بىلىۋاپتۇ. ئەقىل - پاراسەتتە مەندىن يۇقىرى تۇرىدىكەن، قاچان بولمىسۇن جياڭدۇڭ ئۈچۈن خەۋپلىكتۇر، ئۇنىڭدىن كۆرە يوقىتىۋېتىش كېرەك» دەپ ئويلىدى - دە، چاپارمەن ئارقىلىق كېچىدە لۇ سۇنى چېدىرغا چاقىرتىپ، جۇگې لياڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۇنداق قىلىشقا بولماسمىكى، ھالا مۇناپىق ساۋ ساۋنى يوقاتماي تۇرۇپ، ئالدى بىلەن دانىشمەن شەخسنى ئۆلتۈرۈش ئۆزىمىزنى ھەمدەمسىز قالدۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، — دېدى لۇ سۇ قوشۇلماي.

— بۇ ئادەمنىڭ لىيۇ بېيغا ھەمدەم بولۇشى، جياڭدۇڭ ئۈچۈن چوقۇم بالا بولىدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

— جۇگې جىن ئۇنىڭ ئۆز ئاكىسى بولىدۇ. ئاكىسى ئارقىلىق ئۇنى كۆندۈرۈش ۋۇدا ئاكىسى بىلەن بىللە ئىشلەشكە

www.uyghurkitap.com

تەكلىپ قىلايلى، شۇنىڭدا ياخشىراق بولارمىكىن؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى لۇ سۇ.

جۇ يۈي بۇ سۆزگە ماقۇل بولدى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن جۇ يۈي قارارگاھقا بېرىپ، بارگاھتا ئورۇن ئالدى. ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە كاللا كېسەرلەر تىزىلدى. بۇيرۇقنى ئاڭلىتىشقا قەلەمدار ـ ئەلەمدار سىپاھ ـ بەگلەر ۋە پالۋانلارنى چاقىردى. ئەسلىدە چېڭ پۇنىڭ جۇ يۈيگە قارىغاندا يېشى چوڭ ئىدى. ئۇ ئەمدى جۇ يۈينىڭ قول ئاستىدا بولۇپ قالغانلىقىغا نارازى بولدى ـ دە، كېسەلمەن دەپ چىقمىدى. ئۆز ئورنىغا چوڭ ئوغلى چېڭ زىنى ئەۋەتتى. جۇ يۈي پالۋانلارغا قاراپ:

— قانۇندا يۈز ـ خاتىر قىلىنمايدۇ، ھەر كىم ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ھازىر ساۋ ساۋ ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ ئالدى، قىلمىشى دۇڭ جۇدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى، خانىنى شۈيچاڭغا قاماپ، ياۋۇز قوشۇنى بىلەن تەۋەيىمىزگە كېلىپ جايلىشىۋالدى. بۈگۈن مەن پەرمان بويىچە جازا يۈرۈشى باشلايمەن. ھەممىڭلار جان پىدالىق كۆرسىتىپ ئالغا بېسىشىڭلار كېرەك. قوشۇن يېتىپ بارغان يەردە خەلقنى پاراكەندە قىلماسلىقى لازىم. ئەجىر كۆرسەتكۈچىلەر تارتۇقلىنىدۇ، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر جازالىنىدۇ، ھەرگىز مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە قارالمايدۇ، — دېدى.

بۇيرۇقنى بېرىپ بولۇپ، شۈئان خەن داڭ بىلەن خۇاڭ گەينى تۇرشاۋۇل قوشۇننى باشلاپ، قول ئاستىدىكى چوڭ كېمىلىرى بىلەن شۇ كۈنى يولغا چىقىشقا، سەنجياڭكۈغا ئورۇنلىشىپ بۇيرۇق كۈتۈشكە بۇيرۇدى. جياڭ چىن بىلەن جۇ تەيىنى ئىككىنچى قوشۇننى، لىڭ تۇڭ بىلەن پەن جاڭنى ئۈچىنچى

قوشۇننى، تەي شىسى بىلەن لۇي مېڭنى تۆتىنچى قوشۇننى، لۇ شۈن بىلەن دۇلۇ شىنى بەشىنچى قوشۇننى باشلاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى؛ ليۇ فەن بىلەن جۇ جىنى ئالتە ئايماقتىكى لەشكەرلەرنىڭ سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن تەڭ ئىلگىرىلەشلىرىگە ھەيدەكچىلىك قىلغۇچى باقاۋۇللۇققا تەيىنلىدى. ئورۇنلاشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، پالۋانلار ئۆز كېمىلىرىنى، لەشكەر، قوراللىرىنى تەخمۇتەغ قىلىپ سەپەرگە چىقتى.

— چېڭ زى قايتقاندىن كېيىن ئاتىسى چېڭ پۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇ يۈيىنىڭ لەشكەرلىرىنى يۆتكەش - ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋېدى، چېڭ پۇ:

— مەن، جۇ يۈيىنى ئاجىز - قورققاق، سەركەردە بولۇشقا لايىق ئادەم ئەمەس، دەپ قاراپ كەپتىكەنمەن. بۈگۈن ئىشلارنى مۇنداق ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارىغاندا، ھەقىقىي تالانتلىق سەركەردە ئىكەن. قايىل بولدۇم! — دېدى ھەيران بولۇپ.

شۇنىڭ بىلەن چېڭ پۇ ئۆزى قارارگاھىغا بېرىپ كەچۈرۈم سورىدى. جۇ يۈيمۇ كەمتەرلىك بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئەتىسى جۇ يۈي جۇگې جىننى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ:

— سىلىنىڭ ئىنىلىرى جۇگې لياڭ ۋاڭلارغا ياردەمچى بولارلىق ئىستېداتقا ئىگە كىشى ئىكەن، قانداقسىگە ئۆزىنى پەس ساناپ ليۇ بېيغا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇ بۈگۈن بەختكە يارىشا جياڭدۇڭغا كېلىپ قاپتۇ، ليۇ بېينى تاشلاپ، كۈنچىقىش ۋۇغا خىزمەت قىلىشقا ئۈندەشلىرىنى سورايمەن، شۇنداق بولغاندىلا جانابىي پاسبانىمىز ياخشى ياردەمچىگە ئىگە بولاتتى، ئىككىلىرىمۇ بىر - بىرلىرىگە قوشۇلغان بولاتتىلا، بۇ ناھايىتى ياخشى بولاتتى، تەقسىر! بىر بېرىپ كەلگەن بولسىلا، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— پىقىر جىيائىدۇئىغا كەلگەندىن بېرى قىلچە خىزمەت يەتكۈزەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن خىجالەتتە ئىدىم. بۈگۈن تۇتۇقبېگى جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈچۈمنىڭ بارىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن، — دېدى جۇگې جىن ۋە جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن دەرھال ئاتلىنىپ يەمخانىغا كەلدى. جۇگې لياڭ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى، يىغلىشىپ كۆرۈشۈپ ئەڭ ھال - ئەھۋال سوراشتى.

— ئىنىم، بو يى بىلەن شۇ چىنى بىلەمدىلا؟ — دېدى يىغلىغان ھالدا جۇگې جىن.

جۇگې لياڭ «جۇ يۈي ئۇنى مېنى قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى - دە، شۇئان:

— بو يى، شۇ چىلار قەدىمكى زاماننىڭ دانىشمەنلىرى، — دېدى.

— بو يى بىلەن شۇ چى، — دېدى جۇگې جىن، — ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئاچارچىلىقتا قالغان ھالەتتىمۇ، شۇيالڭ تېغىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلماي جان ئۈزدى. بۈگۈن سىلى بىلەن ئىككىمىز قېرىنداش بولۇپ بىر ئەنچەكتىن سۈت ئەمگەن تۇرۇقلۇق، ھەرقايسىمىز ئۆز باشپاناھلىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى بىلەنلا بولۇپ، ئەتە - ئاخشامدا بىللە بولالمايۋاتىمىز، بو يى، شۇ چىلارنى ئەسلىسەك، بۇ ھال بىز ئۈچۈن ئۇيات ئەمەسمۇ؟

— ئاغا! سىلىنىڭ دېگەنلىرى قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتى، مېنىڭ ئادا قىلىۋاتقىنىم ئۆزۈمنىڭ بۇرچى، — دېدى جۇگې لياڭ، — ئىككىمىز خەن خاندانلىقىنىڭ پۇقرالىرى، ليۇ بېي بولسا خەن خاندانلىقىنىڭ پۇشتى بولغان خان تاغىسى. ئاغا! ئەگەر سىلى سۇن چۈەننىڭ خىزمىتىدىن چىقىپ، مېنىڭ بىلەن بىللە خان تاغىسى ليۇ بېيغا خىزمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىنى
www.uyghurkitabi.com

قىلغان بولسىلا، خەن خاندانلىقىنىڭ پۇقراسى بولۇشقا مۇناسىپ بولالىتتىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىمىزمۇ بىر يەردە ياشايتتۇق. مۇنداق بولغاندا قېرىنداشلىق بۇرچىنىمۇ ئادا قىلغان بولاتتۇق، بۇنىڭغا رايىلىرى قانداق ئىكىن، ئاغا؟

جۇگې جىن «مەن ئۇنى كۆندۈرۈشكە كەلسەم، ئەكسىچە ئۇ مېنى دەۋەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە جاۋابقا سۆز تاپالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى، ئۇ بەردىن جۇ يۈي ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا جۇگې لياڭنىڭ سۆزىنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

— جانابلىرىنىڭ رايى قانداق؟ — دەپ سوئال قويدى جۇ يۈي.

— مەن سۈن سەركەردىنىڭ ناھايىتى زور ئىلتىپات ـ خەيرىخاھلىقىغا سازاۋەر بولۇپ تۇرۇقلۇق، قانداق ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيمەن؟ — دېدى جۇگې جىن.

— جانابلىرى پاسىبانىمىزغا سادىق ئىكەنلا، بۇ توغرىدا كۆپ گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، مېنىڭ جۇگې لياڭنى بويسۇندۇرۇشقا ئامالىم بار، — دېدى جۇ يۈي.

دەرھەقىقەت:

*ئاقىللار ياپ كېلىشتە سىغىشىدۇ،*
*ئالاتىلىقلار زىت بوپ قالسا تېپىشىدۇ.*

جۇ يۈينىڭ جۇگې لياڭنى قانداق بويسۇندۇرغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق بەشىنچى باب

## ساۋ ساۋنىڭ سەنجياڭكۇدا يېڭىلگەنلىكى جياڭ گەننىڭ قەھرىمانلار ئۇچرىشىشىدا تۇزاقىقا چۈشكەنلىكى

ئەلقىسسە، جۇ يۈي جوگې جىننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جوگې لياڭنى تېخىمۇ يامان كۆرۈپ قالدى ــ دە، ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئەتىسى جۇ يۈي سەركەردە ــ سەرۋازلارنى ئىدىتلاپ چىققاندىن كېيىن سۇن چۈەن بىلەن خەيرلەشتى.

— سىلى ئاۋۋال ماڭسىلا، مەنمۇ لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئارقىلىرىدىن ماڭىمەن، — دېدى سۇن چۈەن.

جۇ يۈي خەيرلىشىپ چىقىپ چېڭ پۇ، لۇ سۇلار بىلەن قوشۇننى ئېلىپ يولغا راۋان بولماقچى بولۇپ، جوگې لياڭنىمۇ بىللە مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى، جوگې لياڭ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل كۆردى. ھەممەيلەن كېمىگە چۈشتى ــ دە، يەلكەن چىقىرىپ، دەرياتى بويلاپ شياكۇغا قاراپ ماڭدى. سەنجياڭكۇدىن 50 ــ 60 چاقىرىم نېرىغا بارغاندىن كېيىن كېمىلەر تەرتىپى بويىچە توختىتىلدى. جۇ يۈي قاق ئوتتۇرىغا قارارگاھ قۇردى، قىرغاقتىكىلەر بولسا شىشەن تېغى ئەتراپىغا قارارگاھ قۇرۇپ ئورۇنلاشتى. جوگې لياڭ كىچىك بىر كېمىگە جايلاشتى.

جۇ يۈي لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇگې لياڭنى كېچەشكە تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. جۇگې لياڭ بارگاھقا كەلدى. ئىككىيلەن سالام - سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن جۇ يۈي:

— بۇنىڭدىن مۇقەددەم ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى ئاز، يۈەن شاۋنىڭ لەشكىرى جىق ئىدى، ئەكسىچە ساۋ ساۋ يۈەن شاۋنى يەڭدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۈي يۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يۈەن شاۋنى ۋۇساۋدىكى ئوزۇق - تۈلۈكتىن ئۈزۈپ قويغانلىقتىن بولدى. ھالا بىز 5 — 6 تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن قانداق قىلىپ ساۋ ساۋنىڭ 83 تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىغا تەڭ كېلەلەيمىز؟ بىزمۇ ساۋ ساۋنى ئالدى بىلەن ئوزۇق - تۈلۈكتىن ئۈزۈپ قويساق، ئاندىن ئۇنى تارمار قىلالايمىز. مەن ساۋ قوشۇنىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلىرىنى جۈتيېشەن تېغىدا ساقلاۋاتقانلىقىنى تولۇق ئۇقتۇم، سىلى ئۇزۇندىن بېرى خەن دەرياسىدا يۈردىلە، ئۇ يەرنىڭ ئوي - دۆڭىنى ياخشى بىلىدىلا. ئۈزلىرىنى گۇەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئاۋارە قىلسام. مەن ئۈزلىرىگە 1000 لەشكەر ئاجرىتىپ بېرەي، كېچە - كۈندۈزلەپ جۈتيېشەن تېغىغا بېرىپ، ساۋ ساۋنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولسىلا، ھەممىمىز ئۈز پاسبانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولىمىز، رەت قىلماسلىقلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

جۇگې لياڭ: «بۇ مېنى قالدۇرۇشقا ئامال قىلالماي، زىيانكەشلىك قىلىشقا قوزغان تۇزىقى. ئەگەر رەت قىلىۋەتسەم، مەسخىرە قىلىشى چوقۇم. ئۇنىڭدىن كۆرە ماقۇل دەي - دە، باشقىچە جايلاي» دەپ ئويلاپ، مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى.

جۇ يۈي ناھايىتى خۇرسەن بولدى؛ جۇگې لياڭ خەيرلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتتى.

— جانابلىرىنىڭ جۇگې لياڭنى ئوزۇق - تۈلۈك تالاشقا بۇيرۇشلىرىدىكى مۇددىئالىرى نېمە؟ — دەپ يوشۇرۇن سورىدى جۇ يۈيدىن لۇ سۇ.

— جۇگې لياڭنى ئۆلتۈرمەكچىدىم، بىراق خەلقئالەمنىڭ سۆز - كۈلكىسىدىن ئېھتىيات قىلدىم، كېيىنكى بالايىقازانى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇنى ساۋ ساۋنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرمەكچىمەن، — دېدى جۇ يۈي.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان لۇ سۇ جۇگې لياڭنىڭ ئۇققان - ئۇقمىغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا جۇگې لياڭ ھەدەپ خاتىرجەملىك بىلەن قوشۇننى تەقلەپ يۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.

— تەقسىر! — دېدى چىداپ تۇرالماي سۆز تاشلاپ لۇ سۇ، — بۇ سەپەرلىرىدىن نۇسرەت قازىنالامدىلا؟

— مەن، — دېدى كۈلۈپ جۇگې لياڭ، — سۇدا جەڭ قىلىش، پىيادە ۋە ئاتلىق جەڭ قىلىش، ھارۋىدا جەڭ قىلىشنى ياخشى بىلىمەن، زەپەر قۇچۇشتىن ھېچ غېمىم يوق. جياڭدۇڭدىن چىققان سىلى ۋە جۇ يۈيلەرگە ئوخشاش بىرلا ساھەدە جەڭ قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايمەن.

— نېمە ۋەجىدىن مېنىڭ بىلەن جۇ يۈينى بىرلا ساھەدە جەڭ قىلىشنى بىلىدىلەر دەيدىلا؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— مەن، — دېدى جۇگې لياڭ، — جياڭنەن باللىرى ئېيتىپ يۈرگەن: «قورۇل ساقلاش، بۆكتۈرمىگە لۇ سۇ تەييار، بولسا دەريا جەڭ قىلىشقا جۇ يۈي دەركار» دېگەن قوشاقنى ئاڭلىغانىدىم. جانابلىرى قۇرۇقلۇقتا لەشكەر بۆكتۈرۈپ، قورۇللارنى ساقلىيالايدىلا؛ جۇ يۈي بولسا سۇ ئۇرۇشنى بىلىپ،

قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلالمايدۇ.

لۇ سۇ بۇ سۆزنى جۇ يۈيگە يەتكۈزگەندىن كېيىن جۇ يۈي دەرغەزەپ بولۇپ:

— نېمىشقا قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلالمايدۇ، دەپ مېنى كەمسىتىدىكەن! ئۇ بارمىسۇن، 10 مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن جۇتىيېشەن تېغىغا ئۆزۈم بېرىپ، ساۋ ساۋنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك يولىنى ئۈزۈۋېتىمەن، — دېدى.

لۇ سۇ بۇ سۆزنى جۇگې لياڭغا يەتكۈزدى.

— جۇ يۈينىڭ مېنى ئوزۇق - تۈلۈك يولىنى ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇشى، — دېدى كۈلۈپ جۇگې لياڭ، — ھەقىقەتەن مېنى ساۋ ساۋغا ئۆلتۈرگۈزۈش ئىدى، شۇڭا مەن ئەتەي چاقچاق قىلىپ تېگىپ قويسام، جۇ يۈي بۇنىڭغا چىدىمىدى. ھازىر ئادەم كېرەك پەيت، سۈن چۈەن بىلەن ليۇ بېي بىر نىيەتتە بولغاندىلا، ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ ئەگەر ئۆزئارا زىيانكەشلىك قىلىنىدىغان بولسا، ئۇلۇغ ئىشىمىز بەربات بولىدۇ. مۇناپىق ساۋ ساۋ ناھايىتى قۇۋ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا باشقىلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى يوقىتىش يولى بىلەن پايدا تاپقان ئادەم تۇرۇقلۇق، بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى بار يەرنى مۇھىم قوراللىق قىسىمغا ساقلاتتۇرماي قويارمۇ؟ مۇبادا جۇ يۈي بارىدىكەن، چوقۇم قولغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھازىر ئاۋۋال سۇ جېڭى قىلىپ، يۇقىرى تەرەپتىكى لەشكەرنىڭ روھىنى سۇندۇرۇپ، ئاندىن باشقا ياخشى چارىلەر بىلەن ئۇلارنى تارمار قىلىشىمىز لازىم. ئۆزلىرىنىڭ ياخشى سۆزلەر بىلەن جۇ يۈيگە نەسىھەت قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لۇ سۇ كېچىلەپ قايتىپ كېلىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشتى، جۇگې لياڭنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئەلىمىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چېدىرىدىن چىققان جۇ يۈي بېشىنى لىڭشىتىپ، يەرگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئادەمنىڭ بىلىمى مەندىن ئون ھەسسە ئارتۇق ئىكەن، بۈگۈن ئۇنى يوقىتىپ تاشلىمىسام، كېيىن، بىز ئۈچۈن بالايىئاپەت كەلتۈرۈشى چوقۇم، — دېدى.

— بۈگۈن ئادەم كىرەك پەيت، ئەلنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ساۋ ساۋنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاندىن بىرنېمە قىلساقمۇ كەچلىك قىلماس، — دېدى لۇ سۇ.

جۇ يۈي بۇ سۆزنى قوبۇل كۆردى.

ئەمدى ليۇ بېيغا كەلسەك، ئۇ ليۇ چىنى جياڭشيانى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى پالۋان ـ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شياكۇغا قاراپ راۋان بولدى. يىراقتىن دەريانىڭ تۆۋەن قىرغاقلىرىدا تۇغ ـ ئەلەم، قورال ـ ياراغلار دەل ـ دەرەختەك سانجاق ـ سانجاق تۈرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۇنچىقىش ۋۇ لەشكىرى يۈرۈش باشلاپتۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، جياڭشيادىكى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ، فەنكۇغا كېلىپ بارگاھ قۇرۇپ ئورۇنلاشتى. ليۇ بېي ھەممەيلەننى يىغىپ:

— جۇگې لياڭ كۇنچىقىش ۋۇغا كەتكەنچە خەۋىرى يوق، ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، ھەقىقىي ئەھۋالنى قېنى كىم بېرىپ ئۇقۇپ كېلىدۇ؟ — دېدى.

— مەن بېرىشنى خالايمەن! — دېدى مى جۇ.

ليۇ بېي ھەدىيىگە شاراب، قويلار تەييارلاپ، كۇنچىقىش ۋۇغا لەشكەرلەردىن ھال سوراش نامى بىلەن ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە مى جۇنى بۇيرۇدى. مى جۇ كىچىك بىر كېمىگە چۈشۈپ، سۇنىڭ ئېقىشىنى بويلاپ راۋان بولدى ۋە توپتوغرا جۇ يۈينىڭ قارارگاھىغا كەلدى. نۆكەرلەر جۇ يۈيگە مەلۇم قىلدى،

جۇ يۈي كىرىشكە ئىجازەت قىلدى. مى جۇ كىرىپ جۇ يۈيگە ئۇستى - ئۇستىگە تەزىم قىلدى، ليۇ بېيىنىڭ سالام ۋە ئېھتىراملىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن شاراب - ھەدىيىلەرنى تەقدىم قىلدى. جۇ يۈي ھەدىيىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مى جۇ شەرىپىگە مەرىكە - سورۇن ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى.

— جۇگې لياڭ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى، مېنىڭ بىلەن بىللە قايتسۇنمىكىن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى مى جۇ.

— جۇگې لياڭ، — دېدى جۇ يۈي، — ھازىر مېنىڭ بىلەن ساۋ ساۋنى تارمار قىلىش ئىشى ئۈستىدە مەسلىھەتتە بولۇۋاتىدۇ، قانداق كېتەلەيدۇ؟ مەن بىر ياخشى تەدبىر تۈزۈپ چىقىشى ئۈچۈن ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ كېڭەشىشنى خالايتتىم؛ بىراق لەشكەر سەركەردىسى بولغىنىم ئۈچۈن، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئايرىلىشقا بولمايۋاتىدۇ. ئەگەر جانابىي ليۇ بېي مەرھەمەت قىلىپ كەلگەن بولسا، مەن ئۈچۈن زور بەخت بولاتتى، بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى.

مى جۇ بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، خوشلىشىپ قايتتى.

— جانابلىرى ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە ئىش ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزمەكچىدىلە؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈيدىن لۇ سۇ.

— ليۇ بېي، — دېدى جۇ يۈي لۇ سۇغا، — قارا نىيەت باتۇر، ئۇنى يوقىتىۋەتمەي بولمايدۇ. ئەمدى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئالداپ ئەكېلىپ ئۆلتۈرىمەن - دە، ئەل ئۈچۈن كېيىنكى ئاپەتنى يوقىتىمەن.

لۇ سۇ قانچىكى مەسلىھەت بېرىپ رايىنى قايتۇرۇپ باقسىمۇ، جۇ يۈي ئاڭلىمىدى ۋە يوشۇرۇن ھالدا:

— ئەگەر ليۇ بېي كېلىدىكەن، ئاۋۋال 50 جاللات چېدىرنىڭ تام پەردىسىنىڭ ئارقىسىغا پىستىرما بولسۇن،

قەدەمنى يەرگە تاشلاش بەلگىسى بىلەن تەڭ چىقىپ قول سالسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

مى جۇ قايتىپ كېلىپ، ليۇ بېيغا جۇ يۈينىڭ كۆرۈشۈش ئارزۇسى بارلىقىنى، كېڭەشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. ليۇ بېي تېز يۈرەر كېمىدىن بىرنى ھازىرلاشقا بۇيرۇپ، شۇ كۈنىگە يولغا چىقىشقا تەييارلاندى.

— جۇ يۈي ھىيلىگەر ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇگې لياڭنىڭ خەتى يوق، بۇ ئالدامچىلىق بولۇشى كېرەك، پەخەسلىك قىلىپ بېرىشقا بولماس، — دەپ مەسلىھەت بەردى گۇەن يۈي.

— ساۋ ساۋنى بىرلىكتە يوقىتىش ئۈچۈن كۈنچىقىش ۋۇ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدۇق، جۇ يۈينىڭ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى بار ئىكەن، بارمىسام ئىتتىپاقداشلىققا توغرا كەلمەيدۇ. ئىككى تەرەپ گۇمانخورلۇق قىلىدىغان بولسا، ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

— ئاغا! سىلى قەتئىي بارىمەن دەيدىغان بولسىلا، ئىنىلىرى بىللە بېرىشنى خالايمەن، — دېدى گۇەن يۈي.

— مەنمۇ بىللە بارىمەن، — دېدى جاڭ فېي.

— گۇەن يۈيلا مېنىڭ بىلەن بارسۇن، سىز جاۋ يۈن بىلەن قارارگاھنى ساقلاڭ. جيەن يۇڭ ئېشيەن تامىيىسىنى مەھكەم ساقلىسۇن، مەن بېرىپلا قايتىمەن، — دېدى ليۇ بېي.

ليۇ بېي تاپشۇرۇقلارنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال گۇەن يۈي بىلەن يىگىرمە نەچچە خاس يىگىتنى ئېلىپ كىچىك كېمىگە چۈشتى ـ دە، ئۇچقاندەك جياڭدۇڭغا قاراپ راۋان بولدى. ليۇ بېي جياڭدۇڭغا كەلگەندىن كېيىن جەڭ كېمىلىرىنىڭ، تۇغ ـ ئەلەملىك، قوشاقلىق لەشكەرلەرنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپتە

رەتلىك تىزىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدى.

نۆكەرلەر ئۆچقاندەك بېرىپ جۇ يۈيگە:

— ليۇ بېي كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

— قانچە كىشى بىلەن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى نۆكەرلەردىن جۇ يۈي.

— بىرگىنە كېمە، يىگىرمە نەچچە مۇلازىم بىلەن كەپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى نۆكەرلەر.

— بۇ ئادەمنىڭ زادى ئەجىلى توشقانىكەن، — دېدى جۇ يۈي كۈلۈپ.

جۇ يۈي قوراللىق جاللاتلارنى پىستىرما قىلىپ جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن قارارگاھتىن ئىستىقبالغا چىقتى. ليۇ بېي گۇەن يۈي باشلىق يىگىرمە نەچچە مۇلازىم بىلەن توپتوغرا بارگاھقا كەلدى. سالام - تەزىمدىن كېيىن جۇ يۈي ليۇ بېينى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

— سەركەردە جانابلىرىنىڭ ناملىرى پۈتۈن ئەلگە تارالغان، كەمىنە ليۇ بېيلىرى بولسام بىر ئىستېداتسىز كىشىمەن، نېمە ئۈچۈن تەكەللۇپ قىلىپ مۇنچىۋالا ئاۋارە بولدىلا، — دېدى ليۇ بېي.

مېھمان ۋە ساھىبخان بولۇپ ئولتۇرۇشتى. جۇ يۈي مەرىكە - سورۇن تەييارلاپ، ليۇ بېينى كۈتۈۋالدى.

بۇ ۋاقىتتا تاسادىپەن دەريا ياقىسىغا كېلىپ قالغان جۇگې لياڭ ليۇ بېينىڭ بۇ يەرگە كېلىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى - دە، ئالدىراپ - تېنەپ بارگاھقا بېرىپ ئەھۋالنى كۆزەتتى. قارىسا جۇ يۈينىڭ تەرىدىن قاتىللىق يېغىپ تۇرۇپتۇ، ئىككى تەرەپتىكى تام پەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدا قورالللىق جاللاتلار يوشۇرنۇپ تۇرۇۋپتۇ. «ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟» ئۇ يەنە لىۋ بېيغا نەزەر سالدى، قارىسا لىۋ بېي بىمالال پاراڭ ـ كۈلكە بىلەن ئولتۇرۇۋپتۇ. بىردىنلا لىۋ بېينىڭ ئارقىسىدا قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان كىشىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى، ئوبدان قارىسا، ئۇ گۈەن يۈي ئىكەن. جۇگې لىياڭ خۇشال بولۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «پاسبانىم خەتەرسىز ئىكەن» دېدى ـ دە، بارگاھقا كىرمەستىن دەريا بويىغا بېرىپ كۈتۈپ تۇردى.

جۇ يۈي لىۋ بېي بىلەن ئىچكىۋازلىق قىلدى، قەدەھ بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، جۇ يۈي شاراب تۇتۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ لىۋ بېينىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرغان كىشىگە كۆزى چۈشتى ـ دە، ئامان ـ ئالمان:

— بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىنىم گۈەن يۈي بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى لىۋ بېي.

— ئۆتمۈشتە يەن لياڭ، ۋېن چۇنى ئۆلتۈرگەن كىشى شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— دەل شۇ.

جۇ يۈي تەشۋىشكە چۈشتى ـ دە، پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقتى، ئۇ دەرھال گۈەن يۈيگە شاراب تۇتتى. بىر پەستىن كېيىن لۇ سۇ كىرىپ كەلدى.

— ھەي، جۇگې لياڭ قەيەردە؟ لۇ سۇ ئۆزلىرىنى بىر ئاۋارە قىلسام تەكلىپ قىلىپ كەلگەن بولسىلا، بىر كۆرۈشۈپ ئالسام، — دەپ ئىلتىماس قىلدى لىۋ بېي.

— ھازىرچە تۇرۇۋپ تۇرسىلا، ساۋ ساۋنى تارمار قىلغاندىن

كېيىن جوگې لياڭ بىلەن كۆرۈشسىلىمۇ كەچلىك قىلماس، — دېدى جۇ يۈي.

ليۇ بېي يەنە بىرنېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. گۇەن يۈي ليۇ بېيغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ليۇ بېي ئۇنى چۈشەندى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا خەير ئەمسە، ياۋنى تارمار قىلىپ زەپەر قازانغاندىن كېيىن، ئالاھىدە تەبرىكلەپ كېلىمەن، — دېدى.

جۇ يۈيمۇ ئۇنى ئۇزىتىپ قالماستىن، قارارگاھ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ليۇ بېي جۇ يۈي بىلەن خەيرلىشىپ، گۇەن يۈي باشلىق كىشىلىرى بىلەن دەريا ياقىسىغا كەلدى، بۇ يەردە جوگې لياڭنىڭ كېمە ئىچىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ كەتتى.

— جانابلىرى! بۈگۈنكى خەۋپ ـ خەتەرنى بىلدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى جوگې لياڭ.

— بىلمىدىم! — دېدى چۆچۈگەن ھالدا ليۇ بېي.

— ئەگەر گۇەن يۈي بولمىغان بولسا، جانابلىرى بۈگۈن جۇ يۈينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايتتىلا، — دېدى جوگې لياڭ.

ليۇ بېي بۇنى ئاڭلاپ چۈشەندى ـ دە، جوگې لياڭنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە فەنكۇغا قايتىشقا تەكلىپ قىلدى.

— مەن، — دېدى جوگې لياڭ، — گەرچە يولۋاسنىڭ ئۆۋىسىدا ياشىساممۇ، خۇددى تەيشەن تېغىدەك خەتەرسىز تۇرۇۋاتىمەن. سىلى كېمىلەر بىلەن لەشكەرلەرنى تەخمۇتەخ قىلىپ قويسىلا، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جاۋ يۈننى كىچىك كېمە بىلەن تۈۋەن قىرغاقتا كېلىپ كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇسىلا، زىنھار كېچىكمىسۇن.

ليۇ بېي سەۋەبىنى سورىۋىدى، — كۈنچىقىش تۈۋەن شامىلى

تۈپنۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىققان ھامان، مەن چوقۇم قايتىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

ليۇ بېي يەنە سوئال قويۇشقا تەمشىلىۋېدى، جۇگې لياڭ ليۇ بېينى كېمىگە چىقىپ تېزرەك كېتىشكە سۈيلىدى ـ دە، كېتىپ قالدى. ليۇ بېي گۈەن يۈي ۋە بىللە كەلگەن مۇلازىملىرى بىلەن كېمىگە چىقىپ يولغا راۋان بولدى، بىرنەچچە چاقىرىم يول ماڭغا ـ ماڭمايلا توساتتىن دەريانىڭ ئۈستۈن ئېقىمىدىن 50 — 60 كېمە كەلدى. باش كېمىدە نەيزىسىنى توغرىسىغا تۇتۇپ بىر پالۋان تۇراتتى. ئۇ پالۋان جاڭ فېي ئىدى. ئۇ ليۇ بېي بىرەرتە ھادىسىگە يولۇقۇپ قالسا، گۈەن يۈي يالغۇزلۇق قىلىپ قالارمىكىن دەپ ئالاھىدە ھەمدەمگە كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن بىرلىكتە قارارگاھقا قايتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

جۇ يۈي ليۇ بېينى ئۇزىتىۋېتىپ قارارگاھقا قايتقاندىن كېيىن، لۇ سۇ كىرىپ:

— جانابلىرى! ليۇ بېينى ئالداپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، نېمىشقا قول سالمايدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— گۈەن يۈي ئەلدىكى بىر شىرمەت پالۋان. ئۇ ليۇ بېينىڭ يېنىدىن زادى ئايرىلمىدى. ئەگەر قول سېلىپ قويسام، ئۇنىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشى چوقۇم، — دېدى جۇ يۈي.

لۇ سۇ ئىزتىراپ چېكىپ قالدى. بۇ چاغدا مۇلازىملار بىردىنلا ساۋ ساۋ ئەلچى بىلەن خەت ئەۋەتىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كىرىشتى. جۇ يۈي چاقىرتىپ كىردى.

جۇ يۈي ئەلچى تەقدىم قىلغان خەتنى ئېلىپ قارىسا، لىپاپىسىغا: «خەن خاندانلىقىنىڭ باش ۋەزىرىدىن تۇتۇق جۇ يۈينىڭ ئۆز قولىغا تەگسۇن» دەپ يېزىلىپتۇ.

غەزەپكە كەلگەن جۇ يۈي لىپاپنى ئاچماستىنلا، خەتنى پارە - پارە قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى - دە:

— ئەلچىنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن! — دەپ توۋلىدى.

— ئىككى پادىشاھلىق ئۇرۇشۇۋاتقان ۋاقىتتا، كەلگەن ئەلچى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، — دېدى لۇ سۇ.

— ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ كۈچىمىزنى نامايىش قىلماقچىمەن! — دېدى جۇ يۈي.

شۇنداق قىلىپ جۇ يۈي ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن كىشىلىرى ئارقىلىق ساۋ ساۋغا ئەۋەتىپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن جۇ يۈي گەن نىڭنى تۇرشاۋۇل قوشۇننى، خەن داڭنى سول قانات قوشۇننى، جياڭ چىننى ئوڭ قانات قوشۇننى باشلاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى، ئۆزى باشقا پالۋانلار بىلەن بولۇشۇشقا كەلمەكچى بولدى. ئەتىسى باش توخۇدا ناشتا قىلىپ بولۇپ، تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن داقا - دۇمباقلار چېلىپ، سۇرەن - چۇقان بىلەن يولغا چىقتى.

ساۋ ساۋ جۇ يۈينىڭ خەتنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەلچىنىڭ بېشىنى ئالغانلىقىنى بىلىپ ناھايىتى غەزەپلەندى، سەي ماۋ، جاڭ يۈن باشلىق ئەل بولغان جىڭجۇ پالۋانلىرىنى تۇرشاۋۇل قوشۇننى باشلاپ مېڭىشقا بەلگىلىدى، ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى ھىماتچى قوشۇننى باشلاپ جەڭ كېمىلىرىنىڭ يۈرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، سەنجياڭكۇغا قاراپ ماڭدى. قارىسا كۈنچىقىش ۋۇنىڭ كېمىلىرى دەريانىڭ يۈزىنى قاپلىغان ھالدا كېلىۋېتىپتۇ. باش كېمىدە بىر پالۋان توۋلاپ تۇرۇپ:

— مەن گەن نىڭ بولىمەن، قېنى كىم مېنىڭ بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلالايدۇ! — دېدى.

www.uyghurkitap.com

سەي ماۋ ئىنىسى سەي شۈنتى ئالدىغا بېرىشقا بۇيرۇدى. ئىككى كېمە يېقىنلىشاي دېگەندە، گەن نىڭ ئوقياسىنى توغرىلاپ، سەي شۈنگە ئاتتى. سەي شۈن ئوقنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى بىلەن تەڭلا يىقىلدى. گەن نىڭ كېمىلىرى قاتتىق ھۇجۇمغا ئۆتتى. تۈمەنلەپ ئوقيادىن ئوق ياغدۇردى. ساۋ ساۋ قوشۇنى تەڭ كېلەلمىدى. ئوڭدىن جياڭ چىن، سولدىن خەن داڭ ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ ئىچىگە ئۆدۈل بۆسۈپ كىردى. ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ تەڭدىن تولىسى چىڭجۇ، شۈيجۇدىن كەلگەن لەشكەرلەر بولۇپ، سۇدا جەڭ قىلىشقا ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، دەريانىڭ يۈزىدە داۋالغۇپ تۇرغان جەڭ كېمىلىرىدە قەددىنى رۇسلاپ تۇرالمايتتى. گەن نىڭ باشلىق پالۋانلار باشلاپ ماڭغان ئۈچ قىسىم جەڭ كېمىلىرى سۇدا ھەريان ئۈزدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇ يۈي باشلىغان جەڭ كېمىلىرى ھەمدەمدە بولدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىدىن ئوقيا، توپ ئوقى تەگكەنلەر ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. چۈشتە باشلانغان جەڭ دېگەر ۋاقتىغىچە داۋام قىلدى، جۇ يۈي جەڭدە ئۈستۈنلۈك قازانسىمۇ، ياۋ تەرەپتىن كۆپ ئەندىشە قىلىپ، جاڭ چېلىش بىلەن كېمىلىرىنى يىغىۋالدى؛ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قايتىپ كەتتى. ساۋ ساۋ قۇرۇقلۇقتىكى قارارگاھقا قايتىپ، قوشۇنلىرىنى قايتا تەرتىپكە سالدى، سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈننى چاقىرىپ:

— سىلەر غەيرەت كۆرسەتمىگەنلىكتىن، كۈنچىقىش ۋۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ بىزنى يېڭىۋالدى! — دەپ كايىدى.

— جىڭجۇدىكى سۇ لەشكەرلىرى ئۇزۇندىن بېرى مەشىق قىلمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭجۇ بىلەن شۈيجۇدىن كەلگەن لەشكەرلەر ئەزەلدىنلا سۇ ئۈزۈشكە ئادەتلەنمىگەن، شۇ سەۋەبتىن

يېڭىلدۇق. ئەمدىلىكتە ئالدى بىلەن دەريادا قارارگاھ قۇرايلى، چىڭجۇ، شۈيجۇ قوشۇنىنى ئوتتۇرىغا، جىڭجۇ قوشۇنىنى ئەتراپقا قويۇپ، ھەر كۈنى مەشىق ئۆتكۈزۈپ، سۇ ئۈزۈشنى ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇرۇش قىلايلى، — دېدى سەي ماۋ.

— سىز! — دېدى ساۋ ساۋ، — سۇ لەشكەرلىرىنىڭ تۇتۇقبېگى بولغاندىكىن، لايىق كۆرگىنىڭىزچە ئىشلەۋېرىڭ، ھەممىنى ماڭا بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

شۇنىڭ بىلەن جاڭ يۈن، سەي ماۋ ئىككىيلەن سۇ لەشكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. دەريا بويلاپ 24 سۇ دەرۋازىسى قۇرۇپ، تېشىغا چوڭ كېمىلەرنى قورغان تەرىقىسىدە تىزىپ، ئىچىگە كىچىك كېمىلەر كىرىپ - چىقىشقا بولىدىغان قىلىپ جايلاشتۇردى. كەچ بولغاندا يېقىلغان چىراغلار سۇ يۈزىنى يورۇتۇپ، قىپقىزىل قىلىۋەتتى. 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان قۇرۇقلۇق قارارگاھتىمۇ گۈلخانلار ئۈچمەي تۈتۈنلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

جۇ يۈيگە كېلەيلى، ئۇ نۇسرەت قازىنىپ، قارارگاھقا قايتىپ، لەشكەرلىرىنى تارتۇقلىدى. بىر تەرەپتىن زەپەر خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ۋۇ بېگىگە كىشى ئەۋەتتى. شۇ كۈنى كېچىسى جۇ يۈي ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ قارىغىنىدا، كۈنپېتىش تەرىپىدە ئوت يالقۇنىنىڭ پەلەككە تۇتىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.

— يۇقىرى تەرەپ لەشكەرلىرى ياققان چىراغ ۋە گۈلخانلارنىڭ يالقۇنى، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر.

جۇ يۈي ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئەتىسى جۇ يۈي ساۋ ساۋ

قوشۇنىنىڭ سۇ ئۈستىدىكى قارارگاھىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن، راۋاقلىق بىر چولڭ كېمە ھازىرلىتىپ داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇنايلارنى، ئوقيالار ئاسقان بىرنەچچە قاۋۇل پالۋاننى ئېلىپ كېمە بىلەن ئەگىپ ـ ئەگىپ ئالغا ماڭدى. ساۋ ساۋ قارارگاھىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، جۇ يۈي تاش لەڭگەرنى تاشلاشقا ۋە كېمىدە داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇناي چېلىشقا بۇيرۇق بەردى. جۇ يۈي ياۋنىڭ قارارگاھىنى كۆزىتىپ، ئىنتايىن ۋەھىمە بىلەن:

— بۇلار سۇ لەشكەرلىرىنىڭ جەڭ قىلىش سىرلىرىنى ياخشى بىلىدىكەن، — دېدى ۋە، — سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇقبېگى كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈن، — دەپ جاۋاب بەردى قېشىدىكىلەر.

«بۇ ئىككى ئادەم، — دېدى كۆڭلىدە جۇ يۈي، — جياڭدۇڭدا ئۇزۇن ياشىغانلىقى ئۈچۈن سۇ ئۇرۇشنى ياخشى بىلىدىكەن، ئالدى بىلەن بۇ ئىككىسىنى يوقىتىۋەتسەم، ئاندىن ساۋ ساۋنى تارمار قىلالايمەن».

تازا كۆزىتىۋاتقاندا، ساۋ ساۋ قوشۇنىدىكىلەر ئۈچقاندەك بېرىپ:

— جۇ يۈي بىزنىڭ قارارگاھىمىزنى يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتىدۇ، — دەپ ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرنى تېزدىن كېمە چىقىرىپ تۇتۇشقا بۇيرۇدى. جۇ يۈي سۇ قارارگاھى ئىچىدە بايراقلارنىڭ مىدىراپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كېمىدىكىلەرنى تاش لەڭگەرنى يىغىۋېلىشقا، ئىككى ياندىن تۆت پالاقنى بىردەكلا ئىشقا سېلىشقا بۇيرۇدى ـ دە، كېمە دەريا يۈزىدە ئۈچقاندەك كېتىپ قالدى. ساۋ ساۋ قارارگاھىدىكى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىملەر چىقىپ بولغۇچە جۇ يۈيىنىڭ راۋاقلىق كىمىسى ئون نەچچە چاقىرىمغا ئۈزاپ كەتكەنلىكتىن، قوغلاپ يېتەلمىدى، قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلىشتى.

— تۈنۈگۈن جەڭدە يېڭىلدۇق، — دېدى ساۋ ساۋ پالۋانلارغا قاراپ، — بۇ لەشكەرلىرىمىزنىڭ روھىنى سۇندۇردى؛ بۈگۈن يەنە بىزنىڭ قارارگاھىمىزنى يېقىن كېلىپ كۆزىتىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنى تارمار قىلىشقا قانداق قىلغۇلۇق؟

ساۋ ساۋنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا، بىر كىشى هازىر بولۇپ:

— يېقىن كىچىكىمدە جۇ يۈي بىلەن ساۋاقداش بولۇپ، دوستلۇقىمىز ناھايىتى يېقىن ئىدى، مەن جىياڭدۇڭغا بېرىپ، ئىككىلىك گەپدان ئاغزىمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى ئەل قىلدۇراي، — دېدى.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولدى، قارىسا ئۇ جيۇجياڭلىق جياڭ گەن ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى زى يى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ هازىر مەھكىمە مىرزىسى ئىدى. ساۋ ساۋ:

— جياڭ گەن، سىز جۇ يۈي بىلەن يېقىن دوستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— باش ۋەزىر جانابلىرى! خاتىرجەم بولسىلا، مەن جياڭدۇڭغا بارسام، ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دېدى جياڭ گەن.

— سەپىرىڭىزگە نېمىلەر كېرەك؟

— بىرلا خىزمەتچى بالا، ئىككى قېيىقچى بولسىلا كۇپايە، باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشاللىققا چۆمدى، ئۇ جياڭ گەننى شاراب بىلەن مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى. جياڭ گەن بېشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاناپتىن ئىشلەنگەن بوغمىچا چىگدى، ئۈستىگە بولسا تون كىيىپ، بىر قىيىق بىلەن جۇ يۈي قارارگاھىغا يېتىپ باردى ۋە مۇلازىملارغا:

— كونا قەدىناس دوستىڭىز جيالىڭ گەن زىيارىتىڭىزگە كەپتۇ، دەپ مەلۇم قىلىڭلار! — دېدى.

چېدىر ـ بارگاھىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقان جۇ يۈي جيالىڭ گەننىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ كۈلدى ـ دە، پالۋانلارغا قاراپ:

— مۇرەسسەچى كەپتۇ، — دېدى ۋە شۇئان پالۋانلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، پالۋانلار بۇيرۇق بويىچە چىقىپ كېتىشتى.

جۇ يۈي كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، كىمخاب تون، گۆللۈك باشلىق كىيگەن بىرنەچچە يۈز كىشىنى ئالدى ـ كەينىگە سېلىپ ئىستىقبال قىلىپ چىقتى. جيالىڭ گەن قارا كىيىم كىيگەن بىرلا خىزمەتچى بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، سىپايە قىياپەتتە يېتىپ كەلگەندى. جۇ يۈي ئالدىغا چىقىپ سالام قىلدى.

— دوستۇم! يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش ياخشى تۇرۇپسىز! — دېدى جيالىڭ گەن.

— سىز يىراق مەنزىل كېزىپ، دەريالار كېچىپ كۆپ رىيازەت بىلەن ساۋ ئۇچۇن مۇرەسسەگە كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — دېدى جۇ يۈي.

— جانابىڭىز بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولدى، بۇرادەرچىلىكىمىزنى ياد ئېتىپ ئالاھىدە مۇڭداشقىلى كەلسەم، نېمىشقا مېنى مۇرەسسەگە كەپسىز دەپ گۇمان قىلىسىز؟ — دېدى جيالىڭ گەن.

— مەن، — دېدى جۇ يۈي، — شى كۇاڭدەك ئاقىل بولمىساممۇ، نەغمە ـ ناۋاسىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمەن.

— جانابىڭىز قەدىناس دوستىڭىزغا بۇنداق مۇئامىلىنى راۋا كۆرگەن بولسىڭىز، مەن قايناي! — دېدى جياڭ گەن.

— مەن سىز ئاغىمىزنى ساۋ ساۋنىڭ مۇرەسسەچىسى بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلغانىدىم، مادامىكى مۇنداق غەرەزدە ئەمەس ئىكەنسىز، نېمىشقا كېتىشكە ئالدىرايسىز؟ — دېدى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ جۇ يۈي.

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىككىسى چېدىر - بارگاھقا كىرىپ، تەكەللۇپلاردىن كېيىن ئولتۇرۇشتى، جۇ يۈي شۇئان جياڭدۇڭنىڭ ئاتاقلىق قەھرىمانلىرىنى جياڭ گەن بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە چاقىردى.

بىر پەستىلا كىمخاب تونلار كىيىشكەن قەلەمدار ۋە ئەلەمدار سىپاھ - بەگلەر، قۇياق كىيگەن قولداش ۋە كەنجى سەركەردە - سەرۋازلار ئىككى قاتارغا بۆلۈنگەن ھالدا كىرىشتى. جۇ يۈي ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىككى ياندىن ئورۇن ئېلىشتى، كاتتا مەرىكە باشلىنىپ، نەغمە - ناۋا باشلىنىپ كەتتى، قەدەھلەر ئارقىمۇئارقا بوشاپ تۇردى. جۇ يۈي بەگ - سىپاھلارغا:

— بۇ مېھمان مېنىڭ ساۋاقدىشىم ۋە يېقىن دوستۇم بولىدۇ. ئۇ دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ساۋ ساۋنىڭ مۇرەسسەچىسى ئەمەس. ھەربىرىڭىزلار گۇمان قىلمىڭىزلار، — دېدى ۋە يېنىغا ئېسىلغان شەمشىرىنى ئېلىپ تەيشى سىگە، — جانابىڭىز مېنىڭ شەمشىرىمنى ئېلىپ مەرىكە - سورۇنغا نازارەتچىلىك قىلغايسىز، بۈگۈنكى مەرىكىدە پەقەت دوستلۇق سۆھبىتى بولىدۇ. مۇبادا ساۋ ساۋ بىلەن كۈنچىقىش ۋۇ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشىغا دائىر سۆزلەرنى قىلغۇچىلار چىقسا، كاللىسى ئېلىنسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

www.uyghurkitap.com

تەيشى نى «خوپ!» دەپ شەمشەرنى قولىغا ئېلىپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. قورققان جيالىڭ گەن ئارتۇقچە سۆز قىلالمىدى.

— لەشكەرگە سەركەردە بولغىنىمدىن بېرى، زادى شاراب ئىچمىگەنىدىم. بۈگۈن قەدىردان دوستۇم كەلگەچكە ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ گۇمانىم بولمىغاچقا، پۈخادىن چىققۇچە ئىچەي! — دېدى جۇ يۈي ۋە قاقاقلاپ كۈلدى-دە، تازا ئىچتى، مەرىكە-سورۇندا قەدەھلەر سوقۇشتۇرۇلدى. ئەمدى تەڭشىلىپ قالاي دېگەندە، جۇ يۈي جيالىڭ گەننىڭ قولىنى تۇتۇپ، چېدىر بارگاھىنىڭ تېشىغا ئېلىپ چىقتى. ئەتراپتىكى لەشكەرلەر تولۇق جابدۇنۇپ قوللىرىغا قورال-ياراغ ئالغان ھالدا سەپراس تۇراتتى.

— مېنىڭ لەشكەرلىرىم ھەيۋەتلىكمىكەن؟

— دەرھەقىقەت شىرمەت جاسارەتلىك لەشكەرلەر ئىكەن! — دېدى جيالىڭ گەن.

جۇ يۈي يەنە جيالىڭ گەننى چېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىپ، تاغدەك دۆۋىلىۋەتكەن ئاشلىق بىلەن ئوت-چۆپنى كۆرسىتىپ:

— ئاشلىق، يەم-خەشەكلىرىم يېتەرلىكمىكەن؟ — دېدى.

— لەشكەرلىرىڭىز خىل، ئاشلىق، يەم-خەشەكلىرىڭىز مول ئىكەن، بۇ نامىڭىزغا مۇناسىپ ئىكەن! — دېدى جيالىڭ گەن.

— سىز بىلەن ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا نەدە بۈگۈنكىدەك كۈنلەر؟ خىيالىمىزغىمۇ كەلمىگەنىدىغۇ! — دېدى جۇ يۈي مەست قىياپەتتە قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— بۇ تېخى ئاغىمىزنىڭ تالانتىغا چۇشلۇق ئىش ئەمەس! — دېدى جيالىڭ گەن.

— مەرد يىگىت بۇ دۇنيادا ئۆزىنى چۈشىنىدىغان پاسىبانغا

ئىگە بولۇپ پاشايمەن دېسە، بىر تەرەپتىن خوجايىنىغا خادىملىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ سەمىمىي مۇھەببەت بىلدۈرۈشى، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى چوقۇم ئورۇندىشى، تۈزگەن تەدبىرلىرىنى چوقۇم قوبۇل قىلىشى، رىيازەتنى تەڭ تارتىپ، ھالاۋەتنى تەڭ كۆرۈشى لازىم. ئەگەر سۇ چىن، جاڭ يى، لۇ جىيا، لى شېڭ* غا ئوخشىغان بەس - مۇنازىرىچى ناتىقلار قايتىدىن دۇنياغا كېلىپ، مېنى تەۋرىتىشكە ئۇزلىرىنىڭ ئۆتكۈر تىلى بىلەن نەسىھەت قىلىسمۇ ماڭا تەسىر قىلالمايدۇ، — دېدى جۇ يۈي ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

جياڭ گەننىڭ رەڭگى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. جۇ يۈي قايتىدىن جياڭ گەننى چېدىر - بارگاھقا باشلاپ كىرىپ، پالۋانلار بىلەن يەنە ئىچكۈۋازلىق قىلىشتى.

— مانا بۇلار جياڭدۇڭنىڭ قەھرىمانلىرى! — دېدى جۇ يۈي پالۋانلارنى كۆرسىتىپ، — بۈگۈنكى بۇ بەزمىنى «قەھرىمانلار ئۇچرىشىشى» دەپ ئاتاش مۇمكىن.

مەيخورلۇق كەچكىچە داۋام قىلدى، شام - چىراغلار يېقىلدى، جۇ يۈي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزى قىلىچ ئويۇنىغا چۈشۈپ كەتتى - دە، مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

*پاتىشار دۇنيادا مەردلەر نام ئۇچۇن ئەجىر قىلىپ،*
*ئەجرىدىن ئاپقاي تەسەللى، كۆڭلىمۇ قالغاي تىنىپ.*
*مەن تەسەللىگە ئېرىشتىم مەي بىلەن كۆڭلۈم ئېچىپ،*
*ئاچتى كۆڭلۈمنى شاراب ئېيتاي تازا ناخشا قېتىپ.*

غەزەل ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ

* لى شېڭ — لى شىجىنى دېمەكچى. ئۇنىڭ بىلەن لۇ جيا خەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە پاتىشقان مۇنازىرىچىلەردىن ئىدى.

ھەتتىۋاسى كۆلۈشۈپ كەتتى. تۈن ھەسسىدىن ئۆتكەندە، جىيالڭ گەن ئۆزرە بىلدۈرۈپ:

— بولالماي قالدىم، ئەمدى شاراب ئىچەلمەيمەن، — دېدى.

جۇ يۈي بەزمىدىن تارقاشقا بۇيرۇق بەردى، پالۋانلار خەيرلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئۇزۇن بولدى، سىز بىلەن بىللە يېتىپ مۇڭداشمىغىلى، بۈگۈن ئىككىمىز كارىۋاتتا يېتىپ مۇڭدىشايلى، — دېدى جۇ يۈي.

شۇنىڭ بىلەن جۇ يۈي راسا كەيپ بولغان قىياپەتتە بىللە يېتىش ئۈچۈن جىيالڭ گەننى چېدىر - بارگاھقا ئېلىپ كىردى. جۇ يۈي كىيىمىنى سالماستىنلا يېتىپ قالدى، ئۇ قۇسۇپ چېدىرنى رەسۋا قىلىۋەتتى. جىيالڭ گەننىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلسۇن؟ ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى ئالماي، قۇلاق سېلىپ ياتتى، قارارگاھتا يانقۇغا تاكتاك چېلىنىدى، جىيالڭ گەن قارىسا چىراغلار يەنە يېنىقلىق تۇرۇپتۇ. جۇ يۈيگە قارىسا خورۇلداپ خورەك تارتىۋېتىپتۇ. جىيالڭ گەننىڭ كۆزى چېدىر بارگاھىدىكى شىرە ئۈستىدە تۇرغان بىرمۇنچە خەت - چەكلەرگە چۈشۈپ قالدى - دە، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغرىلىقچە قارىدى، ھەممىسى ئادەتتىكى خەت - چەكلەر ئىكەن. جىيالڭ گەن بۇ خەتلەرنىڭ ئىچىدە لىپاپىسى ئۈستىگە «سەي ماۋ ۋە جاڭ يۈندىن تەقدىم» دەپ يېزىلغان خەتنى كۆرۈش بىلەن چۆچۈپ كەتتى، ئۇ سەزدۈرمەستىن ئۇنى ئېچىپ ئوقۇدى، خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

كەمىنىلىرنىڭ ساۋ ساۋغا ئەل بولۇشىمىز مەنسەپ - مەرتىۋە ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرىيىتى تۈپەيلىدىن بولدى. ھازىر يۇقىرى تەرەپنىڭ

لەشكەرلىرىنى قارارگاھقا ئەكىرىپ قويۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردۇق. پۇرسەتلىك بولىدىكەن، مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ جانابلىرىغا تەقدىم قىلىمىز. قاچان بولمىسۇن مەلۇمات بېرىشكە كىشى بارىدۇ. گۇمان قىلمىغايلا! ھۆرمەت بىلەن ئۆزلىرىگە مۇشۇ نامە ـ ئەرسالنى ئالدىن يوللىدۇق.

جياڭ گەن ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەسلىدە سەي ماۋ، جاڭ يۈنلەر كۈنچىقىش ۋۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنىكەن ـ دە! . . .» دەپ خەتنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى. ئۇ باشقا خەت ـ چەكلەرنى كۆرەي دەپ تۇرۇشىغا جۇ يۈينىڭ كارىۋاتتا ئۆرۈلگەنلىكىنى سەزدى ـ دە، چىراغنى ئۆچۈرۈپ قىيپىدە يېتىۋالدى.

— جياڭ گەن! مەن بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە سىزگە مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ بېشىنى كۆرسىتىمەن، — دېدى جۆيلۈگەن بولۇپ جۇ يۈي.

جياڭ گەن زورغا «ھە ـ ھە!» دېگەن بولدى.

— جياڭ گەن! قاراپ تۇرۇڭ! سىزگە مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ بېشىنى كۆرسىتىمەن! ... — دېدى جۇ يۈي يەنە.

جياڭ گەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سوراپ بىلگۈچە، جۇ يۈي يەنە ئۇخلاپ قالدى. جياڭ گەنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ياتتى. باش توخۇ بولاي دېگەن ۋاقىتتا بىراۋنىڭ چېدىر ـ بارگاھقا كىرىپ: «تۇتۇقبېگىم! ئويغاقمۇ سىلى؟» دەپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى.

جۇ يۈي بىردىنلا ئويغاق قىياپەتتە بولۇپ، ئەتىگە ھېلىقى كىشىدىن:

— كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان كىم؟ — دەپ سورىدى.

— تۇتۇقبېگىم! ئۆزلىرى جياڭ گەننى بىللە يېتىشقا تەكلىپ قىلغان ئىدىلىغۇ، ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن ئادەتتە مەست بولغۇچە ئىچمەيتتىم، تۈنۈگۈن مەست بولۇپ ئۆزۈمنى بىلمەي قاپتىمەن، نېمىلەرنى دەپ سالدىمكىن تاڭ؟ — دېدى جۇ يۈي پۇشايمان قىلغان قىياپەتتە.

— دەريانىڭ يۇقىرىدىن كىشى كېلىپ قالدى، — دېدى ھېلىقى كىشى.

— بوشراق گەپ قىلىڭ! — دېدى جۇ يۈي ۋە، — جياڭ گەن! جياڭ گەن! — دەپ توۋلاپ باقتى. جياڭ گەن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋەردى.

جۇ يۈي چېدىر - بارگاھدىن ئاستاغىنا چىقىپ كەتتى. جياڭ گەن ئاستا قۇلاق سېلىۋىدى، تالادا بىراۋنىڭ:

— جياڭ يۈن، سەي ماۋ ئىككى تۇتۇقبەگ ھازىرچە قول سېلىشقا بولمايدۇ دېدى، — دېگىنىنى ئېنىق ئاڭلىغان بولسىمۇ، كېيىنكى سۆزلەر بەك بوش قىلىنغانلىقتىن ياخشى ئاڭلىيالماي قالدى.

بىرپەستىن كېيىن جۇ يۈي چېدىر - بارگاھقا كىرىپ، يەنە:

— جياڭ گەن! جياڭ گەن! — دەپ توۋلىدى. جياڭ گەن ئىندىمەي بېشىنى پۈركەپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى.

جۇ يۈي يېشىنىپ يېتىپ قالدى، جياڭ گەن «جۇ يۈي ناھايىتى ئېھتىياتچان ئادەم، تاڭ ئاتقاندا خەتنى ئىزدەپ تاپالماي قالسا، ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشى چوقۇم» دەپ ئويلىدى. جياڭ گەن سۈبھىگىچە يېتىپ ئورنىدىن تۇردى. جۇ يۈينى چاقىرىپ باقتى، جۇ يۈي ئۇخلاپ قالغانىدى. جياڭ گەن بوغمىچا چىگىپ ئاستا قەدەم تاشلاپ بارگاھتىن چىقتى -دە، خىزمەتچى بالىنى چاقىرتىۋېلىپ، قارارگاھ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— تەقسىر! نەگە ماڭدىلا؟ — دەپ سورىدى قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان لەشكەر.

— بۇ يەردە تۇرسام تۇتۇۋېلىنىشىمنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويىدىكەنمەن، ھازىرچە قايتىپ تۇراي، — دېدى جىيالىڭ گەن.

قاراۋۇل توسۇمىدى.

جىيالىڭ گەن قېيىققا چۈشۈپ تېز قايتىپ بېرىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى.

— ئىشلار قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— جۇ يۈيىنىڭ بىلى ناھايىتى چىڭ ئىكەن، ئۇنىڭغا سۆز كار قىلىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى جىيالىڭ گەن.

— ئىش ئەمەلگە ئاشماپتۇ. ئەكسىچە كۈلكىگە قاپتۇق! — دەپ كايىدى ساۋ ساۋ.

— جۇ يۈيگە سۆزۈمنى ئۆتكۈزەلمىسەممۇ، — دېدى جىيالىڭ گەن، — باش ۋەزىر جانابلىرى ئۈچۈن بىر ئىشنى بىلگەچ كەلدىم. باشقىلارنى چىقىرىۋېتسىلە ئېيتاي.

جىيالىڭ گەن خەتنى چىقىرىپ، يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى ساۋ ساۋغا بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى.

— ئىككى دېيۈز شۇ قەدەر نانكورلۇق قىپتۇ - ھە! — دېدى دەرغەزەپ بولغان ساۋ ساۋ ۋە ئۇلارنى شۇئان چېدىر - بارگاھقا چاقىرتتى.

— ئىككىڭلارنى لەشكەرنى يۈرۈشكە بۇيرۇماقچىمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— لەشكەرلىرىمىز، — دېدى سەي ماۋ، — تېخى دېگەندەك ياخشى تەلىم ئېلىپ بولالمىدى، يەڭگىللىك بىلەن يۈرۈش قىلىپ قويمايلى.

— لەشكەرلىرىمىز ياخشى تەلىم ئېلىپ بولغۇچە، — دېدى غەزەپلەنگەن ساۋ ساۋ، — مېنىڭ بېشىم جۇ يۈيگە تەقدىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىنمىسۇن يەنە!

سەي ماۋ، جاڭ يۈن ئىككىيلەن ساۋ ساۋنىڭ غەزىپىنى چۈشەنمەي ھولۇقۇپ، جاۋاب بېرەلمەي قالدى. ساۋ ساۋ جاللاتلارغا ئۇلارنى ئاچىقىپ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇق بەردى. بىر پەستىلا ئۇلارنىڭ باشلىرىنى چېدىر ـ بارگاھقا ئېلىپ كىرىشتى. ساۋ ساۋ تۇرۇپلا «تۇزاققا چۈشتۇممۇ نېمە» دەپ خىيال قىلىپ قالدى. كېيىنكىلەر ھەسرەت چېكىپ مۇنداق نەزمە پۈتكەنىدى:

*ئۇزدى ساۋ ساۋ ھەممىسىدىن ھىيلىگەرلىك يابىدا،*
*چۈشتى ئۇ لېكىن كېلىپ جۇ يۈي تۇزاقىغا بۇدا.*
*سەي ماۋ ۋە جاڭ يۈن پايدا دەپ يۈز ئۆرىدى ياسىبانىدىن،*
*كېسىلەر دەپ كاللىسى كىمنىڭ چۈشەر خىيالىغا.*

پالۋانلار جاڭ يۈن بىلەن سەي ماۋنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كىرىپ سەۋەبىنى سورىدى. ساۋ ساۋ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ تۇزاققا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، خاتالىقىغا ئىقرار قىلغۇسى كەلمىدى.

— ئىككىسى ھەربىي بۇيرۇققا ئەمەل قىلمىدى، شۇڭلاشقا كاللىسىنى ئالدىم، — دېدى.

پالۋانلار بۇلارغا ئېچىندى.

ساۋ ساۋ پالۋانلار ئىچىدىن ماۋ جې بىلەن يۈي جىننى تاللاپ، سەي ماۋ ۋە جاڭ يۈنلەرنىڭ ئورنىغا سۇ لەشكەرلىرىنىڭ تۇتۇقبېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى جياڭدۇڭغا يەتكۈزدى.

— مېنىڭ غەم قىلىدىغىنىم مۇشۇ ئىككى ئادەم ئىدى. ئۇلار يوقىتىلىپتۇ. ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم! — دېدى جۇ يۈي

ئىنتايىن خۇش بولۇپ.

— تۇتۇقبېگىم! سىلى لەشكەر سەركەردىسى بولۇشقا شۇنچىۋالا ماھىر تۇرۇقلۇق، مۇناپىق ساۋ ساۋنى تارمار قىلىشقا نېمە غەم قىلىدىلا؟ — دېدى لۇ سۇ.

— پالۋانلىرىمىز بۇ نەيرەڭنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلايمەن، يالغۇز جۇگې لياڭنىڭ پىكىر ـ ئەقلى مەندىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن، بەلكى بۇ نەيرەڭنىمۇ ئۇنىڭدىن يوشۇرغىلى بولماس. لۇ سۇ سىلى بېرىپ ئۇنى سۆزگە سېلىپ باقسىلا، ئۇنىڭ بىلىۋالغان ياكى بىلەلمىگەنلىكىنى كېلىپ مەلۇم قىلسىلا، — دېدى جۇ يۈي.

دەر ھەقىقەت:

*مەقسەدىن گىشقا ئاشۇرماق بولدى ئۇ ھىيلە بىلەن،*
*ھىيلىسىن بىلگەن كىشىنى ستىدى ھەرنە بىلەن.*

لۇ سۇنىڭ جۇگې لياڭغا بېرىپ قانداق ئەھۋال سورىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئالتىنچى باب

## جۇگې لياڭنىڭ كارامەت ھىيلە بىلەن ئوقيا ئوغرىلىرىنى ئالغانلىقى
## خۇاڭ گەينىڭ مەخپىي ھىيلە كۆرسىتىپ تاياق يېيىشكە رازى بولغانلىقى

ئەلقىسسە، لۇ سۇ جۇ يۈيىنىڭ سۆزى بىلەن، كېمىگە كېلىپ جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشتى. جۇگې لياڭ ئۇنى كېمىگە باشلاپ چىقىپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇشتى.

— بىرقانچە كۈندىن بۇيان لەشكىرىي ئىشلار بىلەن بولۇپ، سىلىدىن تەلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم، — دېدى لۇ سۇ.

— مەنمۇ تۇتۇقبەگكە كەلگەن خۇشاللىقنى تەبرىكلەپ بارالمىدىم، — دېدى جۇگې لياڭ.

— قانداق خۇشاللىق؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— جۇ يۈيىنىڭ سىلىنى مېنى بىلەمدۇ - بىلمەمدۇ دەپ ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىشى ئۈچۈن تەبرىكلىمەكچىدىم، — دېدى جۇگې لياڭ.

— تەقسىر! قەيەردىن بىلىۋالدىلا؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ تاتارغان ھالدا.

— بۇ نەيرەڭ بىلەن جياڭ گەننىلا ئالداشقا بولىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ، — ساۋ ساۋ ئىشەنگەن بولسىمۇ، تېز بىلىۋالدى، لېكىن خاتالىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى. ھالا

سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈن ئىككىسى ئۆلتۈرۈلدى، جياڭدۇڭ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدى، نېمىشقا تەبرىكلىمەيمەن! ئاڭلىشىمچە ساۋ ساۋ ماۋ جې بىلەن يۈي جىننى سۇ لەشكەرلىرىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپتۇ، بۇ ئىككىسى بولسا سۇ لەشكەرلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ.

لۇ سۇ ئاڭلاپ ئېغىز ئاچالماي، دۇدۇقلاپ قالدى ۋە جۇگې لياڭ بىلەن خەيرلىشىپ قايتىپ كەتمەكچى بولدى.

— لۇ سۇ جانابلىرى! — دەپ ئىلتىماس قىلدى جۇگې لياڭ، — يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىشلارنى مېنىڭ بىلىدىغانلىقىم توغرىلىق جۇ يۈي ھوزۇرىدا بىر نېمىدەپ قويماسلىقلىرىنى سورايمەن. ئېيتىدىغان بولسىلا جۇ يۈي كۆڭلىدە ھەسەت قىلىپ، يەنە ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش كويىغا چۈشىدۇ.

لۇ سۇ ماقۇل دەپ قايتتى، ئۇ يەردىن جۇ يۈي ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، سۆز ئىچىدە يۇقىرىدىكى ئىشنى راستى بىلەن سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

— بۇ ئادەمنى قالدۇرۇشقا زادى بولمايدۇ! — دېدى چۆچۈگەن جۇ يۈي، — ئۆلتۈرۈشكە قەتئىي نىيەت قىلدىم!

— جۇگې لياڭنى ئۆلتۈرىدىغان بولساق، ساۋ ساۋنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمىز، — دەپ نەسىھەت قىلدى لۇ سۇ.

— مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈش يولىنى شۇنداق توغرىلاپ قويىدۇمكى، ئۇ ئۆلىدۇ، لېكىن نارازىلىق بىلدۈرەلمەي قالىدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

— قانداق يول بىلەن ئۆلتۈرىدىلا؟ — دەپ سورىدى قىزىقىپ لۇ سۇ.

— ھازىرچە سورىمىسىلا، ئەتە كۆرىدىلا، — دېدى جۇ يۈي.

ئەتىسى جۇ يۈي ھەممە پالۋانلارنى چېدىرغا يىغدى، جۇگې لياڭنى كېڭەش بار دەپ چاقىردى. جۇگې لياڭ خۇشال ـ خۇرام يېتىپ كەلدى. ھەرقايسىسى ئورۇن ئېلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغاندىن كېيىن جۇ يۈي:

— يېقىن كۈنلەردە ساۋ ساۋ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلماقچىمىز، سىز ئۇرۇشتا ئالدى بىلەن قانداق قورالنى ئىشقا سالىمىز؟ — دەپ سورىدى جۇگې لياڭدىن.

— چوڭ دەريادا، — دېدى جۇگې لياڭ، — ئالدى بىلەن ئوقيانى ئىشقا سالماق كېرەك.

— تەقسىر! سۆزلىرى مېنىڭ پىكرىم بىلەن ئوخشاش چىقتى. ئەمما، ھازىر قوشۇنىمىزدا كامان ئوقى كەمچىل، ياۋغا قارشى ئىشلىتىش ئۈچۈن 100 مىڭ تال ئوق ياسىتىش ئىشىنى سىلىگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم، مۇھىم ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، رەت قىلماسلىقلىرىنى سورايمەن، — دېدى جۇ يۈي.

— تۇتۇقبەگ جانابلىرى! — دېدى جۇگې لياڭ، — تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا بارلىق كۈچۈمنى ئىشقا سالىمەن. 100 مىڭ تال ئوقنىڭ قاچان ئىشلىتىلىشىنى بىلمەكچىمەن.

— ئون كۈننىڭ ئىچىدە پۈتەرمۇ؟

— ساۋ ساۋ قوشۇنى شۇبۇ كۈن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەگەر ئون كۈن كۈتىدىغان بولساق، ئۇلۇغ ئىشىمىزنى كېچىكتۈرۈپ قويىمىز.

— تەقسىر! سىلىچە قانچە كۈندە پۈتەر؟

— ئۈچ كۈن ئىچىدىلا 100 مىڭ تال ئوقنى تاپشۇرۇپ بېرىمەن.

— لەشكىرىي ئىشتا چاقچاق بولمايدۇ.

— جانابىي تۇتۇق! سىلىگە چاقچاق قىلىشقا نېمە ھەددىم. تىلخەت بېرەي، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئورۇندىمىسام، ئېغىر جازاغا لايىقمەن.

ناھايىتى خۇشال بولغان جۇ يۈي لەشكىرىي مىرزىنى چاقىرتىپ ئالدىدىلا تىلخەت پۈتكۈزدى، ئاندىن جۇگې لياڭنى شاراب بىلەن كۈتتى ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئىنئام بېرىمەن، — دېدى.

— بۈگۈن ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىمەن. ئۈچىنچى كۈنى ئوقلارنى توشۇپ كېلىش ئۈچۈن دەريا بويىغا 500 نۆكەر ئەۋەتۈرلەر، — دېدى جۇگې لياڭ ۋە دەرھال بىرنەچچە قەدەھ شارابنى ئىچىۋېتىپ خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئادەم بىزنى ئالداۋاتامدۇيا؟ — دېدى لۇ سۇ.

— ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى، مەن مەجبۇر قىلمىدىم. بۈگۈن كۆپچىلىك ئالدىدا تىلخەت ئالدۇق، ئىككى بېقىنىدىن قانات چىققاندىمۇ، ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ. مەن لەشكەر قوراللىرىنى ياسايدىغان كاسىپلارغا ئەتەي ئارقىغا سۆرەڭلار دەپ بۇيرۇق بېرىمەن، ئومۇمەن كېرەكلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى ۋاقتىدا تەييارلىتىپ بەرمەيمەن. شۇنداق قىلغاندا سۇرۇك چوقۇم كېچىكىدۇ. ئەنە شۇندىلا جازاغا تارتسام، ھېچنېمە دېيەلمەيدىغۇ؟ سىلى بېرىپ ئۇنىڭ قانداق قىلماق بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىپ ماڭا ئۇچۇر بەرسىلە، — دېدى جۇ يۈي.

لۇ سۇ بۇيرۇق بويىچە جۇگې لياڭ ئالدىغا كەلدى.

— لۇ سۇ! مەن ئۆزلىرىگە جۇ يۈيگە ئېيتمىسىلا، ئېيتىپ قويىدىغان بولسىلا ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، دېگەنىدىم، سىلى مېنى ئايىمىدىلا. دېگەندەك بۈگۈنكى ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدىلا. ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە قانداق قىلىپ 100 مىڭ تال ئوقيا ئوقىنى ياساپ چىققىلى بولىدۇ؟ ئەمدى سىلى مېنى خالاس قىلىشلىرى كېرەك! — دېدى جۇگې لياڭ.

— جانابلىرى! بالانى ئۆزلىرى تېپىۋالدىلا، مەن قانداق قىلىپ سىلىنى قۇتقۇزىمەن؟ — دېدى لۇ سۇ.

— لۇ سۇ! سىلى ماڭا 20 دانە كېمە ئارىيەتكە بەرسىلە، ھەر كېمىدە 30 نەپەردىن نۆكەر بولسۇن، كېمىگە پۈتۈنلەي قارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەردە تارتىلغان بولسۇن، ھەر بىرىگە 1000 باغدىن ئارتۇق ئوت ـ چۆپ ھازىرلاپ، ئىككى تەرىپىگە قويۇپ قويۇلسۇن. مەن ئۇنى باشقا ئەپچىل ئىشقا سالىمەن. ئۈچىنچى كۈنى چوقۇم 100 مىڭ تال ئوق ئېلىپ كېلىمەن. بۇنى پەقەت جۇ يۈي بىلىپ قالمىسۇن؛ ئەگەر ئۇياق بىلىپ قالسا ئىشىم بۇزۇلىدۇ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى جۇگې لياڭ.

لۇ سۇ ماقۇل بولدى، ئەمما، ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەنمىدى. قايتىپ كېلىپ جۇ يۈيگە ئۇچۇر بەردى، لېكىن دېگەندەك كېمە ئارىيەتكە سورىغان ئىش توغرىسىدا بىر نىمە دېمىدى، پەقەت جۇگې لياڭنىڭ بامبۇك، پەي، يار يېلىم، سىر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەستىن ئوقيا تەييارلايمەن دەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— قېنى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ماڭا قانداق جاۋاب قىلىدىكىن! — دېدى جۇ يۈي ناھايىتى گۇمانلىنىپ.

لۇ سۇ 20 دانە تېز يۈرەر كېمە، ھەر كېمىدە 30 نەچچىدىن ئادەم ھەممە پەردىلىك رەخت، باغلانغان ئوت ـ چۆپ قاتارلىق نەرسىلەرنى تولۇق تەييارلاپ جۇگې لياڭنىڭ ئىشلىتىشىگە تەل قىلدۇرۇپ قويدى.

بىرىنچى كۈنى جۇگې لياڭ ھېچبىر ئىشنى قىلمىدى؛ ئىككىنچى كۈنىمۇ جىمجىتلىق. ئۈچىنچى كۈنىنىڭ باش توخۇ ۋاقتىدا جۇگې لياڭ مەخپىي يوسۇندا لۇ سۇنى كېمىگە تەكلىپ قىلدى.

— جانابلىرى مېنى نىمە غەرەز بىلەن چاقىرتتىلا؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— بىرلىكتە ئوقيا ئوقى ئېلىپ كېلىشكە ئۆزلىرىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلدىم، — دېدى جۇگې لياڭ.

— نەدىن ئېلىپ كېلىمىز؟ — دېدى لۇ سۇ.

— ھازىرچە سورىمىسىلا، ھېلى كۆرىدىلا، — دېدى

جۇگې لياڭ.

شۇنىڭ بىلەن 20 كېمىنى ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ يۇقىرى قىرغاققا قاراپ مېڭىشقا بۇيرۇق بەردى.

بۇ كېچىسى پۈتۈن ئاسماننى تۇمان قاپلىۋالدى، چاڭجياڭنىڭ ئىچىدە تۇمان تېخىمۇ قويۇق بولۇپ، ئالدى تەرەپتىكى ھېچنېمىنى كۆرۈپ بولمايتتى. جۇگې لياڭ ھەدەپ كېمىلەرنى ئالغا ھەيدەتكۈزەتتى. دېگەندەك تۇمان ناھايىتى قويۇق ئىدى. بۇ ھەقتە قەدىمكىلەر «چاڭجياڭغا چۈشكەن قاتتىق تۇمان قەسىدىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇنۇ قەسىدىنى پۈتكەنىدى:

*ھەشەمەتلىك ئەي ئۇلۇغ چاڭجياڭ،*
*تۇتىشىدەن غەربتە مىن، گې تېغىغا.*
*تۆۋەندە ۋۇ بەگلىك يېرىدىن ئېقىپ،*
*قوشۇلىسەن يۇقىرىدا توققۇز ئېقىنغا.*
*ساڭا قوشۇلار يۈزلەرچە دەريا،*
*ئەسىرلەر بويى چىقتى دولقۇنلار،*
*لۇڭ بو، خەي رو، جياڭ قىبى ۋە شوي مو،*
*سەندە ياشايدۇ مىڭ جاڭلىق كىتلار.*
*ئاجايىپ مەخلۇقلار ساڭا يىغىلغان،*
*جىن ۋە شەيتان سېنى ماكان قىلىشقان.*
*پالۋانلار - ئەزىمەتلەر ھەربىر جەڭدە،*
*قىلدى سېنى مۇداپىئە ئورنى ھەرقاچان.*
*شۇ ئاپتا باستى جاھاننى زۇلمەت،*
*پەرق ئېتىش بولماس نەرسىنى پەقەت.*
*كۆرۈنۈپ چەكسىز ئاسمان بىر رەڭدە،*
*قاپلىدى بىردىنلا تۇمان شۇ سائەت.*
*كۆلخانىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى زادى،*
*ئاڭلىنار پەقەتلا ناغرا ساداسى.*
*دەسلەپ تۇمان ئوخشاپ يىغىن كەچلىكىگە،*
*كۆرۈنمەيدۇ تۆۋەن تاغنىڭ قاپلانى.*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارا ـ بارا ھەممە ياقنى قاپلىسا تۇمان،
شىمال دېڭىز لەھەڭگىمۇ يولدىن ئاداشقان.
ئۇنىڭدىن كېيىن تۇمان چۈشۈپ تۆۋەنگە،
يۇقىرىدا ئاسمانغا تۇتاشقان.
چاڭجياڭ! چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ،
كەڭ ئويناقشىپ، لەھەڭلەر سۇ پۈركۈيدۇ.
يوشۇرۇنماق، سۇغۇنماق بولۇشۇپ ئۇلار،
سويلاپ تەكتىگە ئىچكىرىلەيدۇ.
ئايلانغاندەك يېغىنمۇ پارغا،
گويا ئوخشاپ زىمىستانغا،
قاراڭغۇلۇق ھەم سۈكۈنات،
ھۆكۈم سۈردى ھەممە ياقتا.
كۈنچىقىشتا سەيياھنى،
تۆۋەن ياقتا شىياكۇ ئاغزى،
كۆرەلمەيسەن نە قىلىپاھمۇ،
ئىككىسىدىن ھېچقايسىنى.
قىرغاقتا بار جەڭ كېمىسى سىڭلىغان،
تاشلارنىڭ ئارقىغا يوشۇرۇنغان.
بېلىقچىنىڭ يوپۇرماقتەك قولۇقى،
دولقۇندا گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ چۈشەر ھامان.
ئاسماندا يوقالغان جىمى يورۇقلۇق،
تاڭ قۇياشى تۇرىدىن قىلچە ئەسەر يوق.
كۈندۈز بولۇپ گويىكى زاۋال،
قىزىل تاغلار بولۇپ كەتكەن سۇ توسلۇق.
ئاقىل بولۇپ كەتكەندىمۇ دايۈيدەك،
بىلىپ بولماس چوڭقۇرلۇقلۇق قانچىلىك.
لى لودەك دانىشمەن بولغاندىمۇ،
پەرق ئەتكىلى بولماس يەرنى ئۆتۈنچىلىك.
شۇڭا پەڭ يى* توختاتتى دولقۇننى شۇئان،

---

* دولقۇن مۇئەككىلى.

جەڭنى يېغىشتۇردى بىلەك يى* شۇ زامان.
غايىپ بولدى دېڭىزدىن بېلىق ـ ئاشپاقا،
مۆكۈۋالدى ئۇچار قۇش، ھايۋان.
پەيلدى دېگەن ئارالنى تۇمان تۇسۇدى،
شاھى ئاسمان قەسرىسىنى تۇمان قورشىدى.
قاتتىق يامغۇر بىلەن تۇمان ئەۋج ئېلىپ،
ئالەمنى مۇدھىش سوغۇق قاپلىدى.
تۇمان ئىچىگە مۆككەن يىلان ـ ماران،
ئارقىسىدۇ بەزگەكلىكنى ئۇلار يامان.
تۇمان ئۆز ئىچىگە بەند قىلىپ جىنتۇ شەيتاننى،
شۇلار ئارقىلىق سالىدۇ زىيان.
ئۇنىدىن كېلەر ئادەملەرگە زىيان ـ زەخمەت،
دۇچار بولار كېسەللىككە ئىنسانىيەت.
ئۇلۇغلار كۆرسە بولۇر دىلى غەش،
ھەقىرلەر ئۇچىرىسا چېكەر ئەزىيەت.
چۆل ـ جەزىرىنى ئۇ قاپلاپ كەتتى،
شۇندا تىبەپ قۇۋۋەت يامراپ كەتتى.
جانسىز، كېرەكسىز بىر زېمىننى،
بىر پارچە كەلەك زېمىن قىلىۋەتتى.

بۇ كېچىسى سۈبھى ۋاقتىدا كېمىلەر ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاشتى. جۇگې لياڭ كېمىلەرنىڭ بېشىنى كۈنپېتىش تەرەپكە، قۇيرۇقىنى كۈنچىقىش تەرەپكە قىلىپ بىرقاتار بولۇپ تىزىلىشقا، ناغرا ـ دۇمباق چېلىپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىشقا بۇيرۇدى.

— ساۋ ساۋ قوشۇنى بىردىنلا چىقسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى چۆچۈپ لۇ سۇ.

— مېنىڭچە بۇ قويۇق تۇماندا ساۋ ساۋ چىقىشقا جۈرئەت

* تۇمان مۇئەككىلى.

www.uyghurkitap.com

قىلالمايدۇ. بىز مەيخورلۇق قىلىپ كۆڭلىمىزنى ئاچىلى ـ دە، تۇمان تارقىغاندىن كېيىن قايتىلى، — دېدى جۇگې لياڭ.

بۇ ۋاقىتتا ساۋ ساۋ قارارگاھىدىكىلەر ناغرا ـ دۇمباق، چۇقان ـ سۈرەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ماۋ جې، يۈي جىن ئىككىيلەن ئالدىراپ ئۇچقاندەك بېرىپ ئەھۋالنى ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى.

— قويۇق تۇمان دەريانى قاپلىۋالدى، ياۋ لەشكەرلىرى تۇيۇقسىز كەپتۇ، چوقۇم پىستىرما بولۇشى كېرەك، يەڭگىل ھەرىكەت قىلىش يارىمايدۇ. سۇ لەشكەرلىرىدىكى كاماندازلار ئوقيا ئېتىشقا سېلىنسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى ساۋ ساۋ.

يەنە قۇرۇقلۇقتىكى قارارگاھتىن جاڭ لياۋ بىلەن شۈي خۇاڭنى چاقىرتىپ 3000 دىن كاماندار ئېلىپ، تېزلىكتە دەريا بويىغا بېرىپ ئوقيا ئېتىشقا ھەمدەملىشىڭلار، دەپ بۇيرۇدى.

بۇيرۇق يېتىپ كەلدى. ماۋ جې، يۈي جىن تۇۋەن تەرەپ قوشۇنىنىڭ سۇ قارارگاھىغا بېسىپ كىرىشىدىن قورقۇپ، كاماندازلارنى قارارگاھ ئالدىدا ئوقيا ئېتىشقا بۇيرۇدى؛ بىردەمدىلا قۇرۇقلۇق قارارگاھىدىكى كاماندازلار يېتىپ كەلدى، تەخمىنەن 1 تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ خۇددى يامغۇر ياغقاندەك ئوقيا ياغدۇرۇۋەتتى.

جۇگې لياڭ كېمىلەرنى ئايلاندۇرغۇزۇپ، بېشىنى كۈنچىقىش تەرەپكە، قۇيرۇقىنى كۈنپېتىش تەرەپكە قىلدۇرۇپ، كېمىلەرگە ئوق ئاتسۇن دەپ، سۇ قارارگاھىغا يېقىن ھەيدەتكۈزدى، بىر تەرەپتىن ناغرا چالدۇرۇپ، چۇقان سالغۇزدى. كۈن ئۆرلەپ تۇمان تارقىغاندا، جۇگې لياڭ كېمىلەرنى يىغىپ تېز قايتىشقا بۇيرۇق بەردى. 20 كېمىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چۆپ باغلاملىرى ئوقيا ئوقى بىلەن توشۇپ كەتتى.

— باش ۋەزىر! ئوقيا ئوقلىرىغا رەھمەت! — دەپ بىردەك

تۇۋلانقۇزدى جۇگې لىياڭ كېمىدىكى لەشكەرلەرگە.

ساۋ ساۋ قوشۇنىدىكىلەر ئەھۋالنى ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلغان ۋاقىتتا، يېنىك كېمىلەر تېز ئاقىدىغان سۇدا يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگە كېتىپ قالغاچقا، قوغلاپ يەتكىلى بولمايتتى. ساۋ ساۋ بۇ خاتاسىغا ناھايىتى پۇشايمان قىلغانىدى.

جۇگې لىياڭ كېمىدە قايتىپ كېلىۋېتىپ لۇ سۇغا:

— ھەربىر كېمىدە تەخمىنەن 5 — 6 مىڭ دانە ئوقيا ئوقى بار، جياڭدۇڭنىڭ بىرىم پۇڭچە كۈچىنى سەرپ قىلماستىن، 10 تۈمەن تال ئوقيا ئوقىغا ئىگە بولدۇم، ئەتىگە ساۋ ساۋ قوشۇنىغا ئاتىمىز، بۇ ناھايىتى ئوبدان ئىش بولدى! — دېدى.

— تەقسىر، سىلى ئەۋلىيا ئىكەنلا! بۈگۈن مۇنداق زور تۇمان بولۇشىنى قانداق بىلگەن ئىدىلە؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— لەشكەرگە سەركەردە بولغان ئادەم ئىلمىي نۇجۇمدىن خەۋىرى بولمىسا، زېمىن قانۇنىيەتلىرىنى بىلمىسە، سېھىرگەرلىكنى ئۇقمىسا، تەبىئەت سىرلىرىنى چۈشەنمىسە، سەپ تۈزۈش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ تۇرمىسا، لەشكىرىي ۋەزىيەتنى بىلىپ تۇرمىسا، ئىستېداتسىز ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن بۈگۈنكى كۈندە زور تۇمان بولۇشىنى ھېسابلاپ بىلگەنىدىم، شۇڭلاشقا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغانىدىم. جۇ يۈي ئون كۈندە ئورۇنداشقا بۇيرۇدى، ئۇستىكارلار بىلەن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى قولۇمغا بەرمىدى، بۇ ئىش باھانىسى بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىپ، مېنى ئۆلتۈرۈشى ئېنىق ئىدى؛ مېنىڭ ھاياتىم تەڭرىگە باغلىق، جۇ يۈي قانداق قىلىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلالىسۇن! — دېدى جۇگې لىياڭ.

لۇ سۇ قايىل بولۇپ تەزىم قىلدى.

كېمىلەر قىرغاققا ياندىشقان ۋاقىتتا، جۇ يۈي ئالدىنئالا 500 نەپەر نۆكەرنى ئوقيا ئوقى توشۇش ئۈچۈن دەريا بويىغا ئەكېلىپ قويغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جوگې لياڭ كېمىلەردىكى 10 تۈمەندىن ئارتۇق ئوقيا ئوقنى تونۇشتۇپ، بارگاھقا ئېلىپ كېلىپ تاپشۇرۇڭلار دېدى.

لۇ سۇ كىرىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشتى، جوگې لياڭنىڭ ئوقيا ئوقى ئېلىشتىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— جوگې لياڭ كارامەت ئادەم ئىكەن، بۇ ئادەمگە تەڭ كېلەلمەيدىكەنمەن! — دېدى ئىنتايىن ھەيران بولغان ھالدا ھەسرەت چېكىپ جۇ يۈي. كېيىنكى ئادەملەر جوگې لياڭنى ماختاپ مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەنىدى:

*قايلىدى چاڭجياڭنى بىر كۈن قاپقارا قويۇق تۇمان،*
*ئەنگلى بولمايتتى پەرق بىراقۇ يېقىننى ھامان.*
*جوگې لياڭ كۆرسەتتى جۇ يۈيگە ئۆزىنى دەل شۇ كۈن،*
*كېمىلەرگە چۈشتى ئوقيا ئوقلىرى يامغۇرسىمان.*

كۆپ ئۆتمەي، جوگې لياڭ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قارارگاھقا كىردى. جۇ يۈي چېدىردىن چىقىپ ئىستىقبال قىلدى ۋە:

— ئەقىلىر! كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە كارامەت ئىش قىلدىڭلا! — دەپ ماختاپ كەتتى.

— كىچىككىنە بىر ھىيلە، ئەجەبلىنىدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى جوگې لياڭ.

جۇ يۈي جوگې لياڭنى چېدىرغا باشلاپ كىرىپ، بىرلىكتە مەيخورلۇق قىلىشتى.

— تۈنۈگۈن پاسىبان يۈرۈش قىلىش توغرىلىق ئادەم ئەۋەتىپتۇ، مېنىڭدە تۈزۈك بىر تەدبىر يوق، ئەقىلىر بۇ ھەقتە يولىيورۇقلىرىنى سورايمەن، — دېدى جۇ يۈي.

— مەن بىر نادان ئادەممەن، مەندە قانداق قىلىپ ياخشى تەدبىر بولسۇن؟ — دېدى جوگې لياڭ.

— تۈنۈگۈن، — دېدى جۇ يۈي، — ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىنى كۆزەتتىم، ناھايىتى ياخشى قۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا سەل

قاراپ تېگىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئويلاپ بىر تەدبىر تاپتىم، بولۇش ـ بولماسلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ئۆزلىرىنىڭ بىرەرتە قارار بېرىشلىرىنى سورايمەن.

— تۇتۇق جانابلىرى! تورۇپ تۇرسىلا، — دېدى جۇگې لياڭ، — ھەر ئىككىمىز ئالقىنىمىزغا يېزىپ باقسىلى، ئوخشامدۇ، يوقمۇ؟

جۇ يۈي ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قەلەم ـ دۇۋەت ئېلىپ كەلتۈردى، ئاۋۋال ئۆزى يوشۇرۇن يېزىپ، قەلەمنى جۇگې لياڭغا بەردى، جۇگې لياڭ ھەم يوشۇرۇنچە يازدى. ئىككىسى يېقىنلىشىپ ئولتۇردى، ئالقانلىرىنى ئېچىشىپ قاراپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە جۇ يۈي ئالقىنىغا «ئوت» دېگەن خەتنى يازغانىدى، جۇگې لياڭنىڭ ئالقىنىدىكى خەتمۇ «ئوت» ھەرپى ئىدى.

— ئىككىمىزنىڭ قارىشى ئوخشاش ئىكەن، ئىككىلىنىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، بۇنى ئاشكارا قىلىپ قويمايلى، — دېدى جۇ يۈي.

— بىز ئىككىلا تەرەپنىڭ ئورتاق ئىشىمىز تۇرسا، ئاشكارا قىلىپ قويامدىكەن؟ ساۋ ساۋ گەرچە مېنىڭ بۇ تۈزۈقىمغا ئىككى قېتىم چۈشكەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە چوقۇم تەييارلىقى يوق دەپ ئويلايمەن. بۇ تەدبىرنى قوللىنىۋەرسىلە بولىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

مەيخورلۇقتىن كېيىن تارقاشتى. پالۋانلار بۇ قاراردىن خەۋەرسىز قالدى.

بىكاردىن ـ بىكارغا 15 — 16 تۈمەن ئوقيا ئوقى چىقىم بولغىنى ئۈچۈن ساۋ ساۋ ئىنتايىن خاپا بولدى.

— جياڭدۇڭدا جۇ يۈي بىلەن جۇگې لياڭ ئىككىسى ئۇستىلىق بىلەن ئىش كۆرۈۋاتىدۇ، ئالدىراپ تارمار قىلىش قىيىن؛ كۈنچىقىش ۋۇغا ئەل بولغان قىلىپ ئادەم ئەۋەتىلى، ئايغاقچىلىق قىلىپ، ئىچىدە تۇرۇپ ھەمدەم بەرسۇن، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرۇپ ئاندىن تارمار قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى شۇن يۇ.

— بۇ سۆزىڭىز مېنىڭ ئويۇمغا مۇۋاپىق، — دېدى ساۋ ساۋ، — سىزنىڭچە قوشۇنىمىزدا كىم بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالار؟

— سەي ماۋ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ بارى قوشۇندا، سەي جۇڭ، سەي خې ھازىر قوشۇندا ياردەمچى سەركەردە بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. جانابلىرى ئۇلارغا ياخشى ئىلتىپات كۆرسىتىپ، كۆنچىقىش ۋۇغا ئەل بولغان قىلىپ ئەۋەتسىلە، گۇمانلانماسلىقى چوقۇم، — دېدى شۇن يۇ.

ساۋ ساۋ قوبۇل كۆردى، شۇ كۈنى كېچىسى ئىككىيلەننى چېدىرغا مەخپىي چاقىرتىپ:

— ئىككىڭلار ئازراق لەشكەر ئېلىپ، ئەل بولدۇق دەپ كۈنچىقىش ۋۇغا بارىسىلەر، ئۇياقتا بىرەرتە ھەرىكەت بولىدىكەن، ئادەم ئارقىلىق مەخپىي مەلۇم قىلىسىلەر. ئىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، سىلەرنى ياخشى تارتۇقلايمەن، ئالا كۆڭۈل بولماڭلار! — دېدى.

— بالا - چاقىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى جىڭجۇدا تۇرسا، قانداق قىلىپ بەتنىيەتلىك قىلارمىز، باش ۋەزىر جانابلىرى گۇمان قىلمىغايلا. بىز ئىككىمىز چوقۇم جۇ يۈي بىلەن جۇگې لياڭنىڭ بېشىنى ئېلىپ، جانابلىرىغا تەقدىم قىلىمىز، — دېدى ئىككىسى.

ساۋ ساۋ ئۇلارنى ئوبدان تارتۇقلىدى. ئەتىسى سەي جۇڭ بىلەن سەي خې ئىككىسى 500 لەشكەر ئېلىپ، بىرنەچچە كېمە بىلەن شامالنىڭ يۆنىلىشى بويلاپ تۆۋەن قىرغاققا يېتىپ كېلىشتى.

جۇ يۈي دەل يۈرۈش تەرتىپلىق كېڭەشتە ئىدى، بىردىنلا نۆكەرلەر كىرىپ:

— دەريانىڭ يۇقىرىدىن بېرىنەچچە كېمە كەلدى، سەي ماۋنىڭ ئىنىسى سەي خې، سەي جۇڭ بولىمىز، ئەل بولۇپ كەلدۇق دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

جۇ يۈي ئۇلارنى چېدىرغا چاقىرتىپ كۆرۈشتى. ئىككىيلەن يىغلىغان ھالدا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئاغىمىز ئەيىبسىزلا مۇناپىق ساۋ ساۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىككىمىز ئاغىمىزنىڭ قىساسىنى ئېلىش مەقسىتىدە، ئالاھىدە ئەل بولۇپ كەلدۇق. خىزمەتلىرىگە كىرىپ تۇرشاۋۇل قىسىمدا بولۇشنى ئىلتىماس قىلىمىز، — دېدى.

جۇ يۈي ناھايىتى خۇشال بولدى، ئىككىيلەنگە ياخشى ئىنئام بەردى، ئۇلارنى شۇئان لەشكەرلىرى بىلەن گەن نىڭگە قوشۇپ تۇرشاۋۇل قىسىمغا تەيىنلىدى. ئىككىسى تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئۇلارچە جۇ يۈينى تۇزاققا چۈشتى دەپ ئويلىدى. جۇ يۈي گەن نىڭنى يوشۇرۇن چاقىرتىپ:

— ئىككىيلەن راست ئەل بولغان بولسا، بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپلا كېلەتتى، بۇلار ساۋ ساۋنىڭ ئايغاقچىلىرى. مەن ئەمدى ھىيلىدىن پايدىلىنىپ ھىيلە ئىشلىتىمەن، مەلۇمات يوللاۋەرسۇن. سىز ياخشى كۈتۈڭ ـ دە، ئېچكى جەھەتتە ئېھتىيات قىلىڭ. يۈرۈش كۈنى بولغاندا، ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ بايراق قۇربانلىقى قىلىمىز. زىنھار ئېھتىيات قىلىڭ، چېنىپ قالمىسۇن، — دەپ تاپشۇرۇق بەردى.

گەن نىڭ بۇيرۇقنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. لۇ سۇ كىرىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

— سەي جۇڭ، سەي خېلارنىڭ ئەل بولۇشى ھىيلىمىكىن، قوبۇل قىلماسلىق كېرەك، — دېدى.

— ساۋ ساۋ ئۇلارنىڭ ئاكىسىنى ئۆلتۈردى، — دېدى جۇ يۈي كايىغان ھالدا، — ئىنتىقام ئالىمىز دەپ ئەل بولۇپ كەلسە، قانداق قىلىپ ھىيلە دېگىلى بولىدۇ؟ سىلى مۇنداق تولا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۇمانخورلۇق قىلىدىغان بولسىلا، ئەلدىكى بىلىملىك كىشىلەرنى قانداق جەلپ قىلالايدىلا؟

لۇ سۇ ئىندىمەستىن چىقىپ كەتتى، جوگې لياڭغا بىرىپ ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى. جوگې لياڭ كۈلدىيۇ، بىرنەرسە دېمىدى.

— جوگې لياڭ! نىمىشقا كۈلىدىلا؟ — سورىدى لۇ سۇ.

— مەن سىلىنىڭ جۇ يۈيىنىڭ ھىيلىسىنى چۈشەنمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن كۈلۈۋاتىمەن، — دېدى جوگې لياڭ، — چولڭ دەريا ئارىنى بۆلۈپ تۇرغاچقا، ئايغاقچىلار ئۆچۈن باردى ـ كەلدى قىلىش قىيىن بولىدۇ. ساۋ ساۋ سەي جۇڭ، سەي خېنى ساختىا ئەل بولغان قىلىپ ئەۋەتىپ، قوشۇنىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولماقچى. جۇ يۈي بولسا ئۇنىڭ ھىيلىسىدىن پايدىلىنىپ ھىيلە ئىشلەتمەكچى ـ دە، ئۇلار ئارقىلىق ياۋ تەرەپكە خەۋەر يەتكۈزمەكچى. جەڭنىڭ بىرى جەڭ. توققۇزى رەڭ بولىدۇ، جۇ يۈينىڭ قىلغان ئىشى توغرا.

لۇ سۇ ئەمدىگىنە چۈشەندى.

جۇ يۈي بىرىم كېچىدە چېدىردا ئولتۇراتتى، بىردىنلا خۇاڭ گەي جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى.

— بىرىم كېچىدە كېلىپ قاپتىلا، ماڭا بىرىدىغان ياخشى مەسلىھەتلىرى بولۇشى چوقۇم، — دېدى جۇ يۈي.

— ياۋ كۆپ، بىز ئاز، ئىشنى ئۇزۇنغا سوزۇش مۇۋاپىق بولماس، نىمىشقا ئوت بىلەن تېگىش قىلمايمىز؟ — دېدى خۇاڭ گەي.

— كىم سىلىنى بۇ مەسلىھەتنى بەرگىن دېدى؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— ئۆز پىكرىم، باشقا بىراۋ بەرگىنى يوق، — دېدى خۇاڭ گەي.

— مەن ھەم شۇنداق ئويلىغىنىم ئۈچۈن، ئەتەي ئۇ تەرەپكە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ساختىا ئەل بولۇپ كەلگەن سەي جۇڭ، سەي

خېلارنى ئېلىپ قالغانىدىم، ئىستىكى، مېنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە ساختا ئەل بولۇپ بېرىشقا بىرەر كىشى چىقمايۋاتىدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

— بۇ ئىشنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي.

— بىر ئاز دەرد - ئەلەم تارتمىسىلا، قارشى تەرەپ قانداق ئىشىنىدۇ؟

— مەن سۇن ئائىلىسىنىڭ زور ئىلتىپاتىنى كۆرگەنمەن، بۇلار ئۈچۈن بېشىم تېنىمدىن جۇدا بولسىمۇ رازىمەن، — دېدى خۇاڭ گەي.

— ئەگەر جانابلىرى بۇ جىسمانىي ئازاب ھېيلىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالىسىلا، — دېدى جۇ يۈي تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ھالدا، — جياڭدۇڭنىڭ مەڭگۈ سائادەتلىك بولاتتى.

— بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق، — دېدى خۇاڭ گەي ۋە جۇ يۈي بىلەن خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى جۇ يۈي ناغرا چالدۇرۇپ ھەممە پالۋانلارنى چېدىرىغا يىغدى. جۇگې لياڭمۇ ئولتۇرۇشتا بولدى.

— دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىڭلار! — دېدى جۇ يۈي، — ساۋ ساۋ 100 تۈمەن قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، 300 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق يەرگە قارارگاھ قۇردى، ياۋنى بىر كۈندىلا يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈن ھەممە پالۋانلارنىڭ ئۈچ ئايلىق ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەرنى ئېلىپ، ياۋغا قارشى مۇداپىئەدە تەييار تۇرۇشۇڭلارنى بۇيرۇيمەن.

سۆز تېخى تۈگىمەستىنلا خۇاڭ گەي ئالدىغا ئۆتۈپ:

— ئۈچ ئايلىق ئەمەس، 30 ئايلىق ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك بەرگەندىمۇ، ھېچ نەرسىگە كار قىلمايدۇ! مۇشۇ ئايدا ياۋنى تارمار قىلىش كېرەك؛ مۇبادا بۇ ئايدا تارمار قىلالمايدىغان بولساق، جاڭ جاۋنىڭ سۆزىگە ئاساسەن

www.uyghurkitap.com

قوراللىرىمىزنى تاشلاپ، يۇقىرىغا ئەل بولۇشىمىز كېرەك، — دېدى.

— مەن جانابىي پاسىبانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، قوشۇنغا سەركەردىلىك قىلىپ ساۋ ساۋنى تارمار قىلىمەن، يەنە ئەل بولۇش ھەققىدە سۆزلىگۈچىلەر بولىدىكەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ دېگەنىدىم. بۈگۈن ئىككى قوشۇن روبىرو بولۇپ تۇرغان پەيتتە، لەشكەرلىرىمىزنىڭ مەنىۋى يېقىغا تەسىر يېتىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلدىڭىز. كاللىڭىز ئېلىنمايدىكەن، كۆپچىلىكنى بويسۇندۇرۇش قىيىن، — دېدى جۇ يۈي رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ كايىغان ھالدا.

— مەن، — دېدى خۇاڭ گەيمۇ غەزەپلەنگەن ھالدا، — سۈن سەركەردە بىلەن ھەر تەرەپكە بېرىپ، سۈن ئائىلىسىگە ئۈچ ئەسىلدىن بېرى خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ئۇ ۋاقىتلاردا سىز نەدە ئىدىڭىز؟

ناھايىتى غەزەپلەنگەن جۇ يۈي: «تېز ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ توۋلىدى.

— خۇاڭ گەي كۈنچىقىش ۋۇنىڭ پېشقەدەم خادىملىرىدىن، كەڭچىلىك قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى گەن نىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ مۇراجىئەت قىلىپ.

— سىز نېمە تولا گەپ قىلىپ، مېنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىمنى بۇزۇپ يۈرىسىز! — دەپ ئالدى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە گەن نىڭنى قالايمىقان كالتەكلىتىپ ھەيدەپ چىقارغۇزدى.

ھەممە ئەمەلدارلار تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— خۇاڭ گەينىڭ گۇناھى ئۆلۈمگە تېگىشلىك بولسىمۇ، ھازىر ئۇنى ئۆلتۈرۈش قوشۇنىمىزغا پايدىلىق بولماس. ئۇتتۇق جانابىلىرىنىڭ كەڭچىلىك قىلىشلىرىنى سورايمىز، ھازىرچە گۇناھىنى يېزىپ قويۇپ، ساۋ ساۋنى تارمار قىلغاندىن كېيىن

ئۆلتۈرسەكمۇ كەچلىك قىلماس، — دەپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالدى.

جۇ يۈينىڭ ئاچچىقى يانمىدى، ئەمەلدارلار چىڭ تىلەپ تۇرۇۋالدى.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلدىم، بولمىسا چوقۇم كاللىسىنى ئالاتتىم! ھازىرچە ئۆلۈمدىن قالدۇرۇلسۇن! — دېدى جۇ يۈي ئەتراپىدىكىلەرگە. ئاندىن ئۇ خۇاڭ گەينى ياتقۇزۇپ، دۈمبىسىگە 100 تاياق ئۇرغۇزۇپ جازالىماق بولدى. ئەمەلدارلار يەنە تىلەپ تۇرۇۋالدى. جۇ يۈي ئالدىدىكى جوزىنى ئۆرۈۋېتىپ ئەمەلدارلارنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپ، خۇاڭ گەينى ئۇرۇڭلار دەپ ۋارقىرىدى. خۇاڭ گەينىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ يەرگە ياتقۇزدى، 50 تاياق ئۇرغاندىن كېيىن، ئەمەلدارلار يەنە تىلەپ تۇرۇۋالدى.

— مېنى كۆزۈڭگە ئىلماسقا نېمە ھەددىڭ! ھازىرچە 50 تاياق خاتىرىدە قالسۇن، يەنە ئەدەپسىزلىك قىلىدىكەنسەن، ئىككى جازانى بىراقلا بېرىمەن، — دېدى جۇ يۈي قولى بىلەن خۇاڭ گەينى نوقۇپ تۇرۇپ ۋە ئاچچىقى بىلەن چېدىرغا كىرىپ كەتتى.

ئەمەلدارلار خۇاڭ گەينى يۆلەشتۈرۈپ ئورنىدىن قوپۇرۇپ قويدى، تاياقنىڭ زەربىسىدىن بەدىنى تىتىلدى، قان ئېقىپ تۇردى، باشقىلار ئۇنى يۆلىگەن پېتى ئۆز قارارگاھىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇ بىرقانچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ قالدى. ئەھۋال سوراپ كەلگەنلەردىن يىغلىمىغانلار قالمىدى. لۇ سۇمۇ ھال - ئەھۋال سوراپ كەلدى، ئاندىن ئۇ يەردىن جۇگې لياڭ تۇرغان كېمىگە كەلدى.

— بۈگۈن، — دېدى لۇ سۇ، — جۇ يۈي خاپا بولۇپ، خۇاڭ گەينى جازاغا تارتتى، مەن ۋە باشقىلار ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ رايىغا باقماي قاتتىق تۇرۇپ تىلۈۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق؛ سىلى مېھمان بولۇپ تۇرۇقلۇق بىرەر ئېغىز سۆز قىلماستىن، تاماشا قىلىپ قاراپ

ئۆردىلىيا؟

— لۈ سۇ، مېنى ئالدىمىسىلا! — دېدى كۈلۈپ جۇگې لياڭ.

— تەقسىر! — دېدى لۈ سۇ، — سىلى بىلەن دەريادىن ئۆتكىنىمىزدىن بېرى، بىرەرتە ئىشتىمۇ سىلىنى ئالدىمىغانىدىم، نېمىشقا مۇنداق دەيدىلا؟

— لۈ سۇ! بۈگۈن جۇ يۈينىڭ خۇاڭ گەينى كالتەكلىشى ھىيلە. بۇنى بىلمەمدىلا؟ مەن قانداق قىلىپ ئارىلىشىمەن؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

لۈ سۇ ئەمدى چۈشەندى.

— جىسمانىي ئازابلاش ھىيلىسىنى ئىشلەتمەي، ساۋ ساۋنى قانداق ئالدىغىلى بولىدۇ؟ ئەمدى خۇاڭ گەينى ساختا ئەل بولۇشقا بۇيرۇشى چوقۇم. بۇ ئىشنى سەي جۇڭ، سەي خې ئارقىلىق ساۋ ساۋغا يەتكۈزىدۇ. لۈ سۇ سىلى جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشكەنلىرىدە، مېنىڭ بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىمنى ئېيتمىسىلا، پەقەت جۇگې لياڭمۇ سىلىدىن رەنجىپتۇ دەپ قويسىلا، — دېدى جۇگې لياڭ.

لۈ سۇ خەيرلىشىپ چىقىپ، چېدىرغا كىرىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشتى.

— بۈگۈن نېمىشقا خۇاڭ گەينى قاتتىق ئۇرغۇزدىلا؟ — دەپ سورىدى لۈ سۇ.

— پالۋانلار نارازى بوپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— كۆپچىلىكى تەشۋىشكە چۈشۈپ بىئارام بوپتۇ.

— جۇگې لياڭ نېمە دەيدۇ؟

— ئۇمۇ تۇتۇقبەگ رەھىمسىزلىك قىلدى دەپ نارازىلىق بىلدۈردى، — دېدى لۈ سۇ.

— بۈگۈن ئۇنى ئالداپتىمەن، — دېدى خۇشال بولۇپ جۇ يۈي.

— قانداق دەيدىلا؟

— بۈگۈن خۇاڭ گەينى كالتەكلىتىشىم، ئۇ ساۋساۋغا ساختا



www.uyghurkitap.com

ئەل بولماقچى. جىسمانىي ئازابلاش ھېيلىسى بىلەن ساۋ ساۋنى ئىشەندۈرۈپ، ئاندىن ئوت بىلەن تېگىش قىلىماق، زەپەر قازانغىلى بولىدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

لۇ سۇ كۆڭلىدە جۇگې لياڭنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ھەيران قالدى، بۇنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

خۇاڭ گەي ئۆز چېدىرىدا ياتماقتا، پالۋانلار كېلىپ ھال - ئەھۋال سوراشماقتا ئىدى. خۇاڭ گەي بىر نەرسە دېمەيتتى، لېكىن ئېغىر تىنىپ قوياتتى. بىردىنلا مەسلىھەتچى كەن زې كەلدى دەپ خەۋەر قىلىشقانىدى، خۇاڭ گەي خىزمەتچىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆز قونالغۇسىدا قوبۇل قىلدى.

— جانابلىرى! تۇتۇق بىلەن ئاداۋەتلىرى بارمىدى؟ — دەپ سورىدى كەن زې.

— ياق، — دېدى خۇاڭ گەي.

— ئۇنداق بولسا، جانابلىرىنىڭ تاياق يېيىشلىرى جىسمانىي ئازابلاش ھېيلىسى ئىكەن - دە! — دېدى كەن زې.

— قەيەردىن بىلدىلە؟

— جۇ يۈينىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ، 80 — 90 پىرسەنت مۇشۇنداقمىكىن دەپ ئويلايمەن.

— مەن، — دېدى خۇاڭ گەي، — سۈن جەمەتىنىڭ ئۈچ ئەۋلادىدىن بېرى ياخشى كۈتۈلۈپ كېلىۋاتىمەن، ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرالمىدىم. شۇڭلاشقا ساۋ ساۋنى تارمار قىلىشتا بۇ تەدبىرنى تەقدىم قىلدىم. مەن گەرچە ئازاب چەكسەممۇ، بۇنىڭغا رازىمەن. پۈتكۈل قوشۇنغا قاراپ چىقىۋىدىم، بىرەرتە ئىشەنچىلىك كىشى چىقمىدى، پەقەت جانابلىرىلا ۋىجدانلىق، سادىق بىر كىشى بولغانلىقلىرى ئۈچۈنلا، كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماستىن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلىۋاتىمەن، — دېدى خۇاڭ گەي.

— جانابلىرىنىڭ بۇ سۆزىنى ماڭا ئېيتىشلىرىدىن مەقسەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ساختا ئەل بولۇش ئۈمۈسىنى مەن ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچىمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى كەنزى.

دەرھەقىقەت شۇ نىيەتتە ئىدىم، بىلمىدىم قوبۇل قىلامدىكىن؟ — دېدى خۇاڭ گەي.

كەنزى بىجانىدىل قوبۇل قىلدى.

دەرھەقىقەت:

*بېگى ئۈچۈن جەسۇر پالۋان پىدا قىلدى جېنىنى،*
*ۋەتەن ئۈچۈن مەسلىھەتچى كۆرسەتتى يەكدىللىقىنى.*

كەنزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# قىرىق يەتتىنچى باب

## كەن زىبىنىڭ يوشۇرۇنچە ساختا ئەل بولۇشنامە تەقدىم قىلغانلىقى
## پاڭ تۇڭنىڭ زەنجىر چېتىق پەنتىنى ئۇستىلىق بىلەن كۆرسەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، كەن زىبىنىڭ يەنە بىر ئىسمى دې رۇن بولۇپ، ئۇ خۇيجى شەنيىنلىق ئىدى. ئۇ كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغانىدى، باشقىلارغا يالللىنىپ ئىشلىگەندىمۇ ئوقۇشنى تاشلاپ قويغان ئەمەس ئىدى، كىشىلەردىن كىتاب ئارىيەتكە ئېلىپ ئوقۇيتتى، كىتابنى بىرلا ئوقۇپ چىقسا ئۇنتۇپ قالمايتتى، ئۆزى ناتىق، ياشلىقىدىنلا تارتىپ يۈرەكلىك ئىدى، ھەتتا سۈن چۈەنگىمۇ مەسلىھەتچى بولغانىدى. ئۇنىڭ خۇاڭ گەي بىلەن كۆڭلى ناھايىتى يېقىن ئىدى. خۇاڭ گەي ئۇنىڭ سۆزمەن، يۈرەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى ساختا ئەل بولۇشنامە ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتمەكچى بولدى. كەن زې بىجاندىل قوبۇل قىلىپ:

— قەھرىمان ئەزىمەتلەر دۇنياغا كېلىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالمىسا، ئوت ـ چۆپتەك چىرىپ كەتمەمدۇ؟ جانابلىرى بېگىمىز ئۈچۈن، ۋۇجۇدلىرىنى بېغىشلىغان يەردە، كەمىنە كەن زىبلىرى ئەرزىمەس ھاياتىمنى ئاياپ قالاتتىممۇ؟ — دېدى.

خۇاڭ گەي ئورنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تەزىم قىلىپ تۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، بۈگۈنلا مېڭىپ كېتەي، — دېدى كەن زې.

— خەتنى يېزىپ تەييار قىلدىم، — دېدى خۇاڭ گەي. كەن زې خەتنى ئېلىپ، شۇ كېچىسى بېلىقچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، قېيىق بىلەن دەريانىڭ يۇقىرى قىرغىقىغا قاراپ يولغا راۋان بولدى. كېچىسى ئاسماننى يۇلتۇزلار قاپلىغانىدى. ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە، ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ سۇ قارارگاھىغا يېتىپ باردى. دەريادا ئۇنى قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان لەشكەرلەر تۇتۇۋېلىپ، كېچىلەپ ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى.

— ئايغاقچى بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— بىر گىنە بېلىقچىكەن، مەن كۈنچىقىش ۋۇنىڭ مەسلىھەتچىسى كەن زې بولىمەن، مۇھىم مەخپىي ئىش بىلەن كەلدىم دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى لەشكەرلەر. ساۋ ساۋ:

— باشلاپ كىرىڭلار! — دېدى. نۆكەرلەر كەن زېنى باشلاپ كىردى. قەندىل يورۇتۇپ تۇرغان چېدىردا، ساۋ ساۋ شىرەگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— سىز كۈنچىقىش ۋۇنىڭ مەسلىھەتچىسى تۇرۇپ، بۇ يەرگە نېمە ئىش قىلغىلى كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— كىشىلەر باش ۋەزىر ساۋ ساۋ دانىشمەنلەرگە تەشنا دېگەنىدى، ھازىر بېرىلگەن سوئال بۇ سۆزگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ھەي! خۇاڭ گەي خاتا ئويلاپتىكەن ـ دە! — دېدى كەن زې.

— مەن، — دېدى ساۋ ساۋ، — كۈنچىقىش ۋۇ بىلەن جەڭ قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، سىز ئۆزىڭىزچىلا بۇ يەرگە كېلىپسىز، نېمىشقا سورىماي؟

— خۇاڭ گەي كۈنچىقىش ۋۇ بېگىنىڭ ئۈچ ئەۋلادىغا خىزمەت قىلىپ كەلدى، بۈگۈن جۇ يۈي كۆپچىلىك پالۋانلار ئالدىدا ئۇنى قاتتىق ئۇرغۇزدى، دەردكە چىدىمىغان خۇاڭ گەي قىساس ئېلىش ئۈچۈن، باش ۋەزىر جانابلىرىغا مەن ئارقىلىق

ئالاھىدە ئەل بولۇشنامىسىنى ئەۋەتتى، خۇالڭ گەي بىلەن دوستلۇقىمىز بەك چىڭ بولغاچقا، مەخپىي خەتنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن كەلدىم، ئۆزلىرىنىڭ قوبۇل قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقلىرىنى بىلمەيمەن، — دېدى كەن زې.

— خەت قېنى؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

كەن زې خەتنى چىقىرىپ بەردى. ساۋ ساۋ لىپاپىنى ئېچىپ چىراغ يورۇقىدا ئوقۇشقا باشلىدى. خەتنىڭ مەزمۇنى قىسقىچە مۇنداق ئىدى:

كەمىنىلىرى خۇالڭ گەي سۇن غوجامنىڭ ناھايىتى چوڭ لۈتپى - ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئەسلىدە ۋاپاسىزلىق قىلماسلىقىم لازىم ئىدى. لېكىن بۈگۈنكى ۋەزىيەت ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتقاندا: جياڭدۇڭدىكى ئالتە ئايماق لەشكەرلىرى بىلەن مەركىزىي پادىشاھلىقنىڭ 100 تۈمەن قوشۇنىنى توسۇش، ئازغىنا لەشكەر بىلەن زور قوشۇنغا قارشى تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇنى پۈتۈن ئەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنىپ تۇرۇپتۇ. كۆنچىقىش ۋۇدىكى پالۋانلار، ئەمەلدارلار، مەيلى دانىشمەنلەر ۋە ئاۋام بولسۇن ھەممە بۇنى بىلگەن يەردە. يالغۇز جۇ يۈيلا ئەقىلسىزلىق، جاھىللىق قىلىپ، ئۆزىنى ئىستىبداتلىق ھېسابلاپ، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ گۇناسىزلارنى جازالاۋاتىدۇ، ئۇنىڭدا خىزمەت يەتكۈزگەنلەرنى تارتۇقلاش يوق. مەن خۇالڭ گەي كونا خادىملاردىن بولساممۇ، سەۋەبسىز خورلىغىنى ئۈچۈن، يۈرىكىمدىن ئۇنى يامان كۆرۈپ قالدىم، باش ۋەزىر جانابلىرىنى ئىلىم ئەھلىلىرىنى چىن كۆڭلىدىن قارشى ئالىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم؛ كەمىنە خۇالڭ گەيلىرى پۈتۈن لەشكەرلىرىم بىلەن ئەل بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خىزمەت يەتكۈزۈپ، نومۇسىنى ئاقلىماقنى ئىزدەيمەن. ئۇزۇق - تەمىنات، قورال‌لار كېمە بىلەن بىرگە تەقدىم قىلىنىدۇ. قانلىق يېشىمىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ۋەدە بېرىمەن، ھەرگىز گۇمان قىلمىغايلا.

ساۋ ساۋ خەتنى ئون نەچچە قېتىم تەكرارلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن، بىردىنلا شىرەنى ئۇرۇپ كۆزىنى چەكچەيتىپ غەزەپ بىلەن:

— خۇالىڭ گەي جىسمانىي ئازاب ھىيلىسى بىلەن، سىز ئارقىلىق ئەل بولۇشنامە ئەۋەتىپ، ئوتتۇرىدىن ئىش چىقارماقچى. مېنى ئەخمەق قىلماقچىمىكەن تېخى! — دېدى - دە، ئەتراپتىكى نۆكەرلىرىگە كەن زېنى ئاچىقىپ بېشىنى ئېلىشقا بۇيرۇق بەردى.

نۆكەرلەر كەن زېنى ئېلىپ ماڭغاندا كەن زې چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئاسمانغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ساۋ ساۋ قايتۇرغۇزۇپ تۇۋلىغان ھالدا:

— نەيرەڭلىرىڭلارنى بىلىۋالدىم، نېمە سەۋەبتىن كۈلىسىز؟ — دېدى.

— مەن سىلىگە كۈلمىدىم، — دېدى كەن زې، — خۇالىڭ گەيىنىڭ ئادەم تونۇمىغانلىقىغا كۈلۈۋاتىمەن.

— كىمنى تونۇماپتۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— ئۆلتۈرىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۆلتۈرسىلە، تولا گەپ سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى! — دېدى كەن زې.

— مەن كىچىكىمدىن تارتىپ، — دېدى ساۋ ساۋ، — لەشكەر ماھارىتى توغرىسىدىكى كىتابلارنى پىششىق ئوقۇپ، نەيرەڭ ئۇسۇللىرىنى ياخشى بىلىۋالغانمەن، بۇ ھىيلىڭىز بىلەن باشقىلارنى ئالداڭ، مېنى ئالدىيالمايسىز!

— خەتتىكى قايسى ئىش ھىيلە ئىكەن، دەپ باقسىلا قېنى؟ — دېدى كەن زې سوئال قويۇپ.

— ئۆلسىڭىزمۇ نارازىلىق بىلدۈرمەسلىكىڭىز ئۈچۈن، سىزنىڭ دىققەتسىزلىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرىمەن: سىز چىن كۆڭلىڭىزدىن ئەل بولۇش نىيىتىنى ئېلىپ كەلگەن بولسىڭىز، نېمىشقا ۋاقىت توختاتمايسىز؟ قېنى بۇنىڭغا قانداق سەۋەب كۆرسىتىسىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

كەن زې بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ھېچ تارتىنماستىن لەشكەر ماھارىتى توغرىسىدىكى كىتابلارنى پىششىق ئوقۇغانمەن، دەپ ماختىنىسىلا تېخى! لەشكەرلەرنى يىغىشتۇرۇپ تېزرەك كېتىۋالسىلا! ئەگەر ئۇرۇش بولىدىكەن، جۇ يۈيگە تۇتقۇن بولۇشلىرى چوقۇم! ھېچنېمىنى بىلگۈچىلىكى يوق ئىكەن! ئىسىت، ئۆتە ساپالىق سىلىنىڭ قوللىرىدا ئۆلىدىغان بولدۇم! — دېدى.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— پەم - ئەقىللىرى يوق ئىكەن. داۋلىي ئۇقمايدىكەنلا، شۇڭا دەيمەن! — دېدى كەن زې.

— مېنىڭ خاتالىقىمنى دەپ بېقىڭا قېنى؟

— سىلى ئىلىم ئەھلىلىرىگە لايىق مۇئامىلىدە بولمىدىلا، سۆز قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ئۆلۈشۈم كېرەك، — دېدى كەن زې.

— سۆزىڭىز ئاساسلىق بولىدىكەن، تەبىئىي قايىل بولىمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— «خوجىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئوغرىلىق قىلغۇچىلار مۆھلەت بەلگىلىمەسلىكى كېرەك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئەگەر بۈگۈن كۈن - مۇددەت بەلگىلەپ قويۇلسا، ۋاقتى كەلگەندە ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالغان ھالەتتە، ئىش چوقۇم پاش بولۇپ قالىدۇ. ئىشنى قولاي پەيتىگە قاراپ قىلىش كېرەك، ئالدىن ۋاقىت بەلگىلەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەي، ياخشى ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىلا، بۇ نادانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولماي نېمە؟ — دېدى كەن زي.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، ئورنىدىن چۆشۈپ تەشەككۈر بىلدۈرگەن ھالدا:

— مۇئاپ قىلىڭ، مەن ئەھۋالنى چۈشەنمەي، خاتالىشىپ جانابىڭىزغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن. كۆڭلىڭىزگە ئالمىغايسىز، — دېدى.

— گۆدەك بالا ئاتا ـ ئانىسىغا ئىنتىزار بولغاندەك، خۇالڭ گەي بىلەن كەمىنىلىرى چىن يۈرەكتىن ئەل بولماقچىمىز، قانداق قىلىپ ساختىپەزلىك بولسۇن؟ — دېدى كەن زي.

— ئەگەر ئىككىڭىزلار زور خىزمەت يەتكۈزۈشىدىغان بولسىڭىزلار، كەلگۈسىدە چوقۇم باشقىلاردىن يۇقىرى ئۇنۋانلارغا سازاۋەر بولىسىزلەر، — دېدى ناھايىتى خۇشال بولغان ساۋ ساۋ.

— كەمىنىلىرى ئۇنۋان ۋە ئىنئام ئۈچۈن كېلىۋاتقىنىمىز يوق، تەقدىر ـ قىسمەتكە لايىق ئىش قىلىۋاتىمىز، — دېدى كەن زي.

ساۋ ساۋ كەن زىنى مەي بىلەن مېھمان قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بىراۋ چېدىرغا كىرىپ، ساۋ ساۋنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى.

— خەتنى بېرىڭ، كۆرۈپ باقاي، — دېدى ساۋ ساۋ.

ئۇ ئادەم مەخپىي خەتنى تاپشۇردى، خەتنى ئوقۇپ ساۋ ساۋنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، كەن زي: «بۇ چوقۇم سەي جۇڭ، سەي خېنىڭ خۇاڭ گەينىڭ جازالانغىنى توغرىلىق ئەۋەتكەن مەلۇماتى بولۇشى كېرەك، ساۋ ساۋ بىزنى راست ئەل بولدى دەپ خۇشال بولدى» دەپ ئويلىدى.

— تەقسىر، سىزنى ئاۋارە قىلسام يەنە جياڭدۇڭغا بېرىپ، خۇاڭ گەي بىلەن دەريادىن ئۆتۈش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ، ئالدىن خەۋەر قىلغان بولسىڭىز، مەن لەشكەرلىرىم بىلەن بولۇشۇشقا بارسام، — دېدى ساۋ ساۋ.

— مەن جىياڭدۇڭدىن چىقىپ كەتتىم، يەنە بارسام بولماس، باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ باشقا ئىشەنچلىك كىشى ئەۋەتىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى كەن زې.

— ئەگەر باشقا ئادەم ئەۋەتسەك ئىشىمىز ئاشكارا بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن.

كەن زې ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر:

— ئەگەر بارسام ئۆزۈن تۇرۇپ قالماي باراي، ھازىرلا مېڭىپ كېتەي، — دېدى.

ساۋ ساۋ ئالتۇن، شايى گەزلىمىلەر ئىنئام قىلدى، كەن زې قوبۇل قىلمىدى، خەيرلىشىپ قارارگاھتىن چىقتى ـ دە، قېيىققا ئولتۇرۇپ يەنە جىياڭدۇڭغا قايتتى، خۇاڭ گەي بىلەن كۆرۈشۈپ يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى.

— جانابلىرى سۆزدە ئۇستىلىق قىلمىغان بولسىلا، مېنىڭ چەككەن ئازابىم بوشقا كەتكەن بولاتتى، — دېدى خۇاڭ گەي.

— بۈگۈن مەن گەن نىڭنىڭ قارارگاھىغا بېرىپ، — دېدى كەن زې، — سەي خې بىلەن سەي جۇڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلەي.

— ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، — دېدى خۇاڭ گەي.

كەن زې گەن نىڭنىڭ قارارگاھىغا كەلدى، گەن نىڭ قوبۇل قىلدى.

— سەركەردە سىلى تۈنۈگۈن خۇاڭ گەينى تىللىۋالىمەن دەپ، جۇ يۈيدىن ھاقارەت ئىشىتىۋالدىلا، مەن بەك ئېچىندىم، — دېدى كەن زې.

گەن نىڭ كۈلدىيۇ، جاۋاب بەرمىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا سەي خې، سەي جۇڭ كىرىپ كەلدى. كەن زې گەن نىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويدى، گەن نىڭ مەقسەتنى چۈشەندى ـ دە:

— جۇ يۈي ئۆزىنىڭلا ئىستىبداتىغا ئىشىنىپ، بىزنى پۈتۈنلەي كۆزگە ئىلمىدى. بۈگۈن ھاقارەتلەنگىنىم ئۈچۈن، ئەل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۈلگۈرەلمىدىم! — دېدى، سۆزىنى تۈگىتىپ، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، شىرەگە قولىنى ئۇرۇپ تۇۋلاپ كەتتى. كەن زىي يالغاندىن گەن نىڭنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېگەن بولدى، گەن نىڭ بېشىنى سىلىپ، بىرقانچە نۆۋەت ئېغىر تىنىپ جىم بولۇپ قالدى. سەي خې، سەي جۇڭلار كەن زىي بىلەن گەن نىڭنىڭ ئاسىيلىق نىيىتىنى بىلىپ قېلىپ، سۆز ئېلىپ باقماقچى بولۇشتى ـ دە:

— سەركەردە! نېمىشقا خاپا بولىسىلا؟ تەقسىر، سىلى نېمىگە ئېچىنىۋاتىدىلا؟ — دېيىشتى.

— بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى دەردنى سىلەر قايدىن بىلىسىلەر؟ — دېدى كەن زىي.

— ۋۇ بەگدىن يۈز ئۆرۈپ، ساۋ ساۋغا تەسلىم بولماقچىمۇيە؟ — دېدى سەي خې.

كەن زىي ئاتىرىپ كەتتى. گەن نىڭ قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ:

— ئىشىمىزنى بىلىپ قالدى، سىرىمىزنىڭ ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ، — دېدى.

— جاناب ھەربىرلىرى غەم قىلىشمىسىلا! — دېدى ئالدىرىغان ھالدا سەي خې بىلەن سەي جۇڭ، — بىزمۇ كۆڭلىمىزدىكىنى ئېيتايلى.

— قېنى، تېز ئېيتىڭلار، — دېدى گەن نىڭ.

— ئىككىمىزنى، — دېدى سەي خې، — ساۋ ساۋ جانابلىرى ئەل بولغان قىلىپ ئەۋەتكەن، ئەگەر ئىككىلىرىنىڭ بەيئەت قىلىش نىيەتلىرى بولىدىغان بولسا، بىز تونۇشتۇرىمىز.

— سۆزۈڭلار راستمۇ؟ — دەپ سورىدى گەن نىڭ.

— ئالداشقا نېمە ھەددىمىز؟ — دېدى ئىككىسى تەڭلا.

— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، تەڭرى ئاسانلىق بەرگىنى، — دېدى گەن نىڭ ساختا خۇشاللىق بىلەن.

— خۇاڭ گەي بىلەن سەركەردە جانابلىرىنىڭ ھاقارەتلەنگەنلىكلىرى توغرىسىدىكى ئىشنى بىز باش ۋەزىرگە مەلۇم قىلىۋەتتۇق، — دېدى سەي جۇڭ بىلەن سەي خې.

— مەن خۇاڭ گەينىڭ باش ۋەزىرگە ئەل بولۇپ يازغان خېتىنى ئاپىرىپ بەردىم، بۈگۈن بىللە ئەل بولۇش ھەققىدە گەن نىڭ بىلەن ئالاھىدە سۆزلەشكىلى كەلگەنىدىم، — دېدى كەن زې.

— مەرد ئەزىمەتلەر مادامىكى مەرىپەتلىك خوجايىنغا ئۇچراشسا، — دېدى گەن نىڭ، — چىن يۈرەكتىن ئەل بولۇشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن تۆتەيلەن بىرلىكتە ھەمداستىخان بولۇپ، يۈرەكتىكى سىرلىرىنى سۆزلەشتى. سەي خې، سەي جۇڭ شۇئان خەت يېزىپ: «گەن نىڭ بىز بىلەن بىرلىكتە ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىدىغان بولدى» دەپ ساۋ ساۋغا مەخپىي مەلۇم قىلىۋەتتى. كەن زې ئۆزى ئايرىم خەت يېزىپ، ئادەمى ئارقىلىق ساۋ ساۋغا مەخپىي يوللىۋەتتى. خېتىدە: خۇاڭ گەي بارماقچى بولغانىدى، ئېپىنى قىلالمىدى؛ قارا رەڭلىك پىل چىشى كەشتىلەنگەن بايراق قادالغان كېمە بارىدىكەن، ئەنە شۇ خۇاڭ گەينىڭ كېمىلىرىدۇر، دېيىلگەن.

ساۋ ساۋ ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پارچە خەت ئالغانلىقتىن، گۇمانلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى - دە، مەسلىھەتچىلەرنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى ۋە:

— جياڭدۇڭدا گەن نىڭ جۇ يۈي تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگىنى ئۈچۈن، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشنى خالايدىكەن؛ خۇاڭ گەي تاياق يېگەنلىكىدىن، كەن زېنى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى بىلدۈردى؛ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئىشىنىپ كېتەلمىدىم. كىم جۇ يۈينىڭ قارارگاھىغا بېرىپ، ھەقىقىي خەۋەرنى ئۇقۇپ

www.uyghurkitap.com

كېلەلەيدۇ؟ — دېدى.

— مەن، — دېدى جىياڭ گەن، — ئالدىنقى قېتىم كۈنچىقىش ۋۇغا قۇرۇق بېرىپ كەلدىم، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدىم، بەك خىجالەتتە مەن. بۈگۈن پىداكارلىق قىلىپ يەنە بىر بېرىپ، ھەقىقىي مەلۇماتلارنى توپلاپ، جانابلىرىغا مەلۇم قىلىشنى ئىزدەيمەن.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، جىياڭ گەننى شۇئان يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. جىياڭ گەن قېيىق بىلەن دەريانىڭ ئۆزەن قىرغىقىدىكى سۇ قارارگاھىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ ئادەم كىرگۈزدى. جۇ يۈي جىياڭ گەننىڭ يەنە كەلگىنىنى ئاڭلاپ بەك خوش بولۇپ:

— مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىم مۇشۇ كىشى ئارقىلىق بولىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن لۇ سۇنى چاقىرىپ:

— پاڭ تۇڭنى مېنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ـ مۇنداق ئىش قىلىپ بەرسۇن دەپ تەكلىپ قىلسىلا، — دەپ جېكىلىدى.

پاڭ تۇڭ ئەسلىدە شياڭياڭلىق بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى شى يۈەن ئىدى. پاراكەندىچىلىكتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە جياڭدۇڭغا كېلىپ تۇرۇپ قالغانىدى. لۇ سۇ جۇ يۈيگە تونۇشتۇرغىنىدا، پاڭ تۇڭ ۋاقتىدا كېلەلمەي كۆرۈشەلمىگەنىدى. جۇ يۈي ئاۋۋال لۇ سۇ ئارقىلىق پاڭ تۇڭدىن:

— ساۋ ساۋنى تارمار قىلىش ئۈچۈن قانداق تەدبىر ئىشلىتىش كېرەك؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

— ساۋ ساۋ قوشۇنىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، — دېدى پاڭ تۇڭ مەخپىي يوسۇندا لۇ سۇغا، — ئوت بىلەن تېگىش قىلىش كېرەك؛ لېكىن چوڭ دەريا يۈزىدە بىر كېمىگە ئوت تۇتاشسا، قالغان كېمىلەر ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىدۇ؛ بۇنىڭغا كېمىلەرنى «زەنجىر بىلەن چېتىپ قويۇش تەدبىرى» تەقدىم

قىلىپ، كېمىلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاندىن تېگىش قىلىنسا زەپەر قۇچقىلى بولىدۇ.

لۇ سۇ بۇنى جۇ يۈيگە كېلىپ ئېيتتى. جۇ يۈي بۇ مۇھاكىمىگە بەك قايىل بولدى ـ دە، لۇ سۇغا:

— بۇ ھىيلىنى پالاك تۇڭسىز بىز ئىشلىتەلمەيمىز، — دېدى.

— ساۋ ساۋ بەك قۇۋ ئادەم، ئۇ قانداق بارالىسۇن؟ — دېدى لۇ سۇ.

جۇ يۈي ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى، ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ھېچبىر پۇرسەت تاپالماي تۇرغان بىر پەيتتە، بىردىنلا مەلۇمچىلار جياڭ گەننىڭ يەنە كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. جۇ يۈي ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بىر تەرەپتىن ھىيلە ئىشلىتىش ھەققىدە پالاك تۇڭغا بۇيرۇق بەردى؛ بىر تەرەپتىن چېدىرنىڭ تۆرىگە چىقىپ ئادەملىرىگە جياڭ گەننى تەكلىپ قىلغۇزدى.

جياڭ گەن جۇ يۈينىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا چىقمىغىنىنى كۆرۈپ، گۇمان ۋە ئەندىشىگە چۈشتى، ئۇ كېمىسىنى قىرغاقنىڭ خالىيراق يېرىگە توختاتقۇزۇپ قويۇپ، قارارگاھقا كىرىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشتى.

— نېمىشقا مېنى شۇنچىۋالا بوزەك قىلىسىز؟ — دېدى چىرايىنى ئاچماي تۇرۇپ جۇ يۈي.

— مەن سىز بىلەن بولغان كونا بۇرادەرچىلىكىمىزنى ئويلاپ، سىز بىلەن ئالاھىدە مۇڭداشقىلى كەلسەم، نېمىشقا مېنى بوزەك قىلىسىز دەيسىز؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ جياڭ گەن.

— دېڭىزلار قۇرۇپ، تاشلار چىرىپ كەتكەندىمۇ مېنى ئەل قىلدۇرالمايسىز! ئالدىنقى قېتىم كونا قەدىردانلىقىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، سىز بىلەن يۇخادىن چىققۇچە ئىچىشىپ، بىللە ياتلى دەپ ئېلىپ قالسام، سىز مېنىڭ شەخسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەتلىرىمنى ئوغرىلاپ، خوشلاشماستىن كەتتىڭىز، بىرىپ ساق ساۋغا مەلۇم قىلىپ، سەي ماۋ بىلەن جالڭ يۈننى ئۆلتۈرگۈزدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىشىم ئەمەلگە ئاشمىدى. بۈگۈن يەنە تۇيۇقسىزلا كېلىپسىز، نىيىتىڭىز چوقۇم ياخشى ئەمەس! مەن ئەمدى كونا قەدىرداнلىقىمىزنىڭ خاتىرىسىنى قىلمايدىغان بولسام ئالاقىنى چورتلا ئۈزۈپ تاشلايتتىم! ئەسلىدە سىزنى ئۇ قاتقا ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەك ئىدى، بىراق مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئوغرى ساق ساۋنى يوقىتىمەن. مەقسىتىمنىڭ ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سىزنى قوشۇندا ئېلىپ قېلىشقا بولمايدۇ، — دېدى جۇ يۈي، ئاندىن نۆكەرلىرىگە، — جياڭ گەننى شىشەن تېغىدىكى ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، شۇ يەردە دەم ئالسۇن، ساق ساۋنى يوقىتىپ بولغىنىمدىن كېيىن، ئۇ قاتقا ئۆتسىمۇ كەچلىك قىلمايدۇ، — دېدى.

جياڭ گەن يەنە ئاغزىنى ئېچىپ بولغۇچىلىك جۇ يۈي ئىچكەركى چېدىرغا كىرىپ كەتتى. خىزمەتچىلەر ئات ئېلىپ كېلىپ جياڭ گەننى ئاتلاندۇردى، ئۇنى شىشەن تېغىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، خىزمىتىگە ئىككى نۆكەر تەيىنلەندى.

جياڭ گەن ئىبادەتخانىدا يالغۇزلۇقتا ئىچى پۇشۇپ، خاتىرجەم بولالمىدى. شۇ كېچىسى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، پۈتۈن ئاسماننى يۇلتۇز قاپلىغانىدى. جياڭ گەن ئۆزى يالغۇز ئىبادەتخانىدىن چىقتى، ئارقىدا كىتاب ئوقۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. جياڭ گەن قەدەم تاشلاپ ئۇنى ئىزدەشكە كىرىشتى، تاغ باغرىدىكى بىرقانچە كەپە ئۆيلەرگە كۆزى چۈشتى، ئۆينىڭ ئىچىدىن پالىلداپ چىراغ يېنىپ تۇراتتى. جياڭ گەن كېلىپ مارىۋىدى، قارىسا بىر ئادەم ئېسىقلىق قىلىچىنىڭ يېنىدا تۇرغان چىراغنىڭ ئالدىدا، سۇن زى بىلەن ۋۇ چىنىڭ لەشكىرىي ئىلىم توغرىسىدىكى كىتابىنى ئوقۇماقتا ئىكەن. جياڭ گەن:

«بۇ كارامەت ئادەم ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئىشىك قاقتى. ئۇ ئادەم ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى، ئۆزى ئۆزگىچە بىر ئادەم ئىكەن. جياڭ گەن ئىسىم ـ زاتىنى سورىۋىدى، ئۇ كىشى:

— ئىسىم ـ زاتىم پاڭ تۇڭ، يەنە بىر ئىسمىم شى يۈەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— چۈجە سۈمۈرغ خەلىپىتىم بولىسىلا يەنە؟ — دېدى جياڭ گەن.

— مەن شۇ.

— ئۆزۈندىن بېرى ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلايمەن، ھالا نېمىشقا بۇ خالىي جايدا ئىستىقامەت قىلىپ قالدىلا؟

— جۇ يۈي ئۆزىنىڭ ئىستېداتىنى يۇقىرى ھېسابلاپ، باشقىلار بىلەن چىقىشالمىغانلىقتىن، بۇ خالىي جايدا ئىستىقامەت قىلىشنى ئىختىيار قىلدىم. جانابلىرى، كىم بولىدىلا؟

— جياڭ گەن بولىمەن.

پاڭ تۇڭ جياڭ گەننى ئىبادەتخانىغا كىرىپ، بىللە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىشقا تەكلىپ قىلدى.

— جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىستېداتى بىلەن قەيەرگىلا بارسىلا، خۇش بولۇپ ئېلىنىدۇ. ئەگەر ساۋ ساۋغا خىزمەت قىلىشنى خالىسىلا، تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا تەييارمەن، — دېدى جياڭ گەن.

— مېنىڭمۇ ئۆزۈندىن بېرى جياڭدۇڭدىن كېتىش نىيىتى بار ئىدى، جانابلىرىدا مېنى تونۇشتۇرىدىغان نىيەت بولسا، بۈگۈنلا بىرلىكتە سەپەر قىلساق. كېچىكىپ قالساق، جۇ يۈي ئاڭلاپ چوقۇم زىيانكەشلىك قىلىدۇ، — دېدى پاڭ تۇڭ.

شۇنداق قىلىپ پاڭ تۇڭ كېچىچە جياڭ گەن بىلەن تاغدىن چۈشتى، دەريا ياقىسىغا كېلىپ، ئولتۇرۇپ كەلگەن كېمىنى تاپتى ـ دە، كېمىگە چۈشۈپ تېز ھەيدىتىپ دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا كەلدى. جياڭ گەن

www.uyghurkitap.com

ئالدى بىلەن كىرىپ كۆرۈشتى، يۇقىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ چۈجە سۇمۇرغ خەلىپىتىمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شەخسەن ئۆزى ئىستىقبالغا چىقىپ چېدىرغا باشلاپ كىردى، مېھمان ۋە ساھىبخان بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

— جۇ يۈي گۆدەك، ئۆزىنى ئالاتتىلىق ھېسابلاپ، ياخشى مەسلىھەتلەرنى قوبۇل قىلمايدىكەن، كەمىنە ساۋ ساۋلىرى ئۆزۈڭدىن بىرى جانابلىرىنىڭ ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلاپ كەلمەكتىمەن. بۈگۈن ئىلتىپات قىلىپتىلا، مەسلىھەت ـ تەلىم بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر جانابلىرىنى لەشكەر ئىشلىتىشكە ماھىر دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى پاڭ تۇڭ، — بۈگۈن لەشكەرلەر ئەھۋالىنى بىر كۆرسەم دەيمەن.

ساۋ ساۋ ئات تەييارلىتىپ، پاڭ تۇڭنى ئالدىن قۇرۇقلۇق قارارگاھىنى بىللە كۆزىتىشكە تەكلىپ قىلدى، پاڭ تۇڭ ساۋ ساۋ بىلەن ئاتلىق يانمۇيان ئېگىزلىككە چىقىپ قارىدى.

— شۇنداق، — دېدى ئەتراپقا قاراپ پاڭ تۇڭ، — لەشكەر تاغ يېنىدىكى ئورمانلىققا جايلاشقان، ئالدى ـ كەينىگە ئېتىبار بېرىلگەن، كىرىپ ـ چىقىشقا يول قويۇلغان، ھۇجۇمغا ئۆتۈش، چېكىنىش يوللىرىمۇ خىلى ئەپلىك جايلاشقان. سۇن زى، ۋۇ چى قايتىدىن تۇغۇلۇپ، سىما راڭجۇي* يەنە دۇنياغا كەلگەندىمۇ، شۇنچىلىك قىلغان بولاتتى.

— تەقسىر مېنى ماختىماي، يولىيورۇق كۆرسەتسىلە، — دېدى ساۋ ساۋ.

شۇنداق قىلىپ بىرلىكتە سۇ قارارگاھىغا كېلىپ بۇ يەرنىمۇ كۆزدىن كەچۈردى. قارىسا تۆۋەن تەرەپكە 24 دەرۋازا قويۇلۇپ،

---

* سىما راڭجۇي — جۇنجيۇ دەۋرىدە چى بەگلىكىدە ياشىغان ھەربىي ئالىم، ئىستراتېگ.

چوڭ ئۇرۇش كېمىلىرى قاتار تىزىلىپ قورغان قىلىنىپتۇ، ئۇچىغا كىچىك كېمىلەر توختىتىلىپتۇ، بېرىپ ـ كېلىشكە يول قويۇلۇپتۇ. كېمىلەرنىڭ يۈرۈش ـ توختاشلىرى رەتلىك ئىكەن.

— باش ۋەزىر جانابلىرى! لەشكەرلەرنى مۇنچىلىك ئىشقا سېپتىلا، ئامىلىرى بىكارغا ئارقالماپتىكەن، — دەپ كۆلدى پالڭ تۆلڭ ۋە دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىنى ئىشارەت قىلىپ، — ھەي جۇ يۈي يىگىت! ھەي جۇ يۈي يىگىت! ئاز كۈن ئىچىدە يوقىلىشىڭ چوقۇم، — دېدى. ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولدى. قارارگاھقا قايتىپ پالڭ تۆڭنى چېدىرغا تەكلىپ قىلدى، بىرلىكتە مەيۋازلىق قىلىپ، بىرلىكتە لەشكىرىي سەنئەت ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ كەتتى. پالڭ تۆلڭ ناتىقلىقىنى ئىشقا سېلىپ، قويۇلغان سوئاللارغا شارىلدىتىپ جاۋاب بەردى. ساۋ ساۋ قايىل بولۇپ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سەممىي كۆتتى.

— قوشۇندا ياخشى تېۋىپ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى مەست بولغان بولۇپ پالڭ تۆلڭ.

— نېمىگە ئىشلەتمەكچى؟

— سۇ لەشكەرلىرىدە كېسەللىك كۆپ ئىكەن، ياخشى تېۋىپلار ئارقىلىق داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى پالڭ تۆلڭ.

بۇ ۋاقىتتا ساۋ ساۋ قوشۇنىدا ھاۋا ياقماي، قۇسۇق كېسىلى پەيدا بولۇپ كېتىپ، ئۆلگەنلەرمۇ جىق ئىدى. ساۋ ساۋ بۇ ھەقتە غەمگە قالغانىدى.

— باش ۋەزىر! — دېدى پالڭ تۆلڭ يەنە، — سۇ لەشكەرلىرىنى ناھايىتى ياخشى تۈزۈم بىلەن تەرتىپلەپتىلا، ئەپسۇسكى يېتەرلىك بولمىغان. مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار، شۇنى قوبۇل قىلسىلا پۈتۈن سۇ لەشكەرلىرىنى كېسەللىكتىن ساقلاپ، بىمالال زەپەر قۇچتۇرالايدىلا.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، بۇ ئاجايىپ مەسلىھەتنى سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىش تارقىتىش

— چولڭ دەريادا سۇ گاھ ئۇلغىيىپ، گاھ ئازىيىپ تۇرىدۇ، ئۆزلۈكسىز شامال سوقۇپ، دولقۇن چىقىپ تۇرىدۇ. يۇقىرى تەرەپلىك لەشكەرلەر كېمىگە چۈشۈشكە ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، داۋالغۇشقا ئۇچراش بىلەن، ئاغرىپ قالىدۇ. ئەگەر چولڭ ـ كىچىك كېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى توغرىلاپ، 30 دىن ياكى 50 تىن تىزىپ باش ـ ئايغىنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ، ئۈستىگە كەڭ شال ياتقۇزۇلسا، ئادەملا ئەمەس، ئاتلارمۇ ماڭىدىغان بولىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە ئىشلىنىدىكەن، شامال، دولقۇنلاردا سۇ كۆتۈرۈلۈپ، چۈشۈپ تۇرسىمۇ، قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى پالڭ تۇڭ.

— تەقسىر! سىلىنىڭ ياخشى مەسلىھەتلىرىسىز كۈنچىقىش ۋۇنى قانداق تارمار قىلالىشىم مۇمكىن! — دېدى ئورنىدىن چۈشۈپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ھالدا ساۋ ساۋ.

— بۇ مېنىڭ يۈزە قارىشىم، باش ۋەزىر جانابلىرى! ئۆزلىرى ھۆكۈم قىلسۇرلەر، — دېدى پالڭ تۇڭ.

ساۋ ساۋ شۇئان قوشۇندىكى تۆمۈرچىلەرگە كېچىلەپ كېمىلەرنى زەنجىر بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويۇشقا بۇيرۇق بەردى. لەشكەرلەر بۇنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولۇشۇپ كەتتى.

بۇ ھەقتە كېيىنكى ئادەملەر مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەن:

*تېگىش قىلدى ئوت بىلەن چىبىبى جېڭىدا،*
*ئوخشىماسلىق يوق ئىدى قاراشلىرىدا.*
*بۇ يۈي قانداق يەتكۈزسۇن چولڭ ئەجىر ـ خىزمەت،*
*پالڭ تۇڭنىڭكى زەنجىر چېتىش بەتتى بولمىسا.*

پالڭ تۇڭ يەنە ساۋ ساۋغا:

— مېنىڭ قارىشىمچە جياڭدۇڭ ئەزىمەتلىرىنىڭ ئىچىدە جۇ يۈيدىن نارازى بولغانلار خېلى بار. مەن بېرىپ ئۇلارنى باش ۋەزىر جانابلىرىغا ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلاي. جۇ يۈي ھەمدەمسىز يەككە

قالغاندىن كېيىن، چوقۇم سىلىنىڭ قوللىرىغا چۈشىدۇ. جۇ يۈي يوقىتىلغاندىن كېيىن لىۇ بېي ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، — دېدى.

— تەقسىر! سىلى مۇشۇ ئىشتا چوڭ خىزمەت يەتكۈزىدىغان بولسىلا، مەن سىلىنى خانغا مەلۇم قىلىپ، ئۈچ ئۇلۇغ ۋەزىر قاتارىغا ئۆتكۈزىمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— مەن ئۇنۋان، بايلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ خالاسكارلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن. باش ۋەزىر جانابلىرى دەريادىن ئۆتكەنلىرىدىن كېيىن، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىپ، خەلقنى ئۆلتۈرمىسىگەيلا، — دېدى پاڭ تۇڭ.

— مەن تەڭرى يولىنى تۇتقان تۇرسام، قانداق قىلىپ خەلقنى قەتلىئام قىلىدىكەنمەن؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

پاڭ تۇڭ تەزىم قىلىپ ئۆز جەد - جەمەتلىرىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا يارلىق بېرىشنى سورىدى.

— تەقسىر! بالا - چاقىلىرى نەدە تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— دەريا بويىدىلا. يارلىق بولسىلا، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، — دېدى پاڭ تۇڭ.

ساۋ ساۋ يارلىق يازدۇرۇپ، ئىمزا قويۇپ پاڭ تۇڭغا تۇتقۇزدى.

پاڭ تۇڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— مەن كەتكەندىن كېيىن، تېز يۈرۈش قىلسىلا، جۇ يۈي بىلىپ قالمىسۇن، — دېدى. ساۋ ساۋ «خوپ» دېدى.

پاڭ تۇڭ خەيرلىشىپ چىقىپ دەريا ياقىسىغا كېلىپ ئەمدى كېمىگە چىقاي دەپ تۇرۇۋىدى، بىردىنلا قىرغاقتا دەرۋىشلەرچە كىيىنگەن، بېشىغا بامبۇكتىن توقۇلغان باشلىق كىيگەن بىر كىشى پاڭ تۇڭنى تۇتىۋېلىپ:

— يۈرىكىڭىز نېمىدېگەن چوڭ - ھە! خۇاڭ گەي جىسمانىي ئازاب يەتتى ئىشلەتسە، كەن زې ساختا ئەل بولۇش نامە

تاپشۇردى، سىز كېلىپ يەنە زەنجىر چېتىق پەتنىنى كۆرسەتتىڭىز. كېمىلەرنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىمىز دەۋاتامسىز! سىلەرنىڭ بۇ قاتارلىق زەھەرلىك ئۇسۇللىرىڭلار ساۋ ساۋنى ئالدىيالىسىمۇ، مېنى ئالدىيالمايدۇ! — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پاڭ تۇڭنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتتى.

دەرھەقىقەت:

*ئېيتىدۇ كىم كۈنچىقىش تۇۋۇندە يوق دەپ ئۇسرەت،*
*دەيدۇ كىممۇ كۈنپېتىش يۇقىرىدا يوق دەپ ئەزىمەت.*

بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىق سەككىزىنچى باب

**ساۋ ساۋنىڭ چاڭجياڭدا مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزۈپ شېئىر ئوقۇغانلىقى**
**يۇقىرى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ كېمىلەرنى زەنجىر بىلەن چېتىپ قويۇپ، چېتىق كېمىلەر بىلەن جەڭگە چىققانلىقى**

ئەلقىسسە، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پاڭ تۇڭ چۆچۈپ كەتتى، تېزدىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، بۇ كونا دوستلىرىدىن شۈي شۇ ئىكەن، پاڭ تۇڭنىڭ كۆڭلى تىندى. ئۇ ئەتراپىغا قارىۋېلىپ كىشى بولمىغاندىن كېيىن:

— سىلى ئەگەر مېنىڭ پەنتىمنى ئېيتىپ قويىدىغان بولسىلا، بىكاردىن ـ بىكارغا جياڭنەننىڭ 81 ئايمىقىدىكى ئاھالىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىلا! — دېدى.

— بۇ يەردىكى 83 تۈمەن لەشكەرنىڭ ھاياتى قانداق بولىدۇ؟ — دېدى كۈلۈپ شۈي شۇ.

— راستىنلا مېنىڭ پەنتىمنى ئېيتىپ قويماقچىمۇ سىلى؟ — دېدى پاڭ تۇڭ.

— مەن، — دېدى شۈي شۇ، — خان تاغىسى لىيۇ بېينىڭ ناھايىتى زور ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانىدىم، لېكىن جاۋاب قايتۇرالمىدىم. ساۋ ساۋ ئانامنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدى، ئۆمۈر بويى ئۇنىڭغا بىرەرتە مەسلىھەت بەرمەسكە ۋەدە قىلغانمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇگۈن سىلى ئاغىمىزنىڭ ياخشى پەتىگە قانداق بۇزغۇنچىلىق قىلغۇم كېلىدۇ؟ پەقەت مەن قوشۇندا بىللە بولغىنىم ئۈچۈن، قوشۇن يېڭىلگەندىن كېيىن گۆھەر بىلەن تاش پەرق ئېتىلمەي قېلىپ، بالايىقازادىن قۇتۇلۇش قىيىن بولۇپ قالار دەپ ئويلايمەن، جانابلىرى مېنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلۇشۇم ئۈچۈن يولىيورۇق كۆرسىتۇرلەر، شۇندىلا مەن يىراقلارغا كېتىپ ساقلىنىمەن - دە، ئاغزىمنى ئېتىمەن.

— شۈي شۇ، سىلىگە ئوخشاش زېرەك، يىراقنى كۆرەر زاتلار ئۈچۈن مۇنچىلىك ئىش قوللىرىدىن كەلمەمدۇ؟ — دېدى كۈلۈپ پاڭ تۇڭ.

— تەقسىر! يولىيورۇق سورايمەن، — دېدى ئۆتۈنۈپ شۈي شۇ.

پاڭ تۇڭ شۈي شۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى. شۈي شۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. پاڭ تۇڭ شۈي شۇ بىلەن خوشلىشىپ، كېمە بىلەن جياڭدۇڭغا قايتتى.

ئەنە شۇ كۈنى كېچىسى شۈي شۇ يېقىن ئىشەنچلىك كىشىلىرى ئارقىلىق مەخپىي يوسۇندا ھەممە قارارگاھلارغا ئىغۋا تارقاتقۇزدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە قارارگاھلاردىكى لەشكەرلەر ئۈچتىن - بەشتىن بولۇشۇپ پىچىرلىشىشقا باشلىدى. بۇنى ئاللىقاچان ئايغاقچىلار ساۋ ساۋغا: «قوشۇن ئىچىدە شىلياڭ ئايمىقىدىكى خەن سۈي، ما تېڭلار يۈز ئۆرۈپ، شۈيچاڭغا تېگىش ئۈچۈن كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن سۆز تارىلىپ قالدى» دەپ مەلۇم قىلدى. ناھايىتى تەشۋىشلەنگەن ساۋ ساۋ دەرھال مەسلىھەتچىلەرنى كېڭەشكە چاقىردى ۋە:

— مەن قوشۇننى باشلاپ تۈۋەنگە يۈرۈش قىلغان بولساممۇ، خەن سۈي، ما تېڭلاردىن ئەندىشە قىلىپ كەلدىم. قوشۇنغا

تارالغان خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقى تېخى ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ، — دېدى.

سۆز تېخى تۈگە ـ تۈگىمەستىنلا، شۈي شۇ ئالغا ئۆتۈپ:

— جانابىي باش ۋەزىر! ئىلتىپات قىلىپ مېنى خىزمەتلىرىگە سالدىلا، ئەمما، مەن قىلچە خىزمەت يەتكۈزەلمىدىم. كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ سەنگۈەن قورۇلىنىڭ ئېغىزىنى توسۇشقا 3000 ئاتلىق لەشكەر سورايمەن، مۇبادا جىددىي ھالەت يۈز بېرىپ قالسا، يەنە مەلۇم قىلىمەن، — دېدى.

— ئەگەر سىلى بارىدىغان بولسىلا، خاتىرجەم بولىمەن، سەنگۈەن قورۇلىدىمۇ لەشكەر بار، ھەممىسى سىلىنىڭ ئىلكىلىرىدە بولسۇن. ھازىر ئاتلىق، پىيادە بولۇپ 3000 لەشكەر بېرەي، زالڭ با سەركەردە تۆرشاۋۇل بولسۇن، تەخىر قىلماي، كېچە ـ كۈندۈزلەپ سەپەر قىلىنسۇن، — دېدى خۇشال بولغان ساۋ ساۋ.

شۈي شۇ ساۋ ساۋ بىلەن خوشلىشىپ، زالڭ با بىلەن يولغا راۋان بولدى. بۇ پالڭ تۈگىنىڭ شۈي شۈنى قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرى ئىدى.

بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنۇ قوشاقنى پۈتكەنىدى:

*چۈشتى تەشۋىشكە تۈۋەنگە ئاتلىنىشقا ساۋ* ئىدۇم،*
*قوزغىلىش كويىغا چۈشتى ما** بىلەن خەن سۈيمۇ ھەم.*
*قۇتقۇزۇپ قالدى قىلىپ بىر جۈملە سۆز پالڭ تۈگىنى شۈي***،*
*قۇتۇلۇپ قالدى قاماقتىن سۆيلىغان بىلىق بۇدەم.*

ساۋ ساۋ شۈي شۈنى يولغا سالغاندىن كېيىن، كۆڭلى سەل خاتىرجەم بولدى ـ دە، ئاتلىنىپ ئالدى بىلەن دەريا بويىغا

---

* ساۋ — ساۋ ساۋ.
** ما — ما تېڭ.
*** شۈي — شۈي شۇ.

www.uyghurkitap.com

جايلاشقان قۇرۇقلۇق قارارگاھىنى، كېيىن سۇ قارارگاھىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئوتتۇرىسىغا «سەركەردە» لىك تۇغى قادالغان چوڭ كېمىگە چۈشتى. كېمىلەر ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلىپ تۇراتتى، كېمىگە 1000 چە كامانداز پىستىرما قىلىپ قويۇلغان، ساۋ ساۋ بولسا ئەنە شۇ كېمىدە ئىدى. بۇ ۋاقىت جيەنئەننىڭ 13 ـ يىلى قىش پەسلى، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىدى، ھاۋا ئوچۇق، سەل شامال چىقىپ تۇراتتى، دەريا تىپتىنچ ئاقاتتى. ساۋ ساۋ:

— چوڭ كېمىگە شاراب ھازىرلاپ سازەندىلەر كەلتۈرۈڭلار، بۈگۈن پالۋانلارنى يىغىپ مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزىمەن، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

كەچ كىرگەندە، ئاي كۈنچىقىش تاغدىن كۆتۈرۈلۈپ ھەممە يەرنى قۇياشتەك يورۇتۇۋەتتى. چاڭجياڭ دەرياسى خۇددى بىر ئاق شايى بەلۋاغقا ئوخشايتتى.

ساۋ ساۋ چوڭ كېمىدىن ئورۇن ئالدى، ئەتراپىدا بىرنەچچە يۈز نۆكەر تىزىلىپ تۇراتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىمخابتىن چاپان ـ پەشمەت كىيىپ، نەيزە، يالمان تۇتۇشقانىدى. قەلەمدار، ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلار ئۆز رەتلىرى بويىچە ئورۇن ئالدى.

ساۋ ساۋ ئالدىغا قاراپ سۇرەتتەك نەپىسگەن تېغىنى، كۈنچىقىش تەرەپتىكى سەيساڭ زېمىنىنى، كۈنپېتىش تەرەپتىكى شياكۇ يېنىدىكى دەريانى، تۆۋەن تەرەپتىكى فەنشەن تېغىنى، يۇقىرى تەرەپتىكى ۋۇلىننى كۆردى ـ دە، تۆت تەرەپتىكى كەڭ بىپايان دالىلاردىن ھۇزۇرلىنىپ كۆڭلى ئاچتى ۋە ئەمەلدارلارغا:

— مەن ھەققانىي قوشۇننى باشلاپ چىققىنىمدىن بېرى، ئەل ئۈچۈن، بۇزۇقلار بىلەن زىيانكەشلەرنى يوق قىلىشقا، پۈتۈن ئەلنى ئۇلاردىن تازىلاپ، تىنچلىق ـ ئاسايىشلىق ئورنىتىشقا بەل باغلىغانىدىم؛ ھالا جياڭنەننى تېخى ئىلكىمگە ئالالمىدىم. بۈگۈن

100 تۈمەن باتۇر لەشكەر، ھەرقايسىڭلارنىڭ جانپىدالىق ياردىمىڭلەرگە ئىگىمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق زەپەر قازىنالماي قالىمەنمۇ؟ جياڭنەننى ئالغاندىن كېيىن ئەل تىنچىيدۇ، ھەر بىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە پاراۋان - باياشات، تىنچ - ئاسايىشلىقتا ياشايمىز، — دېدى.

قەلەمدار، ئەمەلدار بەگ - سىپاھلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

— زەپەر مارشىنىڭ تېزرەك ئېيتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز ئۆمۈر بويى باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ دۆلەت سايىلىرىدە ياشايمىز، — دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، خىزمەتكارلارنى مەي - شاراب تۇتۇشقا بۇيرۇدى. ئىچكۈلۈك يېرىملىشاي دېگەندە، ساۋ ساۋ كەيپ بولدى - دە، تۆۋەن قىرغاقنى كۆرسىتىپ:

— جۇ يۈي، لۇ سۇ! زامانىنىڭ تەقەززاسىنى بىلمەيدىكەن. بەختكە يارىشا بۈگۈن ئەل بولغۇچىلار ئۇلار ئۈچۈن زور بالايىئاپەت بولۇپ قالدى، بۇ تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن مەدىتى، — دېدى.

— گەپ قىلمىسىلا! جانابىي باش ۋەزىر! — دېدى شۈن يۇ، — سىر پاش بولۇپ قالمىسۇن.

— بۇ ئولتۇرغان جانابلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىم تۇرسا، دېسەم نېمە بوپتۇ! — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ ساۋ ساۋ، يەنە شياكۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ھەي ليۇ بېي، جۇگې لياڭ! سىلەر ئۆمۈچۈكچىلىك كۈچۈڭلار بىلەن تەيشەن تېغىنى تەۋرەتمەكچى بولىسىلەر، بۇ ئەخمەقلىق! — دېدى، يەنە پالۋانلارغا قاراپ: — مەن بۇ يىل 54 ياشقا كىردىم، ئەگەر جياڭنەنگە ئىگە بولسام خۇشال بولاتتىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن چياۋگۇڭ بىلەن ياخشى دوست ئىدىم. ئۇنىڭ ساھىبجاماللىقتا ئەلدە تەڭدىشى يوق ئىككى قىزى بارلىقىنى بىلەتتىم. كېيىن سۈن تسې بىلەن جۇ يۈي بۇلارنى نىكاھىغا ئالدى. يېقىندا مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېگىدىن مىس قۇشقاچ مۇنارىسى ياساتتىم، ئەگەر جىياڭنەنگە ئىگە بولسام ئاچا - سىڭىل چىياۋلارنى ئېلىپ، مۇنارە ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈش مېنىڭ ئارزۇيۇمدۇر، — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.

تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان شائىرلاردىن دۇمۇزى بۇ ھەقتە مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەنىدى.

*سۇندى يالمان قالدى قۇمدا، يۇتمىدى تۆمۈر ئۇچى،*
*بولدى ئايان شۇ تۆمۈردىن خانىدانلىقنىڭ كۈچى.*
*چىقمىسا جو يۈيگە گەر شەرقىي شماللىق بىر يىگىت،*
*مىس مۇنارغا سولىنار ئۇ چياۋ خېنىملارنىڭ ئۆزى.*

ساۋ ساۋ دەل سۆزلەپ كۈلۈپ تۇرغان ۋاقىتتا، بىردىنلا تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاغىنىڭ قاق - قاق قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ قاغا، — دېدى ساۋ ساۋ، — نېمىشقا كېچىسى قىچقىرىدۇ؟

— ئاي يورۇقىنى كۆرگەن قاغىلار، تاڭ ئاتقانغا ئوخشايدۇ دەپ، دەرەختىن قوزغىلىپ قىچقىرغىنى، — دېيىشتى ئەتراپىدىكىلەر.

ساۋ ساۋ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ساۋ ساۋ مەست بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن، قولىغا ئۇزۇن دەستىلىك نەيزە ئېلىپ، كېمىنىڭ تۇمشۇقىغا كەلدى - دە، دەرياغا نەزىرمەي چېچىپ، يەنە تولدۇرۇپ ئۈچ جام ئىچىۋەتتى، ئۇ نەيزىسىنى توغرا تۇتتۇۋالغان ھالدا پالۋانلارغا قاراپ:

— مەن مۇشۇ نەيزە بىلەن سېرىق ياغلىقلىقلارنى يوقاتتىم، لۈي بۇنى تۇتتۇم، يۈەن شۇنى يوقاتتىم، يۈەن شاۋنى بويسۇندۇردۇم، يىراق شىمالغا بېرىپ لياۋدۇڭغا قەدەر كىردىم، ئەلنى ھەريان كەزدىم، ئەزىمەت - مەردلەرگە لايىق ئىش قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بۈگۈن بۇنىڭغا ناھايىتى ھاياجانلىنىپ قالدىم، مەن قوشاق ئېيتىمەن، سىلەر جۆر بولۇڭلار! — دېدى.

*مەي تۇتۇپ ئېيتسالى قوشاق بار نە ھاياتتا قىممىتى،*
*ئۇ ھايات ئۆتكەي قۇياشتا ئېرىگەن شەبنەم كەبى.*
*كەل قورساق، مەردانە بول! دىلدىن چىقىش تەس قايغۇ - غەم،*
*قايغۇنى پەشمەكچى بولسالى ئال ئېرىپ دۇكاڭغا دەم.*
*قاپقارا تونىنى كىيىپ يۈردۈم غىرامان ھەردەمى،*
*بار دىلىم مۇلكىدە تا ھازىرغىچە خانىنىڭ غېمى.*
*دالىدا يۈغا - مارال مومۇ قىلار ئۆتلاپ يۈرۈپ،*
*كۆتىمەن مېھمانلىرىمنى ئۇد چېلىپ، بالمان يۈرۈپ.*
*كېچىلىك ئاينىڭ نۇرى گوياكى سۈتتەك يالتىرار،*
*بۇ يورۇق نۇر يالتىراپ قاچانغىچە داۋام قىلار؟*
*قايغۇ - غەم چىقار يۈنىگدىن توختىتىش مۇمكىن ئەمەس،*
*قاتىرىدىم ھەر ياڭغا كۆپ، كەلدى ماكان تاپماقمۇ تەس.*
*مەرىكە - سورۇندا پاراڭلاشتۇق قەدىناسلار ئارا —*
*ئەسلىشىپ كونا ئەقىدە، مېھىر - شەپقەتنى ئازا.*
*ئاي يورۇق، يۇلتۇز شالاڭ، ئۇچتى سېغىزخان پەس ئامان،*
*ئەگمەدى ئۈچ رەت دەرەخنى تاپمىدى قونداق - ماكان.*
*تاغ ئېگىز، دەريا تېگى چوڭقۇر بولۇپ كەتسۇن ھامان،*
*قىلدى ئەل جۇڭگولۇق قەدىرلەپ ئەھلى دانىشنى شۇئان.*

قوشاق باشلانغاندىن كېيىن كۆپچىلىك جور بولدى، ھەممە كۈلۈشۈپ كەتتى. بىردىنلا ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئالدىغا ئۆتۈپ:

— باش ۋەزىر جانابلىرى! چوڭ قوشۇن روبىرو بولۇپ تۇرغان پەيتتە، لەشكەرلەر جانبازلىق قىلىدىغان ۋاقىتتا، نېمىشقا مۇنداق شۇم سۆزلەرنى قىلىدىلا؟ — دېدى.

ساۋ ساۋ نەزەر سالسا، بۇ ياڭجۇ ئايماقىنىڭ لىيۇ فۇ، يەنە بىر ئىسمى يۈەن يىڭ بولۇپ، پىي بەگلىكىنىڭ شياڭ دېگەن يېرىدىن ئىدى. لىيۇ فۇ خېفېيدا باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى، ئايماق

www.uyghurkitap.com

هاكىمىيىتىنى ئۆرنىتىپ، قاچقان ـ تارالغان ئاھالىنى يىغقان، بەكتەپلەر ئاچقان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن، مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرگەن، ئۆز ۋۇندىن بىرى ساۋ ساۋنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، كۆپ ئەجىر كۆرسەتكەنىدى.

— سۈزۈمنىڭ قايسى يېرى شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدۇ؟ — دەپ سورىدى نەيزىسىنى توغرا تۇتقان پېتى ساۋ ساۋ.

*ئاي يورۇق، يۇلتۇز شالاڭ، ئۇچتى سېغىزخان يەس ئامان،*
*ئەگىدى ئۈچ رەت دەرەخنى ئاپىمدى قونداق ـ ماكان.*

— بۇ مىسرالار شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدىغان مىسرالار، — دېدى ليۇ فۇ.

— مېنىڭ خۇشاللىقىمنى بۇزۇشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ ۋە بىر نەيزە ئۇرۇش بىلەن ليۇ فۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

ھەممە چۆچۈپ ھەيران بولدى، شۇنىڭ بىلەن مەرىكە ـ سورۇندىن تارقالدى. ئەتىسى، ساۋ ساۋ مەستلىكتىن ئويغانغاندىن كېيىن بەك پۇشايمان قىلدى. ليۇ فۇنىڭ ئوغلى ليۇ شى ئاتىسىنىڭ جەستىنى دەپنە قىلىش ھەققىدە ئىلتىماس قىلدى.

— مەن تۈنۈگۈن، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ ساۋ ساۋ، — مەستلىكىمدىن سەۋەنلىشىپ ئاتىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمەن، ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئۈچ ئۇلۇغ ۋەزىر قاتارىدا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۇلار بىلەن بىللە قويۇلسۇن.

جىنازىنى ساقلاپ ئۆزىتىپ بېرىش ئۈچۈن لەشكەرلەر ئاجرىتىپ، شۇ كۈنىلا جەسەتنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ ماڭدى.

ئىككىنچى كۈنى سۇ لەشكەرلىرىنىڭ تۇتۇقبېگى ماۋ جې، يۈي جىنلار چېدىرغا كىرىپ:

— چوڭ ـ كىچىك كېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى زەنجىر بىلەن

چېتىپ تەييار قىلدۇق، تۇغ، ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى تەييار. باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ يۇرۇش كۈنىنى بەلگىلەپ، ئىشقا سېلىشلىرىنى سورايمىز، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

ساۋ ساۋ سۇ لەشكەرلىرىنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ ئۇرۇش كېمىسىگە چىقىپ ئولتۇردى، ھەممە پالۋانلارنى بۇيرۇق ئاڭلاشقا بىر يەرگە يىغدى.

سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرى بەش خىل رەڭدىكى تۇغلار بويىچە بۆلۈندى: سۇ لەشكەرلىرىنىڭ سېرىق تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە ماۋ جې، يۈي جىنلار، قىزىل تۇغلۇق تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە جاڭ خې، قارا تۇغلۇق ھىماتچى قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە يۈي چيەن، كۆك تۇغلۇق سول قانات قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە ۋېن پىڭ، ئاق تۇغلۇق ئوڭ قانات قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە لۈي تۇڭلار بەلگىلەندى؛ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەرنىڭ قىزىل تۇغلۇق تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە شۈي خۇاڭ، قارا تۇغلۇق ھىماتچى قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە لى ديەن، كۆك تۇغلۇق سول قانات قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە يۆ جىن، ئاق تۇغلۇق ئوڭ قانات قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىگە شيا خۇيۇەنلەر تەيىنلەندى. سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرىگە ھەمدەم بېرىشكە شيا خۇدۇن بىلەن ساۋ خۇڭ، باردى - كەلدى ئىشلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىگە ۋە ئۇرۇش نازارەتچىلىكىگە شۈي چۇ، جاڭ لياۋلار تەيىنلەندى. قالغان شىرمەت - پالۋانلار ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ماڭىدىغان بولدى.

بۇيرۇق بېرىش تامام بولغاندىن كېيىن، سۇ لەشكەرلىرى قارارگاھىدىن ئۈچ قېتىم ناغرا چېلىندى، ھەربىر قىسىم جەڭ كېمىلىرى تېگىشلىك قوۋۇقلاردىن چىقتى. بۇ كۈنى كۈنپېتىش يۇقىرى شامىلى چىققاچقا، كېمىلەر تولۇق يەلكەن كېرىپ، كۈچلۈك دولقۇنلارنى يېرىپ، خۇددى ئۇز يەردىكىدەك ناھايىتى

سىلىق ماڭغانىدى. يۇقىرى تەرەپ لەشكەرلىرى كېمىلەردە ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلىپ، نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قىلىشاتتى. تۇرشاۋۇل، ھىمايىچى قوشۇنلار، ئوڭ ۋە سول قانات قوشۇنلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى تەرتىپلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 50 تىن ئارتۇقراق كىچىك كېمە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپ سەييارە قوغداشنى ئورۇنداپ ھەيدەكچىلىك، نازارەتچىلىك قىلاتتى.

ساۋ ساۋ سەركەردىلىك تاختا سۇپىسىدا مەشىقنى كۆزىتىپ تۇردى، قوللانغان پەنتنى مۇقەررەر نۇسرەت قازىنىدىغان پەنت دەپ، ناھايىتى خۇشال بولماقتا ئىدى. ئۇ ھازىرچە يەلكەننى يىغىشتۇرۇپ، رەت تەرتىپى بىلەن قارارگاھقا قايتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ساۋ ساۋ چېدىر تۆرىدە ئولتۇرۇپ مەسلىھەتچىلەرگە قاراپ:

— ئەگەر تەڭرى مەدەت بەرمىگەن بولسا، پاڭ تۇڭنىڭ ياخشى مەسلىھەتىگە قانداق ئېرىشەتتىم؟ كېمىلەرنى زەنجىر بىلەن چېتىپ قويدۇق. دېگەندەك دەريادا خۇددى تۈز يەردە ماڭغاندەك مېڭىۋاتىمىز، — دېدى.

— كېمىلەرنىڭ ھەممىسى زەنجىر بىلەن چېتىپ قويۇلغاچقا، دېگەندەك داۋالغۇمايدىغان بولدى؛ ئەمما، قارشى تەرەپ ئەگەر ئوت بىلەن تېگىش قىلىپ قالسا، قېچىپ قۇتۇلماق قىيىن بولۇپ قالارمىكىن، ئېھتىيات قىلماي بولماس، — دېدى چېڭ يۈي.

— چېڭ يۈي، سىلى پاراسەتلىك بولسىلىمۇ، يەنە ئويلاپ يېتەلمەيدىغان يەرلىرى بار! — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ ساۋ ساۋ.

— چېڭ يۈينىڭ سۆزى ئارى راست، باش ۋەزىر نېمىشقا كۈلىدىلا؟ — دېدى شۇن يۇ.

— ئوت بىلەن تېگىش قىلىشقا شامال كۈچىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر قىش مەۋسۇمى بولۇپ، كۈنچىقىش شامىلى

بىلەن يۇقىرى تەرەپ شامىلى چىقىدۇ، قانداق قىلىپ كۈنچىقىش شامىلى بىلەن تۆۋەن تەرەپ شامىلى چىقىسۇن؟ بىز كۈنپېتىش يۇقىرىدا تۇرىمىز، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى تۆۋەن قىرغاقتا. ئۇلار ئوت ئىشلىتىدىكەن، ئۆز قوشۇنىنى كۆيدۈرىدۇ. مەن نېمىدىن قورقاتتىم؟ ئەگەر باھار ۋە 10 ـ ئاي ۋاقتى بولغان بولسا، ئالىلقاچان تەييارلانغان بولاتتىم، — دېدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ قاراشلىرى ئاقىلانە قاراش، ھېچكىمنى سىلىگە تەڭلەشتۇرگىلى بولمايدۇ، — دەپ تەزىم قىلىشتى پالۋانلار.

— چىڭجۇ، شۈيجۇ، يەنجۇ، دەيجۇ ئايماقلىرىدىن كەلگەن يىگىتلەر كېمىگە ئادەتلەنگەن ئەمەس. ئەگەر بۇ مەسلىھەت بولمىغان بولسا چوڭ دەريادىن قانداق ئۆتەتتۇق! — دېدى ساۋ ساۋ پالۋانلارغا قاراپ.

توپ ئىچىدىن ئىككى پالۋان ئالدىغا ئۆتۈپ قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ:

— بىز كىچىك پالۋانلىرى گەرچە يۇجۇ، يەنجۇلۇق بولساقمۇ، كېمىنى ھەيدىيەلەيمىز. بۈگۈن 20 سەييارە كېمە سورايمىز، ئۇدۇل جياڭكۇغا بېرىپ ياۋنىڭ تۇغ ـ ئەلەم ۋە ناغرا ـ دۇمباقلىرىنى تارتىۋېلىپ، يۇقىرى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ كېمە ھەيدىيەلەيدىغانلىقىنى بىر نامايىش قىلىپ قويماقچىمىز، — دېدى.

ساۋ ساۋ نەزەر تاشلىۋىدى، يۈەن شاۋنىڭ كونا پالۋانلىرىدىن جياۋ چۇ، جاڭ نەنلەر ئىكەن.

— سىلەر ھەممىڭلار شىمالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كېمىدە يۇرۇشكە ئانچە ئۇستا ئەمەسسىلەر. جياڭنەن لەشكەرلىرى سۇ ئۈستىدە يۇرۇپ، ياخشى تەلىم ئالغان، سىلەر يەڭگىللىك قىلىپ ھاياتىڭلار بىلەن ئويناشماڭلار، — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئەگەر يېڭەلمىسەك، — دېدى قاتتىق ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ جياۋ جۇ بىلەن جاڭ نەن، — لەشكىرىي قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىشقا رازىمىز.

— چوڭ كېمىلەر زەنجىر بىلەن چېتىپ قويۇلدى، پەقەت كىچىك كېمىلەرلا بار. ھەربىر كېمىگە 20 دەك ئادەم سىغىدۇ، ئۇرۇشقا ئەسقاتمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ.

— چوڭ كېمە بىلەن بارغاندا، ھەيران قالارلىق نېمىسى قالىدۇ؟ كىچىك كېمىدىن 20 نەچچىنى سورايمەن، كېمىلەرنىڭ تېڭىگە مەن، تېڭىگە جاڭ نەن باشچىلىق قىلىپ، بۈگۈنلا جياڭنەن سۇ قارارگاھىغا تېگىمىز - دە، تۇغلارنى غەنىيمەت ئېلىپ، پالۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قايتىپ كېلىمىز، — دېدى جياۋ جۇ.

— مەن، — دېدى ساۋ ساۋ، — سىلەرگە 20 كېمە، ئۇزۇن نەيزە ۋە ئوقيا بىلەن قوراللانغان 500 خىللانغان لەشكەر بېرەي. ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەن چوڭ قارارگاھتىكى كېمىلەرنى دەرياغا چىقىرىپ، يىراقتىن ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە سىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىڭلارغا بولۇشۇش ئۈچۈن 30 سەييارە كېمە بىلەن ۋېن پىڭنى ماڭدۇرىمەن.

جياۋ جۇ، جاڭ نەنلەر خۇرسەن بولۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى سۈبھى ۋاقتىدا تاماق ئېتىپ يېيىشتى، تاڭ سەھەردە جابدۇنۇپ تەييار بولدى، سۇ قارارگاھىدا ناغرا - جاڭلار چېلىندى. كېمىلەرنىڭ ھەممىسى قارارگاھتىن چىقتى - دە، سۇ يۈزىگە تارقالدى. چاڭجياڭ دەرياسىدا كۆك - قىزىل تۇغ - ئەلەملەر بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ لەپىلدەپ تۇراتتى. جياۋ جۇ، جاڭ نەنلەر 20 كېمىنى باشلاپ قارارگاھتىن چىقىپ، جياڭنەنگە راۋان بولدى.

ئەمدى تۇۋەن قىرغاقتىكىلەرگە كېلەيلى. ئۇلار تۇۋەن قىرغاقتا تۇرۇپ، ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ناغرا ساداسىنى



www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ، يىراقتىن ساۋ ساۋنىڭ سۇ لەشكەرلىرىنىڭ تەرتىپات تەلىمى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئايغاقچىلار دەرھال ئەھۋالنى جۇ يۈيگە مەلۇم قىلدى. جۇ يۈي تاغ ئۈستىگە چىقىپ كۆزەتمەكچى بولۇۋىدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. ئەتىسى تۇساتتىن يەنە پەلەكنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى. نۆكەرلەر تېزلىكتە ئېگىزلىككە چىقىپ كۆزەتكىنىدە، كىچىك كېمىلەرنىڭ دولقۇن يېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇچقاندەك كېلىپ مەلۇم قىلدى. جۇ يۈي چېدىردىكىلەرگە قاراپ:

— كىم ئالدى بىلەن بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياۋنى يوقىتىش ئۈچۈن بىز تۇرشاۋۇل بولۇپ بارايلى، — دېدى خەن داڭ، جۇ تەي ئىككىسى تەڭلا ئالدىغا چىقىپ.

جۇ يۈي خۇرسەن بولدى ـ دە، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش، يەڭگىل ھەرىكەت قىلىپ قويماسلىق توغرىسىدا ھەممە قارارگاھقا بۇيرۇق چۈشۈردى. خەن داڭ، جۇ تەي ھەرقايسىسى بەشتىن قاراۋۇلچى كېمىنى ئېلىپ ئوڭ ـ سولغا بۆلۈنۈپ يولغا راۋان بولدى.

ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا قۇۋۇنۇپ كەتكەن جياۋ چۇ، جاڭ نەنلەر كىچىك كېمىلەر بىلەن ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى. مەيدە ـ دالدىغۇچ كىيگەن خەن داڭ ئۇزۇن نەيزىسىنى تۇتۇپ، كېمىنىڭ تۇمشۇقىدا ئۆرە تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، جياۋ چۇنىڭ كېمىسى بۇرۇن يېتىپ كەلدى ـ دە، ئەسكەرلىرىگە خەن داڭنىڭ كېمىسىنى ئوقياغا تۇتۇشقا بۇيرۇق بەردى. خەن داڭ سىپەر بىلەن ئۆزىنى ئوقيا ئوقىدىن دالدىغا ئالدى. جياۋ چۇ ئۇزۇن نەيزە تۇتۇپ خەن داڭ بىلەن ئېلىشتى. خەن داڭ نەيزىنى شۇنداق سالدىكى، بىر نەيزە بىلەنلا جياۋچۇنى يەر چىشلەتتى. جاڭ نەن ئارقىدىن نەرە تارتىپ يېتىپ كەلدى، يانتۇ تەرەپتىن جۇ تەينىڭ

كېمىسى كېلىپ قالدى. جالىڭ نەن ئۈزۈن نەيزىسىنى تۇتۇپ كېمىسىنىڭ تۇمشۇقىدا تۇردى، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى ئوقياغا تۇتۇشتى. جۇ تەينىڭ بىر قولىدا سۇپەر، بىر قولىدا قىلىچ بار ئىدى. ئىككى كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەتتە - سەككىز چى ئارىلىق قالغاندا، جۇ تەي بىرلا سەكرەپ ئۇچقاندەك جالىڭ نەننىڭ كېمىسىگە چۈشتى - دە، قولى كۆتۈرۈلۈش بىلەن جالىڭ نەننى سۇغا قىلىچلاپ تاشلىدى، كېمە ھەيدىگەن نۆكەرلەرنى ئۇيان - بۇيانغا چېپىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، باشقا كېمىلەر تېز بۇرۇلۇپ قاچتى، خەن دالىڭ بىلەن جۇ تەي دەررۇ كېمىلىرى بىلەن قوغلىدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ۋېن پىڭنىڭ كېمىسىگە ئۇچراپ قالدى. ئىككى تەرەپ كېمىلىرىنى سەپراس قىلىپ ئېلىشىپ كەتتى.

جۇ يۈي پالۋانلارنى باشلاپ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى، دەريانىڭ يۇقىرىسىدىكى سۇ يۈزىدە ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ سەپ تارتىپ تۇرغانلىقىنى، تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ رەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆردى؛ ئاندىن ۋېن پىڭ بىلەن خەن دالىڭ، جۇ تەيلەرنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى، خەن دالىڭ، جۇ تەي جاسارەت بىلەن چاپ - چاپقا ئۆتتى، ۋېن پىڭ تەڭ كېلەلمەي كېمىلىرىنى قايتۇرۇپ قاچتى. خەن دالىڭ، جۇ تەي ئۆز كېمىلىرىنى تېز ھەيدىتىپ قوغلىدى. جۇ يۈي ئىككىيلەننى ياۋ سېپى ئىچىگە كىرىپ قالمىسۇن دەپ، ئاق بايراقنى لەپىلدىتىپ، جالىڭ ئۇرغۇزۇپ چاقىرىۋالدى. ئىككىيلەن پالاقلىرىنى ئۇيىنىتىپ قايتىپ كېلىشتى.

جۇ يۈي تاغ ئۈستىدە دەريانى بۆلۈپ تۇرغان ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي سۇ قارارگاھىغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇردى ۋە:

— ياۋنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرى خۇددى قومۇشتەك كۆپ كۆرۈنىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋ ساۋ بەك قۇۋ ئادەم، بۇنى قانداق

پەنت بىلەن يوقىتىش لازىم؟ — دەپ سورىدى كۆپچىلىكتىن.

كۆپچىلىك تېخى جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەستىن، تۇساتتىنلا ساۋ ساۋ قارارگاھىنىڭ مەركىزىدىكى سېرىق تۇغنىڭ خادىسىنى شامال سۇندۇرۇۋېتىپ دەرياغا چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈشۈپ قالدى.

— بۇ شۇم ئالامەت! — دېدى جۇ يۈي قاقاقلاپ كۈلۈپ. دەل شۇ پەيتتە بىردىنلا بوران چىقىپ كەتتى - دە، دولقۇن قىرغاققا ئۇرۇلدى. كېلىۋاتقان شامال تۇغنىڭ بۇرجىكىنى قايرىپ جۇ يۈينىڭ يۈزىنى سىلاپ ئۆتۈپ كەتتى. بىردىنلا جۇ يۈي قاتتىق توۋلىغىنىچە، ئارقىسىغا يىقىلدى، ئاغزىدىن قان كەتتى. پالۋانلار يۆلەشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزغاندا ئۇ پۈتۈنلەي ھوشىدىن كەتكەنىدى.

دەرھەقىقەت:

*كۈلدى بىر پەس، سالدى شاۋقۇن كۆتمىگەندە ھېچكىمى،*
*كەلدى يۇقۇر لەشكىرىنى يوقىتىش مۈشكۈل بەسى.*

ئاقىۋەتتە جۇ يۈي ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش مەنبەسى

# قىرىق توققۇزىنچى باب

## جۇگې لياڭنىڭ يەتتە يۇلتۇز سۇپىسىدا تىلاۋەت قىلىپ بوران چىقارغانلىقى
## جۇ يۈيىنىڭ سەنجياڭكۇدا ياۋ كېمىلىرىگە ئوت قويغانلىقى

ئەلقىسسە، جۇ يۈي تاغنىڭ ئۈستىدە ئۇزاق كۆزىتىپ تۇرۇپ بىردىنلا ئارقىسىغا يىقىلدى، ئاغزىدىن قان كېلىپ، ھوشىدىن كەتتى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى يۆلەپ چېدىرغا ئېلىپ كىردى. پالۋانلار كېلىپ ئەھۋال سورىدى. ھەممەيلەن دېگۈدەك ھودۇقۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ:

— دەريانىڭ يۇقىرىسىدا 100 تۈمەن لەشكەر يولۋاستەك تېگىش قىلىش، لەھەڭدەك يۇتۇش ئالدىدا تۇرغان بىر پەيتتە، تۇتۇقىدەك مۇنداق بولۇپ قالدى، ساۋ ساۋ قوشۇنى كېلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېيىشتى - دە، مەلۇم قىلىش ئۈچۈن تېزلىكتە سۈن چۈەنگە كىشى ئەۋەتتى، بىر تەرەپتىن جۇ يۈينى داۋالاشقا كىرىشتى.

لۇ سۇ جۇ يۈينىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىئارام بولدى، كېلىپ جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇ يۈينىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

— جانابلىرى، قانداق ئويلايدىلا؟ — دەپ سورىدى جۇگې لياڭ.

— مېنىڭچە، — دېدى لۇ سۇ، — ساۋ ساۋ ئۇچۇن بەخت، جياڭدۇڭلۇق ئۇچۇن مۇسىبەت بولدى.

— جۇ يۈينىڭ كېسەللىكى مەنمۇ داۋالىيالايمەن، — دېدى كۈلۈپ جۇگې لياڭ. لۇ سۇ:

— راست شۇنداق بولسا، ئەل ئۇچۇن بەختلىك بولغان بولاتتى، — دېدى ـ دە، شۇئان كېسەلنى كۆرۈش ئۇچۇن جۇگې لياڭنى بىرگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

لۇ سۇ ئالدى بىلەن جۇ يۈينىڭ چېدىرىغا كىردى، جۇ يۈي بېشىنى يۆركەپ ياتاتتى.

— ئاغرىقلىرى قانداقراق، تۇتۇق جانابلىرى! — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— ئىچىم پۇتۇنلەي ئاغرىيدۇ، بەزىدە ئايىنىپ كېتىدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

— قانداق دورا ئىچتىلە؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— كۆڭلۈم ئايىنىپ تۇرغاچقا، دورا ئىچەلمىدىم.

— جۇگې لياڭنى زىيارەت قىلىپ بارغانىدىم، ئۇزلىرىنىڭ كېسەللىرىنى داۋالىيالايمەن دەيدۇ، ھازىر چېدىر تېشىدا قالدى، داۋالاشقا بۇيرۇق بەرسىلە قانداق؟ — دېدى لۇ سۇ.

جۇ يۈي تەكلىپ قىلىشقا بۇيرۇق بەردى، ئاندىن خىزمەتچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتتا ئولتۇردى.

— بىرنەچچە كۈن بولدى، جامالىلىرىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولالمىدىم، قاچاندىن باشلاپ ئاغرىپ قالدىلاكىن؟ — دەپ سورىدى جۇگې لياڭ.

— «قازا ـ بەخت ھەرئان ئىنسان بىلەن بىللە يۈرىدۇ»، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ — دېدى جۇ يۈي.

— تەڭرى شامال ـ بۇلۇت ئاتا قىلمىسا، ئادەم ئۇنىڭغا قانداق چارە قىلالايدۇ؟ — دېدى كۈلۈپ جۇگې لياڭ.

www.uyghurkitap.com

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جۇ يۈينىڭ رەڭگى ئاتىرىپ، ۋاي ـ ۋاي دەپ ئىڭراپ كەتتى.

— ئۇتتۇقىبېگىم! كۆڭۈللىرى بىئارام بولۇۋاتامدۇ؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— ھەئە، — دېدى جۇ يۈي.

— تەرەنجىۋىل بىلەن ساقايتىش زۆرۈر، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ئىسسىقلىققا قارشى دورا ئىچتىم، ھېچ پايدىسى تەگمىدى.

— ئاۋۋال نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك، — دېدى جۇگې لياڭ، — نەپەس راۋان بولىدىكەن، نەپەس ئېلىش جەريانىدىلا ئۆز ـ ئۆزىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ.

جۇ يۈي جۇگې لياڭنىڭ ھەممىنى چۈشەنگەنلىكىنى سېزىپ، تېخىمۇ ئوچۇقراق سۆزلەشكە ئۈندەپ:

— نەپەسنى راۋان قىلىش ئۈچۈن قانداق دورا ئىچىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ، — دېدى جۇگې لياڭ، — ئۇتتۇقىبېگىمنىڭ نەپەسىنى راۋان قىلىدىغان بىر دورا قەغىزىم بار.

— تەقسىر! مەسلىھەتلىرىنى سورايمەن، — دېدى جۇ يۈي.

جۇگې لياڭ قەغەز ـ قەلەم ئالدۇردى، خىزمەتچىلەرنى چىقارغۇزۇۋېتىپ، مەخپىي يوسۇندا قەغەزگە:

*يوقېتىمشى گىنزدىسەڭ ساۋ ساۋنى گەر،*
*ئۇڭا زادى ئوت بىلەن تەگكەن تۈزۈك.*
*تەقمۇتەق پۈتتى جەمئىي ئىشلار شۇ دەم،*
*كۈنچىقىش بورىنىنى كۈتكەن تۈزۈك.*

دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ جۇ يۈيگە بەردى ۋە:

— ئۇتتۇق جانابلىرى! كېسەللىرىنىڭ مەنبەسى مانا شۇ! — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

جۇ يۈي ئوقۇپ كۆرۈپ ھەيران قالدى ـ دە:

«جوگې لياڭ راست ئەۋلىيا ئىكەن! كۆڭلۈمدىكى ئىشنى ئالدىنقاچان بىلىۋاپتۇ، ئەمدى راستىنى ئېيتماي بولمىدى» دەپ ئويلىدى ۋە كۈلۈپ:

— ئەقىلىڭىزگە تەن! مادامىكى كېسەللىكىمنىڭ مەنبەسىنى بىلىۋالدىڭىز، ئەمدى قانداق دورا بىلەن ساقايتىش كېرەك؟ ئەھۋال جىددىي، مەسلىھەت بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

— مەن بىر ناتىۋان بولساممۇ، ئەۋلىياغا يولۇققانىدىم، ئەپسۇن توغرىسىدا تىلسىمنامە بېرىپ، سېھىرگەرلىكتىن تەلىم بەرگەندى، شامال چىقىرالايمەن، يامغۇر ياغدۇرالايمەن. تۇتۇق جانابلىرىغا كۈنچىقىش تۆۋەن بورىنى كېرەك ئىكەن. نەنپىڭ تېغىغا بىر سۇپا ياساتسىلا، سۇپىنىڭ نامى «يەتتە يۇلتۇز سۇپىسى» بولسۇن، ئېگىزلىكى توققۇز چى، ئۈچ قەۋەت بولسۇن. 120 كىشى تۇغ ـ ئەلەم تۇتقان ھالدا سۇپىنى ئوراپ تۇرسۇن. مەن سۇپىدا تىلاۋەت قىلىپ ئەپسۇن ئوقۇيمەن، جانابلىرىنىڭ لەشكىرىي ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كۈنچىقىش تۆۋەن بورىنى چىقىرىمەن، قانداق دەيدىلا؟ — دېدى جوگې لياڭ.

— ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز دېمىسىلە، پەقەت بىرلا كېچە چوڭ بوران چىقىپ بەرسە ئۇلۇغ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشاتتى. ئەمما، ئىشىمىز بەك جىددىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

— 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تىلاۋەت قىلىپ ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن بوران چىقىرىپ، 22 ـ كۈنى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى بوراننى توختاتساق قانداق؟ — دېدى جوگې لياڭ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولغان جۇ يۈي بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇئان 500 قاۋۇل لەشكەر تاللاپ سۇپا سېلىش ئۈچۈن نەنپىڭ تېغىغا ئەۋەتتى؛ 120 ئادەمنى تۇغ ـ ئەلەم

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ، سۇپىنى ساقلاپ ئەمر كۈتۈشكە بۇيرۇدى.

جۇگې لياڭ خەيرلىشىپ چېدىر ـ بارگاھتىن چىقتى، لۇ سۇ بىلەن ئاتلىنىپ نەنپىڭ تېغىغا كەلدى. يەرنى تەكشۈرۈپ لەشكەرلەرگە كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپنىڭ قىزىل توپىسىدىن ئەكېلىپ سۇپا ياساشقا بۇيرۇق بەردى. سۇپىنىڭ ئىگىلىگەن دائىرىسى ئۇزۇن، كەڭلىكى 24 جاڭ، ھەر قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ چى، جەمئىي توققۇز چى بولدى. ئاستىنقى قەۋىتىگە 28 زۇل ئۇمۇر يۇلتۇزى سۈرەتلىك تۇغلار قادالدى: كۈنچىقىش تەرەپكە 27 كۆك تۇغ — شەرات، بەتىن، سۈرىيا، ئەيىنىل شۇرەس، ھۇقۇ، ھونۇم، زاراغ بويىچە كۈنچىقىش تەرەپتىكى يەتتە يۇلتۇز شەكلىدە ئورنىتىلدى؛ يۇقىرى تەرەپكە يەتتە قارا تۇغ — نەشرە، تەرپە، جىممە، زەبرە، سەرپە، ئاۋا، ساماس بويىچە يۇقىرى تەرەپتىكى يەتتە يۇلتۇز شەكلىدە ئورنىتىلدى؛ كۈنپېتىش تەرەپكە يەتتە ئاق تۇغ — ئەبرا، زابانا، ئەكلىل، قەلپ، شولە، ناغايەم، بەلدە بويىچە كۈنپېتىش تەرەپتىكى يەتتە يۇلتۇز شەكلىدە ئورنىتىلدى؛ تۆۋەن تەرەپكە يەتتە قىزىل تۇغ — دەبھە، بەلىغ، سەئىدە ـ سۇئۇد، سەمرا ئەخبىيە، بەرئە مۇقەددىمە، بەرەغ مۇئەخخەر، رىشا بويىچە تۆۋەندىكى يەتتە يۇلتۇز شەكلىدە ئورنىتىلدى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئەتراپىغا 64 سېرىق تۇغ، 64 رەمىل بويىچە سەككىز ئورۇنغا بۆلۈپ قاداپ قويۇلدى. يۇقىرى قەۋەتكە تۆت كىشى قويۇلۇپ، بۇلار بېشىغا چاچ قىستۇرغۇچ، ئۇستىگە سۇمۇرغ سۈرىتى كەشتە قىلىنغان كەڭ بەلۋاغلىق قارا شايى تون كىيگەن، تۆۋەن تەرىپىگە تۆت چاسىلىق پەرتۇق، پۇتىغا قىزىل كەش كىيگەن؛ ئالدى چەپ تەرەپكە قولىغا ئۇزۇن تاياق تۇتقان بىر كىشى قويۇلدى، بوراننىڭ چىققان، توختىغان ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن تاياقنىڭ ئۇچىغا بىر باغلام قۇش پېيى قادالغان؛ ئالدى ئوڭ تەرەپكە قولىغا ئۇزۇن تاياق تۇتقان بىر كىشى قويۇلدى، بوراننىڭ يۆنىلىشىنى

بىلىش ئۈچۈن تاياقتا يەتتە يۇلتۇز سۈرەتلىك شەلپەر بېكىتىلگەن؛ ئارقا سول تەرەپكە قولىغا زۇلپىقار تۇتقۇزۇلغان بىر كىشى تۇرغۇزۇلدى؛ ئارقا ئوڭ تەرەپكە ئىسرىقدان تۇتقان بىر كىشى قويۇلدى. ئاستىغا 24 كىشى قويۇلدى، ئۇلار تۇغ، كۆنلۈك، چوڭ يالمان، ئۇزۇن نەيزە، سېرىق تەبەر، ئاق يۆيۈكلۈك تۇغ، قىزىل ئۇزۇنچاق ئەلەم، قارا تۇغ تۇتۇپ، سۇپىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇراتتى.

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇگې لياڭ ياخشى ۋاقىت ـ سائەتنى تاللاپ، يۇيۇنۇپ، پەرھىز تاماق يېدى، ئۈستىگە دەرۋىش كىيىمى كىيىپ، يالاڭ ئاياغ، چېچىنى چۇۋۇغان ھالدا سۇپا ئالدىغا كەلدى ۋە لۇ سۇغا:

— لۇ سۇ، سىلى قوشۇنغا بېرىپ جۇ يۈيىنىڭ جېڭىگە ھەمدەمدە بولسىلا. مۇبادا مېنىڭ تەلەپ ئىلتىجايىم نەتىجە بەرمەي قالسا، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، — دېدى.

لۇ سۇ خەيرلىشىپ كەتتى. جۇگې لياڭ سۇپىنى ساقلاۋاتقان نۆكەرلەرگە:

— ئورنۇڭلاردىن ئىختىيارىي ئايرىلمايسىلەر، بېشىڭلارنى يېقىن قىلىپ پىچىرلاشمايسىلەر، سۆزلەشمەيسىلەر، ھەيران قېلىشمايسىلەر. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ! — دەپ تاپشۇردى.

نۆكەرلەر «خوپ!» دەپ تۇرۇشتى. جۇگې لياڭ ئاستا قەدەم تاشلاپ سۇپىغا چىقتى، ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئورۇن يۆتكىلىشنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، ئىسرىقدانغا خۇشبۇي ئىسرىق سالدى، كاسىغا سۇ قۇيدى، ئاسمانغا قاراپ ئىچىدە دۇئا ئوقۇدى. سۇپىدىن چۈشۈپ چېدىر ـ بارگاھقا كىرىپ سەل ئارام ئالدى، نۆكەرلەرنى ئالمىشىپ تاماق يېيىشكە بۇيرۇدى. جۇگې لياڭ بىر كۈندە سۇپىغا ئۈچ قېتىم چىقىپ، سۇپىدىن ئۈچ قېتىم چۈشتى، لېكىن كۈنچىقىش تەۋەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بورىنىنىڭ ئەسىرىمۇ كۆرۈنمىدى.

جۇ يۈي چېلەك يۇ، لۇ سۇ باشلىق بىر قانچە لەشكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىپ، يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن چېدىردا تۇرۇپ كۈنچىقىش تۈۋەن بورىنىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشتى، بىر تەرەپتىن سۈن چۈەننىڭ ھەمدەمگە كېلىشىگە خەۋەر قىلدى.

خۇاڭ گەي 20 كېمە ھازىرلىدى، كېمىنىڭ تۇمشۇقىغا شىپ - شىر ئۇزۇن مىخلار ئورنىتىلغان؛ كېمىنىڭ ئىچىگە قومۇش، قۇرۇق ئوتۇن قاچىلاپ، بېلىق يېغى چېچىپ، ئۈستىگە گۈڭگۈرت، سېلىتىرىغا ئوخشىغان ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ماددىلار قويۇلغان، ھەممىسىنى قارا لاتا، ياغلىق، ماتالار بىلەن چۈمكەپ تاشلىغان؛ كېمىنىڭ تۇمشۇقىغا قارا ئەجدىھا سۈرەتلىك، پىل چىشى سۈرەتلىك تۇغلار قادالغانىدى، كېمىلەرنىڭ قۇيرۇقىغا بىردىن كىچىك تېز يۈرەر قېيىق باغلانغانىدى، چېدىردا پەقەت جۇ يۈينىڭ بۇيرۇقىنىلا كۈتۈپ تۇراتتى.

گەن نىڭ بىلەن گەن زې سۇ قارارگاھىدا سەي خې ۋە سەي جۇڭنى پايلاپ تۇردى، ھەر كۈنى دېگۈدەك مەيخورلۇق قىلىشتى، بىرەرتە نۆكەرنى قۇرۇقلۇققا چىقارغۇزمىدى. پۈتكۈل ئەتراپ كۈنچىقىش ۋۇنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئورالغان بولۇپ، سىرتقا پەقەت چىققىلى بولماس ئىدى، پەقەت بارگاھنىڭ بۇيرۇقىنىلا كۈتۈشمەكتە ئىدى.

جۇ يۈي چېدىردا دەل كېڭەش ئۈستىدە ئىدى، ئايغاقچىلار:

— سۈن چۈەن بېكىتكەن كېمىلىرى بۇ يەردىن 85 چاقىرىم يىراقلىققا كېلىپ لەنگەر تاشلىدى، پەقەت تۇتۇقبەگنىڭ خۇش خەۋىرىنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

جۇ يۈي ھەممە قىسىمدىكى سەركەردە - سەرۋازلارغا لۇ سۇ ئارقىلىق:

— ھەممە قىسىمدىكىلەر كېمىلەر، ئەسلىھەلەر، يەلكەن ۋە پالاق قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويسۇن، بۇيرۇق بېرىلگەن

ھامان ئىجرا قىلىنسۇن، كىمكى خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا لەشكىرىي قانۇن بويىچە جازا بېرىلىدۇ، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

بارلىق سەركەردە - سەرۋازلار بۇيرۇق ئالغاندىن كېيىن، ھەممىسى دېڭىزدەك يەڭلىرىنى شىمايلاپ، مۇشتلىرىنى تۈگكىنىچە جەڭگە ھازىرلاندى. شۇ كۈنى كەچ كىرگەندە، ھاۋا ئوچۇق، ئازغىنىمۇ شامال يوق ئىدى، جۇ يۈي لۇ سۇغا:

— جۇگې لياڭ يالغان ئېيتىۋاتقان ئوخشايدۇ، قىش - زىمىستان پەسىلدە قانداق قىلىپ كۈنچىقىش تۆۋەن بورىنى چىقسۇن؟ — دېدى.

— مېنىڭچە، — دېدى لۇ سۇ، — جۇگې لياڭ يالغان ئېيتماس.

ئېغىرباتقۇ مەزگىلدە بىردىنلا بوران ئاۋازى ئاڭلاندى، تۇغلار لەپىلدەشكە باشلىدى. جۇ يۈي چېدىر - بارگاھتىن چىقىپ قارىسا، تۇغ پۆپۈكلىرى كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە قاراپ لەپىلدەۋېتىپتۇ، بىر پەستىلا كۈنچىقىش تۆۋەن بورىنى كۈچىيىپ كەتتى.

— بۇ ئادەم يەر - ئاسماننى يارىتىشقا، ماشايىق - مالايىكلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر ئىكەن! ئەگەر بۇ ئادەمنى قالدۇرۇپ قويىدىغان بولساق، كۈنچىقىش ۋۇغا بالا - ئاپەت تېرىيدۇ، كەلگۈسىدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇرۇنراق ئۆلتۈرۈش كېرەك، — دېدى ھەيران بولغان جۇ يۈي ۋە چېدىر - بارگاھتىكى قوغدىغۇچى لەشكەرلەر بېشى دىڭ فېڭ، شۈي شېڭ پالۋانلارنى چاقىرىپ، — شۈي شېڭ سىز دەريا ئىچى بىلەن، دىڭ فېڭ سىز قۇرۇقلۇق يولى بىلەن 100 نەپەردىن لەشكەر ئېلىپ نەنپىڭ تېغىدىكى يەتتە يۇلتۇزلۇق سۇپىغا بېرىپ، ھېچنېمە دېمەستىنلا جۇگې لياڭنى تۇتىسىلەر - دە، كاللىسىنى

www.uyghurkitap.com

كېسىپ كېلىپ، ئەجىر ـ تۆھپەڭلەرنى مەلۇم قىلىسىلەر، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئىككى باتۇر بۇيرۇقنى ئالدى ـ دە، شۇي شىلاڭ 100 جاللاتنى ئېلىپ كېمىگە چۈشۈپ، پالاقلىرىنى ئىشقا سېلىپ سەپەرگە راۋان بولدى؛ دىلاڭ فېلاڭ ئاتلىنىپ 100 ئاتلىق كاماندار بىلەن نەيپىلاڭ تېغىغا قاراپ ماڭدى. يول بويى كۈنچىقىش تۆۋەن بورىنىغا قارشى ماڭدى.

كېيىنكى ئادەملەر بۇ توغرىلىق مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەنىدى:

*پەتنە پۈلتۈز سۇپىسىغا چىقتى ياتقان ئەجدىھا،*
*ئۆردى مەۋج دەريا كېچە چىققان شەرق بورانىدا.*
*كۆرسىتىپ ئۆتكەي نەچچۈك جۇ يۈي كارامەت ئىستېدات؟*
*ياغشى پەتتنى جوگې لياڭ گەر ئىشقا زادى سالمىسا.*

دىلاڭ فېلاڭ بىرىنچى بولۇپ ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. سۇپىدا قوللىرىدا تۇغ تۇتۇپ، بوراندا قىمىرلىماي ئۆرە تۇرغان نۆكەرلەرنى كۆردى. دىلاڭ فېلاڭ ئاتتىن چۈشۈپ قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ سۇپىغا چىقىپ قارىسا جوگې لياڭ كۆرۈنمىدى، ھولۇققان ھالدا سۇپا قورۇقچىلىرىدىن سورىدى. نۆكەرلەر:

— سۇپىدىن ھازىرلا چۈشۈپ كەتكەنىدى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

دىلاڭ فېلاڭ ئالدىراش سۇپىدىن چۈشۈپ ئىزدەۋاتقان چاغدا، شۇي شىلاڭ كېمىلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ قالدى، ئىككىيلەن دەريا بويىدا ئۇچراشتى.

— كېچە، — دېدى لەشكەرلەردىن بىرى مەلۇمات بېرىپ، — بىر دانە تېز ئۇزەر كېمە دەريانىڭ ئالدىمىزدىكى تېيىز قىرغىقىغا كېلىپ توختىغانىدى، بايا جوگې لياڭنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق پېتى كېمىگە چۈشكىنىنى، كېمىنىڭ يۇقىرى ئېقىمغا قاراپ كەتكىنىنى كۆردۈم.

دىلى قىلى بىلەن شۈي شىلى سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قوغلىدى. شۈي شىلى يەلكەننى تولۇق ئاچتۇرۇپ، شامالدىن پايدىلىنىپ ئارقىدىن قوغلىدى. ئالدىدا ئانچە يىراق ئەمەس جايدا كېتىۋاتقان كېمىنى كۆرگەن شۈي شىلى كېمىنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە:

— مۇشاۋىر! توختىسىلا! تۇتۇقبېگى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، — دەپ توۋلىدى.

— قايتىپ تۇتۇقبەگكە ئېيتىڭ! لەشكەرلەرنى ياخشى ئىشقا سالسۇن، مەن ھازىرچە شياكۇغا قايتىمەن، كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز، — دەپ جاۋاب بەردى كېمىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۆرە تۇرغان جۇگې لياڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— بىر ئاز تۇرۇپ تۇرسىلا، مۇھىم سۆز بار ئىدى، — دېدى شۈي شىڭ.

— مەن، — دېدى جۇگې لياڭ، — تۇتۇقبەگنىڭ مېنى سىغدۇرماي، زىيانكەشلىك قىلىشنى بىلەتتىم. مېنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن جاۋ يۈنگە ئالدىنئالا بۇيرۇق بېرىپ قويغانىدىم. قوغلىماڭ، سەركەردە!

شۈي شىڭ ئالدىدىكى كېمىنىڭ يەلكەنسىزلىكىنى كۆرۈپ، ھەدەپ قوغلاشقا كىرىشتى. يېقىنلىشاي دەپ قالغان ۋاقىتتا، جاۋ يۈن ئوقنى ياينىغا بەتلەپ كېمىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۆرە تۇرغان ھالدا:

— مەن چاڭشەنلىك جاۋ يۈندۇرمەن! ئەمر بويىچە مۇشاۋىرنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم. نېمە ئۈچۈن قوغلايسىز؟ ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇقىنى دېمىسەم، سىزنى بىر ئوقۇم بىلەنلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. ھازىرچە مېنىڭ ماھارىتىمنى كۆرۈپ قىلىڭ! — دەپ نەرە تارتىپ كامانىنى بوشاتتى، ئوق كېلىپ شۈي شىڭ كېمىسىدىكى يەلكەننىڭ ئارغامچىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، كېمە توغرىسىغا بۇرۇلۇپ توختاپ قالدى، جاۋ يۈن ئۆز كېمىسىنىڭ يەلكىنىنى تولۇق ئاچتۇرۇپ، شامال كۈچىدىن

www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىپ ئۆچقاندەك كېتىپ قالدى. قوغلىغانلار يېتىشەلمىدى. دىلڭ فىلڭ شۈي شېڭنى قىرغاققا يېقىن چاقىرتۇۋېلىپ:

— جۇگې لياڭ تەڭدىشى يوق، ئاجايىپ پاراسەت ئىگىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇمەن ئادەممۇ تەڭ كېلەلمەيدىغان قەھرىمان جاۋ يۈن كەپتۇ، سىز ئۇنىڭ داڭقىنى كۆرۈۋكى، چاڭبەن يانتۇلۇقىدىكى ۋاقتىنى بىلسىڭىز كېرەك. بىز قايتىلى ـ دە، مەلۇم قىلايلى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن قايتىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا جۇگې لياڭ ئۆزىنى ئەكېتىش توغرىلىق ئالدىنئالا جاۋ يۈن بىلەن سۆزلىشىپ قويغانلىقتىن، جاۋ يۈننىڭ ئۇنى ئەكەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— بۇ ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى شۇنچىۋالا كامىل بولغاچقا، مېنى كېچە ـ كۈندۈز بىئارام قىلماقتا، — دېدى ئىنتايىن چۆچۈپ جۇ يۈي.

— ساۋ ساۋنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، — دېدى لۇ سۇ، — ئاندىن ئۇنى يوقىتىش ئىلاجىنى قىلايلى.

جۇ يۈي بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆرۈپ، پالۋانلارنى بۇيرۇق ئېلىشقا چاقىردى. ئالدى بىلەن گەن نىڭگە:

— سەي جۇڭ بىلەن تەسلىم بولغان لەشكەرلەرنى ئېلىپ تۆۋەن قىرغاق بويلاپ ماڭىسىز. پەقەت يۇقىرى قوشۇننىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، توغرا ۋۇلىنغا بېرىپ ساۋ ساۋنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى باسىسىز، ئوت بىلەن بەلگە بېرىسىز، پەقەت سەي خېنى يالغۇزلا قارارگاھتا قالدۇرىسىز، ئۇ ماڭا كېرەك، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئىككىنچى قېتىمدا تەيشى سىنى چاقىرىپ:

— سىز 3000 لەشكەر ئېلىپ خۇاڭجۇ يېرىگە بېرىڭ، ساۋ

ساۋغا خېقېيدىن ھەمدەمگە كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ يولىنى ئوززۇڭ، ياۋ لەشكەرلىرىگە خەۋپ سېلىڭ، ئوت بىلەن بەلگە بېرىڭ؛ قىزىل تۇغلۇقلارنى سۇن چۇەن بېگىم ھەمدەمگە ئېلىپ كەلگەن لەشكەرلەر دەپ بىلۈرسىز، — دەپ تاپشۇردى. بۇ ئىككى قىسىم لەشكەر يىراقتا بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىن يولغا چىقتى.

ئۈچىنچىسىگە لۇي مېڭنى چاقىرىپ، 3000 لەشكەر ئېلىپ ژۇلىنغا بېرىپ، گەن نىڭگە ھەمدەم بولۇپ ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا ئوت قويۇشقا بۇيرۇدى.

تۆتىنچىسىگە لىڭ تۇڭنى چاقىرىپ، 3000 لەشكەر ئېلىپ يىلىڭ تەۋەسىنى بۆلۈپ تاشلاشقا، ژۇلىندىن كۆتۈرۈلگەن ئوتنى كۆرگەن هامان، لەشكەرلىرى بىلەن ھەمدەمدە بولۇشقا بۇيرۇدى.

بەشىنچىسىگە دۇڭ شىنى چاقىرىپ، 3000 لەشكەر ئېلىپ، تۇپتوغرا خەنياڭنى ئېلىشقا، خەنچۇەندىن ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا قىرغىن قىلىپ كىرىش، ئاق تۇغنى كۆرگەن هامان ھەمدەمگە ئۆتۈشكە بۇيرۇدى.

ئالتىنچىسىگە پەن جاڭنى چاقىرىپ، 3000 لەشكەر بىلەن ئاق تۇغ كۆتۈرۈپ خەنياڭغا بېرىپ، دۇڭ شىغا ھەمدەمدە بولۇشقا بۇيرۇدى.

ئالتە قىسىمغا بۆلۈنگەن كېمىلەرنىڭ ھەممىسى بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. خۇاڭ گەيني ئوت قويغۇچى كېمىلەرنى هازىرلاشقا، ساۋ ساۋغا ئادەم ئارقىلىق خەت ئەۋەتىپ، بۈگۈن كېچە ئەل بولۇپ بېرىش توغرۇلۇق سۆزلىشىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بىر تەرەپتىن خۇاڭ گەي كېمىلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن تۆت ئۇرۇش كېمىسى ئاجراتتى. بۇنىڭ بىرىنچىسىگە خەن داڭ، ئىككىنچىسىگە جۇ تەي، ئۈچىنچىسىگە جياڭ چىن، تۆتىنچىسىگە چىن ۋۇلارنى باشلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى 300 دىن كېمە ئالدى، ئالدىدا 20 دىن

www.uyghurkitap.com

ئوت قويغۇچى كېمە ماڭدى. جۇ يۈيىنىڭ ئۆزى چېڭ پۇ بىلەن چوڭ جەڭ كېمىسىگە چۈشۈپ ئۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى، دىڭ فېڭ بىلەن شۈي شېڭ ئىككىسى ئوڭ ـ سولدا قوغدىغۇچى بولۇپ ماڭدى. قارارگاھنى ساقلاشقا لۇ سۇ بىلەن كەن زې ھەم باشقا مەسلىھەتچىلەرنىلا قالدۇردى.

چېڭ پۇ جۇ يۈيىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىش ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرۈپ، چىن ئىخلاسى بىلەن قايىل بولدى.

سۈن چۈەندىن بۇيرۇق ئېلىپ ماڭغان كىشى جۇ يۈيگە كېلىپ:

— لۇ شۈن تۇرشاۋۇل قوشۇننى ئېلىپ تويتوغرا چى، خۇاڭ يەرلىرىگە يۈرۈش قىلدى، سۈن چۈەن ھىماتچى بولۇپ ماڭدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

جۇ يۈي يەنە توپ ئېتىش ئۈچۈن شىشەنگە، تۇغ كۆتۈرۈپ بەلگە بېرىش ئۈچۈن نەنپىڭ تېغىغا كىشى ئەۋەتتى.

ھەممە تەييارلىق تەل بولدى، پەقەت نامازشام ۋاقتىدا يۈرۈش قىلىشنى كۈتۈپ تۇردى.

گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى. ليۇ بېي شياكۇدا مەخسۇسلا جۇگې لياڭنى كۈتۈۋاتاتتى. تۇساتتىنلا بىر بۆلۈم كېمە كېلىپ قالدى، بۇ ئۆزلۈكىدىن خەۋەر ئۇقۇشقا كەلگەن بەگزادە ليۇ چى ئىدى. ليۇ بېي ئۇنى قاراۋۇل راۋىقىغا تەكلىپ قىلدى ۋە:

— كۈنچىقىش تۆۋەن بورىنى چىققىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى، جۇگې لياڭنى ئەكېلىشكە كەتكەن جاۋ يۈن ھازىرغا قەدەر كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، ئەنسىرەپ قالدىم، — دېدى. بىر پەس ئۆتمەستىنلا بىر سەرۋاز ئۇزاقتىكى فەنكو كېمە تۇرغۇچىنى كۆرسىتىپ:

— بىر يەلكەنلىك كېمە كېلىۋاتىدۇ، چوقۇم مۇشاۋىر بولۇشى كېرەك، — دېدى.

لىيۇ بېي بىلەن لىيۇ چى راۋاقتىن چۈشۈپ ئىستىقبالغا چىقتى. بىردەمدىلا كېمە يېتىپ كەلدى. جۇگې لىياڭ، جاۋ يۈن قىرغاققا چىقتى. لىيۇ بېي ناھايىتى خۇشال بولدى. ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— ھازىر باشقا ئىشلار توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىشكە ۋاقىت قالمىدى. بۇرۇن مەن دېگەن لەشكەر ۋە ئۇرۇش كېمىلىرى تەييارلاپ قويۇلغانمۇ؟ — دېدى جۇگې لىياڭ.

— ئاللىقاچانلا تەق قىلىپ قويدۇق، سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىغىلا قاراقلىق، — دېدى لىيۇ بېي.

جۇگې لىياڭ لىيۇ بېي، لىيۇ چىلار بىلەن بىرگە چېدىرغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن جاۋ يۈننى چاقىرىپ:

— جاۋ يۈن سىز 3000 لەشكەر ئېلىپ دەريادىن ئۆتىسىز، ۋۇلىنغا بارىدىغان كىچىك يولنى ئۈزۈپ تاشلايسىز، دەرەخ، قومۇش قېلىن ئۆسكەن يەرگە مۆكۈۋالىسىز. بۈگۈن كېچە باش توخۇدىن كېيىن، ساۋ ساۋ چوقۇم شۇ يولدىن قاچىدۇ. ياۋ لەشكەرلىرى ئۆتكەندە، ئوتتۇرىدىنلا ئوت قويۇڭ. ياۋنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلىيالمىسىڭىزمۇ، يېرىمىنى قىرىپ تاشلايسىز! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

— ۋۇلىننىڭ ئىككى يولى بار، بىرى نەنجۈنگە، بىرى جىڭجۇغا بارىدۇ. قايسى يول بىلەن كېلەرىكەن؟ — دەپ سورىدى جاۋ يۈن.

— نەنجۈننىڭ يولى خەتەرلىك، ساۋ ساۋ ئۇ يول بىلەن مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، چوقۇم جىڭجۇغا كېلىدۇ ـ دە، ئاندىن پۈتۈن قوشۇنى بىلەن شۈيچاڭغا كېتىدۇ، — دېدى جۇگې لىياڭ.

جاۋ يۈن بۇيرۇقنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. يەنە جاڭ فېينى چاقىرىپ:

— جاڭ فېي! سىز 3000 لەشكەر بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

يىلنىڭ يولىنى ئۈزۈۋېتىش - دە، قاپاق جىلغىسىغا بېرىپ مۈكۈۋېلىش. ساۋ ساۋ تۆۋەن يىلىڭغا مېڭىشقا پېتىنالماي، چوقۇم يۇقىرى يىلىڭغا بارىدۇ. ئەتە يامغۇر توختىغاندىن كېيىن، جەزمەن قازانلىرىنى ئېچىپ تاماق ئېتىدۇ، تۈتۈننى كۆرگەن ھامان، تاغ يانباغرىغا ئوت قويۇڭ. ساۋ ساۋنى قولغا چۈشۈرەلمىسىڭىزمۇ، بۇ زور ئەجىر - تۆھپە ھېسابلىنىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

جاڭ فېيمۇ بۇيرۇقنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. جۇگې لياڭ يەنە مى جۇ، مى فاڭ، ليۇ فېڭ ئۈچەيلەننى چاقىرىپ:

— سىلەر كېمىلەر بىلەن دەريادا ئايلىنىپ يۈرۈپ، يېڭىلگەن ياۋ لەشكەرلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، قورال - ئەسلىھەلىرىنى تارتىۋېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

ئۈچەيلەنمۇ بۇيرۇقنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. جۇگې لياڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، بەگزادە ليۇ چىغا:

— ۋۇچاڭ ناھايىتى مۇھىم جاي. بەگزادەم سىلى مەرھەمەت قىلىپ قايتسىلا، قوشۇنلىرىنى قىرغاق ئېغىزلىرىغا پۇختا ئورۇنلاشتۇرسىلا. ساۋ ساۋ يېڭىلىپ قالغاندا چوقۇم قېچىپ بارغۇچىلار بولىدۇ، ئۇلارنى شۇ يەردىلا تۇتۇش كېرەك. زىنھار يېنىكلىك قىلىپ شەھەردىن ئايرىلمىسىلا! — دېدى.

ليۇ چى ليۇ بېي، جۇگې لياڭ بىلەن خەيرلەشتى.

— جانابىي پاسىبان! — دېدى جۇگې لياڭ ليۇ بېيغا قاراپ، — لەشكەرلەرنى فەنكوغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېگىز يەرگە چىقىپ بۈگۈن كېچە جۇ يۈينىڭ قازىنىدىغان ئۇلۇغ زەپىرىنى تاماشا قىلۇرلەر.

بۇ ۋاقىتتا گۇەن يۈي ياندا تۇرغان بولسىمۇ، جۇگې لياڭ پىسەنت قىلمىدى. تاقەت قىلالمىغان گۇەن يۈي ئۈنلۈك قىلىپ:

— كەمىنە گۇەن يۈيلىرى ئاغام بىلەن تۇرغۇن يىللاردىن بېرى جەڭلەردە بىللە بولۇپ، ئارقىدا قالمىغانىدىم، بۈگۈن

كۆچلۈك ياۋ بىلەن ئېلىشىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، مۇشاۋىر، مېنى ئىشقا سالماسلىقلىرىڭىزدىن مۇراد نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— گۈەن يۈي! ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا! — دېدى جۇگې لياڭ، — ئەسلىدە سىلىنى مۇھىم بىر ئېغىزنى ساقلاشقا ئاۋارە قىلىش نىيىتىم بار ئىدى، بىر ئىشقا تاقىشىدىغان يېرى بولغاچقا، ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن.

— نېمە ئىشقا تاقىشىدىكەن؟ بايان قىلۇرلەر! — دېدى گۈەن يۈي.

— ئۆتمۈشتە ساۋ ساۋ سىلىنى ئوبدان كۈتكەنىدى. سىلىمۇ قايتۇرۇشلىرى لازىم، ئەلۋەتتە. بۈگۈن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قالسا، چوقۇم خۇارۇڭ يولى بىلەن ماڭىدۇ. ئەگەر سىلىنى بۇ يەرگە ئەۋەتىپ قويساق، ئۇنى قويۇۋېتىشلىرى چوقۇم. شۇڭلاشقا سىلىنى ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— سىلىنىڭ نىيەتلىرى ياخشى! — دېدى گۈەن يۈي، — دەرۋەقە ئۇز ۋاقتىدا ساۋ ساۋ ھەقىقەتەن مېنى ياخشى كۈتكەنىدى. مەنمۇ يەن لياڭنى، ۋېن چۈنى ئۆلتۈرۈپ، بەيما قامىلىدىن قۇتقۇزۇپ، قىلغان ياخشىلىقىغا قايتۇرغانىدىم. بۈگۈن يولۇقۇپ قالىدىكەن، ئۇنى قويۇۋېتەمەنمۇ!

— مۇبادا قويۇۋەتسىلە، قانداق قىلىمىز؟

— لەشكىرىي قانۇن بويىچە جازاغا لايىق بولاي! — دېدى گۈەن يۈي.

— ئۇنداق بولسا، تىلخەت يازسىلا! — دېدى جۇگې لياڭ.

گۈەن يۈي لەشكىرىي قانۇن بويىچە تىلخەت يېزىپ بەردى ۋە:

— ئەگەر ساۋ ئۇ يولدىن كەلمىسە، قانداق قىلىسىلەر؟ — دېدى.

— مەنمۇ سىلىگە تىلخەت يېزىپ بېرىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ. گۈەن يۈي ناھايىتى خۇشال بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سىلى خوارۇڭنىڭ كىچىك يولىدىكى تاغنىڭ ئېگىز يېرىگە ئوتۇن - چاۋار يىغىپ ئوت قويۇپ، ساۋ ساۋنى جەلپ قىلۇرلەر، — دەپ بۇيرۇدى جۇگې لياڭ.

— ئىس - تۈتەكنى كۆرگەن ساۋ ساۋ پىستىرما بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قانداق كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى گۇەن يۈي.

— لەشكەر ماھارىتى ئىلمىدە، — دېدى كۈلۈپ جۇگې لياڭ، — جەڭنىڭ بىرى جەڭ، توقۇزى رەڭ، دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمىدىلە؟ ساۋ ساۋ تالانتلىق سەركەردە بولسىمۇ، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇنى تۇزاققا چۈشۈرۈش مۇمكىن. ئۇ ئىس - تۈتۈننى كۆرۈپ بۇ نەيرەڭ دەيدۇ - دە، چوقۇم شۇ يول بىلەن كېلىدۇ. سىلى ئۇنىڭ رايىغا باقمىغايلا!

گۇەن يۈي بۇيرۇقنى ئېلىپ، گۇەن پىڭ، جۇ ساڭنى باشلاپ 500 لەشكەر بىلەن خوارۇڭ يولىغا پىستىرما بولۇشقا كەتتى.

— ئىنىمدا مەردلىك ھېسسىياتى ناھايىتى كۈچلۈك، ئەگەر ساۋ ساۋ راستىنلا خوارۇڭ يولى بىلەن كېلىپ قالسا، قويۇۋېتەرمىكىن، — دېدى لىيۇ بېي.

— مەن كېچە يۇلتۇزلارنى كۆزەتكەندىم، قارىسام، مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ تېخى ئەجىلى توشماپتۇ. بۇ ئادەمگەرچىلىكنى گۇەن يۈيگە قالدۇرساق، بۇمۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بولىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

— تەقسىر! سىلىدەك كارامەت پىكىر قىلغۇچىلار جاھاندا نادىردۇر! — دېدى لىيۇ بېي.

شۇنىڭ بىلەن جۇ يۈينىڭ لەشكىرىنى ئىشقا سېلىش پائالىيىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن جۇگې لياڭ لىيۇ بېي بىلەن فەنكوغا ماڭدى. سۈن چيەن بىلەن جيەن يۇڭ شەھەر ساقلاشقا قالدۇرۇلدى.

ساۋ ساۋ چولڭ قارارگاھتا پالۋانلار بىلەن كېڭەش قىلىپ، خۋالڭ گەيىنىڭلا خەۋىرىنى كۈتۈۋاتاتتى. شۇ كۈنى كۈنچىقىش تۈۋەن بورىنى ناھايىتى قاتتىق چىقىۋاتاتتى.

— بۈگۈن كۈنچىقىش تۈۋەن بورىنى چىقتى، ساقلىنىش چارىسىنى كۆرۈش كېرەك، — دېدى ساۋ ساۋغا چېڭ يۈي.

— قىشلىق كۈن - تۈن توختاش ۋاقتىدا، مۇئەييەن كېلىپ چىقىدۇ، كۈنچىقىش تۈۋەن بورىنى چىقماي قالامدۇ؟ ئەجەبلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى كۈلۈپ ساۋ ساۋ.

توساتتىن ئەسكەرلەر:

— جياڭدۇڭ تەرەپتىن بىر كىچىك كېمە كەلدى، خۋالڭ گەيدىن مەخپىي خەت بار دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى. ساۋ ساۋ كەلگەن كىشىنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇدى، ئۇ ئادەم كىرىپ ساۋ ساۋغا خەتنى سۇندى. خەتتە:

«جۇ يۈي ئۆتكەللەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلغانلىقتىن، قۇتۇلۇپ چىقىشقا چارە تاپالمىغانىدىم. بۈگۈن پوياڭ كۆلى ئارقىلىق يېڭىدىن ئاشلىق كەلتۈرۈلگەنىدى، قاراۋۇللۇق ئۈچۈن جۇ يۈي مېنى تەيىن قىلدى، شۇڭلاشقا شارائىت تۇغۇلدى. جياڭدۇڭنىڭ ئاتاقلىق پالۋىنىنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ئەل بولۇپ بارىمەن. بۈگۈن كېچە كېلىدىغان قارا ئەجدىھا تېشى سۇرەتلىك تۇغ قادالغان كېمىلەر ئاشلىق كېمىلىرىدۇر» دېيىلگەنىدى.

ساۋ ساۋ خەتنى ئوقۇپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى، شۇنىڭ بىلەن پالۋانلارنى ئېلىپ، سۇ قارارگاھىدىكى چولڭ كېمىگە چىقتى - دە، خۋالڭ گەي كېمىلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈزۈتۈپ تۇردى.

ئەمدى جياڭدۇڭغا كېلەيلى. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەن ۋاقىتتا، جۇ يۈي سەي خېنى چاقىرتىپ چىقتى - دە، نۆكەرلەرگە باغلاتقۇزۇپ يىقىتتى.

— گۇناھسىز مەن! — دەپ ۋارقىرىدى سەي خې.

www.uyghurkitap.com

— سەن ساختا ئەل بولۇپ كېلىشكە جۈرئەت قىلغان قانچىلىك ئادەم! بۇگۈن مېنىڭ تۈگ قۇربانلىقىم يوق، بېشىڭنى ئارىيەت ئالماقچىمەن، — دېدى جۇ يۈي.

سەي خې ئۆز دەۋاسىنى ئاقلۇزالماستىن، تۇۋلاپ:

— سىزنىڭ يېقىن كىشىلىرىڭىزدىن كەن زې، گەنىڭلارمۇ مېنىڭ شېرىكلىرىم ئىدى! — دېدى.

— مېنىڭ تاپشۇرۇقۇم بىلەن شۇنداق قىلغان، — دېدى جۇ يۈي.

سەي خې پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالدى.

جۇ يۈينىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەي خې دەريانىڭ ياقىسىدىكى قارا تۇغنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلدى، هاراق تېمىتىپ، قەغەز كۆيدۈرۈلدى ـ دە، ئۇرغان بىر قىلىچ بىلەن سەي خېنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولدى. قېنى بولسا تۇغ قۇربانلىقى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن كېمىلەرگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلدى.

خۇاڭ گەي ئۈچىنچى ئوت قويغۇچى كېمىدە، پەقەتلا مەيدە دالدىغۇچ ئارتقان، قىلىچ تۇتقان هالدا تۇراتتى، تۇغقا چوڭ هەرپ بىلەن «تۇرشاۋۇل خۇاڭ گەي» دەپ يېزىلغانىدى. خۇاڭ گەي شامالدىن پايدىلىنىپ تولۇق يەلكەن كېرىپ چىبىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا كۈنچىقىش بورىنى راسا چىقىپ، دولقۇن كۆچىيىپ كەتتى.

ساۋ ساۋ ئۆز كېمىسىدە دەريانىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئاي چىقتى، ئاينىڭ نۇرى بىلەن دەريانىڭ سۈيى پارقىراپ خۇددى ئوينىشىپ دولقۇن هاسىل قىلىۋاتقان تۈمەنلەرچە ئالتۇن رەڭلىك يوغان يىلانلارغا ئوخشاپ كەتتى. يۈزىنى بورانغا قىلىپ تۇرغان ساۋ ساۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۆزىچە كۆرەڭلىدى. تۇساتتىن بىر لەشكەر قولى بىلەن دەريانىڭ تۈۋىنىنى كۆرسىتىپ:

— دەريانىڭ تۈۋىنىدە خىرە كۆرۈنگەن بىر تۈركۈم يەلكەن

بوراندىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.
ساۋ ساۋ كېمىنىڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ قارىدى.
— كېمىلەرگە قارا ئەجدىها تېشى سۈرەتلىك تۇغ قادىلىپتۇ. ئىچىدە چوڭ بىر تۇغقا «تۇرشاۋۇل خۇاڭ گەي» دېگەن سۆز چوڭ خەت بىلەن يېزىلىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى نۆكەرلەر.
— خۇاڭ گەينىڭ ئەل بولۇپ كېلىشى تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن مەدىتى، — دېدى كۈلۈپ ساۋ ساۋ.
كېلىۋاتقان كېمىلەر بارغانسېرى يېقىنلاشتى. چېڭ يۈي ئۆزۈن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋغا:
— كېلىۋاتقان كېمىدە گەپ بار. ھازىرچە قارارگاھقا يېقىن يولاتمايلى! — دېدى.
— بۇنى قانداق بىلدىڭلا؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.
— كېمىدە ئاشلىق بولىدىغان بولسا، كېمە ئېغىر، ۋەزمىن بولاتتى. بۇ كېلىۋاتقان كېمىلەر يېنىك ۋە لەيلەپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن كېچە كۈچلۈك كۈنچىقىش تۈۋەن بورىنى چىقىۋاتىدۇ؛ ئەگەر نەيرەڭ ئىشلەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى چېڭ يۈي.
— كىم بېرىپ توسۇپ قويىدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ بىردىنلا ئېسىنى يىغىۋېلىپ.
— مەن سۇ ئۈستىدە جەڭ قىلىشقا پىشىپ قالدىم، بېرىشقا رۇخسەت قىلسىلا! — دەپ ئىلتىماس قىلدى ۋېن پىن، سۆزىنى تۈگىتىپلا كىچىك كېمىگە سەكرەپ چۈشتى، قولىنى بىر ئىشارە قىلىش بىلەن ئون نەچچە دانە قاراۋۇل كېمىلىرى ۋېن پىننىڭ كېمىسىگە ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى. ۋېن پىن كېمىنىڭ تۇمشۇقىدا ئۆرە تۇرغان ھالدا:
— باش ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقى: تۆۋەن تەرەپتىن كەلگەن كېمىلەر ھازىرچە قارارگاھقا يېقىنلاشمىغىلار! دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىلا لەڭگەر تاشلاڭلار! — دەپ توۋلىدى. ھەممە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەشكەرلەر تەڭلا:

— يەلكەننى چۈشۈرۈڭلار! — دەپ توۋلاشتى.

سۆز تېخى تۈگە ـ تۈگىمەيلا، يانلاۋ ئوقى ۋىژىلداپ كېلىپ ۋىن پىننىڭ سول بىلىكىگە تەگدى ـ دە، ئۇ كېمىگە يىقىلىپ چۈشتى. كېمىدىكىلەر پاتىپاراق بولۇپ، ھەر كىم ئۆز كېمىسى بىلەن قېچىشقا باشلىدى. تۆۋەن تەرەپنىڭ كېمىلىرى بىلەن ساۋ ساۋ قارارگاھىنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت ئىككى چاقىرىملا جاي قالغانىدى، خۇاڭ گەي قىلىچىنى بىرلا ئوينىتىش بىلەن ئالدىدىكى كېمىلەر تەڭلا ئوت ئاچتى. ئوت بوران كۈچىدىن پايدىلىنىدۇ، بوران بولسا ئوتقا ياردەم بېرىدۇ، كېمىلەر ئوقيادەك ئېتىلدى، ئىس ـ تۈتەك ئاسماننى قاپلاپ كەتتى. 20 ئوت كېمىسى ياۋ قارارگاھىغا بېسىپ كىردى. ساۋ ساۋنىڭ كېمىلىرىگە ئوت كەتتى. ساۋ ساۋ قارارگاھىدىكى كېمىلەرنىڭ ھەممىسى زەنجىر بىلەن چېتىپ قويۇلغاچقا، ھېچ يەرگە قاچالمىدى. دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئېتىلغان زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن تەڭلا، تۆت تەرەپتىكى ئوت كېمىلىرىنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك تەڭلا يېتىپ كەلدى. چوڭ دەريانىڭ يۈزىدە ئوت بىلەن بوران بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ئۇچۇپ يۈرەتتى. يەر ـ جاھاننى قىپقىزىللىق بېسىپ كەتتى.

ساۋ ساۋ ئۆرۈلۈپ قىرغاقتىكى قارارگاھىغا نەزەر سالسا، بىرقانچە يەردە يانغىن بولۇۋېتىپتۇ.

خۇاڭ گەي سەكرەپ كىچىك بىر كېمىگە چۈشتى، ئارقىسىدىن بىرقانچە ئادەم كېمىنى ھەيدەپ، تۈتەك يانغىننى بۆسۈپ ئۆتۈپ ساۋ ساۋنى ئىزدىدى. ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ ئەمدى قىرغاققا قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، توساتتىن جاڭ لياۋ بىر كىچىك كېمە بىلەن كېلىپ قالدى، ساۋ ساۋنى ئەمدى يۆلەشتۈرۈپ كېمىگە چۈشۈرۈپ بولغان ۋاقتىدا، ھېلىقى چوڭ كېمىگە ئوت تۇتىشىپ كەتتى. جاڭ لياۋ ئون نەچچە

كىشى بىلەن ساۋ ساۋنى قوغداپ، ئۇچقاندەك قىرغاققا قاچتى. خۇاڭ گەي قىزىل كىمخاب تون كىيگۈچىنىڭ كېمىگە چۈشكىنىنى كۆرۈپ، چوقۇم ساۋ ساۋ، دەپ ئويلىدى ـ دە، كېمىسىنى تېز ھەيدىتىپ قولىدا ئۆتكۈر قىلىچ تۇتقان ھالدا:

— ھەي مۇناپىق ساۋ ساۋ، توختا! خۇاڭ گەي مانا بۇ يەردە! — دەپ نەرە تارتتى.

ساۋ ساۋ ئەلەملىك ئاۋازى بىلەن ئارقىمۇئارقا دادپەرياد سالدى. جاڭ لياۋ بولسا ئوقيايىنى بەتلەپ، خۇاڭ گەي يېقىن كەلگەن ۋاقىتتا ئوق ئۈزدى. بۇ ۋاقىتتا بوران ئاۋازى كۈچلۈك بولغاچقا، خۇاڭ گەي ئوت يالقۇنى ئىچىدە قانداق قىلىپ ئوقيا ئاۋازىنى ئاڭلىيالىسۇن؟ ئوق دەل ئۇنىڭ ئوقرىكىگە تېگىپ، ئۇ سۇغا يىقىلدى. دەرھەقىقەت:

*ئوت ئاپىتى ئىچىدە دۇچ كەلدى ھەم سۇ ئاپەت،*
*ئاياق زەخمى ساقايسا، گويا سالدى جاراھەت.*

خۇاڭ گەي ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىكىنچى باب

## جۇگې لياڭنىڭ خۇارۇڭ يولىدا بولغۇسى ۋەقەنى ئالدىن بىلگەنلىكى
## گۇەن يۈيىنىڭ مەردلىك قىلىپ ساۋ ساۋنى قويۇۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، ئەنە شۇ كۈن كېچىسى جاڭ لياۋ بىر تال ئوق بىلەن خۇاڭ گەيىنى سۇغا يىقىتىۋېتىپ، ساۋ ساۋنى قۇتۇلدۇرۇپ قىرغاققا ئەچىقىۋالدى، ئات - يات تېپىپ ماڭايلى دەپ تۇرغان ۋاقتىدا، لەشكەرلەر پاتپاراق بولۇپ كەتتى.

خەن داڭ تۇتۇن ئوتىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ سۇ قارارگاھىغا تېگىش قىلماقچى بولغاندا، بىردىنلا لەشكەرلىرى:

— سەركەردە! كېمىنىڭ ئارقىسىدا بىراۋ سىلىنىڭ ناملىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ! — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

خەن داڭ دىققەت قىلىۋىدى.

— خەن داڭ! مېنى قۇتقۇزۇڭ! — دەپ تونۇلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— بۇ خۇاڭ گەيغۇ! — دېدى - دە، خەن داڭ ئۇنى تېز قۇتقۇزۇۋالدى. قارىسا خۇاڭ گەي ئوقيا ئوقىدا جاراھەتلىنىپتۇ، ئوقيانىڭ دەستىسىنى چىشلەپ تارتىۋالدى، ئوق گۆشنىڭ ئىچىدە قېلىپ قالدى.

خەن داڭ دەرھال ئۇنىڭ ھۆل كىيىملىرىنى سالغۇزۇپ، پىچاق بىلەن ئوقنى ئويۇپ ئالدى، تۇغنى يىرتىپ يارىنى تاڭدى،

ئۆزىنىڭ جەڭ كېيىمىنى سېلىپ خۇاڭ گەيگە كىيگۈزدى، ئاۋۋال داۋالاش ئۈچۈن باشقا بىر كېمىنى چوڭ قارارگاھقا ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

خۇاڭ گەي ئەسلىدە ئۈزۈشنى ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن، قاپاق ياردى مەۋسۇمى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ساۋۇت بىلەن دەرياغا چۈشۈپ كەتسىمۇ، ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىغانىدى.

ئەنە شۇ كۈنى يانغىن ئەۋج ئېلىپ پۈتۈن دەريانى قاپلاپ كەتتى، چۇقان يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. سول تەرەپتىن خەن داڭ بىلەن جياڭ چىن لەشكەرلىرى بىلەن چىبىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن؛ جۇ تەي بىلەن چېن ۋۇ لەشكەرلىرى بىلەن چىبىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن قىرغىن قىلىپ كەلدى؛ ئوتتۇرىدىن جۇ يۈي، چېڭ پۇ، شۈي شېڭ، دىڭ فېڭ باشلاپ ماڭغان چوڭ قوشۇن چۈشكەن كېمىلەر يېتىپ كەلدى. ئوت لەشكەرلەرگە ماسلىشىپ بەردى، لەشكەرلەر ئوت كۈچىدىن پايدىلاندى. مانا بۇ كۆپ قان تۆكۈلگەن سەنجياڭ سۇ ئۇرۇشى، چىبىدىكى شىددەتلىك جەڭ ئىدى. نەيزىلىنىپ، ئوق تېگىپ، ئوتتا كۆيۈپ، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلگەن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى.

بۇ توغرۇلۇق كېيىنكى ئادەملەر مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەنىدى:

*سىنىشىپ ئەرلىك ۋە مەردلىك ۋۇيى بىلەن ۋۇ بەگلىكى،*
*يوقىلىپ پۈتتى تامام چىبىدا ياۋنىڭ يەلكىنى.*
*تارقىدى كۆكتە پۈلۈت دېڭىزدەك يانغىن چىقىپ،*
*يېدى جۇ يۈيدىن شۇ كۈن ساۋ ساۋ ۋەزىر چېڭ دەككىنى.*

يەنە بىر رۇبائىدا مۇنداق پۈتۈلگەن:

*تاغ ئېگىز، ئايمۇ يىراق، دېڭىز سۈيىكىم بىيايان،*
*ئىستەي! خانلار قىرىقتى ئىستىبلاغا باڭ يامان.*

www.uyghurkitap.com

*خالىماي ئۆتتى جەنۇبلۇق ئەلنى ۋەيلەتلارنى ھېچ،*
*بەردى كۆپ جىز يۈيگە ياردەم شەرق يورانى ھامان.*

دەريادىكى شىددەتلىك جەڭ تۈرۈپ تۇرسۇن. ئەمدى قۇرۇقلۇق ھەققىدە توختىلايلى. گەن نىڭ سەي جۈگنى يول باشلاشقا بۇيرۇدى، ساۋ ساۋ قارارگاھىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، گەن نىڭ بىر قىلىچ ئۇرۇش بىلەن سەي جۈگنى ئات ئاستىغا ئۇرۇپ تاشلىدى ــ دە، قۇرۇق ئوت ــ چۆپلەرگە ئوت قويۇۋەتتى. لۈي مېڭ يىراقتىن بارگاھتىن چىققان يالقۇننى كۆرۈپ، ئون نەچچە جايغا ئوت قويۇپ، گەن نىڭگە ھەمدەمدە بولدى. پەن جاڭ بىلەن دۇڭ شى ئىككى ياقىلاپ ئوت قويۇپ چۇقان سالدى. ھەر تەرەپتىن چىققان ناغرا ــ دۇمباق ئاۋازى ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

ساۋ ساۋ بىلەن جاڭ لياۋ 100 دىن ئارتۇق ئاتلىق نۆكەر بىلەن يالقىن ئىچىدە كېتىۋاتاتتى، ئالدى تەرەپنىڭ ھەممىلا يېرىدە يالقىن يېنىۋاتاتتى. كېتىۋاتقان ۋاقتىدا ۋېن پىننى قۇتقۇزغان ماۋ جې ئون نەچچە ئاتلىق بىلەن كېلىپ قوشۇلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنى يول ئىزدەشكە بۇيرۇدى.

— پەقەت ۋۇلىن يولى بار، ئۇزى كەڭ ــ كۇشادە، مېڭىشقا بولىدۇ، — دېدى جاڭ لياۋ.

ساۋ ساۋ ۋۇلىن يولىغا ماڭدى. كېتىۋاتقاندا، ئارقىدىن بىر قوشۇن قوغلاپ كېلىپ:

— مۇناپىق ساۋ ساۋ! توختا! — دەپ ۋارقىرىدى.

يالقىندا لۈي مېڭ دەپ يېزىلغان بايراق كۆرۈندى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى ئالدىغا مېڭىشقا ھەيدەپ، ئارقىغا لۈي مېڭنى توسۇش ئۈچۈن، جاڭ لياۋنى قالدۇردى. ئالدى تەرەپتە يالقىن چىقتى، تاغ جىلغىلىرى ئىچىدىن بىر قوشۇن چىقىپ كەلدى.

— لىڭ تۇڭ بۇ يەردە! — دەپ نەرە تارتتى.

ساۋ ساۋ قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكەندەك بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitabi.com

كەتتى.

ئەنە شۇنداق پەيتتە يان تەرەپتىن بىر قوشۇن يېتىپ كېلىپ:

— قورقمىسىلا باش ۋەزىر! شۇي خۇاڭلىرى بۇ يەردە! — دەپ نەرە تارتتى.

قوچاقلاشما جەڭ بولۇپ كەتتى، ساۋ ساۋ يول ئېلىپ يۇقىرىغا قاراپ تىكىۋەتتى. توساتتىن تاغ باغرىغا جايلىشىۋالغان بىر قوشۇنغا دۇچ كېلىپ قالدى. شۇي خۇاڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سورىۋىدى، ئۇلار يۈەن شاۋدىن ئەل بولغان پالۋانلاردىن ما يەن، جاڭ يىلار بولۇپ، يۇقىرى تەرەپنىڭ 3000 لەشكىرى بىلەن بۇ يەرگە قارارگاھ قۇرغانىكەن، بۇ كۈنى ئاسماننى قاپلىغان يانغىننى كۆرۈپ، ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرغاندا ساۋ ساۋغا ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ساۋ ساۋ ئىككى پالۋاننى 1000 لەشكەر بىلەن يول ئېچىشقا بۇيرۇۋىدى، قالغانلىرىنى ئۆزىنى قوغداشقا قالدۇردى. بۇ ياردەمچى كۈچكە ئىگە بولغان ساۋ ساۋ سەل خاتىرجەم بولدى.

ما يەن، جاڭ يى ئىككى پالۋان ئۇچقاندەك ئالدىدا ماڭدى، ئون چاقىرىم يول ماڭا ـ ماڭمايلا چۇقان كۆتۈرۈلدى ـ دە، بىر قوشۇن چىقىپ كەلدى، سەركەردە بولۇپ كېلىۋاتقان پالۋان:

— كۈنچىقىش ۋۇنىڭ پالۋانى گەن نىڭدۇرمەن! — دەپ نەرە تارتتى.

ما يەن روبىرو بولۇپ ئېلىشماقچى بولۇۋىدى، گەن نىڭنىڭ ئاللىقاچان سالغان بىر قىلىچ زەربى بىلەن ئات ئاستىغا يىقىلدى؛ جاڭ يى نەيزىسىنى ئويىنىتىپ كېلىۋىدى، گەن نىڭنىڭ تارتقان بىر نەرىسى بىلەن ھودۇقۇپ قالدى، گەن نىڭنىڭ ئۇرغان بىر قىلىچ زەربىسى بىلەن ئات ئاستىغا ئاغدۇرۇلدى. ھىماتچى لەشكەرلەر ئۇچقاندەك كېلىپ خەۋەرنى ساۋ ساۋغا يەتكۈزدى. ساۋ ساۋ بۇ ۋاقىتتا خېفېيدىن ھەمدەمگە لەشكەر كەلسە ئىدى، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇمىد قىلىپ تۇراتتى، لېكىن ئويلانمىغان يېرىدىن خېقىيىنىڭ يول ئاغزىغا جايلاشقان سۇن چۇەن دەريادىكى ياڭغىننى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىمىز نۇسرەت قازىنىپتۇ، دەپ لۇشۇنغا ئوت ياققۇزۇپ بەلگە بەردى؛ ئوت بەلگىسىنى كۆرگەن تەيشى سى لەشكەرلىرى بىلەن لۇ شۇنغا قوشۇلۇپ، قىرغىن قىلىپ كېلىشتى.

ساۋ ساۋ يىلىڭغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. يولدا جالڭ خې ئۇچراپ قالدى، ساۋ ساۋ ئۇنى ئارقىنى توسۇشقا ئەۋەتتى.

ساۋ ساۋ ئېتىنى قامچىلىغان پېتى سۇيۈەنگىچە قاچتى، ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ياڭغىن خېلى يىراقتا قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ بىرئاز خاتىرجەم بولدى-دە:

— بۇ قەيەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يەر ۋۇلىننىڭ كۈنپېتىش تەرىپى، يىدۇنىڭ يۇقىرى تەرىپى بولىدۇ، — دېدى ئەتراپىدىكىلەر.

ساۋ ساۋ قېلىن توقايلىقنى، ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغلارنى كۆرۈپ، ئات ئۈستىدە ئاسمانغا قاراپ توختىماستىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— باش ۋەزىر! كۈلۈشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى پالۋانلار.

— مەن باشقىلار ئۈچۈن كۈلمىدىم، پەقەت جۇ يۈينىڭ پاراسەتسىزلىكى، جۇگې لياڭنىڭ ئەقىلسىزلىقىغا كۈلدۈم. ئەگەر مەن بولغان بولسام ئالدى بىلەن بۇ يەرگە بىر قوشۇننى پىستىرما قويغان بولاتتىم. ئۇ ۋاقىتتا قاچقانلار قانداق قىلاتتىكىن؟

سۆز تېخى تۈگە-تۈگىمەيلا، ئىككى تەرەپتىن قۇلاق يارغۇدەك داقا-دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاسمان-پەلەك ياڭغىن چىقىپ كەتتى، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ساۋ ساۋ ئېتىدىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى. يان تەرەپتىن بىر قوشۇن كېسىپ قىرغىن قىلىپ چىقتى ۋە:

— مەنكى جاۋ يۈندۇرمەن، مۇشاۋىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغىنىمغا خېلى بولۇپ قالدى، — دەپ نەرە تارتتى.

ساۋ ساۋ جاۋ يۈنگە قارشى شۇي خۇاڭ بىلەن جاڭ خېنى ئەۋەتتى، ئۆزى تۈنەك ئوتنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى. جاۋ يۈن قوغلىماي پەقەت تۇغ ـ ئەلەم تارتىۋېلىشقىلا كىرىشىپ كەتتى. ساۋ ساۋ قېچىپ قۇتۇلدى.

تاڭ سەل ئېتىشقا باشلاپ، قارا بۇلۇت يەرنى قاپلىۋالغانتى، كۈنچىقىش تەۋەن شامىلى بولسا تېخى توختىمىغانىدى. بىردىنلا قاتتىق يامغۇر قۇيۇۋەتتى، يامغۇر كىيىم ـ ساۋۇتلاردىن ئۆتۈپ كەتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن يامغۇرنىڭ يېغىشىغا قارىماي يولىنى داۋام قىلىۋەردى، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاچ ئىدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى يېزىلاردىن ئاشلىق بۇلاپ، ئوت تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەمدى تاماق ئېتىپ يەيلى دەپ تۇرۇشىغا، ئارقا تەرەپتىن بىر قوشۇن قوغلاپ كېلىپ قالدى، ساۋ ساۋنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولدى. ئۇلار لى ديەن بىلەن شۈي چۇ بولۇپ، مەسلىھەتچىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەنىكەن. ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ كەتتى، لەشكەرلەرنى مېڭىشقا بۇيرۇدى ـ دە:

— ئالدىمىز قەيەر؟ — دەپ سورىدى.

— بىر تەرىپى تۈۋەن يىلىڭغا بارىدىغان يول، بىر تەرىپى يۇقىرى يىلىڭغا بارىدىغان تاغ يولى، — دەپ جاۋاب بەردى ئەتراپىدىكىلەر.

— نەنجۈن جياڭلىڭغا قايسى يول يېقىنراق؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— تۈۋەن يىلىڭغا بېرى قاپاق ئېغىز ئارقىلىق بېرىش تولىمۇ ئوڭاي كېلىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى لەشكەرلەر.

ساۋ ساۋ تۈۋەن يىلىڭغا مېڭىڭلار دەپ بۇيرۇق بەردى. قاپاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېغىزغا يېتىپ كەلگەندە، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاچ بولغاچقا ماڭالماي قالدى، ئاتلارنىڭمۇ كۆپى ھېرىپ قېلىپ، يولدا يېتىۋالدى. ساۋ ساۋ ئالدىدىكىلەرنى بىر ئاز دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى. بەزىلەردە جاڭ، قازان، بەزىلەردە يېزىلاردىن بۇلىۋالغان ئاشلىق بولغاچقا، تاغنىڭ يېنىدىكى قۇرۇق يەرلەرگە ئېسىپلا تاماق ئېتىشكە باشلىدى، بەزىلەر ئات گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى، ھەممە دېگۈدەك ھۆل كىيىملىرىنى سېلىپ شامالدىتىپ قۇرۇتۇشقا كىرىشتى، ئاتلارنى ئوتلىتىش ئۈچۈن ئېگەرلىرىنى ئېلىۋېتىپ دالىغا قويۇۋەتتى. ساۋ ساۋ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا قارىغان ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— باش ۋەزىر! — دېدى ئەمەلدارلار، — بايا جۇ يۈي بىلەن جۇگې لياڭ ئۈستىدىن كۈلۈۋىدىلە، جاۋ يۈن كېلىپ قېلىپ بىرمۇنچە ئادەملىرىمىز چىقىم بولدى. ھازىر يەنە نېمىشقا كۈلىدىلا؟

— جۇگې لياڭ، جۇ يۈينىڭ زادى كەم ئەقىل ئىكەنلىكىگە كۈلدۈم. ئەگەر مەن جەڭ قىلغان بولسام، ھارغىنلارنى تۇتۇشقا مۇشۇ يەرگىلا بىر قوشۇن پىستىرما قويۇپ قويغان بولاتتىم، شۇنداق بولغاندا، بىز جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قاچقان ھالەتتىمۇ، ئېغىر تالاپەتتىن قۇتۇلالمايتتۇق. ئۇلار بۇنى كۆرۈشەلمىگەن، شۇڭلاشقا كۈلۈۋاتىمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

سۆزلەۋاتقان ۋاقتىدا، تۇرشاۋۇل ۋە ھىماتچى قوشۇنلىرى تەڭلا چۇقان سالدى، چۆچۈپ كەتكەن ساۋ ساۋ ساۋۇتىنى كىيىشكە ئۈلگۈرەلمەي ئاران ئاتقا مىنىۋالدى. لەشكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاتلىرىنى يىغىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئەتراپنى ئىس، ئوت قاپلاپ كەتتى. تاغنىڭ ئاغزىغا بىر قوشۇن سەپ تارتىپ سەپراس بولۇپ تۇردى، بۇ قوشۇننىڭ سەركەردىسى يەن بەگلىكىدىن بولغان جاڭ فېي ئىدى، ئۇ نەيزىسىنى ئېگىزگە توغرا قويغان ھالدا:

— نەگە قاچىسەن؟ مۇناپىق ساۋ ساۋ! — دەپ نەرە تارتتى.

سەركەردە - سەرۋازلار جالغ قىيىنى كۆرۈپ قورقۇشۇپ كەتتى. شۇي چۇ باۋداق ئېتىغا مىنىپ جالغ قىي بىلەن ئېلىشتى. جالغ لياۋ بىلەن شۇي خۇالغ پالۋانمۇ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ جالغ قىيغا ئېتىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى قوچاقلاشما جەڭ قىلىشتى. ساۋ ساۋ ئالدى بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. پالۋانلارمۇ ئۆز - ئۆزىنى خالاس قىلىشتى، جالغ قىي ئارقىدىن قوغلىدى. ساۋ ساۋ ئەگرى - توقاي يوللاردا ھەدەپ قاچتى، قوغلىغۇچىلار بارغانسېرى يىراقتا قالدى، پالۋانلىرىنىڭ كۆپى يارىدار بولۇشتى.

تازا كېتىۋاتقان ۋاقتىدا لەشكەرلەر:

— جانابىي باش ۋەزىر! ئالدىمىزدا ئىككى يول بار، قايسى يول بىلەن ماڭىمىزكىن؟ — دەپ سورىدى.

— قايسى يول يېقىن؟ — سورىدى ساۋ ساۋ.

— چوڭ يول تۈزرەك، ئەمما، 50 چاقىرىم يىراق. كىچىك يول خۇارۇڭ يولىغا چىقىدۇ، 50 چاقىرىم يېقىن بولسىمۇ، يولى تار، خەۋپلىك، ئوي - دۆڭ بولۇپ مېڭىشقا تەس، — دېدى لەشكەرلەر.

ساۋ ساۋ يولنى كۆزىتىش ئۈچۈن تاغقا كىشى چىقاردى. ئۇ قايتىپ چۈشۈپ:

— كىچىك يولنىڭ بىرقانچە يېرىدىن ئىس چىقىۋاتىدۇ؛ چوڭ يول جىمجىتلىق، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ساۋ ساۋ ئالدىدىكى لەشكەرلەرنى خۇارۇڭنىڭ كىچىك يولىغا مېڭىشقا بۇيرۇدى.

— بەلگە ئوتى بار جايلاردا، لەشكەرلەرنىڭ بولۇشى چوقۇم. نېمىشقا بۇ يول بىلەن ماڭىمىز؟ — سورىدى پالۋانلار.

— «لەشكىرىي ماھارەت» دېگەن كىتابتا: «ساختىسى راست، راستى ساختىدۇر» دېيىلگەن، جۇگې لياڭ كۆپ

پاراسەتلىك ئادەم بولغاچقا، لەشكەرلىرىمىزنى بۇ يول بىلەن ماڭالمىسۇن دەپ، تاغنىڭ پىنھان جايلىرىغا ئوت ياقتۇرۇپ قويۇپ، ئەمەلدە چوڭ يولغا پىستىرما قويۇپ، بىزنى كۈتمەكتە. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، ھەرگىز ئۇنىڭ تۇزىقىغا چۈشمەيمەن! — دېدى ساۋ ساۋ.

— جانابىي باش ۋەزىر! سىلىنىڭ پاراسەتلىرىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ! — دېدى پالۋانلار.

شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر خۇارۇڭ يولىغا ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا ئادەملەر ئاچلىقتىن يىقىلماقتا، ئاتلار بولسا ھېرىپ كەتكەن، كۆيگەن، يارىدار بولغانلار ھاسا بىلەن يول يۈرمەكتە ئىدى. ئوقيا ئوقى تەگكەن، نەيزىلەنگەنلەر بولسا، تەستە كۆچەپ مېڭىشاتتى. كىيىم - ساۋۇتلىرى تامام ھۆل بولۇپ كەتكەن، ھەممە نەرسىلىرى تاشلانغان، لەشكىرىي ئەسلىھە، تۇغلىرى قالايمىقان ئىدى. تەڭدىن تولىسى بىلىنىڭ يولىدا ياۋنىڭ قوغلىشى تۈپەيلى ئالدىراپ قېلىپ، ئاتلىرىنى ياۋىداق مىنىشكەن، ئېگەر - توقۇم، نوختا - يۈگەن، كىيىم - كېچەكنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاشلىنىپ قالغانىدى. قىشنىڭ سوغۇق پەيتىدە تارتقان ئازابنى تىل بىلەن تەرىپ قىلغىلى بولمايتتى. ئالدىدا كېتىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردى.

— ئالدىمىزدا تاغدىكى كىچىك يولنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئەتىگەن ياغقان يامغۇرنىڭ سۈيى توشۇپ كېتىپ، ئېقىپ كېتەلمىگەچكە ئات لايغا پېتىپ قېلىپ ماڭالمايۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى ئالدىدىكىلەر.

— قوشۇن سەپەردە تاغقا يولۇقسا يول ئاچىدۇ، سۇغا توغرا كېلىپ قالسا كۆۋرۈك سالىدۇ. لايىنى كۆرۈپ توختاپ قالامدىكەن! — دەپ خاپا بولۇپ تۇۋلاپ كەتتى. ساۋ ساۋ ۋە دەرھاللا، — قېرى، ئاجىز، ياردارلار ئارقىدا ئاستا ماڭسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆچلۈك، ساغلام نۆكەرلەر تۇيا، ياغاچ، ئوت ـ چۆپ، شاخ ـ شۇمبا توشۇپ يول ياسسۇن، شۇئان ھەرىكەتكە كىرىشىلسۇن؛ ئەگەر بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولىدىكەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. لەشكەرلەر ئاتتىن چۈشۈپ، يولنىڭ بويىدىكى بامبۇك دەرەخلەرنى كېسىپ، تاغ يولىنى ياساشقا مەجبۇر بولدى. ساۋ ساۋ ئارقىدىكى ياۋ قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، جاڭ لياۋ، شۈي چۇ، شۈي خۇاڭلارنى 100 نەپەر قىلىچلىق چەۋەندازنى ئېلىپ ئاستا ھەرىكەتلەنگەنلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇ ۋاقىتتا ئاچ، ھارغىن لەشكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى يولغا يىقىلىپ قالغانىدى، ساۋ ساۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئادەم ـ ئاتلار بۇلارنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۆلگەنلەر ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. يول بويى يىغا ـ زارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ياشاش، ئۆلۈش — تەقدىر ـ قىسمەتتۇر. يىغلاشنىڭ نېمە ھاجىتى! يەنە يىغلىغۇچىلار بولىدىكەن، دەرھال ئۆلتۈرۈلسۇن! — دېدى دەرغەزەپ بولغان ساۋ ساۋ.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئارقىدا قالدى، ئۈچتىن بىر قىسمى تاغ يولىدىكى ئازگاللارغا تاشلاندى، ئۈچتىن بىر قىسمى ساۋ ساۋ بىلەن بىللە ماڭدى. تاغ جىلغىلىرى ئۆتۈلگەندىن كېيىن، يول سەل تۈزلۈككە چىقتى، ساۋ ساۋ ئارقىسىغا قارىۋىدى، 300 دىن ئارتۇقراق ئاتلىق ئادەم بىللە كېلىۋېتىپتۇ، كىيىم ـ ئۈستۋاش، زىرەھلىك كىيىملىرى تولۇقلاردىن بىرسىمۇ يوق ئىدى.

— تېز مېڭىڭلار! — دەپ ئالدىراتتى ساۋ ساۋ.

— ئاتلىرىمىز بەك ھېرىپ كەتتى، سەل دەم ئېلىۋالايلى، — دېدى پالۋانلار.

— جىڭجۇغا بېرىپ دەم ئالساقمۇ بولىدۇ، — دېدى

www.uyghurkitap.com

ساۋ ساۋ.

يەنە بىرنەچچە يول يۈرە ـ يۈرمەيلا ساۋ ساۋ ئات ئۈستىدە قامچىسىنى شىلتاپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— باش ۋەزىر جانابلىرى! يەنە نېمىشقا كۈلىدىلا؟ — دەپ سوراشتى پالۋانلار.

— ئادەملەر جۇ يۈي، جۇگې لياڭلارنى ئەقىل ـ پاراسەتلىك دېيىشىدۇ، مېنىڭچە ئۇلار ئىستىبداتسىز نېمىلەر. ئەگەر مۇشۇ ئورۇنغا بىر توپ لەشكەر قويۇپ قويغان بولسا، بىز تامام قولغا چۈشكەن بولاتتۇق! — دېدى ساۋ ساۋ.

سۆز تېخى تۈگىمەستىن ئېتىلغان توپ ئاۋازى بىلەن 500 قىلىچلىق لەشكەر يولدا سەپراس بولۇپ تۇردى، بۇ لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىسى قارا ئەجدىھا سۈرىتى نەقىش ئېتىلگەن ئۇزۇن قىلىچ تۇتقان، قىزىل توشقان ناملىق تۇلپارغا مىنگەن پالۋان گۇەن يۈي بولۇپ، يول توسۇپ تۇرغانىدى.

بۇنى كۆرگەن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى جان ـ پېنى چىقىپ، بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە قېتىپلا قالدى.

— مادامىكى بۇ يەرگە كەلدۇق، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭى قىلماي ئىلاج يوق! — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئادەملىرىمىز جەڭدىن قورقمىسىمۇ، ئاتلىرىمىز ھېرىپ كەتتى، قانداق جەڭ قىلغىلى بولىدۇ؟ — دېيىشتى پالۋانلار.

— گۇەن يۈينى، ئۆزىنى چولڭ تۇتقانلارغا گىدىيىپ، ئۆزىنى پەس تۇتقانلارغا تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ، كۈچلۈكنى ئايىمايدۇ، ئاجىزنى خاپا قىلمايدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىققا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەققانىيلىقى بىلەن مەشھۇر، دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى مۇشاۋىر چېڭ يۈي، — ئۆزلىرى ئۇنىڭغا قىلغان ئىلتىپات ئاز ئەمەس، ئەمدىلىكتە ئۆزلىرى بېرىپ ئىلتىماس قىلسىلا، بۇ خەۋپتىن قۇتۇلۇشىمىز مۇمكىن.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدى - دە، ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغا ئۆتتى، سالام قىلىپ تۇرۇپ:

— سەركەردە! ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى سالامەت تۇردىلىمۇ؟ — دېدى.

گۇەن يۈيمۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— مەن مۇشاۋىر جۇگې لياڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باش ۋەزىر جانابلىرىنى كۈتۈپ تۇرغىنىمغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى، — دېدى.

— لەشكەرلىرىم يېڭىلىپ قالدى، ئەھۋالىم ئېغىر، يولۇم ئېتىلىپ قالدى، سەركەردە جانابلىرى ئۆتمۈشتىكى شەخسىي دوستلۇقىمىزنى خاتىرىلەشلىرىنى سورايمەن، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ساۋ ساۋ.

— ئۆتمۈشتە مەن گەرچە جانابلىرىنىڭ كۆپ ئىلتىپاتلىرىغا نائىل بولغان بولساممۇ، يەن لياڭ، ۋېن چۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، بەيما مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ خىزمەتلىرىنى قىلىپ قويغانىدىم. بۈگۈن ئومۇمىي ئىش بىلەن شەخسىي ئىشنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ھەددىم ئەمەس، — دېدى گۇەن يۈي.

— بەش قورۇلدىن ئۆتۈپ پالۋانلارنى ئۆلتۈرگەنلىكلىرى يەنە ئەسلىرىدە باردۇر؟ باتۇر - ئەزىمەتلەر مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدۇ. سەركەردە جانابلىرى، «چۇنچيۇ» نى ئوبدان ئوقۇغان بولغىيتىلە، يۈيگۈلۈك زىسىنىڭ زىجۇ رۇزىنى قوغلىغانلىقى ۋەقەسى* نى بىلىدىغانلا؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

گۇەن يۈي مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان ئادەم بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتدا ساۋ ساۋنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىلتىپاتىنى ۋە كېيىن

---

* يۈيگۈلۈك زىسىنىڭ زىجۇرۇزىنى قوغلىغانلىقى ۋەقەسى — جۇنچيۇ دەۋرىدە ۋېي بەگلىكى يۈيگۈلۈك زىسىنى زىجۇرۇزىغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان، ئىككىلىسى يا ئېتىشقا ئۇستا ئىدى، بىراق زىجۇرۇزى كېسەل بولغاچقا، يا ئېلىپ جەڭ قىلىشقا چىقالمىغان. يۈيگۈلۈك زىسى ئۇنىڭغا: «مەن يىڭگۇڭ زىتادىن يا ئېتىشنى ئۆگەنگەن. يىڭگۇڭ زىتا بولسا سىزدىن ئۆگەنگەن. مەن سىزنىڭ ھۈنىرىڭىز بىلەن سىزنى زەخىملەندۈرۈشنى خالىمايمەن» دەپ يا ئوقىنىڭ ئۇچىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇچىسىز ئوقتىن تۆتنى ئېتىپ قايتىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەش قورۇلدىن ئۆتتۈۋېتىپ، پالۋانلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئەسلەپ تەسىرلەنمەي قالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئالاقزادە بولۇپ، ياش تۆكۈشكە ئازلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى يۇمشاپ قالدى. گۇەن يۈي ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۆز لەشكەرلىرىگە:

— تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ تىزىلىڭلار! — دېدى. بۇ سۆزدىن گۇەن يۈينىڭ ساۋ ساۋنى ئۆتكۈزۈۋېتىش خىيالىنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. گۇەن يۈينىڭ ئارقىغا بۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ پالۋانلار بىلەن تەڭلا باستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا گۇەن يۈي بۇرۇلۇپ قارىدى، قارىسا، ساۋ ساۋلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. گۇەن يۈي بىر نەرە تارتتۇيدى، ساۋ ساۋنىڭ قېچىپ قالغان لەشكەرلىرى يىغلاپ تۇرۇپ يەرگە تىزلاندى. بۇنى كۆرگەن گۇەن يۈي ئىككىلىنىپ قالدى، بۇ چاغدا جاڭ لياۋ ئاتلىق يېتىپ كەلدى. گۇەن يۈي جاڭ لياۋنى كۆرگەندىن كېيىن كونا قەدىناسلىقى يۈز - خاتىرىسىدىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، ھەممىيلەننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەن:

*جەڭدە ساۋ ساۋ يېڭىلىپ قاچقاندى خۇارۇڭ سايان،*
*كەلدى دۇچ يول ئۈستىدە گۇەن يۈيگە دەلمۇدەل شۇئان.*
*چۈشتى دەرھال ياشتىكى دوستلۇق ئەقىدە ئېسىگە،*
*ئاچتى - دە، ئالتۇن قۇلۇپنى قىلدى ئۇ يولنى راۋان.*

ساۋ ساۋ خۇارۇڭدىكى مۈشكۈللۈكتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ جىلغىنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ، ئەگىشىپ كەلگەن لەشكەرلىرىگە نەزەر سېلىۋىدى، ئارانلا 27 ئاتلىق قاپتۇ. كەچ كىرگەندە نەنجۈنگە يېقىن كېلىپ قالدى. ئوتقاش كۆتۈرگەن لەشكەرلەر يول توسۇدى. ساۋ ساۋ چۆچۈپ كەتكەن ھالدا:

— ئەمدى تۈگەشتىم! — دېدى.

بىر توپ پايلاقچىلار ساۋ ساۋ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. قارىسا ساۋ رېننىڭ لەشكەرلىرى ئىكەن. ساۋ ساۋ بۇنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى. ساۋ رېن:

— لەشكەرلىرىمىز يېڭىلگەن بولسىمۇ، يىراق كېتىشكە پېتىنالماي بولۇشۇش ئۈچۈن مۇشۇ ئەتراپتا كۈتۈپ تۇردۇم، — دېدى.

— سىز بىلەن كۆرۈشەلمەسكىمۇ تاس قالدىم، — دېدى ساۋ ساۋ. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەرنى ئېلىپ، نەنجۇن شەھىرىگە كىرىپ دەم ئالدى. ئارقىدىن جاڭ لياۋمۇ يېتىپ كېلىپ، گوۋەن يۈنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

ساۋ ساۋ سەركەردە - سەرۋازلارنى ئىدىتلاپ كۆرۈۋىدى، كۆپچىلىكى يارىدار بوپتۇ. ساۋ ساۋ ئۇلارنى دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى.

ساۋ رېن مەي بىلەن ساۋ ساۋنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا تىرىشتى. مەسلىھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئولتۇرۇشتا ئىدى. ساۋ ساۋنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاسمانغا قاراپ قاتتىق يىغلىدى.

— جانابىي باش ۋەزىر! — دېدى مەسلىھەتچىلەر، — يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىدىن قېچىپ چىقسۇاتقان ۋاقتىڭىزدا، ھېچ قورقمىغانىدىڭىز؛ ئەمدى شەھەرگە كېلىپ، ئادەملىرىمىز ئوزۇقلىنىپ، ئاتلىرىمىز يەم - بوغۇزغا ئېرىشكەن، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، ياۋدىن قىساس ئالىدىغان ۋاقىتتا، نېمىشقا كۆڭۈللىرىنى بۇزىدىلا؟

— مەن گو جيا ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن! ئەگەر گو جيا ھايات بولغان بولسا ئىدى، ھەرگىز ماڭا بۇ قاتتىق يېڭىلىشنى يولاتماس ئىدى، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — ساڭا ماتەم تۇتىمەن، گو جيا! ساڭا ئېچىنىمەن، گو جيا! سېنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىمەن، گو جيا! — دەپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى جىم بولۇپ خىجالەتتە قالدى.

ئەتىسى، ساۋ ساۋ رېنىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

— مەن بۈگۈنچە شۈيچاڭغا قايتىپ كېتىمەن، قوشۇن تولاپ، چوقۇم قىساس ئېلىشقا كېلىمەن. سىز نەنجۇننى ياخشى ساقلاڭ، — سىزگە بىر تەدبىرنى مەخپىي قالدۇرىمەن. خەتەر يۈز بەرمىسە ئاچماڭ، ئىنتايىن خەتەرلىك يۈز بەرگەندە ئېچىڭ ـ دە، تەدبىرگە ئاساسلىنىپ ئىشلەڭ، شۇندا، كۈنچىقىش ۋۇ نەنجۇنگە تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دەپ تاپشۇرۇق بەردى.

— خېفېي، شياڭياڭلارنى كىم ساقلايدۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ رېن.

— جىڭجۇنى سىزنىڭ ھامىيلىقىڭىزغا تاپشۇرىمەن؛ شياڭياڭنى ساقلاشقا شيا خۇدۇننى تەيىن قىلدىم؛ خېفېي ئىنتايىن مۇھىم جاي، بۇ يەرنى ساقلاشقا جاڭ لياۋنى سەركەردە، يۆ جىن بىلەن لى ديەننى سەركەردە قولدىشى قىلىپ تەيىنلىدىم. جىددىي ئەھۋال يۈز بېرىدىكەن، ماڭا تېز خەۋەر بېرىڭلار! — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ ساۋ تەيىنلەش ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاتلىنىپ، ئادەملىرى بىلەن شۈيچاڭغا قايتتى. جىڭجۇدىن ئەل بولغان قەلەمدار ـ ئەلەمدار، بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ھەممىسىنى شۈيچاڭغا بېرىپ خىزمەت كۆتۈشكە بۇيرۇدى.

ساۋ رېن، يىلىن، نەنجۇننى ساقلاپ جۇ يۈيدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشىنى ساۋ خۇڭغا تاپشۇردى.

ساۋ ساۋنى قويۇۋەتكەن گۇەن يۈي لەشكەرلىرىنى ئېلىپ

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى

قايتتى. بۇ ۋاقىتتا باشقا يوللارغا كەتكەن لەشكەرلەر ئات، ئەسلىھە، پۇل - ئاشلىق غەنىيمەت ئېلىپ شياكوغا قايتىپ كېلىشكەندى؛ يالغۇز گۇەن يۈيلا نە بىر ئادەم، نە بىر ئات ئېلىپ كەلمەي، قۇرۇق قول قايتىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى.

جۇگې لياڭ ليۇ بېينى تەبرىكلەپ تۇراتتى، توساتتىن گۇەن يۈي كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى. جۇگې لياڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدەھ تۇتقىنى ھالدا ئىستىقبالغا چىقىپ:

— سەركەردە جانابلىرى! سىلىنىڭ بۇ كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خىزمەتلىرىگە، ئېلىمىزدىن چوڭ بىر زىيانكەشنى يوقاتقانلىقلىرىغا خۇرسەنمەن، ئىستىقباللىرى ئۈچۈن يىراققا چىقىپ تەبرىكلىشىم لايىق ئىدى، — دېدى.

گۇەن يۈي ئۈندىمىدى.

— جانابىي سەركەردە! بىزنىڭ يىراققا ئىستىقبال قىلىپ چىقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن خاپا بولۇپ قالدىلىمۇيا؟ — دېدى جۇگې لياڭ ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ يەنە، — سىلەر! نېمىشقا بۇرۇنراق مەلۇم قىلمايسىلەر؟ — دېدى.

— مەن ئۆلۈم جازالىرىنى سوراپ كەلدىم! — دېدى گۇەن يۈي.

— ساۋ ساۋ خۇارۇڭ يولىدىن ئۆتمىدىمۇيا؟

— شۇ يەردىن ئۆتتى. قابىلىيەتسىزلىكىم تۈپەيلى ئۇنى قاچۇرۇپ قويدۇم.

— قانداق پالۋان لەشكەرلىرىنى ئەسىرگە ئالدىلا؟

— ئەسىرگە ئالالمىدىم.

— سىلى ساۋ ساۋنىڭ بۇرۇن ئۆزلىرىگە قىلغان ياخشىلىقىنى ئويلاپ، ئەتەي قويۇۋېتىپتىلىدە. بۇ يەردە يازغان تىلخەتلىرى بار. لەشكىرىي قانۇن بويىچە چارە كۆرمەي ئامال يوق، — دېدى جۇگې لياڭ ۋە «جاللات!» دەپ چاقىرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

دەرھەقىقەت:

*ئىككى جىنىسنى ياخشىلىقتا بەردى جاۋاب.*
*مەڭگۈ قالار ئۇنىڭ نام ـ شۆھرىتى ياگراپ.*

گۈەن يۈي ھاياتىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك بىرىنچى باب

## ساۋ رېنىڭ كۈنچىقىش ۋۇ لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
## جۇگې لياڭنىڭ بىرىنچى قېتىم جۇ يۈيىنىڭ جېنىغا تەگكەنلىكى

ئەلقىسسە، جۇگې لياڭ گۇەن يۈيىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى، لىيۇ بېي:

— مۇقەددەم ئۈچەيلەن ئەھدىلەشكەن ۋاقىتىدا، بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلىمىز دەپ ئانت ئىچىشكەنىدۇق. بۈگۈن گۇەن يۈي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ، بۇرۇنقى ئەھدىمىزگە خىلاپلىق قىلىشقا ۋىجدانىم يول قويمايدۇ. ھازىرچە گۇناھىنى خاتىرىلەپ قويۇپ، ئەجىر - خىزمەت يەتكۈزۈش يولى بىلەن گۇناھىنى يۇيۇشقا رۇخسەت قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالدى.

بۇنىڭ بىلەن جۇگې لياڭ كەچۈرۈم قىلدى.

جۇ يۈيگە كەلسەك، لەشكەرلەرنى يىغىپ، پالۋانلارنى ئىدىنلاپ كۆردى، ھەر كىم كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىلىرىنى بايان قىلىشتى، بۇ ھەقتە مەلۇمنامە يېزىپ، كۈنچىقىش ۋۇ بېگىگە مەلۇم قىلدى. ئەسىرگە چۈشكەن، ئەل بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەشكەرلەرنىڭ بارلىقى دەريادىن ئۆتكۈزۈلدى. لەشكەرلەرگە چولڭ ئىنئام بېرىلدى، دەرھال نەنجۇننى ئېلىشقا يۈرۈش قىلىندى. دەريا بويلاپ، ئالدى ـ كەينى بولۇپ بەش قارارگاھ قۇرۇلدى. جۇ يۈي ئوتتۇرىغا جايلاشتى. جۇ يۈي كۆپچىلىك بىلەن يۈرۈش ھەققىدە كېڭەش قىلىۋاتاتتى. بىردىنلا:

— ليۇ بېي تۇتۇقبەگنى تەبرىكلىگىلى سۈن چيەننى ئەۋەتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى. جۇ يۈي كىرىشكە بۇيرۇدى. سۈن چيەن سالام ـ سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— پاسىبانىم تۇتۇق جانابلىرىنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەمىنىلىرى سۈن چيەننى قەدىر ئەھۋال سوۋغا ـ سالام بىلەن ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتتى، — دېدى.

— ليۇ بېي ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— لەشكەرلەر بىلەن يۇجياڭكۇغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، — دېدى سۈن چيەن.

— جۇگې لياڭ ھەم يۇجياڭكۇدىمۇ؟ — دەپ سورىدى چۆچۈگەن ھالدا جۇ يۈي.

— جۇگې لياڭمۇ خوجايىن بىلەن بىللە يۇ جياڭكۇدا، — دەپ جاۋاب بەردى سۈن چيەن.

— سىلى ئاۋۋال قايتىپ تۇرسىلا، تەشەككۇر ئېيتقىلى ئۆزۈم بارىمەن، — دېدى جۇ يۈي ۋە سوۋغا ـ سالامنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سۈن چيەننى ئاۋۋال قايتۇردى. لۇ سۇ:

— تۇتۇق جانابلىرى! بايا ئەجەب چۆچۈپ كەتتىلىغۇ؟ — دېدى.

— ليۇ بېينىڭ يۇجياڭغا لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇشىدا چوقۇم نەنجۇننى ئېلىش نىيىتى بار. بىز نۇرغۇن قوشۇننى ئىشقا سالدۇق، نۇرغۇن پۇل، ئاشلىق سەرپ ئەتتۇق، ھازىر نەنجۇن قولىمىزغا كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ؛ ئۇلار ئىنساپسىزلىق قىلىپ تەييار بولغان نەرسىگە ئىگە بولماقچى، جۇ يۈي ھايات ئىكەن،

بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

— قانداق ئۇسۇل بىلەن چېكىنىدۇرۇش كېرەك؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— ئۆزۈم بىرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن، ياخشىلىقچە بولىدىكەن ياخشى؛ ياخشىلىقچە سۆزگە كىرمەيدىكەن، ئۇ نەنجۈننى تېخى ئالماستىنلا، ئالدى بىلەن ليۇ بېينى بىر تەرەپ قىلىپ تاشلايمەن! — دېدى جۇ يۈي.

— مەنمۇ بىللە باراي! — دېدى لۇ سۇ.

شۇنداق قىلىپ جۇ يۈي بىلەن لۇ سۇ 3000 يېنىك ئاتلىق لەشكەر بىلەن يۈجياڭكۇغا راۋان بولدى.

ئەمدى سۆزنى بۇياقتىن ئاڭلايلى. سۇن چيەن قايتىپ كېلىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇ يۈينىڭ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ كەلمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ليۇ بېي جۇگې لياڭدىن:

— كېلىشتىن زادى مەقسىتى نېمە بولغاي؟ — دەپ سورىدى.

— مۇنچىلىك ئازغىنا سوۋغا - سالامغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگىلى كېلىپ ئولتۇرامدۇ؟ نەنجۈن ئۈچۈن كېلىدۇ، — دېدى كۈلۈپ جۇگې لياڭ.

— ئەگەر لەشكەر بىلەن كەلسە قانداق مۇئامىلە قىلماق كېرەك؟

— ئۇ كەلگەندە مۇنداق، مۇنداق ....... دەپ جاۋاب بەرسىلە، — دېدى جۇگې لياڭ. شۇنىڭ بىلەن يۈجياڭكۇغا ئۇرۇش كېمىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ساھىلغا لەشكەرلەرنى قويدى. ئادەملەر:

— جۇ يۈي، لۇ سۇلار لەشكەر باشلاپ كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

جۇگې لياڭ بىرنەچچە ئاتلىق لەشكەر بىلەن جاۋ يۈننى

www.uyghurkitap.com

ئىستىقبالغا چىقاردى. قوشۇننىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىنى كۆرگەن جۇ يۈيىنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى. قارارگاھنىڭ دەرۋازىسى سىرتىغا كەلگەندە، لىۋ بېي، جۇگې لياڭلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. سالام ـ سەھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، مەرىكە ـ سورۇن تەييارلاندى. لىۋ بېي قەدەھ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قاتتىق جەڭ قىلغانلىقىغا تەشەككۇر ئىزھار قىلدى. قەدەھ بىر قانچە قېتىم ئايلانغاندا، جۇ يۈي:

— جانابلىرى لەشكەرلەرنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كەپتىلا، ئەنجۈننى ئېلىش نىيەتلىرى بارمۇ نېمە؟ — دېدى.

— تۇتۇق جانابلىرى! ئەنجۈننى ئالىدىكەن دەپ ئاڭلاپ ھەمدەمگە كېلىۋىدىم. ئەگەر سىلى ئالمىسىلا، مەن چوقۇم ئالىمەن، — دېدى لىۋ بېي.

— بىز كۈنچىقىش ۋۇلۇقلار ئۇزۇندىن بېرى خەنجياڭنى ئۆزىمىزگە قوشۇۋېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتۇق، بۈگۈن ئەنجۈن ئالقىنىمىزدىلا تۇرسا، نېمىشقا ئالمايدىكەنمىز؟ — دېدى جۇ يۈي كۈلۈپ.

— يېڭىش ـ يېڭىلىشنى ئالدىن بەلگىلىگىلى بولمايدۇ. ساۋ ساۋ كېتىش ۋاقتىدا، ئەنجۈن قاتارلىق جايلارنى ساقلاشقا ساۋ رېننى قالدۇردى، بۇنىڭدا ئاجايىپ بىر ھىيلىسى بولۇشى چوقۇم؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋ رېن قالتىس باتۇر ئادەم؛ تۇتۇق جانابلىرى ئالالماي قالارلىمىكى، — دېدى لىۋ بېي.

— ئەگەر مەن ئالالمىسام، ئۇ ۋاقىتتا جانابلىرى ئالسىلا مەيلى.

— لۇ سۇ، جۇگې لياڭ بۇنىڭغا شاھىد بولسۇن، تۇتۇق جانابلىرى پۇشايمان قىلىپ قالمىسىلا! — دېدى لىۋ بېي.

لۇ سۇ ئىككىلىنىپ بىر نەرسە دېمىدى، جۇ يۈي:

— مەردۇ ئەزىمەت ئاغزىدىن چىققان سۆزگە پۇشايمان قىلامدۇ؟ — دېدى.

— تونۇقبەگنىڭ بۇ سۆزى، — دېدى جۇگې لياڭ، — جامائەتچىلىك پىكرىگە ناھايىتى توغرا كېلىدۇ. ئاۋۋال كۈنچىقىش ۋۇلۇقلار بېرىپ ئالسۇن، ئەگەر ئالالمايدىكەن، خوجايىن، سىلى بېرىپ ئالسىلا. نېمىسى بولمايدىكەن؟

جۇ يۈي بىلەن لۇ سۇ ليۇ بېي ۋە جۇگې لياڭ بىلەن خەيرلىشىپ، ئاتلىنىپ يۈرۈپ كەتتى.

ليۇ بېي جۇ گې لياڭدىن:

— تەقسىر، بايا كەمىنە ليۇ بېيلىرىنى ئاشۇنداق جاۋاب بەردىلە، سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك جاۋاب بەرگەن بولساممۇ، ئويلاپ كۆرسەم توغرا بولماپتۇ، ھازىر يالغۇز قېلىپ تاپان بېسىپ تۇرىدىغان بىر جايىنى تاپالماي تۇرغاچقا، ئەنجۈنى ئېلىپ پاناھ جاي قىلايمىكىن دەپ تۇرۇۋاتىمەن؛ ئەگەر جۇ يۈي ئاۋۋال ئېلىپ كەتسە، ئۇ شەھەر كۈنچىقىش ۋۇلۇقلارنىڭ بولۇپ كەتسە، قەيەرنى پاناھ جاي قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆز ۋاقتىدا، — دېدى جۇگې لياڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئاۋۋال جىڭجۇنى ئالىلى دەپ مەسلىھەت بەرسەم، سىلى ئاڭلىمىدىلا، بۈگۈن ئەجەب ئالغۇلىرى كېلىپ قاپتىغۇ؟

— بۇرۇن ليۇ بياۋنىڭ زېمىنى بولغاچقا، ۋىجدانىم قوبۇل قىلمىغانىدى؛ ھازىر بولسا ساۋ ساۋنىڭ زېمىنى، ئەمدى ئالسام بوللۇق، — دېدى ليۇ بېي.

— جانابلىرى، غەم قىلمىسىلا. جۇ يۈي ئۇرۇشۇۋەرسۇن، قاچان بولمىسۇن جانابىي پاسىبانىم، سىلىنى ئەنجۈنگە ئىگە قىلىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— قانداق تەدبىر بىلەن؟

— مۇنداق، مۇنداق . . . . . . لا قىلىشلىرى كېرەك، — دېدى جۇگې لياڭ.

بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەن ليۇ بېي پەقەت جياڭكۇغىلا ئورۇنلىشىپ، لەشكەرلىرىنى مىدىرلاتماي تەقمۇتەق

www.uyghurkitap.com

بولۇپ تۇردى.

جۇ يۈي، لۇ سۇلار قارارگاھىغا قايتقاندىن كېيىن، لۇ سۇ:

— تۇتۇقبەگ جانابلىرى! ئېمىشقا ليۇ بېيىنىڭ ئەنجۈننى ئېلىشىغا رۇخسەت قىلدىڭلا؟ — دەپ سورىدى.

— قولۇمنى سۇنۇش بىلەنلا ئەنجۈننى ئېلىشىم مۇمكىن، يالغاندىن ئادەمگەرچىلىك قىلىپ قويدۇم، — دېدى جۇ يۈي ۋە شۇئان چېدىردىكى پالۋانلارغا قاراپ، — ئالدى بىلەن كىم ئەنجۈننى ئېلىشقا بارىدۇ؟ — دەپ سورىغاندا بىراۋ دەرھال ئوتتۇرىغا چىقتى، كۆپچىلىك قارىسا بۇ جياڭ چىن ئىكەن. جۇ يۈي:

— سىز تۇرشاۋۇل بولىسىز، شۈي شېڭ، دىڭ فېڭلار ياردەمچىڭىز بولسۇن، تاللانغان 5000 لەشكەر بىلەن ئاۋۋال دەريادىن ئۆتىسىز. مەن ئارقىڭىزدىن لەشكەر بىلەن بولۇشۇشقا بارىمەن، — دېدى.

ئەمدى ساۋ رېندىن ئاڭلايلى. ساۋ رېن ئەنجۈندە ساۋخۇڭنى يېلىڭنى ساقلاشقا ئەۋەتىپ بۇقا مۈڭگۈزى شەكلىدە ئىككى ياقتىن لەشكەر ئورۇنلاشتۇردى. مۇلازىملار:

— كۇنچىقىش ۋۇلۇقلار خەنجياڭدىن ئۆتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرماق كېرەك، جەڭ قىلمىغان ياخشى، — دېدى ساۋ رېن.

— ياۋ لەشكەرلىرى سېپىلىمىزنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە چىقىپ جەڭ قىلماسلىق قورققانلىقتىن ئىبارەتتۇر، — دېدى جەسۇر پالۋانلاردىن نيۇ جىن غەزەپ بىلەن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ قوشۇنىمىز يېقىندىلا يېڭىلدى، قوشۇنىمىزنىڭ جەڭگىۋار روھىنى قايتا تىكلەش كېرەك. ھەل قىلغۇچ بىر جەڭ قىلىشنى ئىزدەيمەن، تاللانغان 500 نۆكەر سورايمەن.

ساۋ رېن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆردى، نيۇ جىننى

500 لەشكەر بىلەن شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى.

دىڭ فېڭ ئات سىلىپ جەڭگە چىقتى. تەخمىنەن تۆت - بەش مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن دىڭ فېڭ يالغاندىن يېڭىلىپ قاچتى. نيۇ جىن لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ ياۋ سېپىگە كىردى. دىڭ فېڭ لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، نيۇ جىننى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. نيۇ جىن ھەر تەرەپكە تېگىش قىلىپ باقسىمۇ چىقىپ كېتەلمىدى. نيۇ جىننىڭ مۇھاسىرە ئىچىدە قالغانلىقىنى سېپىلدا تۇرۇپ كۆرگەن ساۋ رېن شۇئان ساۋۇتىنى كىيىپ ئاتلاندى، بىرنەچچە يۈز ئاتلىق كۈچلۈك يىگىتلەرنى ئېلىپ شەھەردىن چىقتى. غەيرەت بىلەن قىلىچ ئوينىتىپ، كۈنچىقىش ۋۇ سېپىگە قىرغىن قىلىپ كىردى. شۈي شېڭ قارشى چىقسىمۇ، تەڭ كېلەلمىدى. ساۋ رېن ئوتتۇرىغا قىرغىن قىلىپ بېرىپ، نيۇ جىننى خالاس قىلدى، ئارقىغا قارىۋىدى، بىرنەچچە ئون ئاتلىق نۆكىرى مۇھاسىرىدىن چىقالماي تۇرۇپتۇ. شۇئان قايتىدىن قىرغىن قىلىپ كىرىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشىغا، جياڭ چىنغا دۇچ كەلدى. ساۋ رېن، نيۇ جىنلار غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىپ بۆسۈپ چىقتى. ساۋ رېننىڭ ئۇكىسى ساۋ چۇن ياردەمگە لەشكەر باشلاپ چىقتى. بىر پەس قوچاقلاشما جەڭ بولۇپ كەتتى، كۈنچىقىش ۋۇ قوشۇنى يېڭىلدى. ساۋ رېن زەپەر بىلەن قايتتى. يېڭىلگەن جياڭ چىن قايتىپ بېرىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشكەندى، جۇ يۈي غەزەپلىنىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇدى، كۆپچىلىك پالۋانلار تىلىۋالدى.

جۇ يۈي لەشكەرلەرنى تەق قىلىپ، شەخسەن ئۆزى ساۋ رېن بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولدى. گەن نىڭ:

— تۇتۇقبېگىم! بەك يەڭگىللىك قىلىپ كەتمەيلى. ھازىر ساۋ رېن ساۋ خۇڭنى يىلىڭ مۇداپىئەسىگە قويۇپ، بۇقا مۈڭگۈزى شەكلىدە ئىككى ياقتىن لەشكەر ئورۇنلاشتۇردى، مەن 3000 تاللانغان لەشكەر بىلەن يىلىڭنى ئالاي؛ ئاندىن سىلى نەنجۈننى

ئالسىلا! — دەپ مەسلىھەت بەردى.

جۇ يۈي ماقۇل بولۇپ، ئاۋۋال 3000 لەشكەر بىلەن يىلىڭغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن گەن نىڭنى ئەۋەتتى.

بۇ خەۋەرنى ئايغاقچىلار ئاللىقاچان ساۋ رېنغا مەلۇم قىلغانىدى. ساۋ رېن بۇ ھەقتە چېن جياۋ بىلەن كېڭەش قىلدى. چېن جياۋ:

— يىلىڭ قولدىن كېتىدىغان بولسا، نەنجۈننى ساقلىغىلى بولمايدۇ، تېز قۇتقۇزۇش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ رېن شۇئان ساۋ چۈن بىلەن نيۇ جىننى لەشكەر تارتىپ يوشۇرۇنچە ساۋ خۇڭغا ھەمدەمدە بولۇشقا ئەۋەتتى. ساۋ چۈن ساۋ خۇڭغا شەھەردىن چىقىپ ياۋنى بەند قىلىپ تۇرۇشنى خەۋەر قىلىشقا ئالدى كىشى ئەۋەتتى.

گەن نىڭ لەشكەرلىرى بىلەن يىلىڭغا يېتىپ كەلدى، ساۋ خۇڭ چىقىپ گەن نىڭ بىلەن ئېلىشتى. يىگىرمە نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، ساۋ خۇڭ يېڭىلىپ قاچتى. گەن نىڭ يىلىڭنى ئالدى. زاۋال ۋاقتىدا ساۋ چۈن، نيۇ جىن لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى، ئىككى تەرەپتىن قوشۇلۇپ، يىلىڭنى مۇھاسىرە قىلدى. چاپارمەن ئۈچقاندەك بېرىپ، جۇ يۈيگە گەن نىڭنىڭ يىلىڭ شەھىرىگە قامال بولۇپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى، جۇ يۈي ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى. چېڭ پۇ:

— لەشكەرلەرنى بۆلۈپ، تېز قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتەيلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ئۇ ئىنتايىن مۇھىم جاي، ئەگەر لەشكەرلەرنى بۆلۈپ ھەمدەمگە ئەۋەتىپ قويساق، ساۋ رېن قوشۇن باشلاپ تېگىش قىلىپ كەلسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى جۇ يۈي.

— گەن نىڭ جياڭدۇڭنىڭ چوڭ پالۋانى، قۇتقۇزماي بولامدۇ؟ — دېدى لۈي مېڭ.

— قۇتقۇزۇشقا ئۆزۈم بارىمەن؛ بىراق مېنىڭ ئورنۇمغا بۇ

يەردە كىمنى قالدۇرساق بولاركىن؟ — دېدى جۇ يۈي.

— لىڭ تۇڭ قالسۇن، مەن تۇرشاۋۇل قوشۇن بولاي، تۇتۇقبەگ، سىلى ئارقىغا ماڭسىلا؛ ئون كۈن ئۆتمەي زەپەر بىلەن قايتىشىمىز چوقۇم، — دېدى لۈي مېڭ.

— بىلمىدىم، لىڭ تۇڭ مېنىڭ ئورنۇمغا ۋاقىتلىق مەسئۇل بولۇشنى خالامدىكىن؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— مۇددىتى ئون كۈن بولسا مەيلى، ئون كۈندىن ئېشىپ كەتسە ئۈستۈمگە ئالالمايمەن، — دېدى لىڭ تۇڭ.

ناھايىتى خۇشال بولغان جۇ يۈي لىڭ تۇڭغا شۇئان 1 تۈمەندىن ئارتۇقراق لەشكەر قالدۇردى؛ شۇ كۈنىلا چوڭ قوشۇننى ئېلىپ يىلىڭغا راۋان بولدى. لۈي مېڭ جۇ يۈيگە:

— يىلىڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى خالىي كىچىك يول بىلەن نەنجۈنگە بېرىش ناھايىتى قولاي. 500 لەشكەر ئەۋەتىپ، دەرەخ كېسىتۈرۈپ يولغا تاشلاتتۇرايلى. ياۋ لەشكەرلىرى ئەگەر يېڭىلىپ قالسا، چوقۇم ئاشۇ يول بىلەن ماڭىدۇ، ئاتلىق قاچالمىغاندىن كېيىن، ئاتلىرىنى تاشلاپ پىيادە كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئاتلار بىزگە قالىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

جۇ يۈي قوبۇل كۆرۈپ لەشكەرلىرىنى بېجىرىشكە ئەۋەتتى. چوڭ قوشۇن يىلىڭغا يېتىپ كەلگەندە، جۇ يۈي:

— كىم مۇھاسىرىنى بۆسۈپ كىرىپ، گەن نىڭنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ؟ — دېدى.

جۇ تەي، مەن بارىمەن، دېدى ـ دە، شۇئان قىلىچ ئوينىتىپ ئات چاپتۇرۇپ، تويتوقىرا ساۋ قوشۇنى ئىچىگە قىرغىن قىلىپ كىرىپ، سېپىل تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. گەن نىڭ جۇ تەينىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شەھەردىن ئالدىغا چىقتى. جۇ تەي:

— تۇتۇقبەگ شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ كەلدى، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەن نىڭ لەشكەرلەرگە ياخشى راسلىنىپ، ئوبدان تويۇنۇپ، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشقا تەييارلىنىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چىقاردى.

ساۋ خۇڭ، ساۋ چۇن، نيۇ جىنلار جۇ يۈي لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاۋۋال ئەنجۈنگە، ساۋ رېنغا مەلۇم قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. بىر تەرەپتىن لەشكەرلەرنى بۆلۈپ يازنى توسۇدى. گۇنچىڭنىش ۋۇ لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىش بىلەنلا، ساۋ ساۋ قوشۇنى قارشى چىقتى. ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە مۇقابىل بولۇپ تۇرۇشۇۋىدى، گەن نىڭ بىلەن جۇ تەي ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قىرغىن قىلىپ كەلدى، ساۋ ساۋ قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. گۇنچىڭنىش ۋۇ لەشكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ قىرغىن قىلدى. دېگەندەك ساۋ خۇڭ، ساۋ چۇن، نيۇ جىنلار كىچىك يول بىلەن قاچتى؛ قالايمىقان كېسىلگەن دەرەخلەر بىلەن يول ئېتىپ تاشلانغاچقا، ئات يۈرەلمىدى، ھەممە ئاتلىرىنى تاشلاپ قاچتى. گۇنچىڭنىش ۋۇ لەشكەرلىرى 500دىن ئارتۇقراق ئاتقا ئىگە بولدى. جۇ يۈي لەشكەرلىرى كېچىلەپ ئەنجۈنگە يېتىپ كېلىشىگە، يىلىڭغا ھەمدەمگە كېلىۋاتقان ساۋ رېن قوشۇنىغا يولۇقتى. ئىككى قوشۇن قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشتى، كەچ كىرىپ قالغاچقا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى.

ساۋ رېن شەھەرگە قايتىپ كىرىپ، كۆپچىلىك بىلەن كېڭەش قىلدى. ساۋ خۇڭ:

— ھازىر يىلىڭنى قولدىن بېرىپ قويدۇق، خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، تېمىشقا باش ۋەزىرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تەدبىرنامىسىنى ئېچىپ كۆرۈپ، بۇ خەتەرلىكتىن قۇتۇلمايمىز؟ — دېدى.

— سۆزىڭىز مېنىڭ ئويلىغان يېرىمدىن چىقتى، — دېدى ساۋ رېن ۋە دەرھال خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى ـ دە، ئىنتايىن

خۇشال بولدى، تاڭ سەھەردە تاماق يەپ بولۇش تۇغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى؛ كۈن يورۇغاندىن كېيىن لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى شەھەردىن چىقىپ كەتتى، سىپىل ئۈستىگە تۇغ - ئەلەملەر قاداپ يالغان بىر كۆرۈنۈش پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر بۆلۈنۈپ ئۈچ قوۋۇقتىن چىقىپ كەتتى.

جۇ يۈي گەن نىڭنى قوتۇلدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، لەشكەرلىرىنى نەنجۈن شەھەر تېشىغا ئورۇنلاشتۇردى. ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ ئۈچ قوۋۇقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن جۇ يۈي سەركەردە راۋۇتقىغا چىقىپ كۆزەتتى، سىپىل كۈنگۈرىلىرىنىڭ يېنىغا تۇغ - ئەلەملەر قاداپ قويۇلغانلىقىنى، ساقلاشقا ئادەم قويىمىغانلىقىنى كۆردى؛ يەنە لەشكەرلەرنىڭ بېلىگە بوغچا باغلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ساۋ رېنىڭ سەپەرگە چىقىشى چوقۇم دېدى - دە، راۋاقتىن چۈشۈپ، لەشكەرلەرنى ئوڭ، سول ئىككى قانات بولۇپ بۆلۈنۈشكە، ئەگەر تۇرشاۋۇل قوشۇن ئوڭۇشلۇق تاپسا ئالغا قاراپ قوغلاۋېرىش، پەقەت جاڭ چېلىنغاندىلا ئاندىن قايتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. چېڭ پۇنى ھىماتچى قىسىملارنىڭ نازارەتچىلىكىگە بۇيرۇپ، شەخسەن جۇ يۈينىڭ ئۆزى بىر قوشۇننى باشلاپ شەھەرنى ئېلىشقا ماڭدى. تەبىل جەڭ چېلىنىش بىلەن ساۋ خۇڭ مەيدانغا چىقىپ، قارشى تەرەپنى جەڭگە ئۈندىدى، جۇ يۈي نىشان تۇغ ئاستىغا كېلىپ، ساۋ خۇڭ بىلەن ئېلىشىشقا خەن داڭنى بۇيرۇدى؛ ئۇ 30 نەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، ساۋ خۇڭ يېڭىلىپ قاچتى. ساۋ رېن ئۆزى مەيدانغا چىقتى، جۇ تەي ئات قويۇپ قارشى چىقتى؛ ئون نەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، ساۋ رېن يېڭىلىپ، سەپ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. جۇ يۈي ئىككى قاناتتىكى لەشكەرلەرگە قىرغىن قىلىشقا بۇيرۇق بەردى، ساۋ رېن قوشۇنى قاتتىق يېڭىلدى. جۇ يۈي ئۆزى لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوغلىدى. نەنجۈن سىپىل تۈۋىگە كەلگەندە، ساۋ رېن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قوشۇنى شەھەرگە كىرمەستىن، كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە قاچتى. خەن داڭ، جۇ تەيلەر تۇرشاۋۇل قوشۇن بىلەن ھەدەپ قوغلىدى. جۇ يۈي شەھەر قوۋۇقلىرىنىڭ يوغان ئېچىقلىق تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىل ئۈستىدە ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، شۇئان قوشۇنغا شەھەرنى ئېلىڭلار دەپ بۇيرۇق بەردى. بىرنەچچە ئون ئاتلىق نۆكەر ھەممىنىڭ ئالدىدا كىرىپ كەتتى، جۇ يۈي ئارقىدىن ئېتىنى قامچىلاپ توغرا تاشقى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىردى. قوۋۇق راۋىقىدا تۇرغان چېن جياۋ جۇ يۈينىڭ شەخسەن شەھەرگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە:

«باش ۋەزىر كارامەت ئويلاپتىكەن!» دەپ ئاپىرىن ئوقۇدى، بىرلا تاك ـ تاك ئاۋازى بىلەن ئىككى تەرەپتىكى ئوقياچىلار ئېتىشقا باشلىدى، ئوقلار يامغۇردەك ياغدۇرۇلدى. ئالدىنى ئالىشىپ شەھەرگە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئورىغا چۈشۈپ كېتىشتى. جۇ يۈي ئېتىنى جىددىي قايتۇرغان ۋاقتىدا، ئېتىلغان بىر ئوق دەل سول قوۋۇرغىسىغا تەگدى ـ دە، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، جۇ يۈينى تۇتۇش ئۈچۈن نيۇ جىن شەھەردىن قىرغىن قىلىپ چىقتى؛ شۈي شېڭ، دىڭ فېڭ ئىككىيلەن جانپىدالىق كۆرسىتىپ قۇتقۇزۇۋالدى. شەھەردىكى ساۋ ساۋ قوشۇنى بۆسۈپ چىقتى، كۈنچىقىش ۋۇ لەشكەرلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى دەسسەپ قېچىشتى، ھەددى ـ ھېسابسىز لەشكەر ئورىغا چۈشۈپ كەتتى. چېڭ پۇ لەشكەرلەرنى يىغىۋالاي دېيىشىگە، ساۋ خۇڭ، ساۋ رېنلار ئىككى تەرەپتىن قايتىپ قىرغىن قىلىپ كەلدى، كۈنچىقىش ۋۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. بەختكە يارىشا لىڭ تۇڭ بىر قوشۇن بىلەن يان تەرەپتىن قىرغىن قىلىپ كېلىپ، ساۋ ساۋ قوشۇنىنى توسۇۋالدى. ساۋ رېن زەپەر قوشۇنىنى باشلاپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى، چېڭ پۇ يېڭىلگەن قوشۇننى يىغىۋېلىپ ئۆز قارارگاھىغا قايتتى.

دىڭ فېڭ، شۈي شېڭ ئىككىيلەن جۇ يۈينى قۇتۇلدۇرۇپ

چېدىرغا ئېلىپ كەلدى، سەپەر قوشۇنىنىڭ تېۋىپىنى چاقىرتىپ كۆرسەتتى. تېۋىپ قىسقۇچ بىلەن ئوقنىڭ ئۇچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ جاراھەتنىڭ ئاغزىغا دورا سالدى. جۇ يۈي قاتتىق ئاغرىغانلىقتىن، ئاماق يېيەلمەي قالدى! تېۋىپ:

— بۇ ئوقنىڭ ئۇچى زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغاچقا، ئاسان ساقايمايدۇ، ساقايغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئاچچىقلىنىپ ھاياجانلىنىدىغان بولسا، جاراھەت قايتىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ، — دېدى.

چىڭ پۇ لەشكەرلەرگە قارارگاھلارنى مۇستەھكەم ساقلاپ تۇرۇشقا، يەڭگىللىكچە چىقىپ كەتمەسلىككە بۇيرۇق بەردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن نيۇ جىن لەشكەر باشلاپ كېلىپ جەڭگە ئۈندىدى. چىڭ پۇ لەشكەرلەرنى قىمىرلاتماي جىمىدە تۇرۇۋالدى. نيۇ جىن زاۋالغىچە تىللاپ ئاندىن قايتتى. ئەتىسى يەنە كېلىپ تىللىدى. چىڭ پۇ جۇ يۈي ئاچچىقلانمىسۇن دەپ، مەلۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۈچىنچى كۈنى نيۇ جىن قارارگاھنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ، ھەربىر سۆزىدە جۇ يۈينى تۇتىمەن دەپ تىللاپ كەتتى. چىڭ پۇ كۆپچىلىك بىلەن، قوشۇننى ھازىرچە چېكىنىدۇرۇش، ۋۇ بېگى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن بىرەرتە ئىش قىلىش ھەققىدە كېڭەش قىلىشتى.

جۇ يۈينىڭ جاراھىتى تېخى ساقايماي ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ ئويلىغان نەرسىسى بار ئىدى؛ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ دائىم قارارگاھ ئالدىغا كېلىپ تىللاۋاتقانلىقىنى، پالۋانلارنىڭ كىرىپ مەلۇم قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بىر كۈنى ساۋ رېن چوڭ قوشۇن ئېلىپ، داقا - دۇمباق، سۈرەن - چۇقانلار بىلەن جەڭگە ئۈندەپ كەلدى. چىڭ پۇ جەڭگە چىقمىدى. جۇ يۈي پالۋانلارنى چېدىرغا چاقىرىپ:

— نەدىن چىقىۋاتقان داقا - دۇمباق، سۈرەن - چۇقان ئاۋازى بۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— لەشكەرلەر مەشىق ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، — دېدى پالۋانلار جاۋابەن.

— نېمىشقا مېنى ئالدايسىلەر! ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ قارارگاھ ئالدىغا كېلىپ دائىم تىللاۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەنىدىم. چېڭ پۇ لەشكىرىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرۇپ، نېمە سەۋەبتىن قاراپ ئولتۇرىدۇ؟ — دېدى - دە، جۇ يۈي شۇئان چېڭ پۇنى چېدىرغا چاقىرتىپ كىرىپ سورىدى.

— جانابلىرى، يارىدار بولۇپ قالدىلا، تېۋىپ ئاچچىقلانمىسۇن دېۋىدى، شۇڭا ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى جەڭگە ئۈندىسىمۇ، مەلۇم قىلالمىغانىدىم، — دېدى چېڭ پۇ.

— سىلى جەڭگە چىقماي كۈتۈپ تۇرۇۋېتىلا، رايىلىرى قانداق؟

— پالۋانلارنىڭ ھەممىسى ھازىرچە قوشۇننى يىغىپ جياڭدۇڭغا قايتساق، ئۆزلىرىنىڭ ئوقيادىن ئالغان جاراھەتلىرى ساقايغاندىن كېيىن، يەنە مەسلىھەتلەشسەك دېيىشىدۇ، — دېدى چېڭ پۇ.

كارىۋاتتا ياتقان جۇ يۈي بۇنى ئاڭلاپ دەس ئورنىدىن قوپۇپ:

— مەردۇ - ئەزىمەت پادىشاھلىقتىن تەمىنلەنگەندىن كېيىن، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ ئات تېرىسىنى كېپەن قىلسا بەختلىك ھېسابلىنىدۇ! مەن بىر ئادەم ئۈچۈن ئەلنىڭ ئۇلۇغ ئىشىدىن ۋاز كېچەمدىكەن؟ — دېدى.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ساۋۇت كىيىپ ئاتلاندى. ھەممە قوشۇننىڭ پالۋانلىرى ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ شۇئان بىر نەچچە يۈز ئاتلىق لەشكەرنى ئېلىپ قارارگاھ ئالدىغا چىقتى، ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ سەپ تۈزگەنلىكىنى كۆردى. ساۋ رېن ئاتلىق ھالدا نىشان تۇغ ئاستىدا، قامچىسى بىلەن تۇرتۇپ تۇرۇپ:

— ھەي قورقۇنچاق جۇ يۈي! باش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتمەي دەپ قورقۇپ، مېنىڭ قوشۇنۇمغا قاراشقا جۈرئەت

قىلالمىدىڭمۇ؟ — دەپ راسا تىللىدى.

ئۇنىڭ تىل ـ ھاقارىتى تېخى تۈگىمەيلا، جۇ يۈي بىر دىنلا ئاتلىقلار ئىچىدىن چىقىپ:

— ھەي كالۋا ساۋ رىن! يىگىت جۇ يۈينى كۆردۈڭمۇ، مانا مەن! — دېدى.

ساۋ ساۋ قوشۇنىدىكىلەر كۆرۈپ ھەممىسى ھەيران قالدى. ساۋ رېن ئارقىسىدىكى پالۋانلارغا قاراپ:

— تازا تىللاڭلار! — دېدى.

لەشكەرلەر قاتتىق تىللاشقا باشلىدى. غەزەپلەنگەن جۇ يۈي پەن جاڭنى جەڭگە بۇيرۇدى. جۇ يۈي تېخى ئېلىشماي تۇرۇپلا، قاتتىق بىر تۇۋلىۋىدى، ئاغزىدىن قان كېلىپ ئاتتىن يىقىلدى، ساۋ ساۋ قوشۇنى باستۇرۇپ كەلدى، پالۋانلار توسۇۋېلىپ بىر پەس قۇچاقلاشما جەڭ قىلدى، ئاندىن جۇ يۈينى قۇتقۇزۇۋېلىپ، چېدىرغا قايتۇرۇپ كەلدى. چېڭ پۇ:

— ئۇتۇقبەگ جانابلىرى! مۇبارەك تەنلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداقكىن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ مېنىڭ پەنتىم، — دېدى جۇ يۈي چېڭ پۇغا ئاستاغىنا.

— پەنتلىرى قانداق؟ — دەپ سورىدى چېڭ پۇ.

— جاراھىتىم ئانچە ئاغرىمىغانىدى؛ كېسەلنى باھانە قىلىپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىگە كېسەللىمنى خەتەرلىك قىلىپ كۆرسەتتىم، ياۋ بۇنى ئاڭلاپ چوقۇم بىزنى سەل چاغلايدۇ. ئىشەنچلىك لەشكەرلەرنى بىرقانچىنى ئاللاپ يالغاندىن ئەل بولغان قىلىپ شەھەرگە ئەۋەتسىلە، بۇلار مېنى ئۆلدى دەپ بارسۇن. ساۋ رېن بۇنى ئاڭلاپ بۈگۈن كېچە قارارگاھىمىزغا ئەلۋەتتە شەبىخۇن قىلىدۇ، تۆت تەرەپكە پىستىرما قويساق، بىردەمدىلا ساۋ رېننى تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

— بۇ ياخشى پەنت ئىكەن! — دېدى چېڭ پۇ. شۇئان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىدىردا يىغا ـ زار باشلىنىپ كەتتى، لەشكەرلەر ھەيران قالدى، تۇتۇقبەگنىڭ جاراھىتى ئەۋج ئېلىپ ۋاپات قىلىپتۇ دېگەن خەۋەر تارالدى، ھەممە قارارگاھتا ماتەم تۇتۇشتى.

ساۋ رېن شەھەردە كۆپچىلىك بىلەن كېڭەش قىلىشىپ، جۇ يۈيىنىڭ ئاچچىقى بەك كېلىپ كېتىپ، ئوقيا ئوقىنى ئالغاندا جاراھىتى يېرىلىپ كەتتى، ئاغزىدىن قان كەلدى، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، ئۆزۈنغا قالماي ئۆلۈشى چوقۇم، دەپ تۇراتتى. مۇلاھىزە ئۈستىگە توساتتىنلا خەۋەرچى كىرىپ: «كۆنچىقىش قارارگاھتىن ئون نەچچە لەشكەر ئەل بولۇپ كەپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىيلەن ئەسلىدە بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزدىن ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەنلەر ئىكەن» دەپ مەلۇم قىلدى. ساۋ رېن تېز چاقىرتىپ كىرىپ سورىدى. لەشكەرلەر:

— بۈگۈن سەپ ئالدىدا جۇ يۈيىنىڭ جاراھىتى ئېچىلىپ كەتتى، قارارگاھقا قايتقاندىن كېيىن ئۆلدى. ھەممە پالۋانلار قارىلىق كىيىپ، ماتەم تۇتۇپ قالدى. بىز چىڭ پۇنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەل بولۇپ كەلدۇق، — دېيىشتى.

ساۋ رېن ناھايىتى خۇشال بولدى ـ دە، شۇئان بۈگۈن كېچە شەبىخۇن قىلىپ، جۇ يۈيىنىڭ جەسىتىنى تارتىۋېلىش، كاللىسىنى كېسىپ، پايتەخت شۈيچاڭغا ئەۋەتىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزدى. چېن جياۋ:

— بۇ تەدبىرنى تېز ئىجرا قىلىش كېرەك، كېچىكتۈرۈپ بولمايدۇ، — دېدى.

ساۋ رېن دەرھال نيۇ جىننى تۇرشاۋۇل قىلدى، ئۆزى بارگاھ قوشۇنىنى باشلاپ ماڭدى، ساۋ خۇڭنى ھىمايىچى قوشۇنغا قويدى. پەقەت ئازغىنا لەشكەر بىلەن چېن جياۋنى شەھەر مۇداپىئەسىگە قالدۇرۇپ، قالغان قوشۇننىڭ ھەممىسى تەق بولۇشتى. كەچ كىرگەندە شەھەردىن چىقىپ، جۇ يۈيىنىڭ چوڭ قارارگاھىغا راۋان بولدى. قارارگاھ ئالدىغا كېلىشىۋىدى، بىرمۇ

ئادەم كۆرۈنمىدى، ساختىلىق ئۈچۈن قادالغان تۇغ ـ ئەلەملەر، نەيزىلەرنىلا كۆرۈپ تۇراتتى، ھىيلىگە ئۈچرىغانلىقىنى بىلىشىپ، ئالدىراپ لەشكەرلىرىنى قايتۇردى.

تۆت تەرەپتىن تەڭلا توپ ئاۋازى چىقىش بىلەن كۈنچىقىش تەرەپتىن خەن داڭ، جياڭ چىنلار، كۈنپېتىش تەرەپتىن جۇ تەي، پەن جاڭلار، تۆۋەن تەرەپتىن شۈي شېڭ، دىڭ فېڭلار، يۇقىرى تەرەپتىن چېن ۋۇ، لۈي مېڭلار قىرغىن قىلىپ كەلدى. ساۋ ساۋ قوشۇنى قاتتىق يېڭىلدى، ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن قوشۇننىڭ ھەممىسى تىرىپىرەن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولالماي قالدى. ساۋ رېن بىرنەچچە ئون ئاتلىق لەشكىرى بىلەن قىرغىن قىلىپ يۈرۈپ مۇھاسىرىدىن چىقىشىغا ساۋخۇڭغا ئۇچراپ قالدى، يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ بىرگە قاچتى. تاڭ سەھەرگىچە جەڭ قىلىپ، نەنجۈنگە يېقىن كەلدى. ناغرا ئاۋازى بىلەن تەڭلا، لىڭ تۇڭ يەنە بىر قوشۇن بىلەن يولنى توسۇۋالدى ـ دە، بىر پەس چاپ ـ چاپ بولۇپ كەتتى. ساۋ رېن ئۆز قوشۇنى بىلەن ياندىن قاچتى. گەن نىڭغا دۇچ كېلىپ قېلىپ، يەنە بىر پەس جەڭ قىلىشتى. ساۋ رېن نەنجۈنگە قايتىشقا جۈرئەت قىلالماي، شياڭياڭ چوڭ يولىغا قاراپ راۋان بولدى، كۈنچىقىش ۋۇ لەشكەرلىرى بىر مەنزىل قوغلاپ، ئۆزلۈكىدىن قايتتى.

جۇ يۈي، چېڭ پۇلار لەشكەرلىرىنى يىغىپ، نەنجۈن شەھىرىگە كېلىپ قارىسا، سېپىل تۇغ ـ ئەلەملەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، قوۋۇق راۋىقىدا بىر پالۋان توۋلىغان ھالدا:

— تۇتۇقبېگىم، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا! مەن مۇشاۋىرىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شەھەرنى ئاللىقاچان ئالدىم،

www.uyghurkitap.com

كەمىنىلىرى چاڭشەنلىك جاۋ يۈن بولىمەن، — دېدى.

دەرغەزەپ بولغان جۇ يۈي شەھەرگە تېگىش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. سېپىلدىن ئوقيا ياغدۇرۇلدى. جۇ يۈي كېڭەش قىلىش ئۈچۈن قوشۇننى قايتۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. گەن نىڭنى بىر نەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن جىڭجۇنى ئېلىشقا، لىڭ تۇڭنى بىر نەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن شياڭياڭنى ئېلىشقا ئەۋەتىپ، ئاندىن نەنجۈننى ئالماقچى بولدى. دەل لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندا، توساتتىن ئايغاقچىلار شاپاشلاپ كېلىپ:

— جۇگې لياڭ نەنجۈننى ئالغاندىن كېيىن، لەشكىرىي تەمتەك بىلەن جىڭجۇنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان لەشكەرلەرنى كېچە - كۈندۈزلەپ نەنجۈننى قۇتقۇزۇشقا ئالداپ ئاچىقىپ، جاڭ فېيغا جىڭجۇنى ئالغۇزدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

يەنە بىر ئايغاقچى يېتىپ كېلىپ:

— شياڭياڭدىكى شيا خوۇدۇنغا جۇگې لياڭ لەشكىرىي تەمتەك ئارقىلىق، ساۋ رېن ھەمدەم تىلەۋاتىدۇ دەپ، شيا خوۇدۇن لەشكەرلىرىنى شەھەردىن ئالداپ ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، گۇەن يۈيگە شياڭياڭنى ئالغۇزدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا بۇ ئىككى شەھەر ليۇ بېينىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— جۇگې لياڭ قانداق قىلىپ لەشكىرىي تەمتەككە ئىگە بولىدىكىنە؟ — دېدى جۇ يۈي.

— چېن جياۋنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، لەشكىرىي تەمتەك ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، — دېدى چېڭ پۇ.

جۇ يۈي قاتتىق بىر توۋلاپ تاشلىدى، جاراھىتى يەنە يېرىلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دەر ھەقىقەت:

*ۋىلايەت، شەھەرلەردە بولمۇ ھەسسىمىز،*
*كىم ئۈچۈن شۇ قەدەر زەخمەت چەكتۇق بىز.*

جۇ يۈي ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەللىك ئىككىنچى باب

## جۇگې لياڭنىڭ يەم بىلەن لۈ سۈنى ئۆزىتىپ قويغانلىقى جاڭ يۈنىڭ پەنت بىلەن گۈيياڭنى ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، جۇگې لياڭنىڭ نەنجۈن دىيارىنىمۇ، شياڭياڭ ئايماقلىرىنىمۇ ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان جۇ يۈي قانداقمۇ غەزىپىنى باسالىسۇن؟ ئاچچىقىدا ئۇ يەنە جاراھىتى يەك ئاغرىپ ھوشىدىن كەتتى، بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. پالۋانلار ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ تەسەللى بەردى. جۇ يۈي:

— سەھرالىق جۇگې لياڭنى ئۆلتۈرمىسەم، يۈرىكىمدىكى دەرد چىقمايدۇ! چېڭ پۇ! نەنجۈنگە تېگىش قىلىشقا ماڭا ياردەم قىلسىلا، ئۇنى جەزمەن كۈنچىقىش ۋۇ ئېلىكىگە قايتۇرۇۋالىمىز! — دېدى.

- سۈز ئۇستىگە لۇ سۇ كىرىپ كەلدى.

— ليۇ بېي، جۇگې لياڭلار ئۈستىگە لەشكىرىي يۈرۈش قىلىپ، باتۇرلۇق سىنىشىش بىلەن شەھەر - ئايماقلارنى قايتۇرۇۋالماقچىمەن، لۇ سۇ، ماڭا ھەمدەمدە بولسىلا! — دېدى جۇ يۈي.

— بولماسمىكى! ھالا ساۋ ساۋ بىلەن ئېلىشىۋاتىمىز، يېڭىش - يېڭىلىش تېخى بىر تەرەپ بولغىنى يوق؛ ھەزرىتى خوجىمىز خېفېينى تېخى ئالالمايۋاتىدۇ؛ ئەگەر ئۆز ئارا تۇتىشىپ قالساق، ساۋ ساۋ قوشۇنى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېلىپ قالسا،

ئەھۋال خەتەرلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە لىۋ بېي ئۆتمۈشتە ساۋ ساۋ بىلەن يېقىن دوست ئىدى، تولا بەك قىستىسۋەتسەك، شەھەرلەرنى تەقدىم قىلىۋېتىپ، بىرلىكتە كۈنچىقىش ۋۇغا تېگىش قىلسا قانداق قىلغۇلۇق، — دەپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى لۇ سۇ.

— بىز، — دېدى جۇ يۈي، — پەنت - ھىيلە ئىشلەتتۇق، قوشۇن چىقىم بەردۇق، پۇل - ئاشلىق سەرپ ئەتتۇق، ئۇ بولسا تەييار شەھەرگە ئىگە بولدى، ئادەمنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرىدىغان يېرى شۇ!

— تەقسىر! ھازىرچە سەۋر قىلىپ تۇرسىلا. كەمىنىلىرى شەخسەن لىۋ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ، داۋلىي بىلەن سۆزلىشەي. ئەگەر سۆز كار قىلمىسا، ئۇ ۋاقىتتا لەشكىرىي يۈرۈش قىلساق كەچلىك قىلماس، — دېدى لۇ سۇ.

— لۇ سۇنىڭ سۆزى دۇرۇس، — دېيىشتى پالۋانلار.

شۇنداق قىلىپ لۇ سۇ خادىملىرىنى ئېلىپ نەنجۈنگە راۋان بولدى، سېپىل تۈۋىگە كېلىپ: قوۋۇقنى ئېچىڭلار! دەپ چاقىردى. جاۋ يۈن چىقىپ سورۇشتە قىلدى.

— لىۋ بېي بىلەن كۆرۈشمەن، سۆزۈم بار، — دېدى لۇ سۇ.

— پاسىبانىم بىلەن مۇشاۋىر جىڭجۇ شەھىرىدە، — دەپ جاۋاب بەردى جاۋ يۈن.

لۇ سۇ نەنجۈنگە كىرمەستىن، جىڭجۇغا راۋان بولدى. تۇغ - ئەلەملەرنىڭ رەتلىكلىكىنى، لەشكەرلەرنىڭ روھلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن لۇ سۇ قىزىقىپ كۆڭلىدە: «جۇگې لياڭ ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئادەم ئىكەن» دېدى. لەشكەرلەر شەھەرگە كىرىپ، لۇ سۇ كېلىپ كۆرۈنۈش تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ مەلۇم قىلىشتى. جۇگې لياڭ شەھەر قوۋۇقىنى چوڭ ئېچىشقا بۇيرۇدى ۋە ئالدىغا چىقىپ مەھكىمىگە باشلاپ كىردى.

سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، مېھمان ۋە ساھىبخان بولۇپ ئولتۇرۇشتى. چايدىن كېيىن، لۇ سۇ:

— پاسبانىم ۋۇ بېگى بىلەن ئۇتتۇقبېگى جۇ يۇي كەمىنىلىرىنى خان تاغىسىغا مۇئۇلارنى بەتكۈزۈپ قويۇشقا ئەۋەتتىكى، مۇقەددەم ساۋ ساۋ 100 تۈمەن لەشكەر باشلاپ، نامدا جياڭنەننى ئېلىشقا، ئەمەلىيەتتە خان تاغىسىنى يوقىتىشقا كەلگەنىدى، بەخت يار بېرىپ كۇنچىقىش ۋۇ ساۋ ساۋ قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ، خان تاغىسىنى قۇتقۇزۇۋالدى، جىڭجۇ تەۋەسىدىكى توققۇز ئايماق ـ ۋىلايەت كۇنچىقىش ۋۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى. ھالا خان تاغىسى ھىيلە ئىشلىتىپ، جىڭجۇ بىلەن شياڭياڭنى ئىگىلىۋالدى، كۇنچىقىش ۋۇ بىكارغا پۇل ـ ئاشلىق، لەشكەر چىقىم تارتتى، خان تاغىسى بولسا تەييار پايدىغا ئىگە بولدى، بۇ ئېھتىمال قائىدىگە سىغمىسا كېرەك، — دېدى.

— لۇ سۇ! ئۆزلىرى دانا زات! — دېدى جۇگې لياڭ، ـ ئەجەبا سىلىدىنمۇ بۇ سۆز چىقىدىغۇ؟ ئادەتتە: «مال ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشى كېرەك!» دېگەن سۆز بار، جىڭجۇ، شياڭياڭ تەۋەسىدىكى توققۇز ئايماق ـ ۋىلايەت كۇنچىقىش ۋۇنىڭ زېمىنى ئەمەس، ئەسلىدە ليۇ بياۋنىڭ يېرى، پاسبانىم بولسا ليۇ بياۋنىڭ ئىنىسى. ليۇ بياۋ ۋاپات ئەتكەن بولسىمۇ، ئوغلى تېخى بار. تاغىسى جىيەنىگە ھەمدەمدە بولۇپ جىڭجۇنى ئالسا نېمىسى بولمايدىكەن؟

— ئەگەر بەگزادە ليۇ چى ئىگىلەپ تۇرغان بولسا، ئانچە گەپ ـ سۆز بولمايتتى؛ بۈگۈن بەگزادە جياڭشيادا بولۇپ، بۇ يەردە ئەمەس، — دېدى لۇ سۇ.

— لۇ سۇ، بەگزادىنى كۆرگۈلىرى بارمۇ؟ — دېدى ـ دە، جۇگې لياڭ ئەتراپىدىكىلەرنى بەگزادىنى تەكلىپ قىلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ئىككى خادىم شىر ـ ىنىڭ ئارقىسىدىن ليۇ چىنى

قولتۇقلاپ چىقتى. لىيۇ چى لۇ سۇغا قاراپ:

— سالامەتسىزلىكىم تۈپەيلى تەزىم قىلالمىدىم، ئەپۇ قىلغايسىز، جانابىي لۇ سۇ! — دېدى.

ھەيران بولغان لۇ سۇ ئىندىمىدى، بىر ھازادىن كېيىن:

— بەگزادە بولمىغان تەقدىردە، قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بەگزادە بىر كۈن بولىدىكەن، شەھەر بىر كۈن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ؛ مۇبادا بولمايدىكەن، باشقىچە مەسلىھەت قىلارمىز، — دەپ جاۋاب بەردى جۇگې لىيالڭ.

— بەگزادە بولمايدىكەن، شەھەر - ۋىلايەتلەر كۈنچىقىش ۋۇغا قايتۇرۇلۇشى كېرەك، — دېدى لۇ سۇ.

— لۇ سۇ! سۆزلىرى دۇرۇس، — دېدى جۇگې لىيالڭ.

شۇنىڭ بىلەن مەرىكە - سورۇن تەييارلاپ كۈتتى.

مەرىكە تۈگىگەندە، لۇ سۇ خەيرلىشىپ شەھەردىن چىقتى، كېچىلەپ قارارگاھقا قايتىپ ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى. جۇ يۈي:

— لىيۇ چى نۆۋەر ياش يىگىت تۇرسا، قاچان ئۆلىدۇ؟ جىڭجۇنى قايسى ۋاقىتتا قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؟ — دېدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، تۇتۇقبېگىم، — دېدى لۇ سۇ، — جىڭجۇ، شياڭياڭنى كۈنچىقىش ۋۇ بەگلىكىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىمەن، بۇ ئىش پەقەت مېنىڭ ئۈستۈمدە بولسۇن.

— لۇ سۇ، قېنى قانداق دانا پىكىرلىرى باركىن؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— بۈگۈن لىيۇ چىنى كۆردۈم، كەيپ - ساپا ۋە شەھۋانىلىقتا بېرىلگەچكە چىرايىدىن كېتىپ قاپتۇ، كېسىلى ئېغىر، بەلكى ئۇرۇۋقلاپ كېتىپتۇ، دېمى سىقىلىدىكەن، قان قۇسۇۋېتىپتۇ؛ بۇ يىگىت يېرىم يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا جىڭجۇنى ئالغىلى بارساق لىيۇ بېي سەۋەب كۆرسىتەلمەيدۇ، —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

دېدى لۇ سۇ.
جۇ يۈيىنىڭ غەزىپى بېسىلمىدى، بىردىنلا سۈن چۈەنىنىڭ ئەۋەتكەن كىشىسى يېتىپ كەلدى. جۇ يۈي كىرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ كىشى:
— جانابىي پاسىبانىم بىرقانچە قېتىم جەڭ قىلغان بولسىمۇ خېفېينى ئالالمىدى. چوڭ قوشۇننى يىغىپ، خېفېينى ئېلىشقا ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتىشلىرى توغرۇلۇق ئۆتۈنگەندىن تۆتۈق جانابلىرىغا بۇيرۇق ئېلىپ كەلدى، — دېدى.
جۇ يۈي قوشۇننى سەيساڭغا قايتۇرۇپ داۋالىنىشقا مەجبۇر بولدى، چېڭ پۇنى جەڭ كېمىلىرى ۋە لەشكەرلەر بىلەن خېفېيغا — سۈن چۈەننىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتتى.

ليۇ بېي جىڭجۇ، نەنجۈن، شياڭياڭلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى خۇرسەن بولدى، يىراق كەلگۈسى ئۈستىدە كېڭەش ئۆيۈشتۈردى. توساتتىن بىراۋ زالغا چىقىپ پەنت ـ تەدبىر تەقدىم قىلدى، قارىسا، يى جى ئىكەن. ليۇ بېي بۇ زاتنىڭ ئۆتمۈشتە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ، ئىنتايىن ھۆرمەت كۆرسەتتى؛ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە گەپ سورىۋىدى، يى جى:
— جىڭجۇنىڭ ئۇزاق كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن، نېمىشقا دانىشمەنلەرگە مۇراجىئەت قىلمايسىز؟ — دېدى.
— دانىشمەنلەر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.
— جىڭجۇ، شياڭياڭ تەۋەسىدىكى ما ئۇرۇقىدىن بولغان بەش بۇرادەر بار، ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى ما سۇ بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى يۇچاڭ؛ جۈملىدىن ئەڭ دانىشمىنى قاشلىرى ئارىسىدا ئاق تۈكلۈكى بولۇپ، ئىسمى ما لياڭ، يەنە بىر ئىسمى جىچاڭ. ئۆز يۇرتىدىكىلەر «باردۇر مالار ئىسمىدە بەش چاڭ ھەربىي، ئاقىلدۇر بۇلاردىن ئاق قاشلىقى» دېيىشىپ يۈرەتتى، جانابلىرى

نېمە ئۈچۈن بۇلاردىن مەسلىھەت ـ تەدبىر سورىمايدىلا؟ — دېدى يى جى.

ليۇ بېي دەرھال تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مالىيالڭ كەلگەندىن كېيىن ليۇ بېي ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى ـ دە، جىڭجۇ، شياڭياڭنى ساقلاپ قېلىش چارىسىنى سورىدى.

— جىڭجۇ، شياڭياڭنىڭ تۆت تەرىپى ئوچۇق بولۇپ، ياۋنىڭ تېگىش قىلىشى ئاسان، ئۇزۇن زامان ساقلاپ قېلىشقا مۇمكىن بولماس؛ بەگزادە ليۇ چىنى بۇ يەردە داۋالىنىشقا، كونا خادىملىرىنى چاقىرىپ قوغداش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇرلەر، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، بەگزادىنى جىڭجۇنىڭ بېگى دەپ مەلۇم قىلۇرلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ ۋۇلىڭ، چاڭشا، گۈيياڭ، لىڭلىڭ تۆت ۋىلايەتنى ئېلىپ، مەبلەغ ـ غەللىلىرىنى توپلىسىلا، مانا بۇ ئاساسىي ئىش، بۇ ئۇزاقنى كۆزلەش تەدبىرىدۇر، — دەپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى ما لياڭ.

ناھايىتى خۇرسەن بولغان ليۇ بېي شۇئان:

— تۆت ۋىلايەتنىڭ قايسىسىنى ئالدىنئالا ئېلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى ما لياڭدىن.

— شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ كۈنپېتىشىغا لىڭلىڭ ئەڭ يېقىن بولغاچقا، ئالدى بىلەن شۇنى ئېلىش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋۇلىڭنى، ئۇنىڭدىن كېيىن شياڭجياڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى گۈيياڭنى، ئەڭ ئاخىردا چاڭشانى ئېلىش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى ما لياڭ.

ليۇ بېي ما لياڭنى مىرزىلىققا ئېلىپ، يى جىنى ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلىدى. جۇگې لياڭنى تەكلىپ قىلىپ، ليۇ چىنى شياڭياڭغا ماڭدۇرۇپ، گۇەن يۈينى جىڭجۇغا قايتۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى، لىڭلىڭغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن جاڭ فېينى تۇرشاۋۇل، جاۋيۈننى ھىماتچى قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماڭغۇزدى، جۇگې لياڭ ليۇ بېي بارگاھ قوشۇننى باشلاپ، جەمئىي 15 مىڭ لەشكەر بىلەن يۈرۈش قىلدى؛ جىڭجۇنى ساقلاشقا گۇەن يۈي، جياڭلىڭنى ساقلاشقا مى جۇ ۋە ليۇ فېڭلار قالدۇرۇلدى.

لىڭلىڭ ھاكىمى ليۇ دۇ ليۇ بېي قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، ئوغلى ليۇ شيەن بىلەن كېڭەش قىلدى.

— ئاتا! — دېدى ليۇ شيەن، — خاتىرجەم بولۇڭ. ئۇنىڭ جاڭ فېي، جاۋ يۈنى گەرچە پالۋان بولسىمۇ، ئايمىقىمىزنىڭ ئالىي سەركەردىسى شىڭ داۋرۇڭ 10 مىڭ كىشىگە تەڭ كېلىدىغان پالۋان بولغاچقا، ياۋغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

ليۇ دۇ ليۇ شيەن بىلەن شىڭ داۋرۇڭنى 1 تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر باشلاپ چىقىپ، شەھەردىن 30 چاقىرىم نېرىغا جايلاشقان تاغنىڭ تۈۋىدىكى سۇ بويىغا قارارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇدى. چاپارمەنلەر: «جۇگې لياڭ بىر قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلدى» دەپ مەلۇم قىلىشتى. شىڭ داۋرۇڭ جەڭ قىلىشقا قوشۇن باشلاپ چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپراس بولۇپ تۇردى. شىڭ داۋرۇڭ چوڭ ئاي پالتىسىنى ئېلىپ، ئاتلىق مەيدانغا چىقىپ:

— ھەي مۇناپىق! تەۋەيىمىزگە بېسىپ كىرىشكە نېمە ھەددىڭ ئىدى! — دەپ نەرە تارتتى.

قارشى سەپ ئىچىدە بىر تۈركۈم سېرىق تۇغ كۆرۈندى، تۇغ ئىچىدىن تۆت چاقلىق بىر ھارۋا چىقتى، ھارۋىدا راۋرۇس ئولتۇرغان، بېشىغا قارا شايى باشلىق كىيگەن، ئۈچىسىغا تۇرنا سۈرىتى كەشتىلەنگەن تون كىيگەن بىر ئادەم پەي يەلپۈگۈچ بىلەن شىڭ داۋرۇڭغا ئىشارەت قىلىپ:

— مەن نەنياڭلىق جۇگې لياڭ بولىمەن. ساۋ ساۋ باشلاپ كەلگەن 100 تۈمەن لەشكەرنى كىچىككىنە بىر پەنت بىلەن تارمار كەلتۈردۈم. ساڭا ئوخشىغانلار ماڭا مۇقابىل تۇرالامدۇ؟ بۈگۈن سەنلەرنى ئەل بولۇشقا چاقىرىپ كەلدىم، نېمىشقا بويۇنراق ئەل

بولمايسەن؟ — دېدى.

— چىببىدا بولغان قاتتىق جەڭ جۇ يۈيىنىڭ پەنتى بىلەن بولدى، ئۇنىڭ سىپىنىڭ بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ يالغان سۆز بىلەن كىشىنى ئالدىماقچىمۇ سەن، — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ شاڭ داۋرۇڭ ۋە ئاي پالتىسىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈپ، جۇگې لياڭغا ئېتىلدى.

جۇگې لياڭ ھارۋىسىنى چېكىندۈرۈپ سەپ ئىچىگە قايتتى، سەپ ئېغىزى قايتا يېپىلدى. شاڭ داۋرۇڭ توپتوغرا باستۇرۇپ كەلدى، سەپ جىددىي ھالدا ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ ماڭدى. شاڭ داۋرۇڭ يىراقتىكى بىر تۆركۈم سېرىق تۇغنى كۆرۈپ، جۇگې لياڭ شۇ يەردە دەپ ئويلىدى - دە، سېرىق تۇغقا قاراپ ئات سالدى. تاغنىڭ ئېتىكىدىن ئۆتۈپلا سېرىق تۇغ توختىدى، بىردىنلا ئوتتۇرىدىن بۆلۈندى، تۆت چاقلىق ھارۋا كۆرۈنمەيتتى، نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى چاپتۇرغان ھالدا، بىر پالۋان نەرە تارتقان پېتى توغرا شاڭ داۋرۇڭغا ئات سالدى، بۇ جاڭ فېي ئىدى. شاڭ داۋرۇڭمۇ پالتىسىنى ئويناتقىنىچە كېلىپ ئېلىشتى. بىرنەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن ئاجىزلىق قىلدى - دە، ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچتى. جاڭ فېي ئارقىدىن قوغلىدى، سۈرەن - چۇقان باشلىنىشى بىلەن ئىككى تەرەپكە پىستىرمىغا قويۇلغان لەشكەرلەر تەڭلا ئېتىلىپ چىقتى. شاڭ داۋرۇڭ جېنىنىڭ بارىچە جەڭ قىلىپ بۆسۈپ ئۆتتى، ئالدى يولىنى توسقان بىر پالۋان نەرە تارتقان ھالدا:

— چاڭشەنلىك جاۋ يۈننى تونۇمسەن؟ — دېدى.

شاڭ داۋرۇڭ ياۋغا تەڭ كېلەلمەي ھەمدە قاچالماي قالدى - دە، ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. جاۋ يۈن ئۇنى باغلاپ، قارار گاھقا ليۇ بېي، جۇگې لياڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ليۇ بېي تۇۋلىغان ھالدا: كاللىسى ئېلىنسۇن! دەپ بۇيرۇق بەردى. جۇگې لياڭ تېزلىكتە توختىتىۋېلىپ، شاڭ

داۋرۇڭدىن:

— ئەگەر ليۇ شيەننى تۇتۇپ بەرسىڭىز، سىزنى ئەل بولۇشقا قوبۇل قىلىمىز، — دېدى.

شىلىڭ داۋرۇڭ دەرھال ماقۇل كۆردى.

— ئۇنى قانداق ئۇسۇل بىلەن تۇتىسىز؟ — دەپ سورىدى جوگې لياڭ.

— مۇشاۋىر جانابلىرى! — دېدى شىلىڭ داۋرۇڭ، — مېنى قويۇۋېتىدىغان بولسىلا، مەن ئۇنىڭ ياخشى چارىسىنى دەپ بېرەلەيمەن، بۈگۈن كېچە قارارگاھقا لەشكەر بىلەن شەبىخۇن قىلسىلا، مەن ئىچكى تەرەپتىن ماسلىشىپ، ليۇ شيەننى تىرىك تۇتۇپ ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلاي. ليۇ شيەن تۇتۇلىدىكەن، ليۇ دۇ ئۆزلۈكىدىن ئەل بولىدۇ.

ليۇ بىي بۇ سۆزگە ئىشەنمىدى. جوگې لياڭ:

— سەركەردە شىلىڭ داۋرۇڭ يالغان سۆزلىمەس، — دېدى ۋە شىلىڭ داۋرۇڭنى قويۇپ بەردى.

شىلىڭ داۋرۇڭ بوشاپ قارارگاھقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولغان ۋەقەنى ليۇ شيەنگە سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى ليۇ شيەن.

— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىش كېرەك. بۈگۈن كېچە لەشكەرلەرنى قارارگاھ تېشىغا پىستىرما قىلىپ، قارارگاھقا قۇرۇق ئەلەملەر قاداپ قويايلى، جوگې لياڭ قارارگاھ باستۇرغىلى كەلگەندە، ئۇنى تۇتۇش لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى شىلىڭ داۋرۇڭ.

ليۇ شيەن بۇ ھىيلىگە قوشۇلدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئەلياتقۇ ۋاقتىدا، دېگەندەك بىر تۈركۈم لەشكەر قارارگاھ ئاغزىغا كەلدى، ھەربىر كىشىنىڭ قولىدا بىر باغدىن چۆپ بار ئىدى، ئۇلار بىردەكلا ئوت قويدى. ليۇ شيەن

بىلەن شىلىڭ داۋرۇلىڭ ئىككى تەرەپتىن قىرغىن قىلىپ كېلىۋىدى، ئوت قويۇۋاتقان لەشكەرلەر چېكىنىپ كەتتى. ليۇ شيەن، شىلىڭ داۋرۇلىڭ ئىككى قوشۇننى باشلاپ، ئون نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ باردى، لەشكەرلەر كۆزدىن غايىب بولدى. قورقۇپ هەيران بولغان ليۇ شيەن ۋە شىلىڭ داۋرۇڭلار تېزلىكتە ئۆز قارارگاهلىرىغا قايتتى. ئۇلار يانغىننىڭ تېخى ئۆچمىگەنلىكىنى كۆردى. قارارگاهتىن بىر پالۋان يۈگۈرۈپ چىقتى، بۇ جاڭ فېي ئىدى. ليۇ شيەن شىلىڭ داۋرۇڭنى قارارگاهقا قايتماستىن، جۇگې لياڭ قارارگاهىنى بېسىشقا بۇيرۇدى. شۇڭلاشقا لەشكەرلەرنى يەنە قايتۇرۇپ، ئون چاقىرىم يول ماڭماستىن، بىر توپ لەشكەر بىلەن جاۋ يۈن يان تەرەپتىن قىرغىن قىلىپ چىقتى ـ دە، بىر نەيزە ئۇرۇپ بىلەن شىلىڭ داۋرۇڭنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ليۇ شيەن دەرهال ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچتى، جاڭ فېي ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، ئۇنى تىرىك پېتى ئاتتىن ئۆرۈۋالدى، باغلاپ جۇگې لياڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ليۇ شيەن:

— هەقىقەتتە بۇ مېنىڭ پىكرىم ئەمەس، شىلىڭ داۋرۇڭ مۇشۇنداق قىلايلى دېگەنىدى، — دېدى.

جۇگې لياڭ ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىپ، كىيىم بەردى، ۋەهىمىسىنى بېسىش ئۈچۈن شاراب تۇتتى ۋە ئاتىسىنى ئەل بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن، كىشىلەر ئارقىلىق شەهەرگە يولغا سېلىپ قويماقچى بولدى، ئەگەر ئاتىسى ئەل بولمايدىكەن، شەهەر ئېلىنغاندا پۈتكۈل ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بىلەن قىرىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ليۇ شيەن لىڭلىڭغا قايتىپ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتى، جۇگې لياڭنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئاتىسىنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

ليۇ دۇ قوبۇل كۆرۈپ، شەهەر سېپىلىغا ئەل بولۇش بايرىقى قاداتقۇزدى، قوۋۇقنى ئاچتۇردى ـ دە، تامغىنى ئالغىنىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەھەردىن چىقىپ، لىۋ بېي قارارگاھىغا كېلىپ ئەل بولدى. جوگې لياڭ لىۋ دۆنى يەنىلا ئايماق ھاكىملىقى ئورنىدا قالدۇرۇپ، ئوغلى لىۋ شيەننى جىڭجوغا بېرىپ قوشۇندا خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇدى. لىڭلىڭ ئايمىقىنىڭ ئاھالىسى پۈتۈنلەي خۇشال ـ خۇرام بولدى.

لىۋ بېي شەھەرگە كىرىپ، ئاھالىدىن ھال سوراپ ئەمىن قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلىدى ۋە پالۋانلارغا:

— لىڭلىڭنى ئالدۇق، گۇيياڭ ۋىلايىتىنى ئېلىشقا كىم بارالايدۇ؟ — دېدى.

— كەمىنىلىرى بېرىشنى خالايدۇ، — دېدى جاۋ يۈن.

— مەنمۇ بېرىشنى خالايمەن، — دېدى غەيرەتلەنگەن ھالدا جاڭ فېي.

ئىككىيلەن ئۆزئارا تالىشىپ قالدى.

— جاۋ يۈن ئالدىن بېرىش ئىستىكىنى بىلدۈردى، جاۋ يۈن بارسۇن، — دېدى جوگې لياڭ.

جاڭ فېي ئۇنىماي بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. جوگې لياڭ:

— ئەمىسە چەك تاشلايلى، چەك چىققان كىشى بارسۇن، — دېدى. چەكمۇ جاۋ يۈنگە چىقىپ قالدى.

— ماڭا كىشىنىڭ ياردىمى كېرەك ئەمەس، پەقەت 3000 لەشكەر بىلەن بېرىپ شەھەرنى ئالىمەن، — دېدى غەزەپلەنگەن ھالدا جاڭ فېي.

— مەنمۇ پەقەت 3000 لەشكەر بىلەن بارىمەن، ئەگەر شەھەرنى ئالالمىسام، لەشكىرىي جازاغا لايىق بولاي، — دېدى جاۋ يۈن.

جوگې لياڭ بەك خۇشال بولدى، تىلخەت ئېلىپ، جاۋ يۈنگە 3000 تاللانغان لەشكەر بەردى. جاڭ فېي يەنە ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، لىۋ بېي تووۋلاپ قايتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

جاۋ يۈن 3000 لەشكەر ئېلىپ، گۈيياڭغا قاراپ راۋان بولدى. ئايغاقچىلار خەۋەرنى ئالدىغاچان گۈيياڭ ھاكىمى جاۋ فەنگە يەتكۈزگەنىدى. جاۋ فەن جىددىي كېڭەش ئۆيۈشتۇردى. قوشۇن لەشكەر بېشى چېن ياڭ، باۋ لۇڭلار قوشۇن باشلاپ چىقىپ جەڭ قىلىش ئىستىكىنى بىلدۈردى. ئەسلىدە بۇ ئىككىيلەن گۈيياڭلىق تېغىنىڭ ئوۋچىلىرىدىن ئىدى. چېن ياڭ چاڭگاك ئىشلىتەتتى، باۋ لۇڭ ئىككى يولۋاسنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنىدى. ئىككىيلەن ئۆزىنى پالۋان دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭلاشقا جاۋ فەنگە:

— ئەگەر ليۇ بېي كېلىدىكەن، ئىككىمىز تۇرشاۋۇل قوشۇننى باشلاپ چىقىشنى خالايمىز، — دېدى.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى جاۋ فەن، — ليۇ بېي ئۇلۇغ خەن خانىدانلىقى تاغىسى بولىدىكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇگې لياڭ تولىمۇ ئەقىللىق كىشى، گۇەن يۈي، جاڭ فېي كۈچلۈك پالۋان؛ بۈگۈن قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقان جاۋ يۈن داڭياڭ چاڭبەندە 100 تۈمەن قوشۇن ئىچىدە يالغۇز جەڭ قىلغانىكەن. بىزنىڭ گۈيياڭدا قانچىلىك لەشكەر بار؟ ياۋغا قارشى چىقىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئەل بولۇش كېرەك.

— چىقىپ جەڭ قىلىشنى سورايمەن، ئەگەر جاۋ يۈننى تۇتالمىسام ئۇ ۋاقىتتا ھاكىم جانابلىرى خاھىشلىرى بويىچە ئەل بولسىلىمۇ كەچلىك قىلماس، — دېدى چېن ياڭ.

ماقۇلغا كەلتۈرەلمىگەن جاۋ فەن چار - ناچار رۇخسەت بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

چېن ياڭ 3000 لەشكەر ئېلىپ شەھەردىن ياۋغا قارشى چىقىۋىدى، جاۋ يۈننىڭ قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. چېن ياڭ سېپىنى تۈزۈپ، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە چاڭگاك ئوينىتىپ مەيدانغا چىقتى. جاۋ يۈنمۇ نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئاتلىق مەيدانغا كەلدى - دە، چېن يىڭنى تىللاپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— پاسىبانىم لىۋ بېي لىۋ بياۋنىڭ ئىنىسى. ھالا بەگزادە لىۋ چى بىلەن بىرلىكتە جىڭجۇنى ئىدارە قىلىۋاتىدۇ، ئاھالىدىن ھال سوراشقا كەلدى. قارشى چىقىشقا نېمە ھەددىڭ؟ — دېدى.

— بىز باش ۋەزىر ساۋ ساۋغا ئىتائەت قىلىمىز، نېمىدەپ لىۋ بېيغا بويسۇنىدىكەنمىز! — دەپ ۋارقىرىدى چېن يىڭ.

ئىنتايىن غەزەپلەنگەن جاۋ يۈن تەيزىسىنى ئوينىتىپ توغرا چېن يىڭغا ئېتىلدى. چېن يىڭ چانگاك بىلەن قارشى چىقتى. ئىككى ئات روبىرو بولۇپ، تۆت - بەش رەددى - بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، چېن يىڭ تەڭ كېلەلمەي، ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچتى، جاۋ يۈن قوغلىدى. چېن يىڭ ئارقىسىغا قاراپ جاۋ يۈننىڭ يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، چانگاكنى ئاتتى، جاۋ يۈن تۇتۇۋالدى - دە، قايتۇرۇپ چېن يىڭنىڭ ئۆزىگە ئاتتى، چېن يىڭ ئۆزىنى بىر چەتكە ئالدى، بۇنىڭغىچىلىك جاۋ يۈننىڭ ئېتى يېتىپ كېلىپ، چېن يىڭنى تىرىك تۇتۇپ يەرگە تاشلىدى، لەشكەرلەرگە باغلاتتۇرۇپ قارارگاھقا قايتتى. يېڭىلگەن لەشكەرلەر ھەر تەرەپكە قاچتى. جاۋ يۈن قارارگاھقا كىرگەندىن كېيىن چېن يىڭغا تۇۋلاپ:

— ماڭا قايسى يۈرىكىڭ بىلەن قارشى چىقتىڭ؟ بۈگۈن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، قويۇۋېتىمەن، قايتىپ بېرىپ جاۋ فەنگە ئېيتقىن، تېز كېلىپ ئەل بولسۇن! — دېدى.

چېن يىڭ رەھمەت ئېيتىپ تىكىۋەتتى، شەھەرگە قايتىپ كىرىپ، ۋەقەنى جاۋفەنگە تامام بايان قىلىپ بەردى.

— مەن ئەسلىدە ئەل بولماقچىدىم، سىز جەڭگە چىقىمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭىز، نەتىجىدە مانا شۇنداق بولدى، — دېدى - دە، جاۋ فەن كايىپ چېن يىڭنى چىقىرىۋەتتى، تامغىنى ئېلىپ ئون نەچچە ئاتلىق كىشى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، جاۋ يۈن قارارگاھىغا ئەل بولۇشقا ماڭدى.

جاۋ يۈن قارارگاھتىن ئىستىقبالغا چىقتى، ھۆرمەت بىلەن

كۆتۈۋېلىپ مېھمان قىلدى، بىرلىكتە شاراب ئىچىپ، تامغىنى تاپشۇرۇۋالدى. قەدەھ بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن جاۋ فەن:

— سەركەردە جانابلىرى! سىلىمۇ جاۋ ئۇرۇقىدىن ئىكەنلا، مەنمۇ جاۋ ئۇرۇقىدىن، 500 يىل بۇرۇن ئېھتىمال بىر ئائىلە كىشىسى بولۇشىمىز مۇمكىن. سىلى جېنىدىڭلىق ئىكەنلا، مەنمۇ جېنىدىڭلىق، ئىككىمىز يۇرتداش ئىكەنمىز. ئەگەر قوبۇل كۆرسىلە، قول بېرىشىپ ئاغا - ئىنى بولۇشساق، ئۆزۈمنى بېھىساب بەختىيار سانايتتىم، — دېدى.

جاۋ يۈن ناھايىتى خۇرسەن بولدى، بىر - بىرىدىن ياشلىرىنى سۈرۈشتۈردى، جاۋ يۈن بىلەن جاۋ فەننىڭ تۇغۇلغان يىلى ئوخشاش بولسىمۇ، جاۋ يۈن جاۋ فەندىن تۆت ئايلىق چوڭ بولغاچقا، جاۋ فەن جاۋ يۈننى ئاكا تۇتتى. ئىككىيلەن يۇرتداش، قۇرداش، ئۇرۇقداش بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مەمنۇن بولۇشتى. كەچتە مەرىكە - سورۇن تۈگىگەندە، جاۋ فەن خەيرلىشىپ شەھەرگە قايتتى.

ئىككىنچى كۈنى جاۋ فەن خەلقنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈن جاۋ يۈننى شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. جاۋ يۈن لەشكەرلىرىنى قوزغىماستىن، پەقەت 50 نەپەر ئاتلىق نۆكەر ئېلىپ شەھەرگە كىردى. ئاھالە خۇشبۇي ئىسرىقلار سېلىپ يولغا چىقىپ ئىستىقبال قىلدى. جاۋ يۈن ئاھالىدىن ھال سوراپ بولغاندىن كېيىن، جاۋ فەن جاۋ يۈننى مەھكىمىگە مەرىكە - سورۇنغا تەكلىپ قىلدى. قانغۇچە شاراب ئىچىشكەندىن كېيىن، جاۋ فەن جاۋ يۈننى ئىچكەركى ھەرەمگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىردى، قەدەھ يەڭگۈشلەپ مەيخورلۇق قىلىشتى، جاۋ يۈن مەل كەيپ بولدى. جاۋ فەن بىردىنلا بىر خانىمنى تەكلىپ قىلىپ، جاۋ يۈنگە قەدەھ تۇتقۇزدى. جاۋ يۈن نەزەر سېلىۋىدى، بۇ ئايال ئاق شايىدىن تىشلەنگەن سىدام كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئەل بويىچە ساھىبجامال

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

ئايال ئىكەن.

— بۇ خانىم كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى جاۋ يۈن جاۋ فەندىن.

— يەڭگەم فەن شى بولىدۇ، — دېدى جاۋ فەن.

جاۋ يۈن ئۆزىنى تونۇتۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. فەن شى قەدەھكە مەي توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، جاۋ فەن ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. جاۋ يۈن قوبۇل كۆرمىدى. فەن شى خەيرلىشىپ ئىچكى ھەرەمخانىغا كىرىپ كەتتى.

— قەدىردانىم ئىنىم! نېمىشقا يەڭگىلىرىنى ئاۋارە قىلىپ قەدەھ تۇتقۇزىدىلا؟ — دەپ سورىدى جاۋ يۈن.

— ئوتتۇرىدا بىر سەۋەب بار، ئاغا، دەپ بېرەي، — دېدى كۈلۈپ جاۋ فەن، — ئاكام ۋاپات ئەتكىلى ئۈچ يىل بولدى، يەڭگەم تۇل قالدى، مەڭگۈ تۇل ئولتۇرۇشمۇ ئىش ئەمەس، كەمىنىلىرى ياتلىق بولۇش توغرىسىدا دائىم مەسلىھەت بەرسەم، يەڭگەم: «مۇنۇ ئۈچ شەرتكە توشقان، يەنى بىرىنچىدىن، قەلەمدە - ئەلەمدە تولغان، ئەلدە داڭقى چىققان؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزى كېلىشكەن، سالاپىتى ئۆزگىچە بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئاكىلىرى بىلەن بىر ئۇرۇقتىن بولغان كىشى بولسا تۇرمۇشقا چىقىمەن» دەپتىكەن. ئويلاپ باقسىلا، دۇنيادا مۇنداقمۇ ئەپ كېلىپ بېرىدىغان ئىش بولامدۇ؟ ئاكا! سىلى بولسىلا بوي - بەستىلىرى كېلىشكەن، ئەلگە داڭقىلىرى چىققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكام بىلەن بىر ئۇرۇقتىن، يەڭگەمنىڭ تىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىلا. ئەگەر يەڭگەمنى مۇۋاپىق كۆرسىلە، ئۆزلىرىگە نىكاھ قىلىپ قويايلى، ئۆزلىرىگە ئۆمۈرلۈك كەت خۇدا بولسۇن، قانداق دەيدىلا؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جاۋ يۈن دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە:

— مەن سىلى بىلەن قول بېرىشىپ ئاغا - ئىنى بولۇشتۇم،

سىلىنىڭ يەڭگىلىرى مېنىڭمۇ يەڭگەم بولىدۇ، مۇنداق ئادەمگەرچىلىككە سىغمايدىغان ئىشنىمۇ قىلامدىكەن! — دەپ تولۇلىدى.

— مەن ياخشى نىيەتتە مۇئامىلە قىلىۋاتسام، نېمىشقا مۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىدىلا! — دېدى خىجالەتچىلىكتە جاۋ فەن ۋە ئادەملىرىگە كۆز ئىشارىتى قىلىپ زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالدى.

بۇنى سېزىپ قالغان جاۋ يۈن بىر مۇشت بىلەن جاۋ فەننى يىقىتىۋېتىپ، مەھكىمىدىن چىققان پېتى ئاتلىنىپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى.

جاۋ فەن دەرھال چېن يىڭ، باۋ لۇڭلارنى چاقىرىپ كېڭەش قىلدى. چېن يىڭ:

— بۇ ئادەم غەزىپى بىلەن كەتتى، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت جەڭ قىلماقتىن باشقا ئىلاج يوق، — دېدى.

— تەڭ كېلەلمەسمىزمىكىن، — دېدى جاۋ فەن.

— ئىككىمىز يالغاندىن ئەل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىغا بارايلى، سىلى لەشكەر باشلاپ بېرىپ جەڭگە ئۇندىسىلە، بىز ئىككىمىز سەپتىلا ئۇنى تۇتايلى، — دېدى باۋ لۇڭ.

— بىر تۇركۇم ئادەم بىلەن بېرىشىمىز زۆرۈر، — دەپ مەسلىھەت بەردى چېن يىڭ.

— 500 ئاتلىق ئالساق يېتىدۇ، — دېدى باۋ لۇڭ.

شۇ كۈنى كېچىسى ئىككىيلەن 500 لەشكەر بىلەن جاۋ يۈن قارارگاھىغا ئەل بولۇپ كەلدى.

جاۋ يۈن بۇلارنىڭ ساختا ئەل بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇلارنى كىرگۈزدى. ئىككى پالۋان چېدىرغا كىرىپ:

— جاۋ فەن سەتەڭدىن پايدىلىنىپ سەركەردە جانابلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچىدى، كەيپ بولغان ۋاقتىلىرىدا ئارقا ھەرەمگە ئېلىپ كىرىپ جايلىماقچىدى، باشلىرىنى ئېلىپ، باش

www.uyghurkitap.com

ۋەزىر ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلىپ خىزمەت يەتكۈزمەكچىدى. شۇ قەدەر دىيانەتسىزلىك قىلدى. بىز ئىككىمىز سەركەردە جانابلىرىنىڭ غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتكەنلىرىنى كۆرۈپ، چوقۇم كاساپەتكە كېتىدىغان بولدۇق دەپ ئويلاپ، ئەل بولۇپ كەلدۇق، — دېدى.

جاۋ يۈن يالغاندىن خۇرسەن بولغان بولۇپ، ئىككىيلەننى شاراب بىلەن مېھمان قىلدى، ئىككىسى بولغۇچە ئىچىپ مەست بولۇپ قالدى. جاۋ يۈن بۇلارنى چېدىردا باغلاتقۇزۇپ، قول ئاستىدىكى كىشىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ سورىغاندا، دېگەندەك ساختا ئەل بولۇپ كەلگەنلىكى بىلىندى. جاۋ يۈن 500 لەشكەرنى چاقىرتىپ ھەممىگە شاراب ئىنئام قىلدى ھەمدە:

— چېن يىڭ بىلەن باۋ لۇڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان، كۆپچىلىكنىڭ بۇنىڭغا ئالاقىسى يوق. سىلەر مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا ئەمەل قىلساڭلار، ھەممىڭلارغا زور ئىنئام بېرىمەن، — دەپ بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

لەشكەرلەر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تەشەككۈر بىلدۈردى. ئەل بولۇپ كەلگەن پالۋان چېن يىڭ، باۋ لۇڭلارنىڭ كاللىسى شۇ زامان ئېلىندى؛ جاۋ يۈن 500 لەشكەرگە يول باشلىتىپ، 1000 لەشكەر بىلەن ئارقىدىن كېچىلەپ گۈييالىڭ شەھەر قوۋۇقىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قوۋۇقنى ئېچىڭلار دەپ توۋلىدى. سېپىلدىكىلەر سورىغاندا، «چېن يىڭ، باۋ لۇڭ ئىككى پالۋان جاۋ يۈننى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرگە قايتتى، ھاكىمنى كېڭەشكە تەكلىپ قىلىدۇ» دېيىشتى. سېپىلدىكىلەر ئوتقاش تۇتۇپ قارىۋىدى، ئۆز لەشكەرلىرى ئىكەن. جاۋ فەن ئالدىراپ شەھەردىن چىققاندا، جاۋ يۈن تولۇلغان پېتى ئەتراپىدىكىلەرگە تۇتقۇزدى. دەرھال شەھەرگە كىرىپ، خەلقنى ئەمىن قىلىپ، تېزدىن ليۇ بېيگە مەلۇمات يوللىدى.

ليۇ بېي، جۇگې لياڭ گۈيياڭغا كەلدى. جاۋ يۈن ئۇلارنى

شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، جاۋ فەننى ئىتتىرىپ پايىغا ئېلىپ كەلدى. جۇگې لياڭ سۆز سورىۋىدى، جاۋ فەن يەڭگىسىنى بېرىش توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. جۇگې لياڭ جاۋ يۈنگە قاراپ:

— بۇ ئوبدان ئىش ئىكەن، جانابىڭىز نېمىشقا مۇنداق قىلدىڭىز؟ — دېدى.

— جاۋ فەن مېنىڭ بىلەن قول بېرىشىپ ئاغا - ئىنى بولۇشتى، ئەگەر بۇگۈن يەڭگىسىنى نىكاھىمغا ئالىدىغان بولسام، خەلقئالەمنىڭ تىلىغا قالىمەن، بۇ بىر؛ بۇ ئايال قايتا ياتلىق بولسا، رەسمىي دىيانەتنى يوقاتقان بولىدۇ، بۇ ئىككى؛ جاۋ فەن يېڭىلا ئەل بولدى، نىيىتىنى بىلىپ بولمايدۇ، بۇ ئۈچ. خوجايىن جانابلىرى جىياڭ، خەن ۋىلايەتلىرىگە يېڭىلا ئىگە بولدى، تېخى ياستۇققا خاتىرجەم باش قويغىنىمىز يوق، كەمىنە جاۋ يۈنلىرى بىر ئايالنى دەپ، پاسىبان جانابلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىشىدىن ۋاز كېچەمدىمۇ؟ — دېدى جاۋ يۈن.

— ئەلھال ئۇلۇغ ئىشلىرىمىز قارارلاشتى، ئەمدى ئۇنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز قانداق؟ — دېدى ليۇ بېي.

— يۈنى ئالسام ياخشى نام قالدۇرۇش قىيىن بولارمىكىن، ئەلدە خوتۇندىن تولا نەرسە يوق، خوتۇن ئالالماي قالىمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىمەيمەن، — دېدى جاۋ يۈن.

— جاۋ يۈن ھەقىقىي يىگىت! — دېدى - دە، ليۇ بېي جاۋ فەننى بوشىتىپ، يەنىلا گۈيياڭنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى ۋە جاۋ يۈنگە ناھايىتى زور ئىنئام بەردى.

جاڭ فېي توۋلىغان ھالدا:

— جاۋ يۈن ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتتى، مەن كېرەك كەلمەيمەنمۇ؟ ماڭىمۇ پەقەت 3000 لەشكەر بېرىلسۇن، ۋۇلىڭ ۋىلايىتىنى ئېلىپ، ھاكىم جىن شۈەننى تىرىك تۇتۇپ تەقدىم قىلىمەن! — دېدى.

— جاڭ فېي! — دېدى ناھايىتى خۇشال بولغان جۇگې لياڭ، — بىرىشىڭىزغا رۇخسەت قىلىمىز، لېكىن بىر ئىشقا كۆنۈشىڭىز لازىم.

دەر ھەقىقەت:

*كۆرسەتتىڭىز مۇشاۋىر ئاجايىپ پەتت - تەدبىرلەر،*
*كۆرسىتىشتى بەس - بەستە ئەجىر - تۆھپە تۆكەرلەر.*

جۇگې لياڭنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك ئۈچىنچى باب

## گۇەن يۈيىنىڭ مەردلىك قىلىپ خۇاڭ جۇڭنى قويۇۋەتكەنلىكى
## سۈن چۈەننىڭ جاڭ لياۋ بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، جۇگې لياڭ جاڭ فېيغا:

— جاۋ يۈن گۈيياڭ ۋىلايىتىنى ئېلىشتا تىلخەت يېزىپ بەرگەنىدى، بۈگۈن سىز ۋۇلىڭنى ئېلىشقا بارىدىغان بولسىڭىز، سىزمۇ تىلخەت يېزىپ بېرىشىڭىز شەرت، ئاندىن لەشكەر باشلاپ بېرىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى.

جاڭ فېي دەرھال تىلخەت يېزىپ بېرىپ، خۇشال ھالدا 3000 لەشكەرنى ئېلىپ، كېچىلەپ ۋۇلىڭغا راۋان بولدى. جاڭ فېينىڭ لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان جىن شۈەن سەركەردە ـ سەرۋازلارنى يىغىپ لەشكەر ۋە قوراللىرىنى تەخلەپ ياۋغا قارشى چىقماقچى بولدى. مىرزا گۇڭ جى:

— ليۇ بېي ئۇلۇغ خەن خانىنىڭ تاغىسى بولۇپ، ھەق ـ دىيانىتى ئەلگە مەشھۇر؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ فېي قالتىس كۈچلۈك پالۋاندۇر. ياۋغا قارشى چىقىشقا بولماسمىكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئەل بولغىنىمىز ياخشىراق، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— سىز قاراقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىچكى جەھەتتىن ئۆزگىرىش قىلماقچىمۇسىز؟ — دېدى دەرغەزەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان جىن شۆەن ۋە ئۇنى ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

— ئالدى بىلەن ئۆز كىشىمىزنى ئۆلتۈرسەك قوشۇنغا ياخشىلىق بولماسمىكىن، — دېيىشتى بەگ - سىپاھلار.

جىن شۆەن تۇۋلىغان پېتى گۇلۇڭ جىنى ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. ئۆزى لەشكەر باشلاپ چىقىپ كەتتى. شەھەردىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتا جالۇڭ فېيغا ئۇچراپ قالدى. جالۇڭ فېي نەيزىسىنى تەڭلىگەن ھالدا، جىن شۆەنگە قاراپ تۇۋلىدى. جىن شۆەن پالۋانلىرىغا قاراپ:

— كىم مەيدانغا چىقىپ جەڭ قىلالايدۇ؟ — دېدى.

ھەممە قورقۇپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. جىن شۆەن قىلىچىنى ئوينىتىپ ئات سالدى. جالۇڭ فېي بىر نەرە تارتقانىدى، ئاۋازى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك چىقتى - دە، تاتىرىپ كەتكەن جىن شۆەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئېتىنى بۇراپ قاچتى، جالۇڭ فېي قوشۇنىنى باشلاپ ئارقىدىن قىرغىن قىلىپ كەلدى. جىن شۆەن شەھەرنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە سېپىل ئۈستىدىن ئوقيا يېغىپ كەتتى. ھەيران بولغان جىن شۆەن قارىۋىدى، سېپىل ئۈستىدە تۇرغان گۇلۇڭ جى:

— سەن تەڭرى ئىرادىسىگە بويسۇنماي، ئۆز جاجاڭنى تارتتىڭ. مەن ئاھالە بىلەن ئۆزلۈكۈمدىن ليۇ بېيغا بەيئەت قىلدىم، — دېدى، تېخى سۆزى تۈگىمەستىنلا، جىن شۆەن يۈزىگە ئوقيا تېگىپ، ئاتتىن يىقىلدى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ جالۇڭ فېيغا تەقدىم قىلدى. گۇلۇڭ جى شەھەردىن چىقىپ ئەل بولدى. جالۇڭ فېي گۇلۇڭ جىنى تامغىنى ئېلىپ، گۈيياڭغا بېرىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرۇدى؛ ليۇ بېي ناھايىتى خۇرسەن بولدى - دە، جىن شۆەننىڭ ئورنىغا گۇلۇڭ جىنى تەيىنلىدى.

ليۇ بېي شەخسەن ۋۇلىڭغا كېلىپ، ئاھالىنى ئەمىن قىلدى - دە، ئاندىن گۈەن يۈيگە جاپارمەندىن خەت ئەۋەتتى،

خەتتە جالڭ فېي بىلەن جاۋ يۈننىڭ بىردىن ۋىلايەتنى ئالغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. گۇەن يۈي خەتكە جاۋاب يازدى، ئۇ خېتىدە: «ئاڭلىسام، چاڭشا تېخى ئېلىنماپتۇ، سىلى ئاغىمىز كەمىنە ئىنىلىرىنى قابىلىيەتسىز كۆرمىسىلە، بۇ خىزمەتنى ئادا قىلىشقا مېنى بۇيرۇغان بولسىلا ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى» دېدى.

ليۇ بېي بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى ـ دە، دەرھال جىڭجۇنى ساقلاش ئۈچۈن جالڭ فېينى كېچىلەپ گۇەن يۈيىنىڭ ئورنىغا ماڭدۇردى، چاڭشانى ئېلىشقا گۇەن يۈيگە بۇيرۇق بەردى.

گۇەن يۈي كېلىپ، ليۇ بېي، جۇگې لياڭلار بىلەن كۆرۈشتى. جۇگې لياڭ:

— جاۋ يۈن گۈيياڭنى، جالڭ فېي ۋۇلىڭنى ئېلىشتا 3000دىن لەشكەر ئىشلەتتى. ئەلھال چاڭشا ھاكىمى خەن شۈەن تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىرنېمە، پەقەت ئۇنىڭ بىر چولڭ پالۋانى بار، ئۆزى نەنياڭلىق، ئىسىم ـ زاتى خۇاڭ جۇڭ، يەنە بىر ئىسمى خەن شىڭ؛ ئەسلىدە ليۇ بياۋ ھوزۇرىدا ئەمىر نۆكەر بولغان، ليۇ بياۋنىڭ جىيەنى ليۇ پەن بىلەن بىرلىكتە چاڭشانى ساقلاپ تۇرغانىدى، كېيىن خەن شۈەننىڭ خىزمىتىدە بولدى؛ ھازىر ئۇ گەرچە 60 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، يەنە 10 مىڭ ئادەمگە تېتىيدىغان پالۋان. بۇ ئادەمنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. گۇەي يۈي سىلى بارىدىكەنلا، كۆپرەك لەشكەر ئېلىپ بېرىشلىرى زۆرۈر، — دېدى.

— مۇشاۋىرىم، — دېدى گۇەن يۈي، — ئۆزگىلەرنىڭ روھ ـ غەيرىتىنى يۇقىرى كۆرۈپ، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ھەيۋەت ـ سالاپىتىنى يوققا چىقىرىدىلا؟ بىر قېرى نۆكەرگىمۇ مۇنچىۋالا قىلىپ كېتەمدىكەن! كەمىنە گۇەن يۈيلىرى 3000 لەشكەر ئەمەس، پەقەت ئۆزۈمنىڭ 500 سەرۋازىم بىلەن خۇاڭ جۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، خەن شۈەننىڭ كاللىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، ھۇزۇرلىرىغا تەقدىم قىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

لىۇ بېي شۇنچە تۇسسىمۇ، گۇەن يۈي ئۇنىماستىن 500 سەرۋازىنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

— گۇەن يۈي خۇاڭ جۇڭنى سەل چاغلاپ قويىدى، شىكەست يەپ قالارمىكىن، جانابلىرى ھەمدەمگە بارۇرلەر، — دېدى جۇگې لياڭ لىۇ بېيغا.

لىۇ بېي قوبۇل كۆرۈپ، ئارقىدىنلا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چاڭشاغا راۋان بولدى.

چاڭشا ھاكىمى خەن شۇەن ئادەتتە ئاچچىقى يامان ھاكىم ئىدى، ھە دېسىلا ئادەم ئۆلتۈرەتتى، خەلق يامان كۆرەتتى. خەن شۇەن گۇەن يۈينىڭ قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قېرى پالۋان خۇاڭ جۇڭنى كېڭەشكە چاقىردى. خۇاڭ جۇڭ:

— جانابىي پاسىبانىم! غەم قىلمىسىلا. مۇشۇ قىلىچىم، ئوقيايىم بىلەن مىڭى كەلسە، مىڭى ئۆلىدۇ! — دېدى.

خۇاڭ جۇڭ ئىككى دادەن ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى كۆتۈرگۈدەك كۈچ بىلەن ئاران تارتىپ ئاتالايدىغان يا ئىشلىتەتتى، ئاتقانلىكى ئوقى ھەرگىز زايا كەتمەيتتى. سۆز تېخى تۈگىمەستىنلا تۆۋەندە بىراۋ:

— پېشقەدەم پالۋانىمىزنىڭ جەڭگە چىقىشلىرىغا ھاجەت يوق، مەنلا گۇەن يۈينى تىرىك تۇتۇپ كېلىمەن! — دېدى.

خەن شۇەن قارىسا، بۇ قوشۇن لەشكەر بېشى ياڭ لىڭ ئىكەن. خەن شۇەن ناھايىتى خۇرسەن بولدى ـ دە، دەرھال ياڭ لىڭغا 1000 لەشكەر بېرىپ شەھەردىن چىقىشقا بۇيرۇق بەردى. 50 چاقىرىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن چاڭ ـ تۇزان نامايان بولۇپ، گۇەن يۈينىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى. ياڭ لىڭ نەيزىسىنى تۇتۇپ ئاتلىق ھالدا سەپ ئالدىغا چىقىپ تىللاشقا باشلىدى. دەرغەزەپ بولغان گۇەن يۈي ئىندىمەستىن ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى قىلىچىنى ئوينىتىپ، تۇيۇقسىزا ياڭ لىڭغا ھەملە

قىلدى. يالڭ لىلاڭ نەيزىسى بىلەن قارشى چىقتى. ئۈچ رەددى بەدەل ئۆتمەستىنلا گۇەن يۈينىڭ قولى كۆتۈرۈلۈپ بىر قىلىچ ئۇرۇۋىدى، يالڭ لىلاڭ قىلىچلىنىپ ئاتتىن يىقىلدى. گۇەن يۈيلەر يېڭىلگەن لەشكەرلەرنى تاكى شەھەرگە قەدەر قىرغىن قىلىپ قوغلاپ كەلدى.

بۇنى ئاڭلىغان خەن شۈەن ناھايىتى قورقۇپ، خۇاڭ جوڭنى جەڭگە چىقىشقا بۇيرۇدى. خەن شۈەن ئۆزى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ قاراپ تۇردى. خۇاڭ جوڭ قىلىچىنى ئېلىپ ئېتىنى يۈگۈرتۈپ، 500 ئاتلىق لەشكىرى بىلەن ئاسما كۆۋرۈكتىن چېپىپ ئۆتتى. گۇەن يۈي بىر قېرى پالۋاننىڭ مەيدانغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ خۇاڭ جوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، 500 سەرۋازنى سەپ تارتقۇزدى، ئۆزى قىلىچىنى توغرىسىغا تۇتقىنىچە ئات ئۈستىدە تۇرۇپ:

— ئەي پالۋان! خۇاڭ جوڭمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى.

— نامىمنىغۇ بىلىدىكەنسىز، تەۋەيىمىزگە بېسىپ كىرىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭىز؟ — دېدى خۇاڭ جوڭ.

— ئالايىتەن بېشىڭىزنى ئالغىلى كەلدىم! — دەپ جاۋاب بەردى گۇەن يۈي. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئات روبىرو بولدى. 100چە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىنمۇ بىر-بىرىنى يېڭەلمىدى. خۇاڭ جوڭ شىكەست يەپ قالارمىكىن دەپ قورققان خەن شۈەن لەشكەرلەرنى قايتىشقا جاڭ چالدۇردى. خۇاڭ جوڭ لەشكەرلىرىنى يىغىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. گۇەن يۈيمۇ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ، شەھەردىن ئون چاقىرىم يىراقلىققا قارارگاھ قۇردى، كۆڭلىدە: «قېرى پالۋان خۇاڭ جوڭ نامىغا لايىق ھەقىقىي پالۋان ئىكەن، 100چە رەددى بەدەل ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، ھېچبىر قۇسۇر كۆرۈلمىدى. ئەتە جەڭنى ھىيلە بىلەن قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، گۇەن يۈي ياۋنى

جەڭگە ئۇندەش ئۇچۇن يەنە شەھەر تۆۋىگە كەلدى. خەن شۆەن سىپىلدا خۋالۇ جۇڭنى ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. خۋالۇ جۇڭ بىرىنەچچە 100 ئاتلىق لەشكىرى بىلەن ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتتى ۋە گۇەن يۈي بىلەن جەڭ قىلىشتى، ئارىدا يەنە 50 — 60 رەددى بەدەل ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. ھەر ئىككىلا قوشۇندىن بىردەكلا: «بارىكاللا! ئاپىرىن!» ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى. جەڭ دۇمبىقى راسا قىزىق چېلىنىۋاتقان پەيتتە، گۇەن يۈي ئېتىنى بۇراپ قاچتى. خۋالۇ جۇڭ قوغلىدى. گۇەن يۈي ئەمدىلا ئۆرۈلۈپ چاپاي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ئارقىسىدا گۇپلا قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى؛ تېز ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، ئاتنىڭ ئالدى پۇتى پۈتلىشىپ كەتكەچكە، خۋالۇ جۇڭ يەرگە يىقىلىپ چۈشكەنىكەن. ئېتىنى تېزلىكتە قايتۇرغان گۇەن يۈي ئىككى قولى بىلەن قىلچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاتتىق توۋلىغان ھالدا:

— ھازىر جېنىڭىزغا تەگمەيمەن، تېزلىكتە ئات يۆتكەپ كېلىڭ، جەڭ قىلىشىمىز! — دېدى.

خۋالۇ جۇڭ دەرھال ئېتىنى قوپۇرۇپ چەبدەسلىك بىلەن ئاتقا مىندى ـ دە، شەھەرگە قايتتى. خەن شۆەن ھەيران بولۇپ سورىۋىدى، خۋالۇ جۇڭ:

— بۇ ئات ئۇزۇندىن بېرى جەڭ مەيدانىغا چىقمىغاچقا، شۇنداق بولدى، — دېدى.

— سىزنىڭ ئاتقان ئوقيايىڭىز ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ، نېمىشقا ئوقيا بىلەن ئاتمايسىز؟ — دېدى خەن شۆەن.

— ئەتە جەڭگە چىققىنىمدا، ئەلۋەتتە يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ، ئۇنى ئاسما كۆۋرۈك يېنىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىمەن ـ دە، ئاتىمەن، — دېدى خۋالۇ جۇڭ.

خەن شۆەن ئۆزى مىنگەن قاراگىر ئاتنى خۋالۇ جۇڭغا بەردى. خۋالۇ جۇڭ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ: «گۇەن يۈي شۇنچىلىك مەردلىك قىلىپ، مېنى ئۆلتۈرمىدى،

مەن ئۇنى قانداق ئاتىمەن؟ ئەگەر ئاتمىسام، بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولىمەن» دەپ كېچىچە ئويلاپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەنلا، ئادەملىرى: «گۇەن يۈي جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ» دەپ مەلۇم قىلىشتى. خۇاڭ جۇڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەردىن چىقتى. ئىككى كۈندىن بېرى خۇاڭ جۇڭنى يېڭەلمىگەن گۇەن يۈينىڭ ئىچى تىت-تىت بولۇپ كەتتى. غەيرەتلىنىپ خۇاڭ جۇڭ بىلەن ئېلىشتى، تېخى 30 چە رەددى بەدەل ئۆتمەيلا، خۇاڭ جۇڭ يېڭىلگەندەك بولۇپ قاچتى، گۇەن يۈي قوغلاپ كەلدى. خۇاڭ جۇڭ گۇەن يۈينىڭ تۈنۈگۈن ئۆلتۈرمىگەنلىك مەرھەمىتىنى ئويلاپ، ئېتىشقا كۆڭلى بارمىدى، قىلىچىنى قويۇپ، ئوقيايىنى ئالدى-دە، كامانىنى ئوقسىز تارتتى، گۇەن يۈي تېز ئۆزىنى بىر تەرەپكە تاشلىدى، ئوق كۆرۈنمىدى، گۇەن يۈي يەنە قوغلىدى، خۇاڭ جۇڭ يەنە ئوقسىز كامان تارتتى. گۇەن يۈي يەنە ئۆزىنى بىر تەرەپكە تاشلىدى، يەنە ئوق كۆرۈنمىدى؛ خۇاڭ جۇڭ ئوقيا ئېتىشنى بىلمىسە كېرەك دەپ ئويلىغان گۇەن يۈي خاتىرجەم قوغلاپ كېلىۋەردى. ئاسما كۆۋرۈككە ئاز قالغاندا، خۇاڭ جۇڭ ئاسما كۆۋرۈكتە تۇرۇپ، ئوقنى كامانغا بەتلەپ ئاتتى، كامان ئاۋازى بىلەن تەڭلا، ئوق كېلىپ دەل گۇەن يۈينىڭ باشلىقىدىكى پۆپۈكنىڭ تۈۋىگە تەگدى. ئالدىدىكى لەشكەرلەر تەڭلا چۇقان سالدى. چۆچۈگەن گۇەن يۈي شۇندىلا خۇاڭ جۇڭنىڭ ئۇستا مەرگەن ئىكەنلىكىنى، بۈگۈن پۆپۈككە ئاتقانلىقى، دەل تۈنۈگۈن ئۆلتۈرمىگەنلىك مەرھەمىتىنىڭ قايتۇرما بەدىلى ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، دەرھال لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قارارگاھىغا قايتتى.

خۇاڭ جۇڭ شەھەرگە كىرىپ، سىپىلغا چىقىپ خەن شۆەن بىلەن كۆرۈشتى، خەن شۆەن توۋلاپ ئەتراپىدىكىلەرگە خۇاڭ جۇڭنى تۇتقۇزدى.

— گۇناھىم يوق! — دەپ توۋلىدى خۇاڭ جۇڭ.

— ئۈچ كۈن كۈزىتىپ تۇردۇم، مېنى ئالدايمەن دەمسەن تېخى! ئالدىنقى كۈنى دېگەندەك جەڭ قىلدىڭ، لېكىن غەرەزسىز ئەمەس؛ تۈنۈگۈن ئېتىڭ بىلەن مۇدۇرۇلۇپ يىقىلدىڭ، ئۇ سېنى ئۆلتۈرمىدى، جەزمەن ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدىڭ، بۈگۈن ئىككى قېتىم ئوقسىز كامان تارتتىڭ، ئۈچىنچى ئوقنى دەل باشلىقىنىڭ پوپۇكىگە ئاتتىڭ. بۇ ياتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىچكى جەھەتتىن بۇزۇلۇش بولماي نېمە؟ ئەگەر سېنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولسام، كېيىن بىزگە چوقۇم بالا بولىسەن! — دېدى.

خەن شۆەن توۋلىغان ھالدا: قوۋۇق بېشىغا ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! دەپ نۆكەرلەرگە بۇيرۇق بەردى. پالۋانلار تىلىگەنىدى، خەن شۆەن:

— خۇاڭ جوڭنى تىلىگەنلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغانلار ھېسابلىنىدۇ! — دېدى.

ئۇنى ئەمدىلا قوۋۇق بېشىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قىلىچ سېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، تۇساتتىن بىر پالۋان قىلىچىنى ئويناتقىنىچە كەلدى-دە، جاللاتنى قىلىچلاپ تاشلاپ خۇاڭ جوڭنى قۇتقۇزدى ۋە توۋلىغان ھالدا:

— خۇاڭ جوڭ چاڭشانىڭ مۇھاپىزەتچىسى، بۈگۈن خۇاڭ جوڭنى ئۆلتۈرۈش چاڭشا ئاھالىسىنى ئۆلتۈرۈش دېمەكتۇر! خەن شۆەن زالىم، دىيانەتسىز بولۇپ، دانا-دانىشمەن زاتلارنى كۆزىگە ئىلمىدى، ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇنى يوقىتىشىمىز كېرەك، ماڭا ئەگىشىشنى خالىغانلار ئارقامدىن كېلىڭلار! — دېدى.

كۆپچىلىك قارىسا، يۈزى چىلان رەڭلىك، كۆزى پارقىراق يۇلتۇزدەك بىر ئادەم ئىكەن، بۇ يىياڭلىق ۋېي يەن ئىدى؛ شياڭياڭدا ليۇ بېيگە ئەگىشەلمەي، خەن شۆەن خىزمىتىگە كىرگەنىدى، خەن شۆەن مۇتەكەببىر كەم ئاراپ كىشى دەپ،

لايىقىدا ئىشلەتمىگەنىدى، شۇ سەۋەبتىن خۇسۇمەت ساقلاپ يۈرەتتى. ئەنە شۇ كۈنى خۇاڭ جۇڭنى قۇتقۇزۇپ، خەن شۇەننى ئۆلتۈرۈشكە خەلقنى چاقىردى، بىلىكىنى شىمايلاپ بىر نەرە تارتقانىدى، بىرنەچچە يۈز ئادەم ئەگەشتى. خۇاڭ جۇڭ توسۇپمۇ قالالمىدى. ۋېي يەن توپتوغرا سېپىل ئۈستىگە قىرغىن قىلىپ چىقتى - دە، بىر قىلىچ سېلىش بىلەن خەن شۇەننى ئىككى پارە قىلىپ تاشلىدى، بېشىنى ئېلىپ ئاتلىنىپ، شەھەردىن چىقىپ گۇەن يۈيگە ئەل بولدى. ناھايىتى خۇرسەن بولغان گۇەن يۈي شەھەرگە كىردى. ئاھالىنى ئەمىن ئەتتى. خۇاڭ جۇڭنى تەكلىپ قىلمۇيدى، ئاغرىقىنى باھانە قىلىپ چىققىلى ئۇنىمىدى. گۇەن يۈي ليۇبېي، جۇگې لياڭلارنى تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى.

ليۇ بېيغا كەلسەك، گۇەن يۈي چاڭشانى ئېلىشقا كەتكەن ھامان ئۇ جۇگې لياڭ بىلەن ئارقىسىدىنلا قوشۇنغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ھەمدەمگە ماڭدى. دەل سەپەر ئۈستىدە قارا تۇغنىڭ خادىسى سۇنۇپ يەرگە چۈشتى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قاغا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم قاقىلدىدى. ليۇ بېي:

— بالا - قازانىڭ ئالامىتىمۇ ياكى بەختىنىڭ؟ — دەپ سورىدى.

جۇگې لياڭ ئات ئۈستىدىلا بېشىنىڭ ئىچىدە بىر پال سالدى - دە:

— چاڭشا ئېلىنىپتۇ، جانابلىرى يەنە بىر چوڭ پالۋانغا ئىگە بوپتىلا، چۈشتىن كېيىن چوقۇم مەلۇم بولىدۇ، — دېدى.

بىر پەستىن كېيىن، دېگەندەك بىر چاپارمەن خەۋەر ئېلىپ كەلدى ۋە:

— سەركەردە گۇەن يۈي چاڭشا ۋىلايىتىنى ئالدى، خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەر ئەل بولدى. جانابىي پاسبانىنىڭ قەدەم تەشرىپىنى كۈتمەكتە، — دېدى.

ناھايىتى خۇشال بولغان لىۇ بېي شۇئان چاڭشاغا كىردى، گۇەن يۈي ئالدىغا چىقىپ دىۋانغا باشلاپ كىردى، خۇاڭ جۇڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى. لىۇ بېي شەخسەن خۇاڭ جۇڭنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ تەكلىپ قىلدى، شۇندىلا خۇاڭ جۇڭ چىقىپ ئەل بولدى ۋە خەن شۇەننىڭ جەسىتىنى كۆمۈشكە ئىجازەت سوراپ چاڭشانىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە دەپنە قىلدى. كېيىنكىلەر خۇاڭ جۇڭنى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەن:

*غەيرىتى ـ جاسارىتى كۆككە يېتەر سەركەردە مەرد،*
*تەگدى نەنياڭغا ئاقارغان چېچىغا ياقماي پەقەت.*
*ئەل بولۇپ قالغانغىلا سالدى بېشىنى تارتىپ ئىزا،*
*بەردى تەن ئۆلۈمگىمۇ لېكىن ئۇ چەكمەي ھەسرەت.*

*شەمشىرى شىددەت بىلەن چاچتى ۋالىلداپ نۇر يورۇق،*
*ئەسلىدى قاتتىق ئۇرۇشلارنى چەۋەنداز ھەر نەۋەت.*
*چاچتى ئۇ شىاڭتەنگە گويا يەككە ئايدەك نۇرىنى،*
*ئۆچمىگەي نام ـ شۆھرىتى ئالەم ئارا ھەرگىز ئەبەت.*

گۇەن يۈي ۋېي يەننى باشلاپ كىرىپ جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. جۇگې لياڭ جاللاتلارغا: «ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ تۇۋلىدى. لىۇ بېي ھەيران بولۇپ جۇگې لياڭدىن:

— ۋېي يەن ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەن. ئۇ گۇناھسىز. مۇشاۋىرىم، نېمە سەۋەبتىن ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— تەمىناتىنى يەپ تۇرۇپ خوجايىنىنى ئۆلتۈرۈش — ساداقەتسىزلىكتۇر؛ زېمىندا ئولتۇرۇپ يېرىنى تەقدىم قىلىش ئادالەتسىزلىكتۇر. قارىسام ۋېي يەن بېشىنىڭ ئارقا سۆڭىكى چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئاخىردا چوقۇم ئىسيان چىقىرىدۇ، شۇ

سەۋەبتىن كېيىنكى قازا - ھادىسىلەرنىڭ يىلتىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدىن ئۆلتۈرمەكچىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ئەگەر بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئەل بولغۇچىلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، مۇشاۋىر، مۇئاپ قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى لىۋ بېي.

— خەير، بۈگۈن كەچۈردۈم سىزنى، — دېدى جۇگې لياڭ ۋېي يەنگە قاراپ، — بارلىق ساداقىتىڭىز بىلەن پاسىبانغا خىزمەت قىلىڭ، باشقا غەرەزلەردە بولماڭ، ئەگەر ئۆزگە غەرەزلەردە بولىدىكەنسىز، بەربىر كاللىڭىزنى ئالىمەن.

ۋېي يەن ئارقا - ئارقىدىن خوش - خوش دەپ چىقىپ كەتتى. خۇاڭ جۇڭ لىۋ بياۋنىڭ جىيەنى لىۋ پەننى تونۇشتۇردى. لىۋ پەن بۇ كۈنلەردە يۇشيەن ناھىيىسىدە بوش ئىدى. لىۋ بېي ئۇنى ئالدۇرۇپ كېلىپ چاڭشاغا پاسىبان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆت ۋىلايەت ئەمىن تاپتى. لىۋ بېي لەشكەرلىرىنى ئېلىپ جىڭجۇغا قايتتى، يۈجىياڭكۇنىڭ نامىنى گۇڭئەن دەپ ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەبلەغ، ئوزۇق - تۈلۈك كۆپەيدى، دانىشمەنلەر كېلىپ قوشۇلدى؛ لەشكەرلەرنى ھەر تەرەپتىكى مۇھىم ئورۇن - ئېغىزلارغا ئورۇنلاشتۇردى.

داۋالىنىش ئۈچۈن سەيساڭغا قايتقان جۇ يۈي بالىڭ ۋىلايىتىنى ساقلاشقا گەن نىڭنى، خەنياڭ ۋىلايىتىنى ساقلاشقا لىڭ تۇڭنى بۇيرۇدى. ئىككى ئورۇنغا جەڭ كېمىلىرىنى ھازىرلىتىپ، ئىشلىتىشكە تەييار قىلىپ قويدى. چېڭ پۇ باشقا پالۋانلارنى ئېلىپ خېفېي ناھىيىسىگە كەلدى. ئەسلىدە سۈن چۈەن چىبىيدا ئېلىپ بېرىلغان قاتتىق جەڭدىن كېيىن، ئۇزۇندىن بېرى خېفېيدا ساۋ ساۋ قوشۇنى بىلەن گەزلىشىپ، چوڭ - كىچىك ئون نەچچە قېتىم جەڭ قىلغانىدى، لېكىن يېڭىش - يېڭىلىش بىر تەرەپ بولمىغاچقا، شەھەرگە يېقىن

قارارگاھ قۇرالماي، قوشۇننى شەھەردىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇ چىڭ پۇ قوشۇنىنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدى، شەخسەن ئۆزى قارارگاھتىن چىقىپ لەشكەرلەردىن ھال سورىدى. ئادەملەر: لۇ سۇ ئالدىن كەپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى. سۇن چۈەن ئاتتىن چۈشۈپ ئۆرە تۇرغان ھالدا كۈتۈپ تۇردى. لۇ سۇ ئالدىرىغان پېتى ئاتتىن چۈشۈپ سالام بەجا كەلتۈردى. كۆپچىلىك پالۋانلار سۇن چۈەننىڭ لۇ سۇغا مۇنچىلىك مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشتى. سۇن چۈەن لۇ سۇنى ئاتلىنىشقا تەكلىپ قىلدى، ئىككىسى ئاتلىنىپ يانمۇ يان ماڭدى.

— مېنىڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئالدىلىرىغا چىققانلىقىمنى جانابلىرى شەرەپ دەپ بىلەمدىلا؟ — دەپ سورىدى سۇن چۈەن ئاستاغىنا قىلىپ.

— ياقسۇ، — دېدى لۇ سۇ.

— ئەمسە قانداق قىلغاندىن كېيىن شەرەپ دەپ بىلىدىلا؟ — دەپ سورىدى سۇن چۈەن.

— جانابلىرىنىڭ پەزلى ئەخلاقى ئەلگە جارى بولۇپ، پۈتۈن ئەل بويىچە خانلىق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىرىدا، كەمىنە لۇ سۇلىرىنىڭ نامى تارىخىمىزغا يېزىلغاندىلا شەرەپ دەپ بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لۇ سۇ.

سۇن چۈەن چاۋاك چېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىللە چېدىرغا كەلدى ۋە خېقېينى ئىلىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزۈشتۈردى.

ئايغاقچىلار بىردىنلا كىرىپ: جاڭ لياۋ جەڭ خېتى ئەۋەتىپتۇ دەپ مەلۇم قىلدى. سۇن چۈەن خەتنى ئوقۇدى ـ دە، دەرغەزەپ بولۇپ:

— جاڭ لياۋ مېنى بەك خاپا قىلماقتا! چېڭ پۇ لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەتىگە ئادەم

ئەۋەتىپ جەڭگە ئۈندىگىنى بۇ! ئەتە يېڭى قوشۇننى ئىشقا سالماستىن يۈرۈش قىلمەن، قاتتىق بىر جەڭ قىلىپ باققىنىمنى كۆرسۇن! — دېدى ۋە شۇ كۈنى تاڭ سەھەردىن بۇرۇن ئۈچ قوشۇننىڭ قارارگاھىدىن چىقىپ، خېفېيگە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چىقاردى. چاي ۋاقتىدا قوشۇن يېرىم يولغا يېتىپ كەلگەندە، ساۋ ساۋ قوشۇنىمۇ يېتىپ كەلدى، ھەر ئىككى تەرەپ سەپراس بولۇپ تۇردى. زەر دۇبۇلغا بىلەن زەر ساۋۇت كىيگەن سۈن چۈەن ئاتلىق چىقتى؛ سولدا سۇڭ چيەن، ئوڭدا جيا خۇا، پالۋانلار پەنجىسمان يالمان بىلەن ئىككى تەرەپتە قورۇقداپ تۇردى. ئۈچ قېتىم تەبىل جالڭ چېلىنغاندىن كېيىن ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدا، تولۇق قوراللانغان ئۈچ پالۋان سەپ ئالدىغا چىقتى: ئوتتۇرىدا جاڭ لياۋ، سولدا لى ديەن، ئوڭ تەرەپتە يۆ جىن تۇردى. جاڭ لياۋ ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغا چىقىپ، سۈن چۈەننى جەڭگە ئۈندىدى.

سۈن چۈەن نەيزىسىنى ئېلىپ ئۆزى جەڭگە چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، نەيزىلىك بىر پالۋان ئاللىقاچان سەپ ئىچىدىن چىقتى، بۇ پالۋان تەيشى سى ئىدى. جاڭ لياۋ قىلىچىنى ئوينىتىپ ھەملە قىلدى، ئىككى پالۋان 70 — 80 رەددى بەدەل ئېلىشىمۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. ساۋ ساۋ سېپىدە لى ديەن يۆ جىنگە:

— ئۇدۇلىمىزدا تۇرغان زەر دۇبۇلغىلىق سۈن چۈەن دېگەن شۇ. ئەگەر سۈن چۈەننى تۇتۇۋالىدىغان بولساق، 83 تۈمەن لەشكەرنىڭ قىساسىنى تولۇق ئالغان بولاتتۇق، — دېدى.

سۆزنىڭ تېخى ئايىغى چۈشە ـ چۈشمەستىنلا يۆ جىن يەككە ئاتلىق بولۇپ، قىلىچ ئويناتقان ھالدا يان تەرەپتىن توغرا سۈن چۈەنگە ئات سالدى. ئۇ خۇددى چاقماقتەك يېتىپ كەلدى ـ دە، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇردى. سۈن چۈەن بىلەن جيا خۇا دەرھال يالمان بىلەن توسقانىدى، قىلىچ تېگىش

www.uyghurkitap.com

بىلەنلا ئىككىلا يالمان چورتلا - كېسىلىپ چۈشتى. يالمانىنىڭ دەستىسى ئاتنىڭ بېشىغا تەگدى. يۈ جىن بۇرۇلۇپ قايتماقچى بولۇۋىدى، سۇڭ چيەن نۆكەرلەرنىڭ بىرىدىن نەيزە ئېلىپ قوغلاپ كەلدى. لى دېەن ئوقيايىنى سۇڭ چيەننىڭ يۈرىكىگە چەنلەپ ئاتقانىدى، ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلدى. ئارقىسىدا بىراۋنىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى ئاڭلىغان تەيشى سى جاڭ لياۋنى قويۇپ ئۆز سېپىگە قايتتى. جاڭ لياۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىرغىنغا ئۆتتى، كۈنچىقىش ۋۇ قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى، جاڭ لياۋ سۇڭ چۈەنتى كۆرۈپ قېلىپ، ئات سۈرۈپ قوغلاپ كەلدى. ئەمدىلا يېتىشەي دەپ تۇرۇشىغا، يان تەرەپتىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ قالدى، بۇ قوشۇنلارنىڭ باشلىقى چېڭ پۇ پالۋان ئىدى؛ توسۇپ بىر پەس جەڭ قىلىپ، سۈن چۈەنتى خالاس قىلدى. جاڭ لياۋ لەشكەرلىرىنى يىغىپ خېفېيگە قايتتى.

چېڭ پۇ سۈن چۈەننى قوغداپ چوڭ قارارگاھقا كەلدى، يېڭىلگەن لەشكەرلەر ئارقا - ئارقىدىن قارارگاھقا قايتىپ كېلىشتى. سۈن چيەننىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىچى ئاغرىغان سۈن چۈەن ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. باش مىرزا جاڭ خۇڭ:

— جانابىي پاسىبانىم! سىلى باتۇرلۇقلىرىنى پەش قىلىپ، ياۋنى سەل چاغلاپ قويدىلا، بۇنىڭغا ھەممەيلەننىڭ يۈرىكى تىترىدى. ياۋ سەركەردىلىرىنى قىر - چاپ قىلىپ تۇغ تارتىۋېلىش، جەڭ مەيدانىدا ھەيۋە كۆرسىتىش — ياندىش سەركەردىلەرنىڭ ئىشى، جانابلىرى بۇ ئىشنىڭ لايىقى ئەمەس. مېڭ بېن، شيا يۈي* لەردەك باتۇرلۇقلىرىنى تىزگىنلەپ، بەگ - ۋاڭلاردەك تەدبىرلىك بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۈگۈن سۈن چيەننىڭ ئوقيا ئاستىدا ئۆلۈشى،

* مېڭ بېن — جەڭگو دەۋرىدە ياشىغان ئادەم. شيا يۈي — جۇ خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئادەم. ھەر ئىككىلىسى باتۇرلار ئىدى.

جانابلىرىنىڭ ياۋنى سەل چاغلىغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلسىلا، — دەپ ئۆز پىكرىنى بەردى.

— شۇنداق، مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگەرتەي، — دېدى سۇن چۈەن.

بىر پەستىن كېيىن، تەيشى سى چېدىرغا كىرىپ:

— مېنىڭ قول ئاستىمدا گې دىڭ دېگەن بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى جاڭ لياۋنىڭ ئاتخانىسىدا مىراخور ئىكەن. بۇ ئادەم كايىشقا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن نارازى ئىكەن، بۈگۈن كېچە ئوت بىلەن بەلگە بېرىلمەك ھامان، جاڭ لياۋنى ئۆلتۈرۈپ، سۇن جيەنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش توغرىسىدا ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلدى. تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىشقا لەشكەر سورايمەن، — دېدى.

— گې دىڭ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى سۇن چۈەن.

— ئۇلارغا ئارىلىشىپ خېفېي شەھىرىگە كىرىپ كەتتى. 5000 لەشكەر سورايمەن، — دېدى تەيشى سى.

— جاڭ لياۋ كۆپ تەدبىرلىك ئادەم، تەييارلىقى بولۇش ئېھتىمالى بار، ئالدىراپ قالمايلى! — دەپ كېڭەش بەردى جۇگې جىن.

تەيشى سى بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. سۇن جيەنىڭ ئۆلگەنلىكىگە قايغۇرغان سۇن چۈەن قىساس ئېلىشقا ئالدىرىغانلىقىدىن تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىشقا تەيشى سىنى 5000 لەشكەر باشلاپ بېرىشقا بۇيرۇدى.

گې دىڭ تەيشى سىنىڭ يۇرتدىشى بولۇپ، شۇ كۈنى ياۋ قوشۇنىغا ئارىلىشىپ، خېفېي شەھىرىگە كىردى، ئۇ ئاتخانا مىراخورىنى ئىزدەپ تاپتى، ئىككىسى كېڭەش قىلدى.

— مەن سەركەردە تەيشى سىغا ئادەم ئەۋەتتىم، بۈگۈن كېچە چوقۇم بولۇشۇشقا كېلىدۇ. ئىشنى قانداق قىلماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى گې دىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇ ئورۇن بارگاھتىن يىراق، كېچىدە ئالدىغا بارماق قىيىن، چۈپكە ئوت قويىمەن ـ دە، سىز ئالدى تەرەپكە چىقىپ ئىسيان چىقتى دەپ توۋلايسىز، شەھەردىكى لەشكەرلەر پاتىپاراق بولغاندا، ئىچكى جەھەتتە جالڭ لياۋنى ئۆلتۈرسەك، قالغان لەشكەرلەر ئۆزلۈكىدىن قاچىدۇ.

— بەللى، بۇ ياخشى تەدبىر ئىكەن! — دېدى گې دىڭ.

بۇ كېچە زەپەر بىلەن شەھەرگە قايتقان جالڭ لياۋ لەشكەرلەرنى تارتۇقلىدى، ساۋۇتلىرىنى يەشمەستىن ئۇخلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى.

— بۈگۈن ياۋنى تولۇق يەڭدۇق، ۋۇ لەشكەرلىرى يىراقتا، سەركەردە، نېمىشقا ساۋۇتلىرىمىزنى يېشىپ دەم ئالمايمىز؟ — دەپ سورىدى ئەتراپىدىكىلەر.

— ياق! بىر سەركەردە زەپەرگە خۇشال بولۇپ كەتمەسلىكى، يېڭىلىپ قالغانغا قايغۇرۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر كۆنچىقىش ۋۇ لەشكەلىرى بىزنىڭ ھازىرلىقسىز پەيتىمىزدىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلسا، قانداق ئاقابىل تۇرالايمىز؟ باشقا كۈنلەردىكىگە قارىغاندا، بۈگۈن كېچە تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى جالڭ لياۋ.

سۆز تېخى تۈگىمەستىنلا ئارقا تەرەپتىن يانغىن چىقتى، ئىسيان چىقتى دېگەن ئاۋاز ئەتراپنى قاپلاپ كەتتى، ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەرچىلەر كېلىپ مەلۇمات بېرىپ تۇردى.

جالڭ لياۋ چېدىردىن چىقىپ ئاتلاندى، خاس يېقىن سەركەردە ـ سەرۋازلاردىن ئون نەچچە كىشىنى چاقىرىپ يولنى توسۇپ تۇردى. ئەتراپىدىكىلەر:

— سۈرەن ـ چۇقان كۈچىيىپ كەتتى، بېرىپ كۆزىتىپ باقايلى، — دېيىشتى.

— شەھەر ئاھالىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسيان قىلغىنىمۇ بارمۇ؟ بۇ ئىسيانچىلارنىڭ ئىشى، ئەتەيگە لەشكەرلەرنى ۋەھىمىگە

سالماقتا، قالايمىقان ماڭغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆلتۈرۈلسۇن! — دېدى جاڭ لياۋ.

ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا، لى دېەن گې دىڭ بىلەن مىراخورنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. جاڭ لياۋ ئەھۋالنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شەھەر تېشىدا جاڭ، دۇمباق ئاۋازى، ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سۈرەن - چۇقان ئاۋازى ئاڭلاندى. جاڭ لياۋ:

— بۇ تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىشقا كەلگەن كۈنچىقىش ۋۇ قوشۇنى، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىش كېرەك، — دېدى - دە، شەھەر ئىچىدە ئوت قويۇشقا ئادەم بۇيرۇدى، ھەممە ئىسيان چىقتى دەپ توۋلاشتى، قوۋۇق چوڭ ئېچىلىپ، ئاسما كۆۋرۈك تاشلاندى. شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرگەن تەيشى سى ئىچكى جەھەتتىن بۇزۇلۇپتۇ دەپ ئويلاپ، نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئالدى بىلەن شەھەرگە ئات قويدى. سېپىلدىن ئېتىلغان توپ ئاۋازى بىلەن تەڭلا، قالايمىقان ئوقيا ئېتىلدى، تەيشى سى دەررۇ بۇرۇلۇپ قايتىشىغا، بىرنەچچە يېرىگە ئوق تەگدى. ئارقىدىن لى دېەن، يۈ جىنلار قىرغىن قىلىپ قوغلاپ چىقتى، كۈنچىقىش ۋۇ لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلدى، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قارارگاھ ئالدىغا قەدەر قوغلاپ كەلدى. لۇ شۈن، دۇڭ شىلار قىرغىن قىلىپ چىقىپ، تەيشى سىنى قۇتقۇزۇۋالدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قايتتى.

ئېغىر يارىلانغان تەيشى سىنى كۆرگەن سۇن چۈەن تېخىمۇ قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشتى. جاڭ جاۋنىڭ قوشۇننى قايتۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپىگە سۇن چۈەن ماقۇل بولدى - دە، لەشكەرلەرنى يىغىپ، كېمە بىلەن نەنشۈي، رۇنجۇغا قايتۇردى. لەشكەرلەر بۇ يەرگە ئورۇنلاشتى؛ تەيشى سىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاچقا، سۇن چۈەن، جاڭ جاۋ قاتارلىقلارنى ھال سوراشقا كىرگۈزدى. تەيشى سى:

www.uyghurkitap.com

— پاراكەندىچىلىك زاماندا ياشىغان مەردۇ ئەزىمەت قىلىچ كۆتۈرۈپ ئېلىگە خىزمەت قىلىشى كېرەك ئىدى؛ مەقسىتىم ئەمەلگە ئاشمىدى، نەچارىكى، ئۆلىدىغان بولدۇم! — دەپ توۋلىدى ـ دە، سۆزى تۈگەش بىلەنلا ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى ئۇ 41 ياشتا ئىدى. كېيىنكىلەر مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*تەيشى سى دۇنيادا بىر سادىق ـ ۋاپادار مەرد ئىدى،*
*تىترىتىپ ياۋنى جاھانغا نامى يۇر شىرمەت ئىدى.*
*كۆرسىتىپ بىپەيدە شەپقەت، جەڭ قىلىپ شىپتىنگدا چىڭ،*
*بىلدۈرۈپ مەردلىكنى ئۆلگەن، ئەسلىنەر ئەبەت ئىدى.*

تەيشى سىنىلىق ئۆلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغان سۇن چۈەن قاتتىق قايغۇردى، ئۇنى نەنشۈي بېيگۇشەن تېغىنىڭ ئېتىكىگە تەنتەنە بىلەن دەپنە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى، ئۇنىڭ ئوغلى تەيشى خېڭنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى.

جىڭجۇدا قوشۇننى تەرتىپكە سېلىۋاتقان لىۋ بېي، سۇن چۈەننىڭ خېپىدا يېڭىلىپ نەنشۈيگە قايتقىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جۇگې لياڭ بىلەن كېڭەش قىلدى. جۇگې لياڭ:

— كېچە يۇلتۇزلارغا قارىسام، كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپتە يەرگە يۇلتۇز چۈشتى، خان ئەۋلادىدىن بىرەرىنىڭ ۋاپات قىلىشى چوقۇم، — دەپ تۇرۇشىغا بەگزادە لىۋ چى ۋاپات بولدى دېگەن خەۋەر كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئېچىنغان لىۋ بېي قاتتىق يىغلىدى.

— تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش تەقدىر ـ قىسمەتتە پۈتۈلگەن! جانابىي پاسىبانىم، قايغۇرمىسىلا. مۇبارەك مىجەز ـ شېرىپلىرىگە تەسىر يېتىپ قالمىسۇن. دەرھال چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلايلى. شەھەر مۇداپىئەسى ئۈچۈن تېزلىكتە ئۇ ياققا كىشى ئەۋەتەيلى ھەمدە دەپنە مۇراسىمىنى ئورۇندايلى، — دەپ

نەسھەت پىكرىنى بەردى جۇگې لياڭ.

— كىمنى ئەۋەتىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— گۇەن يۈي بارماي مۇمكىن ئەمەس، — دېدى جۇگې لياڭ.

شياڭياڭنى ساقلاشقا شۇئان گۇەن يۈي ئەۋەتىلدى.

— ھالا ليۇ چى ۋاپات بولدى، كۇنچىقىش ۋۇ چوقۇم جىڭجۇنى سورايدۇ، نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز؟ — دېدى جۇگې لياڭغا ليۇ بېي.

— ئەگەر كىشى كېلىدىكەن، جاۋابىنى مەن بېرىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

يېرىم ئاي ئۆتكەنىدى، تەزىيە بىلدۈرۈشكە كۇنچىقىش ۋۇدىن لۇ سۇ كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى.

دەر ھەقىقەت:

*تەدبىر بىلەن پەنلەرنى ئالدىن تۈزۈپ قويۇشتى،*
*كۇنچىقىش ۋۇ ئەلچىسىنى ساقلاپ - كۈتۈپ تۇرۇشتى.*

جۇگې لياڭنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەللىك تۆتىنچى باب

## ۋۇ بەگ ئانىسىنىڭ ئىبادەتخانىدا ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىتنى كۆرگەنلىكى
## خان تاغىسى ليۇ بېينىڭ ساھىبجامالنى ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، جۇگې لياڭ لۇ سۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ليۇ بېي بىلەن شەھەردىن ئالدىغا چىقتى ۋە مەھكىمىگە باشلاپ كىردى، سالام - سەھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، لۇ سۇ:

— خوجايىن جانابلىرى، جىيەنلىرىنىڭ ۋاپات خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئازغىنا سوۋغا - سالام بىلەن كەمىنىلىرىنى ئالاھىدە تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتى. تۇتۇق جۇ يۈي خان تاغىسى جانابلىرى ۋە جۇگې لياڭ خەلپىتىمگە قايتا - قايتا سالىمىنى يەتكۈزگەيلەر، دەپ تەكىتلىدى، — دېدى.

ليۇ بېي، جۇگې لياڭلار ئورنىدىن تۇرۇپ تەشەككۈر ئىزھار قىلىپ، سوۋغا - ھەدىيەلەرنى تاپشۇرۇۋالدى، مەرىكە - سورۇن تەييارلاپ كۈتتى. لۇ سۇ:

— بۇنىڭدىن مۇقەددەم خان تاغىسى جانابلىرى: «بەگزادە ئالەمدىن ئۆتسە، جىڭجۇنى قالدۇرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدىلە. ئەمدى بەگزادە ۋاپات قىپتۇ، ئەلۋەتتە قايتۇرسىلا كېرەك. قاچان قايتۇرىدىلاكىن؟ — دېدى.

— جانابلىرى، مەرىكىگە مەرھەمەت قىلسىلا، كېڭەش قىلۇرمىز، — دېدى ليۇ بېي.

لۇ سۇ زورلاپ بىرنەچچە قەدەھ شاراب ئىچكەندىن كېيىن، يەنە سورىدى. لىيۇ بىبي جاۋاب بەرگۈچە، جۇگې لياڭ:

— جانابىي لۇ سۇ! — دېدى چىرايىنى ئۆزگەرتكەن هالدا، — قائىدە بىلمەمدىلا! باشقىلارنىڭ ئىچىنى كۆتۈپمۇ ئولتۇرامدىكەن. جانابىي ئالىي خانىمىزنىڭ يىللان ئۆلتۇرۇپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ قۇرغان ئۇلۇغ ئىشى بۇ كۈنگە قەدەر داۋام قىلىپ كەلدى؛ تەلەي كاچ كېلىپ، ھەر تەرەپتىن باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇزۇقلار ئۆز ئالدىغا بىرەر تەرەپنى ئىگىلەپ ئېلىشتى؛ تەڭرى يار بېرىپ، ئىش ھەق جايىغا قارار تاپتى. خوجايىنىم جۇڭ شەن چىڭۋاڭنىڭ ئەۋلادى، شياۋ جىڭ خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئەۋرىسى، هازىرقى خانىمىزنىڭ تاغىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، بەخشەندە قىلىنغان يەرگە ئىگە بولالامدىكەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇم لىيۇ بياۋ خوجايىنىمنىڭ ئاكىسى بولغاچقا، ئىنىسى ئاكىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلسا، نېمىسى توغرا كەلمەيدىكەن؟ سىلىنىڭ خوجايىنلىرى چيەنتاڭلىق كىچىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئوغلى، خانىمىزغا يەتكۈزگەن ھېچبىر خىزمىتىنىڭ تايىنى يوق؛ بۈگۈن كۈچىگە تايىنىپلا ئالتە ۋىلايەت، 81 ناھىيىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، يەنە ئاچكۆزلۈك قىلىپ قانائەت قىلماستىن، خەن زېمىنىنى يۇتۇشنى ئويلىماقتا. لىيۇ ئائىلىسىنىڭ ئېلىدە، پاسىبانىم لىيۇ ئۇرۇقىدىن بولۇپ ھەسسىدار بولالمايدىكەنۇ، سىلىنىڭ سۇن ئۇرۇقىدىن بولغان ئەكسىچە پاسىبانلىرى تارتىۋالماقچى بولىدىكەن — ھە؟ چىبى جېڭىگە كەلسەك، پاسىبانىم ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى، پالۋانلىرىمىز جانپىدالىق بىلەن ئىشلىدى، يالغۇزلا كۈنچىقىش ۋۇنىڭ كۈچى ئەمەسقۇ؟ ئەگەر مەن كۈنچىقىش تۆۋەن شامىلى چىقىرىپ بەرمىسەم، جۇ يۈي ھېچ نەرسە قىلالمايتتى! جياڭنەن قولدىن كېتىدىكەن، ئىككى چياۋ خانىم مىس قۇشقاچ مۇنارىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، جانابلىرىنىڭمۇ ئائىلە -

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاۋابىئاتلىرىغا كاپالەت يوق ئىدى، لۇ سۇ جانابلىرى! سىلى ئالىيجاناب بىر زات بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، پاسىبانىم بىرنەرسە دېمىدى، يەنە ئەزۋەيلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. جانابلىرى! نېمىشقا بۇنى چۈشەنمەيدىلا!

بۇ سۆزلەر بىلەن لۇ سۇ ئاغزى ئېتىلىپ، ئىندىيەلمەي قالدى؛ بىر ھازادىن كېيىن:

— جانابىي جۇگې لياڭ! سۆزلىرىنى تامامەن توغرا دېگىلى بولماس، بۇ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ قولايسىز، — دېدى.

— قانداق قولايسىز؟ — دەپ سورىدى جۇگې لياڭ.

— ئۆتمۈشتە خان تاغىسى داڭياڭدا قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ۋاقىتدا، كەمىنە لۇ سۇلىرى سىلى جۇگې لياڭنى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە باشلاپ بېرىپ جانابىي پاسىبانىم بىلەن كۆرۈشتۈرگەنىدىم؛ كېيىن جۇ يۈي يۈرۈش قىلىپ جىڭجۈنى ئالماقچى بولغىنىدا، يەنە مەن لۇ سۇ توسۇۋالغانىدىم؛ بەگزادە ۋاپات ئەتكەندىن كېيىن، جىڭجۈنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنىمۇ يەنە مەن لۇ سۇ ئۈستۈمگە ئالغانىدىم؛ ھالا بۇرۇن قىلغان ۋەدىلىرىگە تۇرۇشمىسىلا، مەن لۇ سۇ قايتىپ نېمىدەپ بارىمەن؟ پاسىبانىم بىلەن جۇ يۈيىنىڭ مېنى جاۋابكارلىققا تارتىشى تۇرغان گەپ. مەن لۇ سۇ ئۆلسەم مەيلى، بىراق كۈنچىقىش ۋۇنى رەنجىتىپ قويۇپ، تىغ كۆتۈرۈپ چىقسىلا، خان تاغىسىمۇ جىڭجۇدا خاتىرجەم ئولتۇرالماسمىكىن، خەلقئالەمنىڭ كۈلكىسىگە قالارمىكىن دەيمەن، — دېدى لۇ سۇ.

— ساۋ ساۋ 100 تۈمەن لەشكەر بىلەن خان نامىدىن يۈرۈش قىلغاندا، پەرۋايىمغا ئالمىدىمىز، جۇ يۈيگە ئوخشىغان بىر ياش بالىدىن قورقارمىدىم! ئەگەر جانابلىرىنىڭ يۈزىگە سەت بولىدىغان بولسا، تىلخەت يېزىپ بېرىشكە پاسىبانىمنى كۆندۈرەي، جىڭجۈنى ۋاقىتلىق ئارىيەتكە ئېلىپ تۇرىلى؛ پاسىبانىم باشقا شەھەرلەرگە ئىگە بولغاندا، كۈنچىقىش ۋۇغا

قايتۇرۇپ بەرسۇن، بۇ مەسلىھەتكە نېمە دەيدىلا؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— جۇگې لياڭ جانابلىرى! قەيەرلەرنى ئالغاندا، جىڭجۇنى قايتۇرىدىلا؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى پات - يېقىننىڭ ئىچىدە ئېلىش مۇمكىن ئەمەس؛ شىچۇەن ليۇ جاڭ نادان ھەم ئاجىز، خوجايىنىم كەلگۈسىدە ئۇ يەرنى ئالماقچى. ئەگەر شىچۇەننى ئالساق، ئۇ ۋاقىتىدا قايتۇرىلى، — دېدى جۇگې لياڭ.

لۇ سۇ نائىلاج ماقۇل بولدى. ليۇ بېي ئۆز قەلىمى بىلەن بىر پارچە ھۆججەت يېزىپ، ئىمزا قويدى. جۇگې لياڭ كېپىل بولۇپ قول قويۇپ بەردى.

— مەن، — دېدى جۇگې لياڭ، — خان تاغىسىنىڭ ھۆزۇرىدىكى ئادەم، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز كېپىللىك قىلسىمىزمۇ؟ سىلىمۇ قول قويۇپ قويسىلا، قايتىپ ۋۇ بېگى بىلەن كۆرۈشكەنلىرىدە خىجىللىقتا قالمايدىلا.

— خان تاغىسىنىڭ ھەققانىي، ۋاپادار كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ دەپ ئىشىنىمەن، — دېدى - دە، لۇ سۇ قول قويۇپ بېرىپ، ھۆججەتنى ئېلىۋالدى. لۇ سۇ مەرىكىدىن كېيىن خەيرلىشىپ كەتتى. ليۇ بېي بىلەن جۇگې لياڭ كېمىگە چىققۇچە ئۇزىتىپ باردى. جۇگې لياڭ:

— جانابىي لۇ سۇ! قايتىپ ۋۇ بېگى بىلەن كۆرۈشكەنلىرىدە، مەقسىتىمىزنى چىرايلىقچە ئاڭلىتۇرلەر، خام خىياللاردا بولمىسۇن. ئەگەر ھۆججىتىمىزنى ئىناۋەتكە ئالمايدىكەن، ئۇنداقتا يۈزىمىزنى ئۆرۈيمىز - دە، 81 ناھىيىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالىمىز. ھالا بىز ئىككى تەرەپ ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشىمىز، ساۋ ساۋنىڭ كۈلكىسىگە قالماسلىقىمىز لازىم، — دېدى.

لۇ سۇ خوشلىشىپ كېمىگە چۈشۈپ قايتتى، دەسلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەيياھ ۋىلايىتىگە بېرىپ، جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشتى. جۇ يۈي:

— لۇ سۇ! جىڭجۇنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— تىلخەت ئېلىپ كەلدىم، مانا، — دېدى لۇ سۇ ۋە تىلخەتنى جۇ يۈيگە سۇندى.

— لۇ سۇ! — دېدى جۇ يۈي تىلخەتنى ئوقۇپ پۈتنى يەرگە تەپكەن ھالدا، — جۇگې لياڭنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپتىلا. نامدا زېمىننى ئارىيەتكە ئالغان بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۆكتەملىكتۇر. شىچۈەننى ئالغاندا قايتۇرىمەن دەپتۇ، شىچۈەننى قاچان ئېلىشنى كىم بىلىپتۇ؟ مۇبادا شىچۈەننى ئون يىلغىچە ئالالمىسا، ئون يىلغىچە قايتۇرمامدىكەن؟ مۇنداق تىلخەتنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ سىلى تېخى ئۇنىڭغا كېپىل بوپتىلا. ئەگەر ئۇ جىڭجۇنى قايتۇرمىسا، سىلىنىمۇ بالاغا تىقىشى چوقۇم. جانابىي پاسىبانىم كۆرۈپ سىلىنى ئەيىبلىسە قانداق قىلىدىلا؟

— لىيۇ بېي ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلماس، — دېدى سۆزنى ئاڭلاپ بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قالغان لۇ سۇ.

— لۇ سۇ، سىلى راستكۆي ئادەم. لىيۇ بېي قارا نىيەت باتۇر، جۇگې لياڭ مەككار. ئۇلار ئۆزلىرىدەك ئەمەس، — دېدى جۇ يۈي.

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— لۇ سۇ! سىلى ماڭا ياخشىلىق قىلغان ئادەم، ئۆتمۈشتە ساڭلاپ ئاشلىق ھەدىيە قىلغان ئىلتىپاتلىرى رىئايىسى ئۈچۈن، سىلىنى خالاس قىلماي تۇرالايمەنمۇ؟ سىلى ھازىرچە بىرنەچچە كۈن كۆڭۈللىرىنى توق تۇتۇۋەرسىلە. دەريانىڭ يۇقىرىغا ئەۋەتىلگەن ئايغاقچىلار قايتىپ كەلگەندە، باشقا بىر گەپ بولار، — دېدى جۇ يۈي. لۇ سۇ قورۇلۇپ ـ خۇدۇكسىنىپ، خاتىرجەمسىزلەندى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئايغاقچىلار كېلىپ: «جىڭجۇ شەھىرىگە ماتەم تۇغلىرى ئېسىلىپ، خەير ـ سەدىقە بېرىلىۋاتىدۇ، شەھەر تېشىغا قەبرىستان ياسىلىۋاتىدۇ، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى قارىلىق بوپتۇ» دەپ مەلۇمات بېرىشتى.

— كىم ۋاپات بوپتۇ؟ — دېدى جۇ يۈي ھەيران بولۇپ.

— ليۇ بېينىڭ رەپىقىسى گەن خانىم ۋاپات قىپتۇ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە دەپنە قىلىدىكەن، — دېدى ئايغاقچىلار.

— مېنىڭ پەنتىم چىقتى، ليۇ بېي قولۇمغا ئۆزى كېلىپ چۈشىدۇ ـ دە، جىڭجۇنى ئالىقاننى ئۆرۈگەننىڭ ئورنىدا ئالىمەن، — دېدى جۇ يۈي لۇ سۇغا قاراپ.

— پەنتلىرى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— ليۇ بېينىڭ رەپىقىسى ئۆلگەچكە، ئۆيلىنىشى چوقۇم. جانابىي پاسبانىمنىڭ بىر سىڭلىسى بار، ئۇ ناھايىتى باتۇر، خىزمىتىدە بىرنەچچە يۈز خادىمى بار، بۇلار دائىم قوراللىق يۈرىدۇ، ئۆيىگە قوراللارنى ئېسىۋەتكەن. ئەركەكلەرمۇ بۇ قىزغا يېتىشەلمەيدۇ. مەن بۈگۈن پاسبانىمغا خەت يازىمەن، ليۇ بېينى قىزغا كۈيۈ قىلىش ئۈچۈن جىڭجۇغا ئەلچى ئەۋەتكۈزىمەن. ئۇنى ئالداپ نەنشۈيگە ئەكېلىمەن ـ دە، خوتۇنىمۇ ئالالمايدۇ، سولاپ قويىمەن، جىڭجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ جىڭجۇ بەدىلىگە ليۇ بېينى تېگىشىمەن. ئۇلار شەھەر، ۋىلايەتلەرنى تاپشۇرۇپ بولغاندا، باشقىچە چارىسىنى كۆرىمەن، بۇنداق بولغاندا سىلى بۇ ئىشتىن خالىي بولالايدىلا، — دېدى جۇ يۈي.

لۇ سۇ تەزىم قىلىپ تەشەككۈر ئىزھار قىلدى. جۇ يۈي خەت يېزىپ، تېز ئۈزەر كېمە تاللاپ، سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشۈشكە لۇ سۇنى نەنشۈيگە يولغا سالدى.

لۇ سۇ نەنشۈيگە كېلىپ سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشتى، ئالدى بىلەن جىڭجۇنى ئارىيەتكە ئېلىش ھەققىدىكى ھۆججەتنى سۇندى.

www.uyghurkitap.com

ھۆججەتنى ئوقۇپ كۆرگەن سۈن چۈەن:

— شۈنچىۋالا ئەخمەق بولامدىلا! مۇنداق ھۆججەتنىڭ نېمىگە كېرىكى بار؟ — دېدى.

— مۇنۇ تۇتۇقبەگ جۇ يۈيىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپى، مۇشۇ پەنت بىلەن جىڭجۇنى ئالغىلى بولىدۇ، — دېدى لۇ سۇ.

سۈن چۈەن ئوقۇپ كۆرۈپ باش ئىشارىسى بىلەن تەستىقلىدى ۋە خۇرسەن بولدى، «كىمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتسەم بولاركىن؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، بىردىنلا «لۈي فەن بولمىسا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ!» دېدى ـ دە، لۈي فەننى چاقىرتىپ كېلىپ:

— يېقىندا ئاڭلىسام لىۇ بېينىڭ رەپىقىسى ۋاپات بوپتۇ. مېنىڭ بىر سىڭلىم بار، لىۇ بېينى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ كۈيئوغۇل قىلىشنى، مەڭگۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇپ، يەكدىللىك بىلەن ساۋ ساۋنى يوقىتىپ، خەن خاندانلىقىغا ياردەم قىلىشنى خالايمەن، ئەلچىلىككە سىلى بارماي بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، جىڭجۇغا بېرىپ سۆزلىشىپ كېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

بۇيرۇق ئالغان لۈي فەن شۇ كۈنىلا كېمە تەييارلىتىپ، بىرنەچچە خىزمەتچى بىلەن جىڭجۇغا راۋان بولدى.

گەن خانىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن لىۇ بېي كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك غەم ـ غۇسسە چەككەنىدى، بىر كۈنى جۇگې لياڭ بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئادەملەر كۈنچىقىش ۋۇنىڭ ئەلچىسى لۈي فەن كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى. جۇگې لياڭ كۈلۈپ:

— بۇ يەنە جۇ يۈينىڭ ھىيلىسى، چوقۇم جىڭجۇ ئۈچۈن كەلگەن. مەن دەرپەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرىمەن. ئەگەر بىرنەرسە دېسە، جانابلىرى ماقۇل دېسىلە، ئەلچىنى يەمخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنە كېڭەش قىلارمىز، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دېدى.

لىۇ بېي لۇي فەننى قوبۇل قىلدى، سالاملاشقاندىن كېيىن ئولتۇرۇشتى. چايدىن كېيىن، لىۇ بېي:

— سىلى بۇدا بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەن ئوخشىمامدىلا؟ — دېدى.

— يېقىندا ئاڭلىشىمچە، — دېدى لۇي فەن، — خان تاغىسى جانابلىرىنىڭ رەپىقىلىرى ئالەمدىن كېتىپتۇ. كېلىشكەن بىر قىز چىقىپ قالغاچقا، ئۆززۈمنى چەتكە ئالالمىدىم ـ دە، ئالاھىدە ئەلچى بولۇپ كەلدىم، بىلمىدىم، ئالىيلىرىنىڭ رايى قانداقكىن؟

— ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا رەپىقىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى زور بەختسىزلىكتۇر، مەرھۇمە تېخى يېقىندىلا دەپنە قىلىندى، ئۆيلىنىش ھەققىدە گەپ ئېچىشقا قانداقمۇ رايىم باردۇ؟ — دېدى لىۇ بېي.

— ئادەم رەپىقىسىز قالىدىكەن، لىمسىز ئۆيگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئارا يولدىلا ئىنسانلىق مۇناسىۋەتنى تاشلىۋەتكىلى بولامدۇ؟ پاسىبانىمنىڭ بىر سىڭلىسى بار، ئۇ گۈزەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقىل، خىزمەتلىرىنى قىلىپ كۆتەلەيدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپ چىن بەگلىكى بىلەن جىن بەگلىكىگە ئوخشاش ياخشى ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇپ كېتىدىغان بولسا، ئوغرى ساۋ ساۋ كۆنچىقىش تەۋەنگە كۆزىنى تىكىپ قارىيالمايدۇ. بۇ ئائىلىۋى جەھەتتىن، شۇنىڭدەك ئەلنىڭ مەنپەئىتى جەھەتتىن پايدىلىق ئىشتۇر، خان تاغىسى ئالىيلىرى گۇمان قىلمىسىلا، لېكىن ۋالىدەخان ۋۇ خانىم قىزىغا بەك ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، يىراققا تۇرمۇشقا چىقىرىشقا ئۇنىمايدۇ، خان تاغىسى جانابلىرىنىڭ كۆنچىقىش ۋۇغا بېرىپ توي قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ، — دېدى لۇي فەن.

— بۇ ئىشتىن ۋۇ بېگىنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىيۇ بىبى.

— ئالدى بىلەن بەگكە مەلۇم قىلماستىن، بۇ يەرگە كېلىپ سۆزلىشىشكە نېمە ھەددىم؟ — دېدى لۈي فەن.

— يېشىم 50كە يەتتى، چاچلىرىمغا ئاق كىردى؛ سۈن چۈەننىڭ سىڭلىسى راسا قۇرامىغا يەتكەن تۇرسا، ئۇنىڭغا جۈپ بولالماسمەنمىكىن!

— بەگنىڭ سىڭلىسى، — دېدى لۈي فەن، — ئۆزى ئايال بولسىمۇ، ئىرادىسى ئەرلەردىن كۈچلۈكتۇر. دائىم «ئەلنىڭ قەھرىمانلىرىدىن بولمىسا، تۇرمۇشقا چىقمايمەن» دەيتتى. بۈگۈن سىلى خان تاغىسى جانابلىرىنىڭ نام-شۆھرەتلىرى پۈتۈن ئەلگە مەلۇم، سىلى بۇ ياخشى قىزغا جۈپ بولالايدىغان كىشى، ياشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرامدۇ؟

— جانابلىرى ئاز ۋاقىت تۇرۇپ قالسىلا، ئەتىگە جاۋابىنى بېرۈرمەن، — دېدى لىيۇ بىبى، شۇ كۈنى ئۇنى مەرىكە بېرىپ كۈتتى، ئاندىن يەمخانىغا ئورۇنلاشتۇردى، كەچتە جۇگې لياڭ بىلەن كېڭەش قىلدى. جۇگې لياڭ:

— كەلگەن ئەلچىنىڭ مەقسىتىنى بىلدىم. بىر پال سېلىۋىدىم، پال زور بىر ياخشىلىق ۋە چوڭ پايدىلىق ھەققىدە چىقىپ قالدى. جانابلىرى قوبۇل قىلىۋەرسىلە. ئالدى بىلەن سۈن چيەن، لۈي فەن بېرىپ سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشسۇن-دە، توختاشسۇن، كۈن تاللاپ بېرىپ توي قىلۇرلەر، — دېدى.

— جۇ يۈي ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشقا تۇزاق قۇرۇۋاتسا، خەتەرلىك جايغا قانداق بارالايمەن؟ — دېدى لىيۇ بىبى.

— جۇ يۈي گەرچە ھىيلە ئىشلىتەلىسىمۇ، — دېدى قاقاقلاپ كۈلگەن جۇگې لياڭ، — مېنىڭ ئويلىغانلىرىمدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ! كىچىككىنە بىر تەدبىر ئىشلىتىدىغان بولسام، جۇ يۈي ھېچنېمە قىلالمايدۇ؛ ۋۇ بېگىنىڭ سىڭلىسى سىلىنىڭ بولىدۇ؛ جىڭجۇ ھەرگىز قولدىن كەتمەيدۇ.

ليۇ بېي گومانلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. جۇگې لياڭ سۈن چيەننى توي ھەققىدە سۆزلىشىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. سۈن چيەن بۇيرۇقنى ئېلىپ لۇي فەن بىلەن بىرلىكتە جياڭنەنگە كېلىپ، سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشتى. سۈن چۈەن:

— ليۇ بېينى كۈيئوغۇل قىلماقچىمىز، باشقا نىيىتىمىز يوق، — دېدى.

سۈن چيەن تەزىم قىلىپ تەشەككۈر بىلدۈردى، جىڭجۇغا قايتىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ۋۇ بېگى مەخسۇسلا سىلىنىڭ بىرىپ توي قىلىشلىرىنى كۈتمەكتە، — دېدى. ليۇ بېي گومانلىنىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— مەن ئۈچ تەدبىر بەلگىلەپ قويدۇم، جاۋ يۈن بىللە بارماي بولمايدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ ۋە شۇئان جاۋ يۈننى قېشىغا چاقىرتىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — سىز بۇ ئۈچ كىمخاب خالتىچىنى يېنىڭىزغا ھەمراھ قىلىپ، جانابىي پاسبانىنى قوغداپ كۇنچىقىش ۋۇغا بارۇرسىز. خالتىچىلاردا ئاجايىپ ئۈچ تەدبىر بار، تەرتىپى بويىچە ئىجرا قىلۇرسىز، — دېدى. مەزكۇر ئۈچ خالتىچىنى جاۋ يۈنگە بېرىپ، قوينىغا ئوبدان جايلاتقۇزدى. ئالدى بىلەن جۇگې لياڭ كۇنچىقىش ۋۇغا توبلۇق ئەۋەتتى ھەمدە ئىش تەقمۇتەق بولدى.

جيەنئەننىڭ 14 - يىلى قىش 10 - ئاي ئىدى. ليۇ بېي جاۋ يۈن، سۈن چيەن بىلەن 500 نۆكەر ئېلىپ، ئون دانە تېز ئۈزەر كېمە بىلەن جىڭجۇدىن يولغا چىقىپ، نەنشۈيگە قاراپ راۋان بولدى. جىڭجۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى جۇگې لياڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى.

ليۇ بېي ساراسىمىگە چۈشۈپ خاتىرجەمسىزلەندى. نەنشۈي ئايمىقىغا كېلىپ، كېمىلەر قىرغاققا يانداشتى. جاۋ يۈن:

«مۇشاۋىر ئۈچ ئاجايىپ تەدبىرنى تەرتىپى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورۇندىغايسىز، دەپ جىكىلىگەن، بۈگۈن بۇ يەرگە يېتىپ
كەلدۇق. ئالدى بىلەن بىرىنچى كىمخاب خالتىچىنى ئېچىپ
كۆرۈپ باقاي!» دېدى ـ دە، خالتىچىنى ئېچىپ تەدبىرنى
كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 500 نۆكەرنى چاقىرىپ مۇنداق،
مۇنداق قىلىڭلار! دەپ بۇيرۇدى.

نۆكەرلەر بۇيرۇقنى ئېلىپ كېتىشتى. يەنە ليۇ بېي دەسلەپ
چياۋ گۇلاۋنى زىيارەت قىلۇرلەر، دېدى. بۇ چياۋ گۇلاۋ ئىككى
چياۋ خانىمنىڭ ئاتىسى بولۇپ، نەنشۈيدە ئىستىقامەت قىلاتتى.
ليۇ بېي قوي، شاراب، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئالدىن ئۇنىڭ
زىيارىتىگە كەلدى، لۈي فەننىڭ ئەلچى بولۇپ بارغانلىقىنى،
خانىمنى ئېلىشقا كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى. ئېپاقتىندىكى 500
نۆكەر قىزىل شەلپەر باغلاپ، نەنشۈي رەستىسىگە كىرىپ، مال،
نەرسە ـ كېرەك ئېلىشتى، ليۇ بېي كۈنچىقىش ۋۇغا كۈيئوغۇل
بولۇپ كەپتۇ دېگەن خەۋەرنى تارىتىشۋەتتى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ
ھەممىسى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولدى.

ليۇ بېينىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان سۈن چۈەن،
لۈي فەننى ئۇنى كۈتۈۋشكە، يەمخانىغا چۈشۈرۈشكە بۇيرۇدى.

چياۋ گۇلاۋ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن،
تەبرىكلەش ئۈچۈن بەگ ئانىسى ھۇزۇرىغا كىردى. بەگ ئانىسى:

— نېمە خۇشاللىق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— جانابلىرى كەرىملىرىنى ليۇ بېيغا بېرىپتىلا، بۈگۈن
ليۇ بېي يېتىپ كەلدى، نېمىشقا يوشۇرۇدىلا؟ — دېدى چياۋ
گۇلاۋ.

— مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، — دېدى ھەيران
بولغان بەگ ئانىسى، راست ـ يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سۈن
چۈەنتى چاقىرىپ كېلىشكە كىشى بۇيرۇدى، يەنە بىر تەرەپتىن
شەھەرگە كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى،

ئادەملەر قايتىپ كېلىپ:

— راست شۇنداق ئىكەن، كۆيئوغۇل يەمخانىغا چۈشۈپتۇ، بىللە كەلگەن 500 نۆكەرنىڭ ھەممىسى شەھەردە چوشقا، قوي، مېۋە ـ چېۋە ئېلىپ، تويغا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئەلچى بولغانلار قىز تەرەپتىن لۈي فەن، ئوغۇل تەرەپتىن سۈن چيەن ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەمخانىدا كۈتۈلۈۋېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى. بەگ ئانىسى ھەيران بولدى. بىر پەستىن كېيىن سۈن چۈەن ئارقا ھەرەمگە ئانىسى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. بەگ ئانىسى كۆكسىنى مۇشتلاپ يىغلاپ كەتتى.

— ئانا! نېمە سەۋەبتىن خاپا بولىدىلا؟ — دېدى سۈن چۈەن.

— مېنى شۇنچىۋالا كۆزگە ئىلمامسىز! ئاچام ئالەمدىن كېتىش ئالدىدا سىزگە نېمىدەپ تاپشۇرغانىدى؟ — دېدى يىغلاپ بەگ ئانىسى.

— ئانا، سۆزلىرى بولسا ئوچۇق ئېيتسىلا، — دېدى ھەيران بولغان سۈن چۈەن، — نېمىشقا مۇنداق قىلىدىلا؟

— ئوغۇل چوڭ بولغاندا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولغاندا ياتلىق بولىدۇ، بۇ قەدىمدىن بېرى كېلىۋاتقان قائىدە. مەن سىزنىڭ ئانىڭىز بولىمەن. ئىشنى ئاۋۋال ماڭا مەلۇم قىلىش كېرەك ئىدى. سىز ليۇ بېيىنى كۆيئوغۇل قىلىپسىز، نېمىشقا مەندىن يوشۇرىسىز؟ بالا مېنىڭ قىزىم ئىدىغۇ! — دېدى بەگ ئانىسى.

— بۇ خەۋەرنى نەدىن ئاڭلىدىلا؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ سۈن چۈەن.

— ئەگەر باشقىلار بىلمىسۇن دېسىڭىز مۇنداق ئىشنى قىلماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى! پۈتكۈل شەھەر ئاھالىسى بىلىپ بوپتۇ، سىز تېخى مەندىن يوشۇرىسىز ـ ھە! — دېدى بەگ ئانىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن قىرىنىڭىز ئائىلىڭىزگە بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى، بۈگۈن ئالاھىدە تەبرىكلەپ كەلدىم، — دېدى چياۋ گولاۋ.

— ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇ جۇ يۈيىنىڭ ھىيلىسى. چۈنكى جىڭجۇنى ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇ نام بىلەن لىيۇ بېيىنى ئالداپ ئەكېلىپ، بۇ يەردە قاماقتا ئالماقچى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا جىڭجۇنى قايتۇرتماقچى؛ ئەگەر ئۇنىمىسا، ئاۋۋال لىيۇ بېيىنى ئۆلتۈرمەكچى. بۇ بىر ھىيلە، راست نىيەت ئەمەس، — دېدى سۈن چۈەن.

ئىنتايىن خاپا بولغان بەگ ئانىسى جۇ يۈيىنى تىللاپ:

— مەن ئالتە ۋىلايەت، 81 ئايماقنىڭ تۇتۇقبېگى بولغان ئادەم جىڭجۇنى ئېلىشقا تەدبىر تاپالماي، قىزىمنىڭ نامىدىن، سەتەڭلەر ھىيلىسى ئىشلەتمەكچىمۇ! لىيۇ بېيىنى ئۆلتۈرۈپ قىزىمنى نامى تۇل قىلىپ قويساڭلار، ئەتە بەش كۈندە قانداق ياتلىق قىلىمەن؟ قىزىمنىڭ پۈتۈن ئىستىقبالىنى يوقاتماقچىمۇ سىلەر! بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دېدى.

— ئەگەر، — دېدى چياۋ گولاۋ، — بۇ تەدبىر بىلەن جىڭجۇنى ئالغان ھالەتتىمۇ، خەلقئالەمنىڭ كۈلكىسىگە قالىمىز. مۇنداق ئىشنىمۇ قىلىپ بولامدىكەن!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سۈن چۈەن ئىندىيەلمەي قالدى.

بەگ ئانىسى ھېچ توختىماستىن جۇ يۈيىنى تىللىدى. چياۋ گولاۋ نەسىھەت قىلىپ:

— ئىش مۇشۇنداق بوپتۇ، خان تاغىسى، خەن خانىنىڭ تۇغقىنى، ئۇنىڭدىن كۆرە راستىنلا كۈيئوغۇل قىلىپ ئالمايمىزمۇ، سەتچىلىك بولمىسۇن! — دېدى.

— باشلىرى مۇۋاپىق كەلمەسمىكىن، — دېدى سۈن چۈەن.

— خان تاغىسى دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانى، ئەگەر بۇ كىشىنى كۈيئوغۇل قىلىدىكەنمىز، سىڭىللىرىغا خورلۇق بولمايدۇ، —

دېدى چىياۋ گۈلاۋ.

— خان تاغىسى لىۋ بېيىنى تونۇمايمەن، ئەتە گەنلۇشى ئىبادەتخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ كۆرۈشىمەن. ئەگەر مېنىڭ دىلىمغا يارىمايدىكەن، بۇ گېپىڭلارنى قويۇڭلار؛ ئەگەر ماڭا يارايدىكەن، قىزىمنى بېرىمەن، — دېدى بەگە ئانىسى.

سۇن چۈەن ۋاپادار كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئانىسىنىڭ مۇنداق سۆزلىرىنى ئىشتىپ ماقۇل بولدى، تالاغا چىقىپ لۇي فەننى چاقىرتىپ:

— گەنلۇشى ئىبادەتخانىسىنىڭ خانە كالانىغا بۇيرۇق بېرىپ قويسىلا. زىياپەت ھازىرلاپ قويسۇن، ئەتە ئانام ئۇ يەردە لىۋ بېيىنى قوبۇل قىلماقچى، — دېدى.

— 300 نەپەر قوراللىق نۆكەرنى ئىككى تەرەپتىكى پېشايۋانغا يوشۇرما قىلىپ قويۇش توغرىسىدا جيا خۋاغا بۇيرۇق بېرەيلى! ئەگەر جانابىي ئانىلىرى مەقبۇل كۆرمەيدىكەن، بىرلا بەلگە بېرىلسۇن ـ دە، ئىككى تەرەپتىكى نۆكەرلەرنى تەڭلا چىقىپ تۇتسۇن! — دەپ مەسلىھەت بەردى لۇي فەن.

سۇن چۈەن دەرھال جيا خۋانى چاقىرىپ تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش، ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئىش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

چىياۋ گۈلاۋ بەگ ئانىسى بىلەن خەيرلىشىپ چىقىپ ئۆيىگە قايتتى ۋە لىۋ بېيغا كىشى ئەۋەتىپ، ئەتە ۋۇ بېگى بىلەن بەگ ئانىسىنىڭ شەخسەن كۆرۈشىدىغانلىقى، ئوبدان دىققەت قىلىش كېرەكلىكىدىن ئۇچۇر بەردى. لىۋ بېي سۇن چيەن، جاۋ يۈنلەر بىلەن كېڭەش قىلدى. جاۋ يۈن:

— ئەتە بولىدىغان كۆرۈشۈشتە شۇملۇق جىق. ياخشىلىق ئاز، 500 نۆكەر بىلەن قوراۋداپ باراي، — دېدى.

ئىككىنچى كۈنى، ۋۇ بەگ ئانىسى، چىياۋ گۈلاۋلار ئالدىن گەنلۇشى ئىبادەتخانىسىنىڭ خانە ـ كالانى ھۇجرىسىغا كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جايلاشتى. سۈن چۈەن بىر تۈركۈم مەسلىھەتچى بىلەن ئارقىدىن يېتىپ كەلدى، يەمخانىغا بىرىپ ليۇ بېيىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە لۇي فەنىنى ئەۋەتتى.

ليۇ بېي ئىچىگە يۇپقا ساۋۇت، تېشىغا كىمخاب تون كىيگەن، شەمشەر تۇتقان خادىملىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ئاتلىنىپ گەنلۇشىغا قاراپ ماڭدى. جاۋ يۈنمۇ تولۇق جابدۇنۇپ 500 نۆكىرىنى ئېلىپ بىللە ماڭدى. بۇلار ئىبادەتخانا ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئاۋۋال سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشتى. ليۇ بېينىڭ سالاپىتىنى كۆرگەن سۈن چۈەننىڭ كۆڭلىگە قورقۇش ـ ۋەھىمە چۈشتى، ئىككىيلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، خانە كالاننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بەگ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى. بەگ ئانىسى ليۇ بېينى كۆرۈپلا ناھايىتى خۇرسەن بولدى ـ دە، چياۋ گولاۋغا قاراپ:

— مېنىڭلا كۈيئوغلۇم ئىكەن! — دېدى.

— ليۇ بېي ئاجايىپ كېلىشكەن، خان بولۇشقا لايىق ئادەم؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخلاقى ـ پەزىلىتى پۈتۈن ئەلگە مەشھۇر؛ جانابلىرى بۇ كۈيئوغۇلغا ئىگە بولىدىغان بولسىلا، ھەقىقىي قۇتلۇق بولىدىلا، — دېدى چياۋ گولاۋ.

ليۇ بېي تەزىم ـ تەشەككۈردىن كېيىن خانە كالاننىڭ ھۇجرىسىدا مەرىكىگە داخىل بولدى. بىر پەستىن كېيىن، جاۋ يۈن شەمشەرلىك ھالدا كىرىپ، ليۇ بېينىڭ يېنىدا ئۆرە تۇردى.

— بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى بەگ ئانىسى.

— چاڭشەنلىك جاۋ يۈن بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ليۇ بېي.

— داڭياڭ چاڭبەندە ئادۇنى قۇتقۇزغان كىشى ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى بەگ ئانىسى.

— شۇ.

— ھەقىقىي پالۋان ئىكەن! — دېدى ـ دە، بەگ ئانىسى

شاراب ئىلتىپات قىلدى.

جاۋ يۈن لىۇ بېيغا قاراپ:

— بايا پېشايۋان تەرەپكە كۆزىتىپ بارغانىدىم، قارىسام ئۆيلەرگە قوراللىق ياساۋۇللار يېتىشىرما قويۇلۇپتۇ، چوقۇم ياخشى نىيەتلىك بولمىسا كېرەك. بەگ ئانىسىغا مەلۇم قىلىپ قويايلى، — دېدى.

لىۇ بېي مەرىكە ـ سورۇندا بەگ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىز پۈكتى ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەگەر كەممىنە لىۇ بېينىڭ ئۆلتۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن، مۇشۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى سورايمەن، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— نېمىشقا مۇنداق دەيدىلا؟ — سوئال قويدى بەگ ئانىسى.

— پېشايۋانغا قوراللىق ياساۋۇللار يېتىشىرما قويۇلۇپتۇ، مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بولماي نېمە؟ — دېدى لىۇ بېي.

ناھايىتى خاپا بولغان بەگ ئانىسى سۈن چۈەنگە كايىپ:

— ئەمدىلىكتە لىۇ بېي مېنىڭ كۈيئوغلۇم بولۇپ، ئۆز بالامغا ئوخشاشتۇر. پېشايۋانغا نېمە ئۈچۈن قوراللىق يېتىشىرما قويىسىز؟ — دېدى.

سۈن چۈەن بىلمەسكە سېلىپ لۈي فەننى چاقىرىپ سورىدى؛ لۈي فەن جيا خۇاغا دۈڭگىدى؛ بەگ ئانىسى جيا خۇانى چاقىرتىپ كېلىپ تىللىدى، جيا خۇا ئۈندىمىدى. بەگ ئانىسى جيا خۇانى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى.

— چوڭ پالۋاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىلا، تويغا پايدىسى بولمايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىدا ئۇزاق تۇرالمايمەن، — دەپ مۇراجىئەت قىلىپ تۇرۇۋالدى لىۇ بېي.

جياۋ گۇلاۋمۇ سوراپ تۇرۇۋالدى. بەگ ئانىسى تۇۋلاپ جيا خۇانى چىقىرىۋەتتى. ياساۋۇللارمۇ قۇيرۇقنى خادا قىلدى.

لىۇ بېي كىيىم يەڭگۈشلەپ دىۋان ئالدىغا چىقتى. ئايۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدىدا تۇرغان بىر تاشنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، خادىمنىڭ يېنىدىكى قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاسمانغا قاراپ:

«ئەگەر مەن لىۋ بېي جىڭجۇغا قايتىپ، ۋاڭلىق ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان بولسام، قىلىچنى ئۇرۇش بىلەن تاش ئىككى پارچە بولسۇن، مۇبادا ئۆلۈمۈم مۇشۇ يەردە بولىدىغان بولسا، قىلىچ تاشنى كېسەلمىسۇن!» دەپ پال سالدى ۋە قىلىچىنى تاشقا سالغانىدى، چاقناپ چىققان ئوت بىلەن تەڭ تاش ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. ئارقىدا تۇرغان سۈن چۈەن كۆرۈپ قېلىپ:

— جانابىي لىۋ بېي بۇ تاشنى نېمانچىۋالا يامان كۆرۈپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— كەمىنە لىۋ بېيلىرى 50 كە يېقىنلىشىپ قالدىم، ئەل ئۈچۈن مۇناپىقلارنى ۋە ئۆلارنىڭ شېرىكلىرىنى يوقىتالمىدىم. بۇنىڭغا دائىم ھەسرەت چېكىپ يۈرىمەن. بۈگۈن جانابىي ۋالىدىمىزنىڭ ئىلتىپاتى سايىسىدە كۆيئوغۇللۇققا سازاۋەر بولدۇم. بۇ پۈتكۈل ھاياتىمدا ئاران بىر ئۇچرىغان پۇرسەت. بايىلا ئاسمانغا قاراپ دىلىمدا: ئەگەر ساۋ ساۋنى يوقىتىپ خەن خاندانلىقىنى گۈللەندۈرەلىسەم، مۇشۇ تاشنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاي! دەپ تەلەي سىنىنۇدىم، دېگىنىمدەك بولدى، — دېدى لىۋ بېي.

سۈن چۈەن دىلىدا: لىۋ بېي بۇ سۆز بىلەن مەقسىتىنى يوشۇرۇۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ـ دە، شەمشەر ئېلىپ لىۋ بېيغا قاراپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ تەڭرىگە سوئال قويۇپ بىر تەلەي سىناپ باقاي. ئەگەر ساۋ ساۋنى يوقىتالايدىغان بولسام، بۇ تاش پارچىلانسۇن، — دېدى، لېكىن كۆڭلىدە: «ئەگەر جىڭجۇنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۇنچىقىش ۋۇنى گۈللەندۈرەلىسەم، بۇ تاش ئىككى پارچە بولغاي!» دېدى ـ دە، شەمشىرىنى سالدى،

چوڭ تاش يېرىلدى. كرېست سىزىق ئىزى بولغان بۇ «فەزەپكە ئۇچرىغان تاش» ھازىرغا قەدەر ساقلانماقتا، كېيىنكىلەر بۇ يادىكارلىقنى كۆرگەندە مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەن:

*پارە ـ پارە بولدى تاش شەمشەر كېلىپ تەگكەنىدەك ھامان،*
*چىقتى ئوت «جاراڭگىدە» ئاۋاز چىقىش بىرلە شۇئان.*
*ئىككى شاھلىق تاپتى روناق تەقدىرۇ قىسمەت بىلەن،*
*گەنە شۇندىن ئېتىبارەن بۆلۈنۈپ كۈچكە جاھان.*

ئىككىيلەن قىلىچىنى تاشلاپ، قول تۇتىشىپ مەرىكىگە كىردى. قەدەھلەر يەنە بىرقانچە قېتىم ئايلاندى، سۇن چيەن ليۇ بېيغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ليۇ بېي خەيرلىشىپ:

— كۆپ شارابخورلۇق قىلالمايمەن، قايتاي،— دېدى.

سۇن چۈەن ئۇنى ئىبادەتخانا ئالدىغا قەدەر ئۇزىتىپ چىقتى، ئىككىيلەن يانمۇيان تۇرۇپ، مەنزىرىلەرنى كۆزەتتى. ليۇ بېي:

— بۇ ئەلنىڭ بىرىنچى مەنزىرىلىك سەيرىگاھى! — دېدى.

بۈگۈنمۇ گەنلۇشىدىكى خاتىرە تاشقا: «ئەلنىڭ بىرىنچى مەنزىرىلىك سەيرىگاھى» دەپ يېزىقلىقتۇر. كېيىنكىلەر ئۇنى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەن:

*يايپېشىللىققا چۈمۈلدى كائىنات يامغۇر يېغىپ،*
*بولسا گەر غەمسىز شارائىت كۆپ كېلەر شادلىق يېتىپ.*
*بېشىغا مەردلەر تەزەر تاشلاپ ئۆتۈشكەن جايدىكىم —*
*يارمۇ بەرداشلىق بېرەر دولقۇن ـ بوران سوقسا كېلىپ.*

ئىككىيلەن بىرلىكتە مەنزىرىنى تاماشا قىلىۋاتقاندا دەريادا ھەيۋەتلىك بوران پەيدا بولۇپ، ئاپئاق قاردەك دومىلاپ تۇرغان دولقۇن چىقتى. دولقۇندا بىردىنلا بۇلار بىر قېيىقنىڭ دەريا ئۈستىدە خۇددى تۈز يەردە كېتىۋاتقاندەك ئۈزۈپ كېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. لىۇ بېي بىر تىنىۋېتىپ:

— تۆۋەن تەرەپلىكلەرنىڭ كېمە ھەيدىشىگە، يۇقىرى تەرەپلىكلەرنىڭ ئات مىنىشىگە ئىشەنسە بولىدۇ، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سۈن چۈەن: «لىۇ بېينىڭ بۇ سۆزى، مېنى ئاتقا مىنەلمەيدۇ دېگىنى» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئەتراپىدىكىلەرگە ئات ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى. ئۇ ئاتقا مىنىپ، ئۇچقاندەك چاپتۇرغان پېتى تاغدىن چۈشتى، ئاتنى قامچىلاپ يەنە تاغقا چىقتى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تۆۋەن تەرەپلىكلەر ئاتقا مىنەلمەمدىكەن؟ — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان لىۇ بېي ئېتىكىنى قايرىپ سەكرەپلا ئاتقا مىندى ـ دە، تاغدىن ئۇچقاندەك چۈشتى، يەنە توغرىسىغىلا تاغ ئۈستىگە ئاتنى چاپتۇرۇپ چىقتى. ئىككىيلەن تاغ باغرىدا ئاتلىق تۇرۇپ قامچا ئوينىتىپ، كۈلۈشۈپ كەتتى. ھازىرمۇ بۇ ئورۇن «ئات توختىغان يار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەن:

*جاسارەت كۆرسىتىپ مەردلەر چېپىشتى دۈلدۈلۇ تۇلپار،*
*كۆزەتتى ئاغۇ دەريانى ئىككىيلەن ئاتلىنىپ شۇلبار.*
*بىرى بوپ كۈنچىقىشتا شاھ، بىرى بوپ كۈنپېتىشتا شاھ،*
*ئەبەتكە قالدى بۇ ئورۇن ئېلىپ نام «ئات توختىغان يار».*

ئەنە شۇ كۈنى ھەر ئىككىيلەن ئاتلىق يانمۇيان مېڭىشىپ قايتىپ كەلدى. تەنشۈي ئاھالىسىدىن تەبرىكلىمىگەنلەر قالمىدى.

لىۇ بېي يەمخانىغا قايتىپ كېلىپ، سۈن چيەن بىلەن كېڭەش قىلدى. سۈن چيەن:

— جانابىي پاسىبانىم! چياۋ گولاۋغا بېرىپ ئىلتىماس قىلىۋرلەر، تويىنى تېزرەك قىلايلى، ئۆزگىرىش بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى.

ئەتىسى ليۇ بېي چياۋ گۇلاۋنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى. چياۋ گۇلاۋ ئالدىغا چىقىپ، يەمخانىسىغا باشلاپ كىردى. سالام رەسمىيەت ۋە چايدىن كېيىن، ليۇ بېي:

— بۇ يەردە كەمىنە ليۇ بېيلەرنىغا دائىم زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلاپ يۈرگۈچىلەر خېلى كۆپتۇر، شۇڭلاشقا ئۇزۇن تۇرالماسمەنمىكىن، — دېدى.

— ليۇ بېي، خاتىرجەم بولسىلا. مەن بەگ ئانىسىغا مەلۇم قىلاي، سىلىنى قورۇقداشقا بۇيرۇق چۈشۈرسۇن، — دېدى چياۋگۇلاۋ.

ليۇ بېي تەشەككۈر بىلدۈرۈپ قايتتى. چياۋ گۇلاۋ كۆرۈشۈش ئۈچۈن بەگ ئانىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى، ليۇ بېي كىشىلەرنىڭ سۈيىقەستىدىن قورقۇپ، تېز قايتماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېدى. ئىنتايىن خاپا بولغان بەگ ئانىسى:

— كىم ئىكەن ئۇ، مېنىڭ كۈيئوغلۇمغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان؟ — دېدى ـ دە، شۇئان ھەرەم كۆتۈپخانىسىغا كۆچۈپ كىرىپ ھازىرچە تۇرۇپ تۇرۇشنى، خاسىيەتلىك كۈننى تاللاپ توي قىلىشنى بۇيرۇدى. ليۇ بېي ئۆزى سارايغا كىرىپ، بەگ ئانىسىغا:

— جاۋ يۈننىڭ سىرتتا تۇرۇشى ياخشى بولماسمىكىن، نۆكەرلەرگە قارايدىغان كىشى بولمىسا بولماس! — دەپ مەلۇم قىلدى.

بەگ ئانىسى ھەممىنىڭ سارايغا كۆچۈپ كىرىشىنى، يەمخانىدا كىشى قالدۇرماسلىقنى، ۋەقە تۇغۇلۇشتىن ساقلىنىشنى بۇيرۇدى. ليۇ بېي كۆڭلىدە خۇرسەن بولدى.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا زور مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزۈپ، سۈن خانىم بىلەن ليۇ بېينىڭ توينى قىلدى. كەچتە مېھمانلار تارقالدى، قىزىل پانۇس كۆتۈرگەن ئىككى قاتار خىزمەتچىلەر ليۇ بېينى قىز ئۆيىگە باشلاپ كىردى. پانۇس قەندىللەر يورۇقىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆيگە ئىقمۇلىق نەيزە ـ قىلىچ ئېسىلغانلىقىنى، دېدەكلەرنىڭ ھەممىسى قىلىچ تاقاپ ئىككى تەرەپتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن لىيۇ بېيىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتتى.

دەر ھەقىقەت:

*كۆرۈپ قورقتى قىلىچ ئاسقان دېدەكلەرنى،*
*كۈنچىقىش ۋۇ پىتىمرىسى دېدى ئۇلارنى.*

بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك بەشىنچى باب

## ليۇ بېبېنىڭ پەم بىلەن سۇن خانىمنى دەي - دەيگە سالغانلىقى
## جۇگې لياڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم جۇ يۈينىڭ جېنىغا تەگكەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇن خانىمنىڭ ئۆيىدە نەيزە، قىلىچلارنىڭ دەرەخلەرگە ئوخشاش قاتارمۇقاتار تىزىقلىق تۇرغانلىقىنى، ھەممە خادىمەلەرنىڭ قىلىچ ئېسىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ليۇ بېي ئىختىيارسىز تاتىرىپ كەتتى. باش خادىمە كىرىپ:

— ئەزىز! قورقمىسىلا. خانىم كىچىكىدىن تارتىپ لەشكىرىي ئىشلارغا قىزىقىدۇ، ھويلىدا دائىم دېگۈدەك كېنىزەكلەرنى قىلىچۋازلىققا سېلىپ كۆڭلىنى ئاچىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ، — دېدى.

— بۇ خانىمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، كۆڭلۈمگە ۋەھىمە سېلىپ قويىدى، ۋاقىتلىق ئالدۇرۇۋېتىڭلار! — دېدى ليۇ بېي.

— كۇيئوغۇل ئۆيگە تىزىلغان قوراللاردىن خاتىرجەمسىزلىنىۋاتىدۇ، بۈگۈن ۋاقىتلىق ئېلىۋەتسەك، — دېدى باش دېدەك سۇن خانىمغا. سۇن خانىم:

— ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى جەڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى لەشكىرىي قورالدىن قورقامدىكەن؟ — دەپ كۈلدى - دە،

www.uyghurkitap.com

قوراللارنى پۇتۇنلەي ئېلىپ تاشلاشقا، ئېدەكلەرنىڭمۇ قوراللىرىنى ئاسماسقا بۇيرۇق بەردى.

بۇ كېچىسى لىيۇ بېي سۇن خانىم بىلەن توي قىلىپ، بىر - بىرىدىن مەمنۇن بولۇپ بەختلىك ھېس قىلىشتى. لىيۇ بېي خادىمەلەرگە ئالتۇن، شايى - ماتالار ئىنئام قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالدى، ئالدى بىلەن جىڭجۇغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن سۈن چيەن قايتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بىرنەچچە كۈن ئۇدا شارابخورلۇق قىلدى. بەگ ئانىسىمۇ لىيۇ بېينى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلىدى.

سۈن چۈەن سەيسالىڭ ۋىلايىتىدىكى جۇ يۈيگە چاپارمەن ئەۋەتىپ: «ئانام چىڭ تۇرۇۋېلىپ سىڭلىمنى لىيۇ بېيغا بەردى. ئويلانمىغان يەردىن يالغان ئىش راستقا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئىشنى ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ خەۋەر يوللىدى. جۇ يۈي بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى، يۈرۈش - تۇرۇشتا خاتىرجەمسىزلەندى، ئويلاپ يەنە بىر تەدبىر تاپتى - دە، مەخپىي خەت يېزىپ، خەت ئەكەلگەن كىشى ئارقىلىق سۈن چۈەنگە ئەۋەتتى. سۈن چۈەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەتتە قىسقىچە مۇنداق دېيىلگەن:

كەمىنە جۇ يۈيلىرنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھىتىم، ئويلانمىغان يەردە ئەكسىچە بولۇپ چىقىپتۇ. مادامىكى يالغان راستقا ئايلىنىپتۇ، ئەمدى شۇنىڭغا لايىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك. لىيۇ بېي قارا نىيەت قەھرىمان بولۇپ، گۈەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈنگە ئوخشاش پالۋانلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇگې لياڭ ناھايىتى تەدبىرلىكتۇر، ئۇ باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا ھەرگىز ئۇزۇن تۇرمايدۇ. مېنىڭ قىسقا پىكرىمچە، لىيۇ بېينى كۈنچىقىش ۋۇدا تەزەربەند قىلىپ قويايلى، ھەشەمەتلىك ساراي ياسىتىپ بېرىلى، نىيەت - ئىرادىسىدىن

كەچتۇرلى؛ گۈزەل ئويۇنچۇق ئەنتىقىلەرنى كۆپلەپ ھەدىيە قىلايلى، ھاۋايى ھەۋەسكە بەند قىلىپ تاشلايلى، گۆەن يۇي، جالڭ فىي بىلەن بولغان مۇھەببىتىدىن ئايرىيلى، جۇگي لياڭدىن يىراقلاشتۇرايلى، ھەرقايسىسى ئۆزى تەرەپتە ياشىسۇن؛ ئاندىن كېيىن لەشكەر باشلاپ تېگىش قىلساق، شۇنىڭدىلا ئۇلۇغ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر. ئەگەر بۇگۈن قويۇۋەتسەك ئەجدىھا بۇلۇت يامغۇرغا ئىگە بولۇۋالىدۇ ـ دە، ئاخىردا كۆلدىن ئۇچۇپ كېتىدۇ. جانابلىرىنىڭ ئوبدان مۇھاكىمە قىلىشلىرىنى سورايمەن.

سۈن چۈەن خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جالڭ جاۋغا كۆرسەتتى. جالڭ جاۋ:

— جۇ يۇينىڭ مەسلىھەتى دەل مېنىڭ پىكرىمگە مۇۋاپىق. ليۇ بېينىڭ تېگى پېقىر. ئۇ ئەلدە سەرگەردان بولۇپ يۈردى، دۆلەتمەن ھاياتتىن زوق نەشئە ئالالمىدى. بۇگۈن ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك سارايلاردا، قىزلار، ئالتۇن زەرباپ ـ ئەتلەسلەر ئىچىدە ياشىسا، جۇگي لياڭ، گۆەن يۇي، جالڭ فېيلاردىن يىراقلىشىشى تەبىئىي. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە نارازىلىق پەيدا قىلىپ، ئاندىن جىڭجۇنى ئېلىش كېرەك. جانابىي پاسىبانىم، جۇ يۇينىڭ پىكرى بويىچە ئىشنى تېز ئىجرا قىلىڭلار، — دېدى.

ناھايىتى خۇشال بولغان سۈن چۈەن شۇ كۈنىلا كۈنچىقىش سارايىنى ئۆزگەرتىپ سېلىشقا كىرىشتى. تۈرلۈك زىننەت دەرەخلىرى، گۈللەر تىكتۈردى، سارايىنى جاھاز ـ ئەسۋابلار بىلەن بېزەپ، ليۇ بېي بىلەن سىڭلىسىنى كۆچۈرۈپ چىقتى ھەمدە يەنە بىرقانچە ئون ئايال سازەندىنى ئەكەلدى ۋە ئالتۇن، قاشتېشى، كىمخاب ـ تەيتۇللالاردىن ئىشلەنگەن ئويۇنچۇقلار قويۇلدى. بۇ ئىشلارنى سۈن چۈەننىڭ ياخشى نىيىتى دەپ بىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەگ ئانىسى ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. دېگەندەك لىۇ بېي بۇ ھاياتقا بېرىلىپ كەتتى ــ دە، جىڭجۇفا قايتىشنى پۈتۈنلەي ئۇيلىمايدىغان بولۇپ قالدى.

جاۋ يۈن 500 نۆكەر بىلەن كۆنچىقىش سارايىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتى، كۈن بويى ئىش بولمىغاندىن كېيىن، شەھەر تېشىغا چىقىپ ئوقيا ئېتىپ، ئات مەشىقى بىلەن شۇغۇللاندى. ھايت ــ ھۇيت دېگۈچە يىلنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالدى. بىردىنلا بىرنەرسە جاۋ يۈننىڭ خىيالىغا كەلدى. «جۇگې لياڭ ماڭا ئۈچ كىمخاب خالتىچىنى بەرگەندە، دەسلەپ نەنشۈيگە بارغاندا بىرىنچىسىنى ئېچىڭ، يىلنىڭ ئاخىرىدا ئىككىنچىسىنى ئېچىڭ، خەتەرلىك يۈز بېرىپ ھېچ چارە قالمىغاندا، ئۈچىنچىسىنى ئاچۇرسىز» دېگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پاسبانىنى قورۇقداپ قايتىش توغرىسىدا ئاجايىپ تەدبىر بولۇشى كېرەك. ھازىر يىل ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، پاسبان بولسا ئەيش ــ ئىشرەتكە، شەھۋانىلىققا بېرىلىپ كۆرۈشمەيدىغان بولۇۋالدى، نېمىشقا ئىككىنچى كىمخاب خالتىچىنى ئېچىپ، تەدبىر بويىچە ئىش قىلمايمەن؟ — دېدى ــ دە، ئېچىپ قارىدى. دېگەندەك ئاجايىپ تەدبىر ئىكەن، شۇ كۈنىلا لىۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈشكە سارايغا كىردى، خادىملەر:

— جاۋ يۈن ئۆزلىرىگە مۇھىم ئىش توغرۇلۇق كەپتۇ! — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

لىۇ بېي چاقىرتىپ كىرىپ سورىدى. جاۋ يۈن ھودۇققان بىر قىياپەتتە:

— جانابىي پاسبانىم! سىلى ئىچكى ھەرەمگە كىرىۋېلىپ، جىڭجۇنى ئۇنتۇپ قالدىلامۇ؟ — دېدى.

— شۇنچىۋالا ھودۇقۇپ كېتىپسىز، نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟ — دەپ سورىدى لىۇ بېي.

— بۈگۈن ئەتىگەن جۇگې لياڭدىن كىشى كەلدى، ساۋ ساۋ چىبى جېڭىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن تاللانغان 50 تۈمەن لەشكەر بىلەن جىڭجۇغا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ، ئەھۋال بەك خەتەرلىك ئىكەن، جانابلىرىنى قايتسۇن دەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— خانىم بىلەن كېڭەش قىلىشىم زۆرۈر، — دېدى لىيۇ بېي.

— خانىم بىلەن كېڭەش قىلسىلا، جانابلىرىنىڭ قايتىشلىرىغا ئۇنىماسلىقى چوقۇم، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇقتۇرماستىنلا بۈگۈن كېچە يولغا چىقايلى. تەخىر قىلساق ئىشنى كېچىكتۈرۈپ قويىمىز.

— ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ، يولىنى قىلىمەن.

جاۋ يۈن ئەتىگە بىرقانچە قېتىم سۆيلىگەن بولۇپ چىقىپ كەتتى. لىيۇ بېي كىرىپ سۈن خانىم بىلەن كۆرۈشتى، ئاستا كۆز يېشى قىلدى. سۈن خانىم:

— نېمە بولدى، نېمىشقا كۆڭۈللىرىنى بۇزىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— كەمىنىلىرى غۇربەتتە يۈرۈپ، ھاياتىمدا ئاتا ـ ئانامنى كۈتەلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەجدادلىرىمنىڭ نەزىر ـ نۇزۇرەتلىرىنى بېرەلمىدىم، بۇ ناھايىتى ۋاپادارسىزلىقتۇر. ئەمدى يىل ئاخىرلىشىشقا ئاز قالدى، دىلىم مەيۇس، — دېدى لىيۇ بېي.

— مەندىن يوشۇرمىسىلا، ئاڭلاپ بولدۇم! بابا جاۋ يۈن جىڭجۇنىڭ خەتەردە قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى، سىلى يۇرتلىرىغا كەتمەكچى، شۇڭا شۇنداق دەۋاتىلا. — دېدى سۈن خانىم.

— ئاڭلاپ بوپتىلا، خانىم، — دېدى لىيۇ بېي يەرگە تىزلىنىپ يالۋۇرۇپ، — لىيۇ بېيلىرىنىڭ يوشۇرۇشقا نېمە ھەددى؟ بارمىسام، جىڭجۇ قولدىن كېتىپ قالسا، خەلقئالەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆلكىسىگە قالىمەن؛ باراي دېسەم، ئۆزلىرىگە چىدىمايمەن؛ شۇڭلاشقا دىلىم غەمكىندۇر.

— مەن سىلىگە تەگكەندىن كېيىن، ئىختىيار سىلىدە، مەن بىللە باراي! — دېدى خانىم.

— خانىم، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدە بۇنداق بولسىمۇ، ۋالىدەمىز بىلەن ۋۇ بېگى سىلىنى بېرىشقا رۇخسەت قىلامدۇ؟ ماڭا سىلى رەھىم قىلسىلا، ۋاقتىنچە ئۆزلىرى بىلەن خەيرلىشىپ تۇرسام، — دېدى ـ دە، تارام ـ تارام ياش تۆكتى ليۇ بېي.

— سىلى غەم قىلمىسىلا! سىلى بىلەن بىللە بېرىشقا بىر ئامال قىلىپ ئانامنى ماقۇل قىلىمەن.

— ۋالىدەمىز ماقۇل بولغان ھالەتتىمۇ، ۋۇ بېگى چوقۇم توسىدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

سۇن خانىم خېلىغىچە تۇرۇپ قېلىپ:

— ئىككىمىز چاغان كۈنى ئانامنىڭكىگە ھېيتلاپ بارغان ۋاقتىدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھاناتلىرىغا دۇئا قىلىپ نەزىر بېرىپ كېلىلى دەپ سورايلى ـ دە، كېتىپ قالىلى، قانداق دەيدىلا؟ — دېدى.

— ئەگەر مۇنداق قىلىدىغان بولسىلا، ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن. سىر تۇتايلى، — دېدى ليۇ بېي يۈكىنىپ تۇرۇپ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ قويىدى.

ليۇ بېي جاۋ يۈننى مەخپىي چاقىرتىپ:

— چاغان كۈنى سىز ئاۋۋال لەشكەرلەرنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ، پاشالىق يولىدا كۈتۈپ تۇرۇرسىز. مەن ئەجدادلار روھاناتىغا نەزىر بېرىمەن دەپ خانىم بىلەن بىللە چىقىمەن، — دەپ تاپشۇردى. جاۋ يۈن خوپ! دەپ چىقىپ كەتتى.

جيەنئەننىڭ باھارى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۈنچىقىش ۋۇ

بېگى قەلەمدار، ئەلەمدار ئەمەلدارلارنى سارايغا دەۋەت قىلدى. لىيۇ بېي بىلەن سۇن خانىم بەگ ئانىغا چاغانلاپ باردى. سۇن خانىم:

— كۆيۈيۈمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئەجدادلىرىنىڭ مەقبەرىسى جۇ ناھىيىسىدە ئىكەن، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك يادلاتماقتا. بۈگۈن دەريا بويىغا بېرىپ، يۇقىرىغا قاراپ دۇئا قىلىپ نەزىر ـ سەدىقە بېرىپ كەلمەكچى. ئاتا ئۆزلىرى بىلىپ قالۇرلەر، — دېدى.

— بۇ ۋاپادارلىقتۇر، بېرىڭلار! قېيناتا، قېينانىلىرىڭىزنى كۆرمىگەن بولسىڭىزمۇ، بىرلىكتە بېرىپ دۇئا قىلىپ نەزىر بېرىپ كېلۈرسىز. بۇ كېلىنلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقىدۇر، — دېدى بەگ ئانىسى.

سۇن خانىم لىيۇ بېي بىلەن تەزىم قىلىپ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا سۇن چۈەنلا خەۋەرسىز ئىدى. سۇن خانىم ئۆزىگە كېرەكلىك ئېرىغ ماللىرىنى ئېلىپ هارۋىغا چۈشتى. لىيۇ بېي ئاتلىنىپ بىرنەچچە ئاتلىق نۆكەر بىلەن شەھەردىن چىقىپ، جاۋ يۈن بىلەن ئۇچراشتى. 500 لەشكەر ئالدى ـ كەينىدە مېڭىپ نەنشۈيدىن ئايرىلدى ـ دە، يولغا راۋان بولدى.

شۇ كۈنى سۇن چۈەن قاتتىق كەيپ بولۇپ قالغاچقا، ئەتراپىدىكى خادىملار يۆلەپ ئىچكىرىكى ھەرەمگە ئەكىرىپ قويدى، قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلەر تارقاشتى. لىيۇ بېي بىلەن خانىمنىڭ قاچقان خەۋىرى بەگلەرگە كەچتە ئاڭلاندى. سۇن چۈەنگە مەلۇم قىلاي دېسە سۇن چۈەن مەست ئىدى. ئۇنىڭ كەيپى ياندى تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانىدى. ئەتىسى سۇن چۈەن لىيۇ بېينىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلەرنى جىددىي كېڭەشكە چاقىردى. جاڭ جاۋ:

— بۈگۈن بۇ ئادەم كېتىپ قالىدىغان بولسا، قاچان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولمىسۇن بېشىمىزغا بالا ـ قازا كەلتۈرىدۇ، تېز قوغلاش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

سۇن چۇەن چىن ۋۇ بىلەن بەن جاڭغا 500 تاللانغان لەشكەر ئېلىپ كېچە ـ كۈندۈزلەپ قوغلاشقا، قوغلاپ يەتكەن ھامان تۇتۇپ قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇق بەردى. ئىككى پالۋان بۇيرۇقنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. لىۇ بېيغا ناھايىتى ئۆچ سۇن چۇەن شىرەدىكى قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن سىياھ ئەزگۈچنى ئېتىپ پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلىدى. چېڭ پۇ:

— جانابىي پاسىبانىم، غەزەپلىرى پەلەككە تۇتاشقان بىلەنمۇ مېنىڭچە چىن ۋۇ بىلەن پەن جاڭ بۇلارنى تۇتالمايدۇ، — دېدى.

— ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلالامدۇ؟ — دېدى سۇن چۇەن.

— مەلىكەم كىچىكىدىن تارتىپ لەشكىرىي ئىشلارنى ياخشى كۆرەتتى، مىجەزى تۇز، ئۆزى قەيسەر، ھەممە پالۋانلار ئۇنىڭدىن ئەپ تارتىدۇ. لىۇ بېي بىلەن بىللە مېڭىشقا ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن نىيىتى بىر دېگەن سۆز. شۇنىڭ ئۈچۈن قوغلاپ بارغان پالۋانلار مەلىكەمنى كۆرگەندە، قانداق قول سالالايدۇ؟ — دېدى چېڭ پۇ.

دەرغەزەپ بولغان سۇن چۇەن يېنىدىكى شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، جياڭ چىن، جۇ تەيلەرنى چاقىرىپ:

— ئىككىڭلار مۇشۇ شەمشەرنى ئېلىپ، سىڭلىم بىلەن لىۇ بېينىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار! بۇيرۇقۇمغا ئەمەل قىلمىغانلار دەرھال ئۆلتۈرۈلسۇن! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

جياڭ چىن، جۇ تەيلەر بۇيرۇقنى ئېلىپ، ئارقىدىن 1000 لەشكەر بىلەن يولغا راۋان بولدى.

لىۇ بېي ئېتىنى قامچىلاپ، يۈگەن سىلكىپ يول مېڭىشقا ئالدىرىدى؛ شۇ كۈن كېچىسى يولدا ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت دەم ئېلىپ، يەنە ئالدىراپ يولغا چىقتى. سەيساڭ تەۋەسىگە يېتىپ كېلەي دېگەن ۋاقىتتا، ئارقىدىن چىققان چاڭ ـ توزاننى

كۆرۈپ قالدى، ئادەملەر: قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەر يېتىپ كېلىپ قالدىيە دەپ مەلۇم قىلدى. ھودۇققان ليۇ بېي جاۋ يۈندىن:

— قوغلىغۇچىلار يېتىپ كېلىپ قالدى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى.

— جانابىي پاسىبانىم! سىلى كېتىۋەرسىلە، مەن توسۇي، — دېدى جاۋ يۈن.

ليۇ بېيلار ئالدى تەرەپتىكى تاغنىڭ ئېتىكىدىن ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا، بىر توپ لەشكەر يولنى توسۇۋالدى. ئالدىدا تۇرغان ئىككى پالۋان توۋلىغان ھالدا:

— ليۇ بېي، ئاتتىن تېز چۈشۈپ قولىڭىزنى تۇتۇپ بېرىڭ! باغلايمىز! بىز تۇتۇقبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىزنى كۈتۈپ تۇرغىلى ئۇزۇن بولدى! — دېدى.

ئەسلىدە جۇ يۈي ليۇ بېينى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، ئالدىنئالا شۈي شېڭ بىلەن دىڭ فېڭ ئىككىيلەننى 3000 لەشكەر بىلەن يولنىڭ مۇھىم جايىغا قويۇپ قويغانىدى، بۇلار دائىم ئېگىز يەردە تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلاتتى، ليۇ بېي قورۇقلۇق بىلەن ماڭغاندا بۇ يەردىن ئۆتمەي قالمايدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدى. ئەنە شۇ كۈنى شۈي شېڭ، دىڭ فېڭلار ليۇ بېينىڭ ئادەملىرى بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆرەدى - دە، قوراللىرىنى ئېلىشىپ يولنى توسۇدى.

ئالاقزادە بولغان ليۇ بېي ئېتىنى توختىتىپ ئۆرۈلۈپ جاۋ يۈنگە قاراپ:

— ئالدىمىزنى توسۇدى، ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلدى، ئالدى - كەينىمىزدە مېڭىشقا يول قالمىدى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى.

— جانابىي پاسىبانىم! ھولۇقمىسىلا. مۇشاۋىر ئۈچ تۈرلۈك ئاجايىپ تەدبىر - پىلان بەرگەن، ئۇنىڭ ھەممىسى كىمخاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خالتىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئىككىنى ئىچىۋىدىم، دېگەندەك بولدى. هازىر ئۈچىنچىسى تېخى بار، خەتەرلىك يۈز بەرگەن ۋاقىتتا ئىچىپ قاراش مۇمكىن دېيىشىدى. بۈگۈن خەتەرگە دۇچ كەلدۇق، ئىچىپ قاراپ باقايلى، — دېدى جاۋ يۈن ۋە كىمخاب خالتىنى ئىچىپ لىيۇ بېيغا تەقدىم قىلدى. لىيۇ بېي كۆرۈپ دەرھال هارۋا ئالدىغا كەلدى - دە، يىغلاپ تۇرۇپ سۈن خانىمغا:

— ئىش بۇ يەرگە يەتتى، يۈرىكىمدىكى سۆزۈمنى يوشۇرۇنلەي راستى بىلەن ئېيتاي! — دېدى.

— ھەرقانداق سۆزلىرى بولسا، راستى بىلەن ئېيتسىلا! — دېدى سۈن خانىم.

— مۇقەددەم كۇنچىنىش ۋۇ بېگى جۇ يۈي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سىلىنى مەن لىيۇ بېيغا ۋەدە ئەتكەن بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى، مېنى نەزەربەند قىلىپ تۇرۇپ، جىڭجۇنى تارتىۋالماقچى، جىڭجۇنى ئالغاندىن كېيىن مېنى ئۆلتۈرمەكچىدى. يەنە سىلى خانىمنى خوردەك قىلىپ مەن لىيۇ بېينى قاماقتا ئالماقچىدى. كەمىنە لىيۇ بېيلىرى سىلىنىڭ ئەرلەرچە مەقسەت - غايىلىرىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، مەن لىيۇ بېيغا ئىچىنى ئاغرىتار دەپ ئۆلۈم تەھلىكىلەردىن قورقماي كېلىۋىدىم. تۈنۈگۈن كۇنچىنىش ۋۇ بېگىنىڭ زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، جىڭجۇ خەۋپ ئاستىدا ئىكەن دېگەن باھانە بىلەن قايتىش ئامالىنى قىلغانىدىم. بەختكە يارىشا خانىم مېنى تاشلىمىدىلا، بۇ يەرگە بىللە كەلدىلە. مانا هازىر كۇنچىنىش ۋۇ بېگىنىڭ ئارقىمىزدىن ئەۋەتكەن ئادەملىرى قوغلاپ يېتىپ كەلدى، جۇ يۈيىنىڭ ئەۋەتكەن ئادەملىرى ئالدىمىزنى توسۇدى، بۇ بالا - قازانى ئۆزلىرىدىن باشقا كىشى دەپنە قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۆزلىرى بۇ ئىشنى ئۈستىلىرىگە ئالالمايدىغان بولسىلا، خانىم جانابىلىرىنىڭ پەزىل - ئەخلاقلىرى بەدىلىگە ئۆشبۇ هارۋىنىڭ ئالدىدىلا لىيۇ بېيلىرى

ئۆلۈشىنى راۋا كۆرىدۇ، — دېدى لىۇ بېي.

— ئاكام مېنى ئۆز ھەمشىرىسى قاتارىدا كۆرمەپتۇ، قايسى يۈزۈم بىلەن قايتا كۆرۈشىمەن؟ بۇگۈنكى خەتەرلىكنى مەن بىر تەرەپ قىلىمەن، — دېدى غەزەپلەنگەن خانىم ۋە تۈۋلاپ خادىملارنى چاقىردى ـ دە، ھارۋىنى ئىتتىرگۈزۈپ توپتوغرا ئالغا چىقتى، ھارۋىنىڭ پەردىسىنى ئاچتۇرۇپ، شەخسەن شۈي شېڭ، دىڭ فېڭلارغا تۈۋلاپ، — ئىككىڭلار ئىسيان قىلماقچىمۇ سىلەر؟ — دېدى.

شۈي شېڭ، دىڭ فېڭ ئىككى پالۋان تېزلىكتە ئاتتىن چۈشتى، قوراللىرىنى تاشلىغان ھالدا: «خوش ـ خوش!» دەپ ھارۋا ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— ئىسيان قىلىشقا نېمە ھەددىمىز! تۇتۇقبەگ جۇ يۈينىڭ ئەمرى بويىچە، لەشكەرلەر بىلەن مەخسۇسلا لىۇ بېينى كۈتۈپ تۇرغانىدۇق، — دېيىشتى.

— ئىسيانچى ئوغرى جۇ يۈي! — دېدى غەزەپلەنگەن سۈن خانىم، — كۈنچىقىش ۋۇ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغىنى يوق! لىۇ بېي ئۇلۇغ خەن خانىنىڭ ئاغىسى، مېنىڭ كۈيئوغلۇم بولىدۇ. مەن ئانام ۋە ئاكامنىڭ ئىجازىتى بىلەن جىڭجوۋغا كېتىۋاتىمەن، بۈگۈن ئىككىيلەن تاغنىڭ ئېتىكىدە لەشكەرلەر بىلەن يول توسۇپ، ئىككىمىزنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىماقچىمۇ سىلەر؟

شۈي شېڭ، دىڭ فېڭ ئىككىيلەن ئارقا ـ ئارقىدىن خوش ـ خوش دېگەن ھالدا:

— ھەددىمىز ئەمەس، خانىم، رەنجىمىسىلە. بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، تۇتۇقبەگنىڭ ئەمرى، — دېيىشتى.

— سىلەر جۇ يۈيدىنلا قورقۇپ، مەندىن قورقمامسىلەر؟ جۇ يۈي سىلەرنى ئۆلتۈرەلەيدىكەن، مەن جۇ يۈينى ئۆلتۈرەلمەمدىمەن؟ — دەپ تۈۋلىدى سۈن خانىم ۋە جۇ يۈينى راسا تىللاپ، ئىتتىرىڭلار ھارۋىنى دېدى ـ دە، ئالغا قاراپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋەردى.

شۋي شېڭ، دىڭ فېڭ: «بىز بولساق تۆۋەندىكى ئادەملەر بىز، خانىمغا بويسۇنماسلىققا نېمە ھەددىمىز!» دەپ ئويلىدى. يەنە ئىنتايىن غەزەپ بىلەن تۇرغان جاۋ يۈننى كۆرۈپ، تۋۋلاپ لەشكەرلەرنى قايتۇردى، يولنى ئېچىپ بېرىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

تېخى بەش - ئالتە چاقىرىم يول مېڭىشمايلا، ئارقىدىن چېن ۋۇ، پەن جاڭلار قوغلاپ كەلدى. شۋي شېڭ بىلەن دىڭ فېڭ بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى. چېن ۋۇ، پەن جاڭ ئىككى پالۋان:

— ئۆتكۈزۈۋېتىپ خاتا قىپسىلەر. ئىككىمىز ۋۇ بېگىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئالاھىدە تۇتۇپ ئەكەتكىلى كەلگەنىدۇق، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن تۆت پالۋان لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنى قوغلاپ ماڭدى.

يولدا كېتىۋاتقان ليۇ بېي بىردىنلا ئارقىدىن چىقىۋاتقان سۈرەن - چۇقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى - دە، يەنە خانىمغا:

— لەشكەرلەر ئارقىمىزدىن يەنە قوغلاپ كېلىپ قالدى، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.

— سىلى ئالدىمىزدا كېتىۋەرسىلە، مەن جاۋ يۈن بىلەن توسۇمەن، — دېدى سۇن خانىم. ليۇ بېي 300 لەشكەر ئېلىپ ئالدىن دەريا ياقىسىغا قاراپ كەتتى. ئاتلىق جاۋ يۈن هارۋىنىڭ يېنىدا، لەشكەرلىرىنى سەپ تارتقۇزۇپ كېلىۋاتقان پالۋانلارنى كۈتۈپ تۇردى.

تۆت پالۋان سۇن خانىمنى كۆرگەندىن كېيىن نائىلاج ئاتتىن چۈشۈپ، تەزىم قىلىپ تىك تۇردى. خانىم:

— چېن ۋۇ، پەن جاڭ! نېمە ئىش قىلغىلى كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— جانابىي پاسبانىمىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، خانىم بىلەن ليۇ

بېيىنى قايتىشقا تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق، — دېدى ئىككى پالۋان.

— سەنلەرنىڭ ھەممىڭ ئاكام بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇشماقتىسەن! — دېدى خانىم چىرايىنى ئۆزگەرتىپ كايىپ، — مەن ياتلىق بولدۇم، بۈگۈن كېتىۋاتىمەن. بىراۋ بىلەن ئويناش بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتقىنىم يوق، ئانامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جىگجۇغا قايتىۋاتىمەن. ئاكامنىڭ ئۆزى كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئەدەپسىزلىك قىلالمايدۇ. سەن ئىككىڭ لەشكىرىي كۈچۈڭگە يۆلىنىپ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچىمۇ؟

تۆتەيلەن تىلىنىڭ دەستىدىن بىر - بىرىگە قارىشىپ ئويلىنىپ: «10 مىڭ يىل ئۆتسىمۇ ئۇلار يەنە ئاكا - سىڭىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەگ ئانا ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرۇپتۇ، كۈنچىقىش ۋۇ بېگى بولسا ئانىسىغا ۋاپادار كىشى بولغاچقا، ئانىسىنىڭ سۆزىگە خىلاپلىق قىلالمايدۇ. ئەتىلا يۈزىنى ئۆرىسە، ئەيىبىنى بىزگە ئارتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ قويايلى» دېگەن يەرگە كەلدى.

قوشۇندا لىيۇ بېي كۆرۈنمىدى، پەقەت غەزەپ بىلەن كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرغان جاۋ يۈنلا جەڭگە تەييار تۇراتتى، شۇ سەۋەبتىن تۆت پالۋان خوش - خوش دەپ چېكىندى. سۇن خانىم ھارۋىنى ئىتتىرىڭلار دەپ يولغا راۋان بولدى. شۈي شېڭ:

— تۆتىمىز بىرلىكتە بېرىپ، تۇتۇقبەگ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋەقەنى مەلۇم قىلايلى، — دېدى.

تۆتەيلەن تېخى بىر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى، تۇساتتىن بىر توپ لەشكەر قۇيۇندەك يېتىپ كەلدى؛ قارىسا جياڭ چىن بىلەن جۇ تەي ئىكەن.

— سىلەر لىيۇ بېيىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىككى پالۋان.

www.uyghurkitap.com

— ئەتىگەن ئۆتۈپ كەتتى، يېرىم كۈن بولاي دەپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— نېمىشقا تۇتمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى جيالىڭ چىن.

تۆتەيلەن سۇن خانىمنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ بېرىشتى.

— كۈنچىقىش ۋۇ بېگى، — دېدى جيالىڭ چىن، — مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلىپ، شەمشىرىنى بەرگەنىدى، ئالدى بىلەن سىڭلىمنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىن ليۇ بېي ئۆلتۈرۈلسۇن، خىلاپلىق قىلغانلار شۇئان ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ، دېگەنىدى.

— يىراققا كېتىپ قالدى، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دېيىشتى تۆت پالۋان.

— ئۇلار پىيادە لەشكەرلەر بولغاچقا، تېز يۈرەلمەيدۇ. شۈي شېڭ، دىڭ فېڭ، ئىككىڭلار تېز بېرىپ تۇتۇقبەگكە مەلۇم قىلىڭلار، تېز ئۈزەر كېمە ئارقىلىق سۇ يولى بىلەن قوغلاپ كەلسۇن. بىز تۆتەيلەن قىرغاق بىلەن قوغلايلى، مەيلى سۇدا، مەيلى قۇرۇقلۇقتا يېتىشىۋالدىكەنمىز، ئۆلتۈرىلى، سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرمايلى! — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى جيالىڭ چىن.

شۇنىڭ بىلەن شۈي شېڭ، دىڭ فېڭلار مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇچقاندەك جۇ يۈي ھوزۇرىغا كەتتى؛ جيالىڭ چىن، جۇ تەي، چېن ۋۇ، پەن جاڭ تۆتەيلەن لەشكەرلەرنى ئېلىپ، دەريا بويلاپ قوغلاپ ماڭدى.

ليۇ بېي ئادەملىرى بىلەن سەيساڭدىن يىراقلىشىپ، ليۇ لاڭپۇغا يېتىپ كەلگەندە، كۆڭلى سەل ئارام تاپتى. دەريا بويىدىن كېچىك ئىزدىدى، دەريادا لىپمۇلىپ ئېقىۋاتقان سۇنىلا كۆرەتتى، كېمىنىڭ دىدارى كۆرۈنمەيتتى. ليۇ بېي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ زارلاندى. جاۋ يۈن:

— جانابىي پاسبانىم! يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىقتۇق، ھالا ئۆز دىيارىمىزغا يېقىن كەلدۇق، مېنىڭچە مۇشاۋىر

ئەلۋەتتە سەرەمجانلاشتۇرغاندۇر، غەم قىلمىغايلا! — دېدى.

ليۇ بېي بىردىنلا كۆنچىقىش ۋۇدىكى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنى ئويلاپ ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش تۆكتى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاق توقۇغاندى:

*سۇن خانىم ليۇ بېي بىلەن توي قىلدى دەريا بويىدا،*
*تۇرمۇشى ئۆتتى ھەشەمەت ئىچرە شاد ھاياتىدا.*
*كىم بىلىپتۇ بۇ خانىم مەنسىتمىدى ئالەمنى ھېچ،*
*بولدى ليۇ بېي ئارقىلىق دۆلەتكە يەتمەك كويىدا.*

ليۇ بېي جاۋ يۈننى ئالدىغراق بېرىپ كېمە ئىزدەشكە بۇيرۇدى. نۆكەرلەر، تۇساتتىن ئارقا تەرەپتە ئاسمان ـ پەلەك چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى، دەپ مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي دۆڭگە چىقىپ قارىۋىدى، لەشكەرلەر يەرنىڭ يۈزىنى قاپلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ليۇ بېي ئاھ ئۇرۇپ:

— بىرنەچچە كۈن سىجىل ماڭدۇق، ئادەم، ئۇلاغلىرىمىز ھېرىپ كەتتى، قوغلىغۇچىلار يەنە كېلىپ قالدى، ئەمدى ئۆلمەكتىن باشقا يول قالمىدى! — دېدى.

چۇقان ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ قالدى. راسا جىددىي بىر پەيتتە، بىردىنلا دەريا ياقىسىدا يىگىرمە نەچچە يەلكەنلىك كېمە نامايان بولدى. جاۋ يۈن:

— خۇداغا شۈكۈر، بۇ يەردە كېمە بار ئىكەن، تېز چۈشەيلى، ئۇ تەرەپكە ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئامال قىلارمىز، — دېدى.

ليۇ بېي بىلەن سۇن خانىم شۇئان كېمىگە چىقتى. جاۋ يۈنمۇ 500 نەپەر نۆكىرى بىلەن كېمىگە چۈشتى. كېمىنىڭ ئىچىدىن بېشىغا باشلىق، ئۈچىسىغا دەرۋىشلەرچە تون كىيگەن بىر كىشى قاقاقلاپ كۈلۈپ چىقتى ۋە:

— جانابىي پاسبانىم، خاتىرجەم بولسىلا، مۇبارەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسۇن! جۇگې لياڭلىرى بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغىنىغا ئۇزۇن بولدى، — دېدى. كېمىدىكى سودىگەرلەرچە ياسانغانلارنىڭ ھەممىسى جىڭجۇ سۇ لەشكەرلىرى ئىدى. ليۇ بېي ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۆت پالۋان قوغلاپ يېتىپ كېلىپ قالدى. جۇگې لياڭ كۈلگەن ھالدا قىرغاقتىكىلەرگە قاراپ:

— مەن خېلىدىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم. سىلەر قايتىپ جۇ يۈيگە ئېيتىپ قويۇڭلار! سەتەڭلەر نەيرىڭىدىن قول ئۈزسۇن! — دېدى.

قىرغاقتىكىلەر ھەدەپ ئوقيا ئۈزدى، كېمىلەر خېلى يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. جياڭ چىن باشلىق تۆت پالۋان ھاڭۋېقىپ قالدى.

ليۇ بېي، جۇگې لياڭلار كېتىۋاتقاندا، توساتتىن دەريانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىغا قارىشىۋىدى، سانسىز جەڭ كېمىلىرى كۆرۈندى. «سەركەردە» دېگەن خەت يېزىلغان ئەلەم ئاستىدا جۇ يۈيىنىڭ ئۆزى جەڭگە ماھىر لەشكەرلىرى بىلەن خۇاڭ گەيىنى سول تەرەپتە، خەن داڭنى ئوڭ تەرەپتە ماڭدۇرۇپ، ئۇچقاندەك كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار يېتىشىپ قالاي دەپ قالغاندا جۇگې لياڭ كېمىلەرنى يۇقىرى قىرغاققا ياندىشتۇردى ـ دە، كېمىنى تاشلاپ ھەممە قىرغاققا چىقىپ، يولغا راۋان بولدى. قوغلاپ كەلگەن جۇ يۈيمۇ قىرغاققا چىقىپ قوغلىدى. سۇ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى پىيادە ماڭدى. باشلىق بولغان بەگ ـ سىپاھلار ئاتلىق ئىدى. جۇ يۈي ئالدىدا بولۇپ، خۇاڭ گەي، خەن داڭ، شۈي شېڭ، دىڭ فېڭلار بىللە ئىدى. جۇ يۈي:

— بۇ قەيەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىمىز خۇاڭجۇ تەۋەسىنىڭ باش تەرىپى، — دەپ جاۋاب بەردى نۆكەرلەر.

لىۇ بېي لەشكەرلىرىنىڭ يېقىنلا يەردە كېتىپ بارغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، جۇ يۈي نۆكەرلەرنى ئۇلارنىڭ ئارقىدىن كوچىنىڭ بارچە قوغلاشقا بۇيرۇدى. تازا قوغلاپ كېتىپ بارغاندا، بىرلا ناغرا ئاۋازى بىلەن تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچىدىن بىر توپ قىلىچۋازلار چىقتى. بۇ قوشۇننىڭ پالۋانى گەن يۈي ئىدى. جۇ يۈي بۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى. ئېتىنى تېز قايتۇرۇپ قاچتى؛ گەن يۈي قوغلىدى، جۇ يۈي ئات قويغان پېتى جېنىنى ئېلىپ قاچتى. قېچىپ كېتىۋاتقاندا سول تەرەپتىن خۇاڭ جۇڭ، ئوڭ تەرەپتىن ۋېي يەن باشلاپ كەلگەن ئىككى قوشۇن قىرغىن قىلىپ چىقتى. ۋۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. جۇ يۈي ئالدىراپ كېمىگە چۈشۈۋالدى، قىرغاقتا كېلىپ قالغان لەشكەرلەر تەڭلا:

— يۇرت ئېلىشقا جۇ يۈي يىگىت، قالتىس تەدبىر قوللاندى، سېلىپ بېرىپ خانىمنى، لەشكەرنى چىقىم تارتتى! — دەپ توۋلىدى.

غەزىپىگە چىدىمىغان جۇ يۈي:

— يەنە قىرغاققا چىقىپ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم بولغۇچە بىر جەڭ قىلايلى! — دېدى.

خۇاڭ گەي، خەن داڭلار توسۇدى.

جۇ يۈي: «تەدبىرىم ئەمەلگە ئاشمىدى، قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بېرىپ كۇنچىقىش ۋۇ بېگى بىلەن كۆرۈشىمەن! » دېدى ۋە قاتتىق بىر ئاھ ئۇردى - دە، جاراھىتى يېرىلىپ، كېمىگە يىقىلىپ چۈشتى. پالۋانلار يۆلەشتۈرۈپ قۇتقۇزۇۋېدى،

ئاللىقاچان ھوشىدىن كېتىپ قالغانىكەن.

دەر ھەقىقەت:

*ئىككى قېتىم ھىيلە قىلدى، سەت بولدى،*
*خاپىلىقتا قالدى ئۇۋغا دەرد بولدى.*

جۇ يۈي ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

# ئەللىك ئالتىنچى باب

## ساۋ ساۋۇنىڭ مىس قوشقاچ مۇناردا كاتتا مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزگەنلىكى
## جوگې لياڭنىڭ ئۈچىنچى قېتىم جو يۈينىڭ جېنىغا تەگكەنلىكى

ئەلقىسسە، جو يۈي جوگې لياڭ تەرىپىدىن ئالدىن پىستىرما قىلىپ قويۇلغان گۋەن يۈي، خۇاڭ جوڭ، ۋېي يەنلەر باشچىلىقىدىكى ئۈچ قوشۇننىڭ زەربىسى بىلەن قاتتىق يېڭىلدى. خۇاڭ گەي، خەن داڭلار ئۇنى دەرھال قۇتقۇزۇۋېلىپ كېمىگە چۈشۈرۈۋالدى، نۇرغۇن سۇ لەشكەرلىرى چىقىم بولدى. ليۇ بېي بىلەن سۈن خانىم ھارۋا ـ ئاتلىق ئادەملىرى بىلەن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ توختىسا، جو يۈينىڭ نېمىشقا ئاچچىقى كەلمىسۇن؟ ئوقيا دەستىدىن بولغان جاراھىتى تېخى ساقايمىغاچقا، غەزىپى ئۆرلەش بىلەن جاراھىتىنىڭ ئاغزى يېرىلىپ كەتتى، ئۇ ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى؛ پالۋانلار ئۇنى قۇتقۇزۇپ ھوشىغا كەلتۈردى، ئۇلار كېمىنى ماڭدۇرۇپ قاچتى. جوگې لياڭ قوغلاتقۇزمىدى، ئۆزى ليۇ بېي بىلەن جىڭجوۇغا قايتىپ، ئۆزلىرىنى قۇتلۇقلىدى، پالۋانلارنى تارتۇقلىدى.

جو يۈي سەيساڭغا قايتتى. جياڭ چىن باشلىق بىر تۈركۈم لەشكەر نەنشۈيگە قايتىپ سۈن چۈەنگە مەلۇمات بەردى. غەزىپىنى

www.uyghurkitap.com

باسالمىغان سۈن چۈەن چېڭ پۇنى تۇتۇۋېلىشكە قىلىپ، جىڭجۇ ئۈستىگە يۈرۈش قىلماق بولغاندا، جۇ يۈي قىساس ئېلىش توغرىلىق مۇراجىئەت يوللىدى. جاڭ جاۋ:

— بولماسمىكى، ساۋ ساۋ كېچە - كۈندۈز چىبى ئىنتىقامىنى ئېلىشنى ئويلىماقتا، ئۇ سىلى بىلەن ليۇ بېينىڭ بىر دىل - بىر نىيەت بولۇۋېلىشلىرىدىن قورقۇپ، يۈرۈش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. بۈگۈن جانابلىرى خاپىچىلىقلىرىغا چىدىماي، ئۆزئارا ئېلىشىدىغان بولسىلا، ساۋ ساۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلىپ كېلىدۇ - دە، ئېلىمىز خەتەرلىكتە قالىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— شۇيچاڭنىڭ بۇ يەردە جاسۇسلىرى يوق دەمدىلا؟ ئەگەر ساۋ ساۋ سىلىنىڭ ليۇ بېي بىلەن ئىتتىپاق ئەمەسلىكلىرىنى ئۇقۇپ قالسا، چوقۇم كىشى ئەۋەتىپ ليۇ بېي بىلەن تىل بىرىكتۈرىدۇ. كۈنچىقىش ۋۇدىن قورققان ليۇ بېينىڭ ساۋ ساۋغا ئەل بولۇشى تۇرغان گەپ، مۇنداق بولغاندا جىياڭنەندە قاچان تىنچلىق ئورنايدۇ؟ كۆز ئالدىمىزدىكى تەدبىر، — دېدى گۇ يۇڭ، — شۇيچاڭغا كىشى ئەۋەتىپ، ليۇ بېينى جىڭجۇنىڭ پاسىبانلىقىغا تەيىن قىلىشنى سوراپ مەلۇمات يازايلى. بۇنى ساۋ ساۋ بىلسە قورقۇپ، كۈنچىقىش تەۋەنگە يۈرۈش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ليۇ بېيمۇ جانابلىرىغا ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشەنچلىك كىشىلىرىمىز ئارقىلىق بىر - بىرىگە قارشىلاشتۇرۇش ھىيلىسى بىلەن، ساۋ ساۋ بىلەن ليۇ بېينى ئۆزئارا قىرغىن قىلىشقا سېلىپ قويۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلايلى، ئاندىن جىڭجۇنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

— گۇ يۇڭ! بەرگەن مەسلىھەتلىرى، — دېدى سۈن چۈەن، — ناھايىتى ياخشى. بىراق كىمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتسەك بولار؟

— بۇ يەردە ساۋ ساۋنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان بىر كىشىسى

بار، شۇنى ئەۋەتسەك بولىدۇ، — دېدى گۇ يۇڭ.

— كىم؟ — دەپ سورىدى سۇن چۈەن.

— خۇا شىن بۇ يەردە، نېمىشقا ئەۋەتمەيمىز؟

سۇن چۈەن ناھايىتى خۇرسەن بولدى - دە، خۇا شىننى مەلۇمات بىلەن شۇيچاڭغا ئەۋەتتى. خۇا شىن بۇيرۇق بويىچە يولغا چىقىپ شۇيچاڭغا كەلدى، ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈشنى سورىدى. ساۋ ساۋنىڭ ئەمەلدارلارنى يىغىپ، يېجۈندە مىس قۇشقاچ مۇنارىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى - دە، خۇاشىن يېجۈنگە كېلىپ قوبۇل كۈتۈپ تۇردى.

ساۋ ساۋ چىبىدا يېڭىلگەندىن كېيىن، دائىم قىساس ئېلىشنى ئويلاپ يۈردى؛ پەقەت سۇن چۈەن بىلەن لىيۇ بېينىڭ بىرلىشۋېلىشىدىن قورقۇپ يۈرگەچكە، يەڭگىلچە ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

جيەنئەن كالېندارىنىڭ 15 - يىلى باھارى، مىس قۇشقاچ مۇنارىسى قۇرۇلۇشى پۈتكەنلىكىدىن ساۋ ساۋ قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلەرنى يېجۈنگە يىغىپ، كاتتا مەرىكە - سورۇن تەييارلاپ تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مىس قۇشقاچ مۇنارى جاڭخې دەرياسىنىڭ بويىغا سېلىنغانىدى، ئوتتۇرىغا مىس قۇشقاچ، سول تەرەپكە قاشتاش ئەجدىھا مۇنارى، ئوڭ تەرەپكە ئالتۇن سۇمۇرغ مۇنارى دەپ ئاتىلىدىغان مۇنارلار سېلىنغانىدى، ھەرقايسىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئون نەچچە جاڭ كېلەتتى. ئۈستىگە تۇغرا سېلىنغان ئىككى كۆۋرۈك بۇلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇراتتى، كاتتا ئىمارەتلەردە زەر رەڭلەر چاقناپ تۇراتتى. شۇ كۈنى بېشىغا گەۋھەرلەر قادالغان ئالتۇن تاج، ئۈستىگە يېشىل كىمخاب تون كىيگەن، بېلىگە زەردىن كەمەر باغلىغان، مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن كەش كىيگەن ساۋ ساۋ يۇقىرىغا چىقىپ ئولتۇردى، قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلەر مۇنار تۈۋىدە قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ئوقيا مۇسابىقىسىنى كۆرگۈسى كەلگەن ساۋ ساۋ، يېقىن خادىملىرىنىڭ بىرىگە شىچۈەننىڭ قىزىل كىمخابىدىن ئىشلەنگەن بىر ياقىلىق جەڭ كىيىمى ئالدۇرۇپ، تال شېخىغا ئاستۇردى ـ دە، ئاستىغا بىر ئوقيا قارىسى قويدۇردى، ئارىلىقىنى 100 قەدەم قىلىپ بەلگىلىدى. ئەلەمدار بەگلەرنى ئىككى بۆلەككە ئايرىدى، ساۋ ئۇرۇقىدىن بولغانلار قىزىل كىيىم، باشقا پالۋانلار يېشىل كىيىم كىيدى؛ ھەممە ئوقيا ـ ساداقلىرىنى ئېسىشىپ، ئاتلانغان ھالدا بۇيرۇق كۈتۈشۈپ تۇردى. ساۋ ساۋ:

— ئوقيا قارىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل چېكىتكە تەگكۈزگەن كىشىگە ئەنە شۇ كىمخاب تون ئىنئام قىلىنىدۇ؛ ئەگەر تەگكۈزەلمىسە بىر قەدەھ سۇ ئىچىش جازاسى بېرىلىدۇ، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇيرۇق چۈشكەن ھامان قىزىل كىيىملىكلەردىن بىر ياش پالۋان ئات ئۈينىتىپ چىقتى، ھەممەيلەن قارىسا، ئۇ ساۋ شيۇ ئىكەن. ساۋ شيۇ ئېتىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۈچ قېتىم چاپتۇرۇپ، ئوقىنى ياىغا توغرىلاپ، كىرىچىنى راسا تارتىپ بوشىتىۋىدى، ئوق دەل قارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل چېكىتكە قادالدى. ناغرا چېلىندى، ھەممەيلەن: «بارىكاللا!» دېيىشتى. مۇنار ئۈستىدە كۆزىتىپ تۇرغان ساۋ ساۋ كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە:

— بۇ جەمەتىمىزنىڭ تولپارى! — دېدى ـ دە، كىشىلىرىگە كىمخاب توننى ساۋ شيۇغا بېرىڭلار، دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، يېشىل كىيىملىكلەردىن ئات چاپتۇرۇپ چىققان بىراۋ:

— باش ۋەزىر! كىمخاب توننى بالدۇر بىزدەك يات ئۇرۇقتىن بولغانلارغا ئىلتىپات قىلسىلا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بالدۇر ئېلىشى مۇۋاپىق بولماس، — دەپ توۋلىدى.

ساۋ ساۋ قارىسا ئۇ ۋېن پىن ئىكەن. بەگلەر:

— قېنى، ۋېن پېڭنىڭ ئاتقان ئوقيايىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېيىشتى.

ۋېن پېڭ يايىنى ئېلىپ، چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئاتتى، ئوق بېرىپ قاق ئوتتۇرىدىكى قىزىل چېكىتكە تەگدى. كۆپچىلىك ئاپىرىن ئوقۇدى. نافرا، جاڭلار چېلىنىپ كەتتى. ۋېن پېڭ:

— تونىنى تېز ئەكېلىپ بېرىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

قىزىل كىيىملىكلەردىن ئات چاپتۇرۇپ چىققان يەنە بىر پالۋان:

— ساۋ شيۇ بۇرۇن ئاتتى، نېمىشقا سىز ئالىسىز؟ ئىككىڭلارنىڭ ئالىشىشىنى مەن ئايرىپ قوياي! — دەپ توۋلىغان پېتى يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئوق ئاتتى، ئوق بېرىپ قىزىل چېكىتكە تەگدى. ھەممەيلەن تەڭلا: «بارىكاللا!» دەپ توۋلىشىپ كەتتى، قارىسا، ساۋ خۇڭ ئىكەن. ساۋ خۇڭ تونىنى ئالماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، يېشىل كىيىملىكلەردىن يەنە بىر پالۋان چىقتى ـ دە، يايىنى پۇلاڭلىتىپ:

— سىلەر ئۈچەيلەننىڭ ئاتقان ئوقيايىڭلارنىڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق! مېنىڭ ئاتقىنىمنى كۆرۈڭلار! — دەپ توۋلىدى، كۆپچىلىك قارىسا، جاڭ خې ئىكەن. جاڭ خې ئېتىنى چاپتۇرۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئوقيا ئاتتى، بۇمۇ قىزىل چېكىتكە تەگدى. تۆت تال ئوق قىزىل چېكىتكە تەكشى قادالدى. ھەممەيلەن:

— ياخشى ئاتىدىكەن! — دېيىشتى.

— كىمخاب تون مېنىڭ بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە! — دېدى جاڭ خې. ئۇ تېخى سۆزىنى تۈگەتمىگەنىدى، قىزىل كىيىملىكلەردىن بىر پالۋان ئات چاپتۇرۇپ چىقتى ـ دە:

— سىزنىڭ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ئوق ئېتىشىڭىز ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، مېنىڭ نىشانغا ئېتىشىمنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆرۈڭ! — دەپ توۋلىدى. ھەممە قارىسا، شىيا خۇيىۋەن ئىكەن. شىيا خۇيىۋەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئارىلىق سىزىقىغا كەلدى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا يايىنى بوشاتتى، ئوق بېرىپ تۆت تال ئوقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قادالدى، تەڭلا ئافىرا ـ چاڭ ساداسى ياڭراپ كەتتى. شىيا خۇيىۋەن ئېتىنى توختىتىپ يايىنى ئېگەرگە بېسىپ تۇرغان ھالدا:

— بۇ ئوق بىلەن كىمخاب توننى ئالسام بولار؟ — دەپ توۋلىدى. شۇئان يېشىل كىيىملىكلەردىن بىر پالۋان نەرە تارتىپ چىقىپ:

— كىمخاب توننى مەن شۇي خۇاڭغا قالدۇرۇپ قويۇڭلار! — دەپ توۋلىدى.

— ئوقيا ئېتىشتا مېنىڭ تونۇمنى تارتىۋالغۇدەك قانچىلىك ھۈنىرىڭىز بار؟ — دېدى شىيا خۇيىۋەن.

— قىزىل چېكىتكە ئېتىشىڭىز ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، كىمخاب توننى قانداق ئالىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇڭ! — دېدى ـ دە، شۇي خۇاڭ يانى ئېلىپ، ئوقنى توغرىلاپ تاللىڭ شېخىغا ئاتتى، ئوق دەل تاللىڭ شېخىغا تەگدى، تال شېخى سۇنۇپ، كىمخاب تون يەرگە چۈشتى. شۇي خۇاڭ ئۇچقاندەك بېرىپ كىمخاب توننى ئېلىپ ئۈستىگە يېپىنچاقلىۋالدى، ئاندىن ئات چاپتۇرۇپ مۇنار ئالدىغا كېلىپ:

— باش ۋەزىر، تونلىرىڭغا رەھمەت! — دېدى.

ساۋ ساۋ بىلەن بەگلەر ئاپىرىن ئوقۇپ كېتىشتى. شۇي خۇاڭ ئېتىنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، بىردىنلا مۇنارنىڭ يېنىدىن بىر يېشىل كىيىملىك پالۋان چىقىپ:

— كىمخاب توننى نەگە ئېلىپ كەتمەكچىسىز؟ تېز ماڭا قالدۇرۇپ قويۇڭ! — دەپ توۋلىدى. كۆپچىلىك قارىسا، شۇي چۇ ئىكەن. شۇي خۇاڭ:

— تون بۇ يەردە تۇرۇۋېتۇ، نېمىدەپ تارتىۋالىدىكەنسىز! —

دېدى.

شۈي چۈ جاۋاب بەرمەستىنلا، ئىتنى چاپتۇرۇپ كېلىپ چاپاننى تارتتى. ئىككى ئات يېقىنلاشقاندا، شۈي خۇاڭ يا بىلەن شۈي چۈنى ئۇردى، شۈي چۈ بىر قولىدا يانى تۇتۇۋېلىپ، شۈي خۇاڭنى ئېگەردىن ئاجرىتىشقا ئۇرۇندى. شۈي خۇاڭ يانى تاشلاپ دەرھال ئېتىدىن چۈشتى. شۈي چۈمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، ئىككىسى گال سىقىشىپ ئېلىشىپ كەتتى. ساۋ ساۋ تېز ئادەم ئەۋەتىپ ئاجراتقۇزۇۋەتتى. كىمخاب تون يىرتىلىپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ساۋ ساۋ ھەر ئىككىيلەننى مۇنارغا چىقىشقا بۇيرۇدى. قاشلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرى چەكچەيگەن شۈي خۇاڭ بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرغان شۈي چۈ بەنە تۇتۇشماقچى بولدى. ساۋ ساۋ كۈلۈپ:

— مەن ھەرقايسىڭلارنىڭ پالۋانلىقىڭلارنى كۆرمەكچىدىم. بىر كىمخاب تون دېگەن نېمە؟ — دېدى - دە، پالۋانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇنارغا چاقىرتىپ، ھەربىر كىشىگە بىر توپتىن سىچۇەن كىمخابى ئىنئام قىلدى. پالۋانلارنىڭ ھەممىسى تەشەككۈر بىلدۈردى. ساۋ ساۋ بۇلارنى ئۆز ئورۇنلىرى بويىچە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ساز - نەغمە ساداسى ياڭراپ كەتتى. سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا تەڭلا مەرىكە - سورۇن ئۆتكۈزۈپ، قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلەر نۆۋەتتى بويىچە شاراب تۇتتى. ئۆزئارا قەدەھ سوقۇشتۇردى.

ساۋ ساۋ قەلەمدار بەگلەرنىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپ:

— پالۋانلار ئاتلىق ئوقيا ئېتىشنى راھەت دەپ بىلىپ، پالۋانلىقلىرىنى تولۇق نامايان قىلىشتى. ھەرقايسىلىرى كەڭ بىلىم ئىگىسى بولغان زاتلار، بۇ ئېگىز مۇنارغا چىققاندا، نېمىشقا ياخشى ماقالىلەرنى يېزىپ، دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى خاتىرىلەشمەيدىلا؟ — دېدى.

قەلەمدار ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— پەرمانىبەرداردۇرمىز، — دېيىشتى.

بۇ ۋاقىتتا ۋالىق لالىق، جۇلىق ياۋ، ۋالىق سەن، چېن لىن قاتارلىق قەلەمدار ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ يازغان نەزمە ـ يازمىلىرىنى تەقدىم قىلىشتى. نەزمىنىڭ كۆپلىرىدە ساۋ ساۋنىڭ پەزىل ـ ئەخلاقى، يۈكسەكلىكى مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، خان بولۇشقا مۇناسىپتۇرلەر دېگەن مەنا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ساۋ ساۋ بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ كۆرۈپ، كۈلۈپ:

— جانابىي ھەر بىرلىرىنىڭ قىممەتلىك يۈتۈك ـ يازمىلىرىدا، مەدھىيە ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كېتىپتۇ. مەن ئەسلىدە بىر نادان، تۇۋۇەندە مىنى ئەمەلدارلىققا كۆرسەتكەنىدى، كېيىن ئەلدە پاراكەندىچىلىك تۇغۇلغاچقا، چياۋ ناھىيىسىدىن 50 چاقىرىم كۈنچىقىش تەرەپكە ئىمارەت سالدۇردۇم، باھار، يازدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كۈز ۋە قىش شىكار قىلىشنى، ئەل تىنچىغاندىن كېيىن، چىقىپ ئەمەل تۇتۇشنى ئويلايتتىم، ئويلانمىغان يەردە خاقانىمىز چاقىرتىپ مىنى لەشكەر ئىشلىرى بېگى قىلىپ تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن نىيىتىمنى ئۆزگەرتىپ، مەخسۇسلا ئېلىمىز ئۈچۈن مۇناپىق قاراقچىلارنى جازالاپ، ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلدىم، ۋاپاتىمدىن كېيىن مەقبەرىمگە: «خەن خاندانلىقىنىڭ كۈنپېتىشنى تىنچىتىش سەركەردىسى مەرھۇم ساۋ ساۋ بەگنىڭ مەقبەرىسى» دەپ يېزىلسا، ھاياتىمدىكى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى. دۇڭجوغا يۈرۈش قىلىپ سېرىق ياغلىقلىقلارنى يوقاتقاندىن بېرى، يۈەن شۇ، لۈي بۇ، يۈەن شاۋلارنى يوقىتىپ، لىيۇ بياۋ ئېلىنى بىر تەرەپ قىلىپ ئەلنى تىنچىتتىم، باش ۋەزىر بولۇپ، ۋەزىرلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىگە چىقتىم، يەنە نېمە ئارمان قالدى؟ ئەگەر ئەلدە مەن بولمىغان بولسام، بىرنەچچە كىشىنىڭ ئۆزىنى خان ئاتىشى، بىرنەچچە كىشىنىڭ ئۆزىنى ۋاڭ ئاتىشى مۇمكىن ئىدى. كىمكى ئەگەر مېنى زور ھوقۇقنى قولىغا

كىرگۈزۈۋالدى، بولمىغۇر خىيالى بولۇشى كېرەك دەپ مېنىڭدىن گۇمانلانسا، بۇ زور خاتالىق بولىدۇ. مەن كۆڭلۈمنىڭ، ۋىجدانىمنىڭ ئەخلاق توغرىسىدىكى بايانلىرىنى دائىم ئويلايمەن، بۇ سۆزلەرنى يۈرىكىمدە ساقلىماقتىمەن. پېقىر قوشۇننى تاشلاپ، ۋەيران بېگى دېگەن ئۇنۋانىم بىلەن شۇ جايغا بېرىپ راھەت كۆرسەم بولاتتى، لېكىن مۇنداق قىلسام بولمايدۇ. چۈنكى، لەشكىرىي ھوقۇق قولۇمدىن كېتىپ قالسا، باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايمەن؛ مەن ھالاك بولىدىكەنمەن، ئېلىمىز خەتەرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا مەن قۇرۇق نام قوغلىشىشنى ۋە ھەقىقىي بالا - قازاغا قېلىشنى خالىمايمەن. مېنىڭ مەقسىتىمنى ھەرقايسىلىرى بىلمەسلىكلىرى چوقۇم! — دېدى.

كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلغان ھالدا:

— باش ۋەزىر جانابلىرى! يى يىن، جۇ گوڭلاردىنمۇ ئۈستۈن ئىكەنلا، — دېيىشتى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*ھودۇقۇپ يېتىمە ئۇچۇن قالغاندا جۇ گوڭ غەم ئارا،*
*قىلدى ھۆرمەت ئۇزىدىن پەسلەرگە ۋاڭ ماڭمۇ ئارا.*
*كىم بىلەلەيتتى ئۇنىڭ ئۆمرىدە ساختا - چىنلىقىن،*
*گەر ئۆلۈپ كەتسە بۇلار يەتكەندە جانغا قازا.*

ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قەدەھ ئىچكەن ساۋ ساۋ بارا - بارا مەست بولۇپ قالدى، ئەتراپىدىكىلەرگە قەلەم، دۇۋەت ئەكەلدۈرۈپ، مىس قۇشقاچ مۇنارىغا بېغىشلاپ نەزمە پۈتمەكچى بولدى. قەلەمنى قولىغا ئېلىپ ئەمدىلا پۈتەي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا: «كۆنچىقىش ۋۇنىڭ ئەلچىسى خۋاشىن ئارقىلىق ليۇ بېينى جىڭجۇنىڭ پاسبانلىقىغا تەيىن قىلىشنى سوراپ مەلۇمات يوللاپتۇ، سۇن چۈەن ئۆز سىڭلىسىنى ليۇ بېيغا بېرىپتۇ، خەنشۈينىڭ يۇقىرىسىدىكى توققۇز ۋىلايەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىكى ليۇ بېيغا قاراپ كېتىپتۇ» دەپ مەلۇم قىلىشتى. ساۋ ساۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ، قولىدىكى قەلەمنى يەرگە تاشلىۋەتتى. چېڭ يۈي:

— باش ۋەزىر جانابلىرى! چوڭ قوشۇن ئىچىدە، ئوقيا، تاشبوران ئىچىدە قالغان پەيتلەردە، ئۆزلىرىگە ئانچە تەسىر قىلمىغانىدى؛ بۈگۈن ليۇ بېيىنىڭ جىگجۇغا ئىگە بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمىشقا مۇنچىلىك چۆچۈپ كېتىدىلا؟ — دېدى.

— ليۇ بېي ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەجدىھادۇر، ھازىرغىچە ئۆمرىدە سۇغا ئىگە بولالمىدى. بۈگۈن جىگجۇغا ئىگە بولۇشى، باغلاقتىكى ئەجدىھانىڭ دېڭىزغا كىرىۋالغىنىغا ئوخشاشتۇر. بۇنىڭغا چۆچۈمەي تۇرالايتتىممۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر! — دەپ سورىدى چېڭ يۈي، — خۇا شىننىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇقتىلىمۇ؟

— بىلمىدىم.

— ليۇ بېينى كۆرەلمەيدىغان سۈن چۈەن لەشكەر بىلەن تېگىش قىلىشنى ئويلىسىمۇ، پۇرسەتنى پايدىلىنىپ سىلىنىڭ تېگىش قىلىشلىرىدىن قورقۇپ، خۇا شىننى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، ئۇ ليۇ بېينى تونۇشتۇرغان. ئۇ ليۇ بېينى خاتىرجەم قىلىپ، سىلىنىڭ دىققەتلىرىنى بۇرىماقچى بولغان.

— دۇرۇس، — دېدى باش ئىشارىسى بىلەن ساۋ ساۋ.

— مېنىڭ بىر پەنتىم بار، — دېدى چېڭ يۈي، — سۈن چۈەن بىلەن ليۇ بېي ئىككىسىنى ئۇرۇشقا سالىمىز - دە، جانابلىرى ئوتتۇرىدىن پايدىلىنىپ، بىرھەملىدە ئىككى ياۋنى يوقىتىدىلا.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خوش بولۇپ، پەنتنى سورىدى. چېڭ يۈي:

— كۇنچىقىش ۋۇنىڭ يۆلىكى جۇ يۈي. باش ۋەزىر جانابلىرى! بۈگۈن خانىمىزغا مەلۇم قىلىپ جۇ يۈينى نەنجۈننىڭ

ھاكىملىقىغا، چېڭ يۈنى جياڭشياننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىن قىلدۇرۇپ، خۇا شىننى ئاچچىقىپ، ئوردىدا مۇھىم خىزمەتكە قويسىلا؛ جۇ يۈي چوقۇم ئۆزلۈكىدىنلا ليۇ بېي بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ. بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى يوقاتساق، ياخشى بولمامدۇ؟ — دەپ پەنتنى بايان قىلدى.

— چېڭ يۈي! سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرى مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولدى، — دېدى ساۋ ساۋ.

شۇئان خۇا شىننى مۇنارغا چاقىرتتى ۋە كاتتا ئىنئام بەردى. بۇ كۈنى مەرىكە ـ سورۇن تارقىغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋ قەلەمدار ـ ئەمەلدار بەگلەر بىلەن شۈيچاڭغا قايتتى. جۇ يۈينى نەنجۈننىڭ باش ھاكىملىقىغا، چېڭ پۈنى جياڭشياننىڭ ھاكىملىقىغا مەلۇم قىلدى. خۇا شىننى ئەدلىيە دىۋانى قىلىپ بەلگىلەپ، پايتەخت شۈيچاڭدا ئېلىپ قالدى. جۇ يۈي، چېڭ پۇلارغا ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۆنچىقىش ۋۇۋغا بۇيرۇق ئەۋەتتى.

جۇ يۈي نەنجۈنگە ھاكىم بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ قىساس ئالغۇسى كەلدى، ۋۇ بېگىگە ئىلتىماس يېزىپ، جىڭجۈنى قايتۇرۇش توغرۇلۇق لۇ سۇغا بۇيرۇق بېرىشنى سورىدى.

سۈن چۈەن لۇ سۇغا بۇيرۇق بېرىۋېتىپ:

— ئۆتمۈشتە سىلى جىڭجۈنى ليۇ بېيغا ئارىيەتكە بېرىپ كېپىل بولغانىدىلە، بۈگۈن ليۇ بېي ئارقىغا سۆرەپ قايتۇرمايۋاتىدۇ، قاچانغىچە كۈتىمىز؟ — دېدى.

— ھۆججەتتە شىچۈەننى ئالغاندىن كېيىن قايتۇرىمەن دەپ ئوچۇق يېزىلغان، — دېدى لۇ سۇ.

— شىچۈەننى ئالسىمەنلا دەيدۇ، بۈگۈنگە قەدەر تېخى لەشكەرلەر قىمىر قىلمايۋاتىدۇ، كۈتۈپ قېرىپ كەتمەمدۇق كىشى! — دەپ كايىدى سۈن چۈەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن بېرىپ سۆزلىشىپ كېلەي، — دېدى لۈ سۇ ۋە كېمىگە چۈشۈپ جىڭجۇغا راۋان بولدى.

ليۇ بېي جۇگې لياڭ بىلەن جىڭجۇدا تۇرغۇن ئاشلىق، يەم - خەشەك توپلاپ، لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇپ تۇردى. يىراق - يېقىندىكى نۇرغۇن دانىشمەنلەر خىزمىتىگە كىردى. تۇساتتىن لۈ سۇ كەلدى دەپ مەلۇم قىلىنىشتى، ليۇ بېي جۇگې لياڭدىن:

— لۈ سۇنىڭ بۇ سەپەردىن مەقسىتى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن سۇن چۈەننىڭ جانابلىرىنى جىڭجۇ پاسىبانلىقىغا مەلۇم قىلىشى، ساۋ ساۋدىن قورققانلىقىدىن كۆرگەن تەدبىرى ئىدى. ئەمدى ساۋ ساۋنىڭ جۇ يۈينى نەنجۈننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىن قىلىشى، بىز بىلەن ئۇنى بىر - بىرىگە سېلىپ، ئۇ ئوتتۇرىدىن پايدىلىنىپ بىزنى يوقاتماقچى بولغانلىقى. بۈگۈن لۈ سۇنىڭ كېلىشى، جۇ يۈينىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جىڭجۇنى ئالماقچى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى جۇگې لياڭ.

— نېمىدەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟

— ئەگەر لۈ سۇ جىڭجۇ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويسا، جانابلىرى قاتتىق يىغلىسىلا. يىغلىرى ئېچىنىشلىق بىر ھالغا يەتكەن ۋاقىتتا، مەن چىقىپ تەسەللى ئېيتىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، لۈ سۇنى مەھكىمىدە قوبۇل قىلدى ۋە سالام - رەسمىيەتلەردىن كېيىن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. لۈ سۇ:

— بۈگۈن خان تاغىسى ئۆزلىرى كۈنچىقىش ۋۇنىڭ كۈيئوغلى بولدىلا، مەن لۈ سۇنىڭ پاسىبانى ھېسابلىنىدىلا، ئولتۇرۇشقا نېمە ھەددىم؟ — دېدى.

— جانابىي لۇ سۇ ئىككىمىز كونا قەدىردان دوستلاردىن، نېمىشقا بەك كەمتەرلىك قىلىدىلا؟ — دېدى ليۇ بېي.

لۇ سۇ ئولتۇردى. چايدىن كېيىن، لۇ سۇ:

— بۈگۈن ۋۇ بېگىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، مەخسۇس لا جىڭجۇ ئىشى ئۈچۈن كەلدىم. خان تاغىسى بۇ يەرنى ئارىيەتكە ئالغانلىرىغا ئۇزۇن بولدى، تېخى قايتۇرمىدىلا. ھالا ئىككى تەرەپ ئۇرۇق - تۇغقان بولۇشتۇق، تۇغقانلىق خاتىرىسى ئۈچۈن بۇرۇنراق قايتۇرۇشلىرى كېرەك، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ليۇ بېي يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاپ كەتتى.

— خان تاغىسى! نېمىشقا مۇنداق قىلىدىلا؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولغان لۇ سۇ.

ليۇ بېي توختىماستىن يىغلاۋەردى. جۇگې لياڭ دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ:

— ئاڭلاپ تۇرغىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولدى، جانابىي لۇ سۇ! پاسىبانىم يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ھەقىقەتەن بىلمەيمەن.

— بۇنى بىلىپ بولمايدىغان نېمىسى بار؟ ئۆز نۆۋىتىدە پاسىبانىم جىڭجۇنى ئارىيەتكە ئالغان ۋاقتىدا، شىچۈەننى ئالغاندىن كېيىن قايتۇرىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدى، ئېگىنى ئويلاپ كەلسە، يىجۇلۇق ليۇ جاڭ پاسىبانىمنىڭ ئىنىسى بولىدۇ، ھەممىيلەن خەن خاندانلىقىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى. ئەگەر يۈرۈش قىلىپ، شەھەر - زېمىنلىرىنى تارتىۋالسا، خەلقئالەمنىڭ تىلىغا قېلىشى ئېھتىمال؛ ئەگەر ئۇ يەرنى ئالماي، جىڭجۇنى قايتۇرسا، نەگە بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ؟ قايتۇرماي دېسە، قېيناكىسىغا يۈز كېلەلمەيدۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپتىن قېينالغاچقا، ئېچىنىپ يىغلىماقتا، — دېدى جۇگې لياڭ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ليۇ بېي تازا تەسىرلىنىپ راستتىنلا مەيدىسىگە ئۇرۇپ، يەرگە تەپكەن ھالدا ئېچىنىپ قاتتىق يىغلاپ

كەتتى.

— خان تاغىسى! كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، جوگې لياڭ بىلەن ئوبدان بىر مەسلىھەت قىلايلى، — دېدى لۇ سۇ.

— جانابىي لۇ سۇ! سىلىنى يەنە ئاۋارە قىلساق، قايتىپ بېرىپ ۋۇ بېگى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈشتە سۆزلىرىنى ئايىماسلىقلىرىنى، ۋۇ بېگىگە مەلۇم قىلىپ، يەنە بىر زامان كەڭچىلىك قىلدۇرۇشلىرىنى سورايمەن، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى جوگې لياڭ.

— ئەگەر، — دېدى لۇ سۇ، — ۋۇ بېگى مەقبۇل كۆرمىسە، قانداق قىلىمەن؟

— ۋۇ بېگى ئۆز سىڭلىسىنى خان تاغىسىغا بېرىپ تۇرۇپ، نېمىشقا مەقبۇل كۆرمەيدۇ؟ لۇ سۇ! ئۆزلىرىنىڭ ياخشى سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى جوگې لياڭ.

لۇ سۇ كەڭ قورساق، سېخىي ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، ليۇ بېينىڭ مۇنچىلىك قايغۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ليۇ بېي، جوگې لياڭلار تەزىم قىلىپ تەشەككۇر بىلدۈردى. مەرىكىدىن كېيىن، لۇ سۇنى كېمىگىچە ئۇزىتىپ باردى.

لۇ سۇ سەيساڭغا كېلىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشتى ـ دە، ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى. جۇ يۈي پەر تېپىپ تۇرۇپ:

— لۇ سۇ يەنە جوگې لياڭنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ كېتىپتىلا، شىچۈەن، ليۇ جاڭ بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز پەيتىدە ليۇ بېي ليۇ بياۋ ھىمايىسىگە كىرگەن ۋاقتىدا، دائىم جىڭجۇنى ئېلىشنى ئويلايتتى. مۇشۇنداق سۇرۇۋۇەرسە، بۇنىڭ كاساپىتى سىلىگە تەگمەي قالمايدۇ. مېنىڭ بىر پەنتىم باركى، جوگې لياڭ پەنجەمدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. لۇ سۇ، يەنە بىر قېتىم بېرىپ

كەلسىلە، — دېدى.

— ئوبدان پەنتلىرىنى ئاڭلاپ باقسام، — دېدى لۇ سۇ.

— ۋۇ بېگى بىلەن كۆرۈشۈشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق، يەنە جىڭجۇغا قايتسىلا ـ دە، ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ: سۇن، ليۇ ئىككى جەمەت ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇشتى، بىر ئائىلە بولدى؛ ئەگەر سىلى ئۇچۇن شىچۇەننى ئېلىش توغرا كەلمىسە، كۇنچىقىش ۋۇ لەشكىرى يۇرۇش قىلىپ شىچۇەننى ئالسۇن؛ شىچۇەننى ئالغاندىن كېيىن، شىچۇەننى قىز مېلى قاتارىدا سىلىگە بېرەيلى، جىڭجۇنى كۇنىيېتىش ۋۇغا قايتۇرسىلا دېسىلە، — دېدى جۇ يۈي.

— شىچۇەن يىراقتا، ئېلىش ئاسان ئەمەس، تۇتۇقبېگىم! بۇ پەنتلىرى ئەمەلگە ئاشامسىكى؟ — دېدى لۇ سۇ.

— لۇ سۇ، سىلى ھەقىقەتەن كەڭ ئادەم. سىلى راستتىنلا مېنى شىچۇەننى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىدۇ دەپ ئويلامدىلا؟ مەن بۇنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ جىڭجۇنى ئالىمەن. كۇنچىقىش ۋۇ قوشۇنى شىچۇەنگە بېرىش ئۈچۈن يولدا جىڭجۇدىن ئۆتىدۇ، ئۇلاردىن پۇل، ئاشلىق سورايمىز، ليۇ بېي چوقۇم شەھەردىن چىقىپ لەشكەرلەردىن ھال سورايدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈرۈپ، جىڭجۇنى تارتىۋالىمەن ـ دە، ئۆچىمىزنى ئېلىپ، جانابلىرىنى بالادىن قۇتۇلدۇرىمەن، — دېدى كۈلۈپ جۇ يۈي.

ناھايىتى خۇشال بولغان لۇ سۇ يەنە جىڭجۇغا كەلدى. ليۇ بېي جۇگې لياڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— لۇ سۇ چوقۇم ۋۇ بېگى بىلەن كۆرۈشمىدى، سەيساڭغىلا

بېرىپ، جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشتى ـ دە، بىرەر ھىيلە ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ بىزنى ئالدىغىلى كەلدى، سۆز قىلغانلىرىدا جانابلىرى مېنىڭ باش ئىشارىتىمگە قاراپ، پۈتۈنلەي ماقۇل دەپ جاۋاب بېرۈۋرلەر، — دېدى جۇگې لياڭ.

مەسلىھەتنى توختىتىپ بولغاندىن كېيىن، لۇ سۇنى قوبۇل قىلىشتى. سالام، رەسمىيەتلەردىن كېيىن، لۇ سۇ:

— ۋۇ بېگى خان تاغىسى جانابلىرىنىڭ پەزىل ـ ئەخلاقلىرىنى مەدھىيىلىدى، پالۋانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سىلى ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ شىچۈەننى ئالماقچى بولدى، شىچۈەننى ئالغاندىن كېيىن، جىڭجۇغا تېگىشىپ، شىچۈەننى قىز مېلى قاتارىدا ئۆزلىرىگە بېرىدىغان بولدى. ئەمما، قوشۇن بۇ يەردىن ئۆتكەندە، مالىيە، ئاشلىق جەھەتتىن ياردەم بېرىشلىرىنى سورايمىز، — دېدى.

جۇگې لياڭ بۇنى ئاڭلاپ ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— ۋۇ بېگىنىڭ نىيىتى نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! — دېدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى لۇ سۇ سىلىنىڭ ياخشى سۆزلىرىنىڭ نەتىجىسى، — دېدى ليۇ بېي تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ھالدا.

— ئەگەر تەڭدىشى يوق لەشكەرلەر يېتىپ كېلىدىكەن، يىراق يەرگىچە ئىستىقبالغا چىقىپ، لەشكەرلەردىن ھال سوراشقا تەييارمىز، — دېدى جۇگې لياڭ.

لۇ سۇ كۆڭلىدە خۇرسەن بولدى، مەرىكىدىن كېيىن خەيرلىشىپ كەتتى. ليۇ بېي جۇگې لياڭدىن:

— بۇنىڭدىن مەقسىتى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— جۇ يۈينىڭ ئۆلەر كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى! مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitabi.com

ھىيلە بىلەن كىچىك بالىنىمۇ ئالدىغىلى بولمايدۇ! — دېدى جۇگې لياڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— قانداق؟

— بۇ يول ئارىيەت ئېلىپ گۇ بەگلىكىنى يوقىتىش ھىيلىسى*. نامدا شىچۇەنىي ئالىمەن دەپ، ئەمەلىيەتتە جىڭجۇنى ئالماقچى شەھەردىن چىقىپ لەشكەرلەردىن ھال سورىغان ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇتىدۇ - دە، شەھەرگە قىرغىن قىلىپ كىرمەكچى، ھازىرلىقسىز پەيتتىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلىش، ئويلانمىغان يەردىن كېلىش دېگەن شۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— جانابىي پاسىبانىم! خاتىرجەم بولسىلا، «ئوقيانى يوشۇرۇپ يولۋاسنى ئېتىش، تەملىك خورەك بىلەن تاشپاقا - بېلىق تۇتۇش» ھىيلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەرسىلە! جۇ يۈي يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئۆلمىگەن ھالەتتىمۇ، جان ئۈزۈشكە ئاز قالىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ ۋە جاۋ يۈنىنى چاقىرىپ: «مۇنداق، مۇنداق قىلۇرسىز، قالغىنىنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن» دەپ ھىيلە ئۆگەتتى.

ليۇ بېي ناھايىتى خۇرسەن بولدى. كېيىنكىلەر بۇنى مۇنداق بىر قوشاق پۈتۈپ مەدھىيىلىگەن:

*ھىيلە - تەدبىرلەر بىلەن جىڭجۇنى ئالماق بولدى جۇ**،*
*جۇگې لياڭ ئەقلى بىلەن ئېچىلدى سىر، ھىيلەسىمۇ.*
*مەززىلىك خورەكنى كۆزلەپ كەلدى چاڭجياڭ بويىغا،*
*بىلمىدى خورەكتە قارماق بارلىقىنى زادى ئۇ.*

لۇ سۇ قايتىپ كېلىپ جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشۈپ، ليۇ بېي بىلەن جۇگې لياڭنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى، شەھەردىن چىقىپ

---

* يول ئارىيەت ئېلىپ گۇ بەگلىكىنى يوقىتىش ھىيلىسى — چۇنچيۇ دەۋرىدە جىن بەگلىكى گۇ بەگلىكى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، يۈي بەگلىكىدىن يول ئارىيەتكە ئالىدۇ، گۇ بەگلىكىنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن، قايتىشتا يۈي بەگلىكىنى ھەم يوقىتىدۇ.

** جۇ — جۇ يۈي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوشۇندىن ھال سوراشقا تەييارلىنىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. جۇ يۈي قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئەمدى مېنىڭ ئۆزۈمگە چۈشىدىغان بولدى! — دېدى ۋە لۇ سۈنى سۈن چۈەنگە مەلۇمات بېرىشكە ھەمدە چىڭ پۇنى قوشۇننى ئاپىرىپ ھەمدەملىشىشكە بۇيرۇدى.

بۇ ۋاقىتتا جۇ يۈينىڭ ئوقيا جاراھىتى ساقىيىپ، تېنى سەللىمازا بولۇپ قالغانىدى. گەن نىڭ ئۆرشاۋۇل قىسمىنى باشلاپ ماڭىدىغان بولدى. ئۆزى بولسا شۇي شېڭ، دىڭ فېڭلار بىلەن ئىككىنچى قوشۇننى باشلاپ ماڭىدىغان بولدى؛ لىڭ تۇڭ، لۈي مېڭلار ھىماتچى قىسمىنى باشلاپ ماڭىدىغان بولدى. سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرى بولۇپ جەمئىي 5 تۈمەن لەشكەر جىڭجۇغا قاراپ راۋان بولدى. جۇ يۈي كېمىدە شادلىنىپ توختىماي كۈلۈپ كەتتى، ئۇ جىڭگى لياڭنى تۇزاققا چۈشتى دەپ ئويلىدى. ئۆرشاۋۇل قوشۇن شياكۇغا يېتىپ كەلگەندە، جۇ يۈي:

— ئالدىمىزدا جىڭجۇدىن ئالدىمىزغا چىققانلار بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— خان تاغىسى ليۇ بېي ئۇتۇقبەگ بىلەن كۆرۈشكىلى مى جۇنى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى كىشىلىرى مەلۇم قىلىپ.

جۇ يۈي چاقىرتىپ كىرىپ، لەشكەرلەردىن ھال سوراش ئىشىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورىدى.

— جانابىي پاسبانىم ھەممە ئىشنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويدى، — دېدى مى جۇ.

— خان تاغىسى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى جۇ يۈي.

— جىڭجۇ شەھىرىنىڭ تېشىدا، ئۇتۇقبەگكە شاراب ئۇتىمەن دەپ كۈتۈپ قالدى، — دېدى مى جۇ.

— بۇگۈن سىلىنىڭ ئىشلار ئۈچۈن يىراقلارغا يۈرۈش قىلدۇق، لەشكەرلەردىن ھال سوراش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىشىڭلار كېرەك، — دېدى جۇ يۈي.

مى جۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئالدىن قايتتى. دەرياغا زىچ تىزىلغان جەڭ كېمىلىرى ئۆز تەرتىپى بىلەن ئالغا راۋان بولدى، گۇڭگۇڭەنگە ئاز قالغاندىمۇ، نە بىرەر جەڭ كېمىسى، نە بىرەر ئادەم يىراقتا ئىستىقبالغا چىقمىدى. جۇ يۈي كېمىلەرنى تېز يۈرۈشكە بۇيرۇدى. جىڭجۇغا ئون چاقىرىمچە قالغاندىمۇ، دەريانىڭ ئۈستىدە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئايغاقچىلار قايتىپ كېلىپ:

— جىڭجۇ شېپىلىنىڭ ئۈستىگە ئىككى دانە ئاق بايراق قاداقلىق تۇرۇپتۇ، بىرەرتە ئادەمنىڭ ئەسىرىمۇ يوق. — دەپ مەلۇم قىلدى.

گۇمانلانغان جۇ يۈي، كېمىلەرنى قىرغاققا ياندىشتۇردى، ئۆزى قىرغاققا چىقىپ ئاتلىنىپ، گەن نىڭ، شۇي شىڭ، دىڭ فېڭ دېگەن پالۋانلارنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تاللانغان 3000 لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جىڭجۇغا قاراپ كەلدى. سېپىلنىڭ تۈۋىگە كەلگەندىمۇ، ھېچبىر گەپ ـ سۆز يوق. جۇ يۈي ئېتىنى توختىتىپ، نۆكەرلىرىگە دەرۋازىنى ئاچسۇن، چاقىرىڭلار، دېدى. سېپىلدىكىلەر: «كىم؟» دەپ سورىدى.

— كۇنچىقىش ۋۇنىڭ تۇتۇقبېگى جۇ يۈي شەخسەن ئۆزى كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى كۇنچىقىش ۋۇ لەشكەرلىرى.

سۆز تېخى تۈگىمەستىنلا ئۇشتۇمتۇت تاك ـ تاك ئاۋازى چىقىش بىلەن تەڭ سېپىلدىكى لەشكەرلەر نەيزە ـ ئىلمەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشتى. سېپىل راۋىقىغا چىققان جاۋ يۈن:

— بۇ سەپەرلىرىڭنىڭ مەقسىتى زادى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— پاسىبانىڭىز ئۇچۇن شىجۇەننى ئالىمەن دەپ كەلدىم، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز يوقمىدى؟ — دېدى جۇ يۈي.

— مۇشاۋىر جۇگې لياڭ، — دېدى جاۋ يۈن، — سىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇتۇقبەگنىڭ «يول ئارىيەتكە ئېلىپ گۇ بەگلىكىنى يوقىتىش» ھىيلىلىرىنى ئاللىقاچان ئۇقۇپ، مەن جاۋ يۇتنى بۇ يەرگە قالدۇرۇپ كەتتى. پاسىبانىم يەنە: «مەن ليۇ جاڭ بىلەن ھەممىمىز خەن خاندانلىقىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى بولىمىز، ھەقلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، شىچۇەننى قانداق ئالىمەن؟ ئەگەر كۈنچىقىش ۋۇ راستتىنلا شىچۇەننى ئالىدىغان بولسا، چېچىمنى چۇۋۇپ تەركىدۇنيا بولۇپ تاغلارغا چىقىپ كېتىمەن، خەلقىئالەم ئالدىدا ئىناۋىتىمنى يوقاتمايمەن» دېگەننىدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جۇ يۈي ئېتىنى قايتۇرۇپ ماڭماقچى بولدى، بۇ چاغدا بۇيرۇق تۇغى تۇتقان بىر نۆكەر ئات ئالدىغا كېلىپ، «تۆت تەرەپتىن قوشۇن بىردەك قىرغىن قىلىپ كېلىۋاتىدۇ: گۈەن يۈي جياڭلىڭدىن، جاڭ فېي زىگۈيدىن، خۇاڭ جۇڭ گوڭئەندىن، ۋېي يەن چەنلىڭنىڭ كىچىك يولىدىن چاپ - چاپ قىلىپ كېلىپ قالدى، تۆت تەرەپتىن كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ ھەددى - ھېسابى يوق، چۇقان ئاۋازى 100 چاقىرىمچە يەرگە ئاڭلانماقتا، ھەممە جۇ يۈينى تۇتىمىز دەپ كەلمەكتە ئىكەن» دەپ مەلۇم قىلدى.

جۇ يۈي ئات ئۈستىدە چىرقىراپ تاشلىدى، ئوقيا جاراھىتى يەنە يېرىلىپ كەتتى - دە، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى.

دەرھەقىقەت:

*شاھماتتا ماھىر بولسىمۇ ئۇ،*
*ئۆز رەقىبىنى يېڭىش كەلدى تەس.*
*نەچچە رەت تەدبىر قوللانسىمۇ ئۇ،*
*ئاشمىدى ئەمەلگە تەدبىرلىرى بەس.*

جۇ يۈي ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك يەتتىنچى باب

## جۇگې لياڭنىڭ سەيساڭكۇدا تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى پاڭ تۇڭنىڭ لېيياڭ ناھىيىسىدە ئىش باشقۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، غەزەپلەنگەن جۇ يۈي نەپسى سىقىلىپ بوغۇلدى - دە، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، ئەتراپىدىكىلەر تېزلىكتە يۆلەشتۈرۈپ كېمىگە چۈشۈردى. لەشكەرلەر ئارىسىدا: «ليۇ بېي، جۇگې لياڭ ئالدى تاغنىڭ ئۈستىدە شارابخورلۇق قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىشىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلەر تارقالدى. بۇنى ئاڭلاپ قالغان جۇ يۈينىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— سەنزە مېنى شىچۈەننى ئالالمايدۇ دەمسەن، شىچۈەننى ئېلىشقا ئانت ئىچىمەن! — دېدى.

غەزەپلىنىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە، ۋۇ بېگى ئىنىسى سۈن يۈينى ئەۋەتكەنىكەن، يېتىپ كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى. جۇ يۈي قوبۇل قىلىپ، ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. سۈن يۈي:

— ئاكامنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، تۇتۇقبېگىم، سىلىگە ھەمدەملەشكىلى كەلدىم، — دېدى - دە، شۇئان قوشۇنغا ئالغا يۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى. باچيۇغا يېتىپ كەلگەندە، ئادەملەر: دەريانىڭ ئۈستى ئېقىمىدا ليۇ فېڭ، گۈەن پىڭ ئىككىسى لەشكەرلىرى بىلەن سۇ يولىنى توسۇپ يېتىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلىشتى. جۇ يۈي ئاڭلاپ تېخىمۇ غەزەپلەندى. توساتتىن يەنە

www.uyghurkitap.com

جۇگې لياڭنىڭ ئەۋەتكەن خېتى كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى. جۇ يۈي خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

خەن لەشكەرلىرىنىڭ مۇشاۋىر كەپتاۋۇلى جۇگې لياڭدىن كۈنچىقىش ۋۇنىڭ باش تۇتۇقبېگى جۇ يۈي جانابلىرىغا!

سەيساڭدىن ئايرىلغىنىمدىن بېرى، ھازىرغا قەدەر سىلىنى ھېچبىر ئۇنتۇغىنىم يوق. ئاڭلىشىمچە جانابلىرى شىچۇەننى ئالماقچى بوپتىلا، مېنىڭچە مۇمكىن بولماسمىكىن. يىجۇ ئاھالىسى توق ياشايدۇ، يەر شارائىتى خەتەرلىك. ليۇ جاڭ نادان، ئاجىز بولسىمۇ، يىجۇنى تولۇق قوغدىيالايدۇ؛ بۈگۈن قوشۇننى 10 مىڭ يوللارچە يىراق يۈرۈشكە سېلىپ، تولۇق نۇسرەت قازانماقچى بولۇۋاتىدىلا، ۋۇ چى بولغان تەقدىردىمۇ بۇنداق قىلالمايتتى، سۇن ۋۇ بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ئىشنىڭ ئايىغىنى چىقىرالمايتتى. چىبىدا يېڭىلگەن ساۋ ساۋ ئىنتىقام ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغاندىمۇ؟ بۈگۈن جانابلىرى يىراققا يۈرۈش قىلغانلىرىدا، ئەگەر ساۋ ساۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېلىپ قالسا، جياڭنەننى تارمار قىلىپ تاشلايدۇ. كەمىنە جۇگې لياڭلىرى بۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرالمايدۇ. شۇڭا ئالاھىدە بىلدۈرۈپ قويدۇم. قاراپ ھەرىكەت قىلىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

جۇ يۈي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، بىر ئاھ ئۇردى ـ دە، ئەتراپىدىكىلەرگە قەلەم، قەغەز ئەكەلدۈرۈپ، ۋۇ بېگىگە خەت يازدى. ئاندىن ھەممە پالۋانلارنى چاقىرىپ:

— مەن ئېلىمگە ساداقەتلىك خىزمىتىمنى ئاداققىچە قىلالمىدىم، بۇنىڭغا ئۆمرۈم يار بەرمىدى. سىلەر ۋۇ بېگىگە ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئۇلۇغ ئىشنى بىرلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرۇرسىلەر، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپلا ھوشىدىن كېتىپ

قالدى، بىر پەستىن كېيىن يەنە ھوشىغا كېلىپ، ئاسمانغا قارىغان ھالدا ئاھ ئۇرۇپ، — ئەي رەببىم! جۇ يۈينى يارانقاندىن كېيىن، جۇگې لياڭنى يارىتىپ نېمە قىلاتتىڭ! — دەپ بىرنەچچە قېتىم تولۇلدى - دە، ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ شۇ يىلى 36 ياشتا ئىدى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاق پۈتكەن:

*چىبىدا قىلدى جاڭ قالدى ئۇنىڭ چوڭ شۆھرىتى - شانى،*
*تۇۋەرلىك چېغىدا چىقتى بولۇپ يۇر ئاتىقى - نامى.*
*گۇشتىسە ناخشا - سازلارنى بىتەتتى تېگىگە گويدان،*
*قەدەھتە ئېسىدىن چىقماس ئۇنىڭ ئۇز دوستى - يارەنى.*
*ئېلىپ ئۆتتىگە 3000 خۇ بېيەگكە تويلىدى ئاشلىق،*
*بېشىدا بار ئىدى 100 مىڭ ئاجرىماس مەردۇ لەشكىرى.*
*ئۆمرى تۈگىدى — ئۆلدى ئۇ ئاخىر باچيۇ شەھىرىدە،*
*ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ ماتەم تۇتۇشتى ئاشۇ يۇرت ئەھلى.*

جۇ يۈينىڭ جەسىتى باچيۇدا ساقلاندى. سەركەردىلەر ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خېتىنى چاپارمەن ئارقىلىق سۈن چۈەنگە يوللىدى. جۇ يۈينىڭ ۋاپات ئەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان سۈن چۈەن قاتتىق يىغلىدى. خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى، خەتتە لۇ سۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا قويۇش تەۋسىيە قىلىنىپتۇ. خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

كەمىنە جۇ يۈيلىرى ئاددىي بىر ئادەم بولسامۇ، ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى، ئىشەنچلىرىگە سازاۋەر بولۇپ، قوشۇننىڭ سەركەردىلىكىگە تەيىنلەندىم، كۈچۈمنىڭ بارىچە ياردەمچىلىكىمنى ئۆتەپ، خىزمەتلىرىنى قىلماسقا نېمە ھەددىم ئىدى؟ نەچارىكى، ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مەقسەت - غايەمنى ئەمەلگە ئاشۇرالماستىن قىسقىچە ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن كەتكىنىمگە ئىنتايىن ئېچىنىمەن! ھالا ساۋ ساۋ

يۇقىرىدا، جەڭ ئىشلىرى تېخى تۈگىگىنى يوق، لىۋ بېي يېرىمىزنى ئېلىپ ياتىدۇ، بۇ خۇددى يولۋاسقا ماكان بەرگەندەكلا بىر ئىش؛ ئەلنىڭ ئىشىنى تېخى بىلىپ بولمايدۇ. ھازىر تازا باش قاتۇرۇپ قاتتىق ئىشلەيدىغان پەيت. لۇ سۇ ساداقەتمەن زات، ئىشنى ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ، مېنىڭ ئورنۇمغا تەيىن ئەتسىلە بولىدۇ. «ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەم ياخشى سۆزلەرنى قىلىدۇ». ئالىيلىرى سۆزۈمنى قوبۇل قىلسىلا، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى.

سۇن چۈەن خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يىغلاپ تۇرۇپ:

— جۇ يۈي پادىشاھلارغا يارەمچى بولۇش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىدى، بۈگۈن ئۆمرى يار بەرمەي، تاسادىپەن ئالەمدىن كەتتى، ئەمدى كىمگە يۆلىنىمەن؟ مادامىكى لۇ سۇنى ئۆز ئورنىغا تەيىن قىلىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىپتىكەن، بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماسلىققا نېمە ھەددىم؟ — دېدى.

ئۇ شۇ كۈنىلا لۇ سۇنى تۇتۇقبەگلىككە تەيىنلەپ، قوشۇننى باشقۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن جۇ يۈينىڭ گۆرنەيتى ئەكېلىپ دەپنە قىلىشقا بۇيرۇق چىقاردى.

جۇگې لياڭ جىڭجۇدا كېچىسى يۇلتۇزلارغا قاراپ، پالۋان يۇلتۇزلىرىدىن بىرى يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، كۈلۈپ: «جۇ يۈي ۋاپات قىپتۇ» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە. تاڭ ئاتقاندا بۇنى لىۋ بېيگە ئېيتىپ بەردى. لىۋ بېي ئايغاقچىلار ئەۋەتىپ خەۋەر ئالغۇزغانىدى، ئۆلگەنلىكى راست بولۇپ چىقتى. لىۋ بېي جۇگې لياڭدىن:

— جۇ يۈي ۋاپات قىپتۇ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— جۇ يۈينىڭ ئورنىغا چوقۇم لۇ سۇ سەركەردە بولىدۇ.

مەن يۇلتۇزلارغا قارىسام، پالۋانلار يۇلتۇزلىرى كۈنچىقىش تەرەپكە توپلىشىۋاپتۇ. مەن تەزىيە بىلدۈرۈش باھانىسى بىلەن جياڭدۇڭغا بىر بېرىپ كېلەي، جانابىي خوجايىنىمنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن دانىشمەنلەر تېپىپ كېلەي، — دېدى.

— كۈنچىقىش ۋۇ پالۋانلىرى جانابلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويارمىكىن، — دېدى ليۇ بېي.

— جۇ يۈي ھايات ۋاقتىدا قورقماي بارغانىدىم؛ ئەمدى جۇ يۈي ئۆلگەندە ماڭا قانداق ھادىسە كېلەتتى؟ — دېدى جۇگې لياڭ ۋە جاۋ يۈن بىلەن 500 نۆكەر ئېلىپ، تەزىيىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ھازىرلاپ، تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېمە بىلەن باچيۇغا راۋان بولدى. يولدا سۈن چۈەننىڭ لۇ سۇنى تۇتۇقبەگلىككە تەيىنلەپ بۇيرۇق چىقارغانلىقىنى، جۇ يۈينىڭ گۆەنسەينى سەيساڭغا ئېلىپ كېتىشكەنلىكىنى ئاڭلىدى. جۇگې لياڭ سەيساڭغا كەلگەندە، لۇ سۇ ئۇنى قائىدە - يوسۇن بويىچە كۈتۈۋالدى. جۇ يۈينىڭ پالۋانلىرى جۇگې لياڭنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغان بولسىمۇ، جاۋ يۈننىڭ قىلىچلىق ھالدا بىللىلا يۈرگەنلىكىنى كۆرۈشۈپ، قول سېلىشقا جۈرئەت قىلىشالمىدى. جۇگې لياڭ گۆەنسەي ئالدىغا سەدىقاتلىرىنى قويغۇزۇپ، شەخسەن ئۆزى شارابنى يەرگە قويۇپ يۈكۈندى - دە، مۇنۇ مەرسىيىنى ئوقۇدى:

*ئىستەي ھەزرىتى جۇ يۈي قازارا تۈگىدى ئۆمرۈڭ،*
*جىمى خەلق چەكتى ئاھ! قىسقا ئىكەن قىسمەتتۇ تەقدىرىڭ.*
*ئېچىنىدى ئۆرتىنىپ قەلبىم شۇڭا جامدىن شاراب چاچتىم،*
*تېپىپ كۆرسۇن شارابىمنى ھايات بولسا روھاناتىڭ.*
*تەزىيە بىلدۈرەي شۇل دەم سەبىي ئەۋلادۇ پۇشتۇڭغا،*
*ئەقىدە باغلىغانىدىڭ بولۇپ دوست سەنمۇ سۈن سىغا.*
*مۇلۇك - دۇنيانى دوست تۇتماي كۆرۈپ مەردلىكنى سەن ئەلا،*
*ئۆتتۈندۇڭ ئۆزگىگە دۇنيا - بىلىگىنى ئايىماي ئەسلا.*

تەربىيە بىلدۈرەي ياشلىق ـ ئۇۋۇرلىك چاقنىرىلىك يۈتتى،
سەپەر قىلدىڭ يىراق ھىجران يېغىغا چىرىغىم ئۆچتى.
يۈچۈلماس ئەيلىگەن ئەردىڭ يېرىگنى يۈختىلاپ ئويدان،
كېسىپ جىياگىنەن دىيارىنى تۇتۇپ ئاللغاتىدىك شۇلئان.
تەربىيە بىلدۈرەي باتۇرلۇقىڭغا ئاپىرىن ئەي مەرد،
يىراق باچيۈنى تىنجىتتىڭ سىلىپ لىۋ بىياۋغا سەن ۋەھشەت.
پەرشان ئەيلىمەدىڭ قاتتىق، قويۇپ جىڭ شىگنى تەشۋىشتە،
جازالاپ قارا يۈزلەرنى ئۆلارغا قىلمىدىڭ رەھمە.
كىچىك چاۋ بولدى ھەمراھىڭ تەربىيە نوجۇانىڭغا،
شەھىنشاھ خەن كېيۇ ئوغلى مۇناسىپ خاندانلىققا.
تەربىيە مەردانىلىك ـ باتۇرلۇقۇڭ قىلدى مىنى قايىل،
چىقىپسەن قارشى رەنگە پەقەتلا بەرمىدىڭ خۇش دىل.
ئۇچۇشقا تەخمۇتەغ تۇردۇڭ قاناتىڭ چۈشمىدى پەسكە،
تىرىشتىڭ ئۇچقىلى پەرۋاز قىلىپ ھەر چاغدا، ھەر پەيتتە.
تەربىيە بىلدۈرەي ئالىيجاناب پوياڭدا تۇرغانغا،
ساڭا مۇڭداش بولار ئەردى كېلىپ جىياڭ گەن شۇ قورغانغا.
قىلالتىڭ رەھىمنى جۇ يۈي جىمى ئىشلارنى چاندۇرماي،
يەنە ھەر ئىشتا ئىشلەتتىڭ ئىپسىل پەنت ـ ھىيلە تۇيدۇرماي.
تەربىيە بىلدۈرەي ئالىي ئالانت ۋە ئىستېداتىڭغا،
قەلەمدە ھەم ئەلەمدە تەل ماھارەت ـ ئىقتىدارىڭغا.
تىكىپسەن ئوت بىلەن ياۋغا پاچاقلاپ تاشلىدىڭ شۇل ئان،
كۆچى ئاجىزلىشىپ ياۋنىڭ بولۇپ قالدى كىچىك چاشقان.
تەربىيە بىلدۈرەي ھەزرەت، سېنىڭ ئۆتمۈشلىرىڭ ئەسلەپ،
جاسارەت جۇش ئۇرۇپ تۇرغان باھار چاغىنى ياد ئەيلەپ.
جاھاندىن كەتتى ياڭدۇر دەپ تۆكۈلدى ئازلىق ياشىم،
يىقىلدىڭ قان قىلىپ يەرنى ئەزىز سىرداشۇ قۇرداشىم.
ساداقەتلىك بىلەن مەردانىڭ نىيەت قەلبىڭگە لىق تولغان،
باھادىرلىق ـ جاسارەتمۇ پۈتۈن جىسمىڭغا ئورناشقان.
ۋىدالاشتىڭ بۇ ئالەمدىن كىرىپ تۇتتۇز نەچچىگە ئاخىر،
ياشار نامىڭ ئەبەد ـ مەڭگۇ بۇ ئالەمدە سېنىڭ زاھىر.
تەربىيە بىلدۈرەي ئەي زات، ساڭا دىلكەش ئىمدىڭ شۇنچە،

*يۈرىكىم غەش بولۇپ تولدى بۇ ھىجران دەردۇ ھەسرەتكە،*
*بولۇپ پارە ئېزىلدى غەم ـ پىغاندا زەپ يۈرەك ـ باغرىم،*
*دىلىمدىن تۈگىمەس ئەمدى سېنى دەپ قايغۇ ـ ئارمانىم.*
*تۇتۇپ كۆكنى بۇلۇت، چۈشتى ھازا ـ ماتەمگە كۆك ـ ئاسمان،*
*بۇ ئۈچ قوشۇن چېكىپ ھەسرەت چۈمۈلدى قايغۇغا چەندان.*
*مۇجايىن ھازىدار بولدى تۆكۈپ قايغۇ بىلەن كۆز ـ ياش،*
*تۆكۈپ ياش تۇتتىلەر ماتەم مۇھىبلىرىڭ سېلىپان باش.*
*ناقابىل كۆرمەيىن مېنى ئەقىل كۆرسەت دېدىڭ دائىم،*
*شۇڭا دۇڭخۇۇغا ياردەم قىپ ساۋ ساۋغا قارشى چىققانتىم.*
*پىقىر خەن خانىغا قىلدىم تولا ئىخلاس بىلەن خىزمەت،*
*قىلىپ لىۋ بېيغىمۇ ياردەم ئۈنى تىنچ ئەيلىدىم بۇ پەيت.*
*بۇقا مۈڭگۈزىدەك تۇرۇپ بولۇشتۇق ئىككى ياقتا تەڭ،*
*بېشىدىن ئاخىرغىچە بولۇشقان ئۆزئارا ھەمدەم.*
*ھايات ۋاقتىڭدا ئۆتتۇق بىز پىغان ـ غەمدىن بولۇپ خالىي،*
*ۋاپات بولدۇڭ، پالاكەتكە چۈشۈپ قالدى ئېلىم ھالى.*
*ئىستەي ھەزرىتى جۇ يۈي! سېنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلدۇق،*
*ئەقىدەڭ چىن ئىدى، زادى نومۇسسىزلىقنى كۆرمىدۇق.*
*ھايات بولسا ئىدى روھىڭ بىلەتتى دىل ـ يۈرىكىمنى،*
*سىرىمنى بىلگۈدەك ئەمدى تاپاي ئالەمدە مەن كىمنى.*
*ئىسىت، ئاھ، چېكىمەن ھەسرەت سېنىڭ دەردىڭدە يىغلاپمەن،*
*ئاتاپ ساڭا ئېلىپ كەلگەن نەزىرنى قوبۇل قىلغىنسەن.*

جۇگې لياڭ تەزىيە بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەر قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى، كۆز يېشى بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققاندەك ئاقتى، ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇردى. بۇنى كۆرگەن سەركەردىلەر بىر ـ بىرىگە:

— جىق خەق جۇ يۈي بىلەن جۇگې لياڭ چىقىشالمايدۇ دېيىشەتتى، بۇگۈنكى تەزىيە بىلدۈرۈش ئەھۋالىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى يالغان ئىكەن، — دېيىشتى. لۇ سۇمۇ جۇگې لياڭنىڭ مۇنچىلىك قايغۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تەسىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەندى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە: «جۇگې لىيالڭ دوستلۇقنى ئەۋزەل كۆرىدىكەن، جۇ يۈيىنىڭ ئىچى تار بولغاچقا، ئۆلۈمىگە ئۆزى سەۋەب بوپتۇ» دېدى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاق پۈتكەندى:

*جۇگې لىيالڭ تەنياڭدا ياتسا پەخىرامان ئۇيقۇدا،*
*يەنە شۇچىڭدا قوشۇلەدى پەزلى دانىشلار مانا.*
*يارىتىپ جۇ يۈيىنى تەگرى قىلسا دۇنياغا بەنا،*
*جۇگې لىيالڭ دۇنياغا ئەمدى نە ئۇچۇن لازىم يانا.*

لۇ سۇ مەرىكە ـ سورۇن ھازىرلاپ جۇگې لىياڭنى كۈتتى. مەرىكىدىن كېيىن، جۇگې لىيالڭ خەيرلىشىپ قايتتى، ئەمدى كېمىگە چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا دەريانىڭ ياقىسىدا ئۈچىسىغا دەرۋىشلەرچە تون، بېشىغا بامبۇك باشلىق، پۇتىغا قارا ئاددىي ئاياغ كىيگەن بىر ئادەم كاپ قىلىپ جۇگې لىياڭنى تۇتۇۋېلىپ، قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە:

— سىلى جۇ يۈيىنىڭ جېنىغا قەست قىلىپ، ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدىلا، يەنە تەزىيە بىلدۈرگىلى كەپتىلاغۇ، بۇ كۇنچىقىش ۋۇنىڭ ئادەملىرىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق كۆزلىرىگە ئىلمىغانلىقلىرى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

جۇگې لىيالڭ شۇ زاماتلا بۇ ئادەمگە قارىدى، قارىسا ئۇ چۈجە سۇمۇرۇغ خەلپىتىم پالڭ تۇڭ ئىكەن. جۇگې لىياڭمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئىككىيلەن قول تۇتۇشقان ھالدا كېمىگە چىقىپ مۇڭداشتى. جۇگې لىيالڭ پالڭ تۇڭغا بىر پارە خەت يېزىپ:

— مېنىڭچە سۇن چۈەن جانابلىرىنى لايىقلىرىدا ئىشلەتمەسلىكى چوقۇم. ئەگەر رايلىرىغا سەل مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن، جىڭجۇغا مەرھەمەت قىلسىلا، بىرلىكتە لىيۇ بېيىغا ھەمدەم قىلايلى. ئۇ كەلڭ، ھەققانىي، ئەخلاقلىق ئادەم بولۇپ، ھەزرەتلىرىنىڭ ھاياتلىرىدا تەھسىل قىلغان ئىلىملىرىنى زايە

كەتكۈزمەيدۇ، — دەپ تەۋسىيە قىلدى.

پاڭ تۇڭ: «خوپ!» دەپ خەيرلەشتى. جۇگې لياڭ جىڭجۇغا قايتتى.

لۇ سۇ جۇ يۈيىنىڭ گۆشەنسەينى ئېلىپ ۋۇخۇغا كەلدى، سۈن چۈەن ئىستىقبالىغا چىقىپ، گۆشەنسەي ئالدىدا يىغلاپ تەزىيە بىلدۈردى، ئۇنى ئۆز يۇرتىغا تەنتەنە بىلەن دەپنە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. جۇ يۈيىنىڭ ئىككى ئوغلى، بىر قىزى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى جۇ شۈن، كىچىكىنىڭ ئىسمى جۇ يىن ئىدى. سۈن چۈەن ئۇلارغا زور ئىلتىپات كۆرسەتتى. لۇ سۇ:

— كەمىنىلىرى ناقابىل ئاددىي بىر شەخس بولسامۇ، مەرھۇم جۇ يۈي يېگىلىشىپ ، 卿 مۇھىم ۋەزىپىگە مېنى تونۇشتۇرۇپ قويدى، ھەقىقەتتە بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايمەن. جانابلىرىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن بىر زاتنى تونۇشتۇرماقچىمەن. بۇ ئادەم رەسەتچىلىك، جۇغراپىيە ئىلىملىرىنى مۇكەممەل بىلىدۇ، ئەقىل - پاراسەتتە گۈەن جۇڭ، يۆ يىلاردىن، مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا سۈن ۋۇ، ۋۇ چىلاردىن قېلىشمايدۇ. مۇقەددەم مەرھۇم جۇ يۈيمۇ بۇ كىشىنىڭ كۆپ مەسلىھەتلىرىنى ئالاتتى، جۇگې لياڭمۇ بۇ كىشىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ زات ھازىر جياڭنەندە، نېمىشقا مۇھىم ئىشقا سالمايسىز؟ — دېدى.

سۈن چۈەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە بۇ زاتنىڭ ئىسمىنى سورىدى. لۇ سۇ:

— بۇ زات شياڭياڭلىق، ئىسىم - زاتى پاڭ تۇڭ، يەنە بىر ئىسمى شى يۈەن، دەرۋىشلىك لەقىمى چۈجە سۈمۈرۈغ خەلپىتىمدۇر، — دېدى.

— مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلىغانىدىم، مادامىكى بۇ يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىكەن، چىللاپ كېلىپ كۆرۈشىلى، — دېدى سۇن چۈەن.

شۇنداق قىلىپ لۇ سۇ پاڭ تۇڭنى چىللاپ كېلىپ سۇن چۈەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. سالام ـ رەسمىيەتلەردىن كېيىن سۇن چۈەن نەزەر سالدى، قېشى قويۇق، قاڭشارلىق، يۈزى قارامتۇل، ساقىلى قىسقا، سىماسى غەلىتە بولغاچقا، كۆڭلىگە يارىماي قالدى ۋە:

— جانابلىرى، ھاياتلىرىدا ئاساسەن قايسى ئىلىمنى ئۆگەندىلەكىن؟ — دەپ سورىدى.

— زامانغا بېقىپ ئىش تۇتۇشنى، — دېدى پاڭ تۇڭ جاۋابەن.

— جانابلىرىنىڭ تالانت، بىلىملىرىنى، جۇ يۈيگە سېلىشتۇرغاندا قانداق؟ — دەپ سورىدى سۇن چۈەن.

— مېنىڭ ئۆگەنگىنىم جۇ يۈينىڭ ئۆگەنگىنى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ، — دېدى پاڭ تۇڭ كۈلۈپ.

سۇن چۈەن ھاياتىدا جۇ يۈينى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، پاڭ تۇڭنىڭ مەنسىتمىگەنلىكىنى بايقاپ، كۆڭلىگە تېخىمۇ ياقمىدى ـ دە:

— جانابلىرى! ھازىرچە قايتىپ تۇرسىلا، ئۆزلىرىگە ھاجىتىمىز چۈشكەن ۋاقىتتا تەكلىپ قىلارمىز، — دېدى.

پاڭ تۇڭ ئۇزۇن بىر تىنىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

— جانابىي پاسىبانىم! نېمىشقا پاڭ تۇڭنى ئىشقا سالمايدىلا؟ — دېدى لۇ سۇ.

— تەلۋە ئادەم ئىكەن، ئىشلەتكەننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى سۇن چۈەن.

— چىبى ئۇرۇشى ۋاقتىدا، — دېدى لۇ سۇ، — مۇشۇ ئادەم كېمىلەرنى زەنجىر بىلەن چېتىپ قويۇش تەدبىرىنى كۆرسىتىپ، بىرىنچى خىزمەت يەتكۈزگەنىدى. جانابلىرى، بۇنى چوقۇم بىلىسىلە كېرەك.

— ئۇ ۋاقىتتا ساۋ ساۋنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن كىملەر بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇلغانىدى، بۇ ئادەمنىڭ خىزمىتى بولمىسا كېرەك. قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەمنى ئىشلەتمەيمەن، — دېدى سۇن چۇەن جاۋابەن.

— مەن جانابلىرىنى تونۇشتۇردۇم، ۋۇ بېگى جانابلىرىنى ئىشلىتىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ. سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى لۇ سۇ چىقىپ پاڭ تۇڭغا.

پاڭ تۇڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى-دە، سۆز قىلمىدى.

— جانابلىرى! كۆڭچىقىش ۋۇدا تۇرۇشنى خالامدىلا؟ — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

پاڭ تۇڭ يەنە جاۋاب بەرمىدى.

— جانابلىرىدا ئەلنى نىجات قىلارلىق ئىقتىدار بولغاچقا، قەيەرگىلا بارسىلا بولۇۋېرىدۇ، نەگە بارماقچى بولدىلا، ماڭا راستىلىرى بىلەن ئېيتسىلا! — دەپ سورىدى لۇ سۇ.

— بېرىپ ساۋ ساۋنىڭ خىزمىتىگە كىرەيمىكىن دەيمەن، — دېدى پاڭ تۇڭ.

— بۇ يورۇق گۆھەرنىڭ زۇلمەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى بولىدۇ. جىڭجۇغا بېرىپ، خان تاغىسى لىيۇ بېينىڭ خىزمىتىگە كىرسىلە، ئەتىۋارلاپ خىزمەتكە سېلىشى مۇقەررەر، — دېدى لۇ سۇ.

— مېنىڭ، — دېدى پاڭ تۇڭ، — ئەسلى نىيىتىم شۇنداق، دەسلەپكى سۆزۈم چاقچاق.

— مەن، — دېدى لۇ سۇ، — خەت يېزىپ تونۇشتۇراي. جانابلىرى لىيۇ بېيغا ياردەم قىلسىلا، سۇن چۇەن، لىيۇ بېي ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە تېگىش قىلىشمىسۇن، ساۋ ساۋنى يوقىتىشقا بىرلىكتە كۈچ چىقارسۇن.

— بۇ مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنىڭ مەقسىتى، — دېدى پاڭ

www.uyghurkitap.com

تۆلۈ ۋە لۇ سۇغا ئىلتىماس قىلىپ خەت يازدۇرۇۋېلىپ، لىيۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن جىڭجۇغا راۋان بولدى.

بۇ ۋاقىتتا جۇگې لياڭ تۆت ۋىلايەتنى تەپتىش قىلىشقا چىقىپ كېتىپ تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. پاڭ تۆڭ يېتىپ بارغاندىن كېيىن دەرۋازىۋەن لىيۇ بېيگە جياڭنەننىڭ مەشھۇر زاتلىرىدىن پاڭ تۆڭ ئالاھىدە خىزمەتلىرىگە كەپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى. لىيۇ بېي پاڭ تۆڭنىڭ نامىنى ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلاپ يۈرگەچكە، قوبۇل قىلىپ كۆرۈشتى. پاڭ تۆڭ لىيۇ بېينى كۆرۈپ قولىنى جۈپلەپ تەزىم قىلدىيۇ، يۈكۈنۈپ سەجدە قىلمىدى. پاڭ تۆڭنىڭ سىماسى سەت بولغاچقا لىيۇ بېينىڭمۇ كۆڭلىگە ياقمىدى. ئۇ:

— جانابلىرى يىراقتىن زەخمەت چېكىپ كەپتىلا، — دېدى.

پاڭ تۆڭ لۇ سۇ بىلەن جۇگې لياڭنىڭ يېزىپ بەرگەن خېتىنى كۆرسەتمەستىن:

— سىلى خان تاغىسى جانابلىرىنى دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىدىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە خىزمەتلىرىگە كەلدىم، — دېدى.

— جىڭ، چۇ زېمىنى تېخى ئەمدىلا تىنچىدى. بوش ئورۇن يوق. بۇ يەردىن 130 چاقىرىم كۈنچىقىش يۈقىرىدا لېيياڭ ناملىق بىر ناھىيە بار، ئۇ يەرنىڭ ئامبىلى يوق، جانابلىرى بۇ خىزمەتنى تاپشۇرۇۋ ئالۇرلەر، ئەگەر كېيىنچە مۇھىم خىزمەت ئورنى چىقىپ قالسا، ئۆزلىرىنى تەيىن قىلۇرمىز، — دېدى لىيۇ بېي.

پاڭ تۆڭ لىيۇ بېينىڭ ئېتىبار بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تالانت بىلىمىم بىلەن تەسىر قىلاي دەپ ئويلىدىيۇ، لېكىن جۇگې لياڭنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، نائىلاج قوبۇل قىلىپ، خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

پالڭ تۆلڭ لىپىيالڭ ناھىيىسىگە كېلىپ، مەمۇرىي ئىشلار بىلەن چاتىقى بولماي، كۈن بويى شارابخورلۇق قىلىپ، كۆڭلىنى ئېچىپ يۈردى؛ مالىيە، غەللە، دەۋا ئىشلىرىغا قارىمىدى. بىراۋ پالڭ تۆلڭ لىپىيالڭ ناھىيىسىنىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتى دەپ ليۇ بېيغا مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي خاپا بولۇپ:

— ھەي، بىلمىسىز قىراڭتخان! مېنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىمنى بۇزۇۋشقا قانداق جۈرئەت قىلغاندۇ! — دېدى - دە، جالڭ فېينى چاقىرتىپ، — تۆكەرلىرىڭىزنى ئېلىپ جىڭجۇنىڭ تۆۋىنىدىكى ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ كېلۇرسىز. ئەگەر ئادالەتسىزلىك، قانۇنسىزلىق قىلغانلار بولسا، جاۋابكارلىقىقا تارتۇرسىز. سۈن چيەن بىللە بارسۇن، ئۇقمىغان ئىشلارنى ئۇنىڭدىن سورار- سىز، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

جالڭ فېي بۇيرۇقنى ئېلىپ سۈن چيەن بىلەن لىپىيالڭ ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. لەشكەر، بەگلەر، ئاھالە شەھەردىن ئىستىقبالغا چىقتى. يالغۇز ئامباللا كۆرۈنمىدى. جالڭ فېي:

— ئامبال قېنى؟ — دەپ سورىدى. بەگلەر:

— ئامبال پالڭ تۆلڭ خىزمەتكە كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر يۈز نەچچە كۈن بولۇپ قالدى، ناھىيىنىڭ ئىشىنى پەقەت سوراپ باقمىدى، ھەر كۈنى دېگۈدەك كېچە - كۈندۈزلەپ شاراب ئىچىدۇ، غەرق مەست بولۇۋالىدۇ. بۈگۈن كېچە شاراب ئىچكەنىدى، تېخى مەستلىكتىن يېشىلمەي ئورنىدىن قوپمى- دى، — دەپ جاۋاب بەردى.

راسا غەزىپى ئۆرلىگەن جالڭ فېي ئۇنى تۇتتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇۋېدى، سۈن چيەن:

— پالڭ تۆلڭ مۇنەۋۋەر يۈكسەك زات، يەڭگىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ قويمايلى. ناھىيىلىك مەھكىمىگە بېرىپ سورايلى. ئەگەر قائىدىگە مۇۋاپىق ئىش قىلمىغان بولسا، جازالىساق كەچلىك قىلمايدۇ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

جاڭ فېي ياملۇغا كىرىپ، ئۇدۇل داتاڭدا ئولتۇردى ـ دە، ئامبالنى كۆرۈشۈشكە چاقىرتتى. پاڭ تۇڭ كىيىملىرى تەرتىپسىز، مەست ھالدا چىقتى.

— مېنىڭ ئاكام سىزنى ئادەم ئېتىپ، ئامبال قىلغانىدى، ناھىيىنىڭ ئىشلىرىنى تەرك ئېتىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭىز؟ — دېدى غەزەپ بىلەن جاڭ فېي.

— جانابىي سەركەردە! ناھىيىنىڭ قايسى ئىشلىرىنى قىلماپتىمەن؟ — دېدى پاڭ تۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خىزمەت تاپشۇرۇۋالغىنىڭىزغا 100 كۈندىن ئارتىپتۇ، كۈن بويى غەرق مەست بولۇپ يۈرىدىكەنسىز، نېمىشقا ئىشلار بېجىرىلمەيدۇ؟ — دېدى جاڭ فېي.

— ئەتراپى 100 چاقىرىم كېلىدىغان كىچىك ناھىيىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىنى ھەل قىلماق قىيىنمىدى؟! سەركەردە سەلگىنە ئولتۇرۇپ بەرسىلە، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلاي! — دېدى پاڭ تۇڭ، شۇئان خىزمەتچىنى چاقىرىپ، يىغىلىپ قالغان يۈز نەچچە كۈنلۈك ئىشلارنى ئېلىپ چىقىڭ، بىر تەرەپ قىلىۋېتەي دېگەنىدى. خىزمەتچى ئەنزىلەرنى قۇچاقلاپ داتاڭغا ئاچىقىپ بەردى. دەۋاگەر ـ جاۋابكارلارنىڭ ھەممىسى پايمەدە چۆرىدەپ تىزلىنىپ تۇردى. پاڭ تۇڭ قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەستىق سالغىلى تۇردى. ئۇ بىر ياقتىن سوراپ، بىر ياقتىن ئاڭلاپ تۇردى، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ، قىلچە خاتاسىز بىر تەرەپ قىلدى. ئاھالىنىڭ بارى باش ئۇرۇپ يەر ئۆپتى. يېرىم كۈنگە قالماي، 100 كۈنلۈك ئىشنى تامام تۈگىتىپ بولدى ـ دە، قەلەمنى يەرگە تاشلاپ جاڭ فېيغا قاراپ:

— تاشلىنىپ قالغان ئىشلار قېنى؟ ساۋ ساۋ، سۈن چۈەنلەرنى ئالىقىنىمدا ئوينىتىمەن، مۇنداق كىچىك بىر ناھىيىنىڭ ئىشلىرىدىن نېمە پەرۋايىم! — دېدى.

ھەيران بولغان جاڭ فېي ئورنىدىن چۈشۈپ:

— خەلپىتىم! ئۆزلىرى زور تالانت ئىگىسى ئىكەنلا، ھۆرمەتسىزلىك قىلىپتىمەن، تېزلىكتە ئاكام قېشىغا بېرىپ تونۇشتۇراي! — دېدى.

پاڭ تۇڭ لۇ سۇنىڭ خېتىنى چىقاردى. جاڭ فېي:

— خەلپىتىم! دەسلەپ ئاكام بىلەن كۆرۈشكەنلىرىدە نېمىشقا خەتنى كۆرسەتمىدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەگەر ئۇ ۋاقىتتا كۆرسەتسەم، مۇشۇ خەتكىلا تايىنىپ تەلەپ قويغاندەك بولۇپ قالاتتىم، — دېدى پاڭ تۇڭ.

— جانابلىرى بولمىغان بولسىلا، — دېدى جاڭ فېي سۇن چيەنگە قاراپ، — كاتتا بىر دانىشمەندىن مەھرۇم بولۇپ قالغان بولاتتۇق.

شۇنداق قىلىپ جاڭ فېي پاڭ تۇڭ بىلەن خەيرلىشىپ جىڭجۇغا كەلدى، ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ، پاڭ تۇڭنىڭ تالانتىنى سۆزلەپ بەردى. ليۇ بېي:

— ئۇلۇغ دانىشمەتنى لايىقىدا ئىشلىتەلمەسلىك مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولدى! — دېدى ئىنتايىن ھەيران بولۇپ.

جاڭ فېي لۇ سۇنىڭ خېتىنى تاپشۇردى، ليۇ بېي ئېچىپ كۆردى. خەتتە قىسقىچە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

> پاڭ تۇڭ پەۋقۇلئاددە تالانتقا ئىگە بولۇپ، ئايماقبەگلىككە لايىق كىشى. شۇنىڭغا قويغاندىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەگەر سىماسىغىلا قاراپ ئىشلىتىدىغان بولساق، ئىلىمگە جاۋابكارسىزلىق بىلەن قارىغان بولىمىز، ئاخىردا باشقىلار پايدىلىنىپ كېتىدۇ-دە، ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپ قالىدۇ.

ليۇ بېي ئەستاغپۇرۇللا، دەپ ئۆكۈنۈپ تۇراتتى، تۇساتتىن جۇگې لياڭ قايتىپ كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى. ليۇ بېي ئىستىقبالغا چىقىپ باشلاپ كىردى. سالام - رەسمىيەتلەردىن

كېيىن، جۇگې لىيالڭ ئالدىن:
— مۇشاۋىر پالڭ تۇلڭ جانابلىرى سالامەتمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— يېقىندا لىيىيالڭ ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا ئەۋەتكەندۇق، شارابقا بېرىلىپ خىزمىتىنى ئۆتىمەيتۇ، — دېدى لىۋ بېي.
— پالڭ تۇلڭ جانابلىرى پەۋقۇلئاددە تالانت ساھىبى بولۇپ، بىلىمى كەمىنىلىرىدىن ئون ھەسسە ئارتۇقتۇر. مەن جانابىي پالڭ تۇڭنى سىلىگە تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بەرگەنىدىم، جانابلىرىغا بەردىمۇ؟ — دېدى جۇگې لىيالڭ.
— بۈگۈن لۇ سۇنىڭ خېتىنى ئالدىم، سىلىنىڭ خەتلىرىنى كۆرمىدىم، — دېدى لىۋ بېي.
— ئۇلۇغ تالانتلار كىچىك خىزمەتلەرگە تەيىنلىنىپ قالغانلىرىدا، ئادەتتە شارابقا بېرىلىپ، ئىش بىلمەس بولۇشۇۋالىدۇ، — دېدى جۇگې لىيالڭ.
— ئەگەر ئىنىم سۆز قىلىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇلۇغ دانىشمەندىن مەھرۇم قېلىشقا تاس قالىدىكەنمەن، — دېدى لىۋ بېي ۋە شۇئان پالڭ تۇڭنى جىڭجۇغا ھۆرمەت بىلەن تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە جالڭ فېينى لېيىيالڭ ناھىيىسىگە بۇيرۇدى.
لىۋ بېي پايىغا چۈشۈپ ئەھۋ سورىدى. پالڭ تۇلڭ ئاندىن جۇگې لىياڭنىڭ خېتىنى چىقىرىپ سۇندى. لىۋ بېي خەتنى ئوقۇپ كۆردى، خەتتە: چۇجە سۇمۇرۇغ خەلپىتىم يېتىپ بارغان كۈنى مۇھىم خىزمەتكە تەيىن قىلۇرلەر، دېيىلىپتۇ. لىۋ بېي خۇشال بولۇپ:
— مۇقەددەم سىما خۇي: «ياتقان ئەجدىھا، چۇجە سۇمۇرۇغ ئىككىيلەننىڭ بىرىگە ئىگە بولسىلا، ئەلنى تىنچىتالايدىلا» دېگەنىدى. بۈگۈن ھەر ئىككىيلەنگە ئىگە بولدۇم، ئەمدى خەن خاندانلىقىنى گۈللەندۈرۈش مۇمكىن، — دېدى.

شۇئان پاڭ تۇڭنى ئورۇنباسار مۇشاۋىر كەپتاۋۇللۇققا تەيىنلىدى. پاڭ تۇڭ جۇگې لياڭ بىلەن بىرلىكتە پىلان، مەسلىھەتلەر تۈزۈپ، لەشكەرلەرگە ھەربىي تەلىم بەردى، يۈرۈش قىلىشقا تەييار تۇردى.

ئايغاقچىلار ئاللىقاچان شۇيچاڭغا: ليۇ بېي جۇگې لياڭ بىلەن پاڭ تۇڭنى مۇشاۋىر قىلدى، لەشكەر ئېلىپ قوشۇننى كېڭەيتىۋاتىدۇ، يەم ـ خەشەك، ئاشلىق توپلاۋاتىدۇ، كۇنچىقىش ۋۇ بىلەن بىرلىشىپ قاچان بولمىسۇن يۇقىرىغا يۈرۈش قىلىدۇ، دەپ مەلۇمات ئېلىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ مەسلىھەتچىلىرىنى يىغىپ تۈۋەنگە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆيۈشتۇردى. شۈن يۈ:

— جۇ يۈي يېڭىدىن ۋاپات قىلدى، ئالدى بىلەن سۈن چۈەننى تارمار قىلىپ، ئاندىن ليۇ بېيغا تېگىش قىلىش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ئەگەر مەن، — دېدى ساۋ ساۋ، — يىراققا يۈرۈش قىلسام، ما تېڭ شۇيچاڭغا تېگىش قىلارمىكىن. مۇقەددەم چىبىدىكى ۋاقتىمىزدا قوشۇن ئىچىدە، شىلياڭلىق قاراقچىلارنىڭ بېسىپ كىرىشى ھەققىدە مىش ـ مىش گەپ تارالغانىدى، بۇلاردىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ.

— مېنىڭ كالتە پەمىمچە، ما تېڭنى سۈن چۈەنگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىدىغان تۈۋەنگە يۈرۈش سەركەردىلىكىگە تەيىنلەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، پايتەختكە ئالداپ ئېلىپ كېلىلى ـ دە، ئالدى بىلەن بۇ ئادەمنى ئوتتۇرىدىن يوقىتىپ، ئاندىن تۈۋەنگە يۈرۈش قىلساق، خەۋپتىن ساقىت بولىمىز، — دېدى شۈن يۈ.

ناھايىتى خۇرسەن بولغان ساۋ ساۋ ما تېڭنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن، پەرمان بىلەن شىلياڭغا كىشى ئەۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ما تېگىنىڭ يەنە بىر ئىسمى شىۋ چېلىق بولۇپ، خەن خاندانلىقىنىڭ داۋالغۇشىنى تىنچىتىش سەركەردىسى ما يۈەننىڭ پۇشتى. ئاتىسىنىڭ ئىسمى ـ زاتى ما سۇ، يەنە بىر ئىسمى ما زىشۇ، ئۇ خان خۇەن دى زامانىدا، تيەنشۇي ۋىلايىتىنىڭ لەنيۈي ناھىيىسىگە ئامبال ئىدى؛ كېيىن ئەمەلدىن ئايرىلىپ، غۇربەتتە لۈڭشىغا كېلىپ، چانلار ئولتۇراقلاشقان يەرگە ئورۇنلىشىۋال-غان، چانلاردىن ئۆيلىنىپ، ما تېڭنى تۇغۇلغان. ما تېگىنىڭ بويى سەككىز چى، ئۆزى ئاجايىپ بەستلىك، خۇش تەبىئەتلىك بولغاچقا، ھەممە كىشى ھۆرمەت قىلاتتى. لىڭدى خانىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە چانلار تولا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەچكە، ما تېڭ خەلق لەشكىرى ئۇيۇشتۇرۇپ، قوزغىلاڭنى باستۇرغان. چۇپىڭنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قاراقچىلارنى جازالاشتا يەتكۈزگەن خىزمىتى ئۈچۈن، كۆنپىتىش تەرەپكە يۈرۈش قىلىش سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن ۋە كۆنپىتىش تەرەپنى تىنچىتىش سەركەردىسى خەن سۈي بىلەن ئاغا ـ ئىنى بولۇشقان.

ما تېڭ پەرماننى ئالغان كۈنى چوڭ ئوغلى ما چاۋ بىلەن كېڭەش قىلدى ھەم:

— مەن بىلەن دۇڭ چېڭ كەمەردىكى پەرماننى ئالغىنىمىزدىن بېرى، ليۇ بېي بىلەن بىرلىكتە مۇناپىقنى جازالاشقا توختاشقانىدۇق، بەختكە قارشى دۇڭ چېڭ ئۆلتۈرۈلدى، ليۇ بېي قايتا ـ قايتا يېڭىلىپ تۇردى. مەن بۇ چەتكە جايلاشقان شىلياڭدا تۇرۇپ، ليۇ بېيغا ھەمدەملىك بېرەلمىدىم. ھازىر ئاڭلىسام ليۇ بېي جىڭجۇنى ئاپتۇ، مەن ئۆتمۈشتىكى مەقسىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ تۇرسام، ساۋ ساۋ مېنى چاقىرتىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.

— ئاتا! ساۋ ساۋ خان نامىدىن سىزگە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، بۈگۈن بارمىسىڭىز، ئۇ سىزنى پەرمانغا ئىتائەت قىلمىدى دەپ ئەيىبلەيدۇ، پەرمان ئەۋەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پايتەختكە

بېرىلىڭ ــ دە، ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلىلىڭ. بۇرۇنقى مەقسىتىڭىز ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى ما چاۋ.

— ساۋ ساۋنىڭ نىيىتى بۇزۇق، بولماسمىكى، ئاغا! ئەگەر سىز بارىدىغان بولسىڭىز، ساۋ ساۋنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن، — دەپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى ما تېڭنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ما دەي.

— كەمىنە ئوغلىڭىز شىلياڭنىڭ پۈتۈن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، سىز بىلەن بىللە شۈيچاڭغا قىرغىن قىلىپ بېرىپ، ئېلىمىز ئۈچۈن زىيانكەشلەرنى يوقىتىپ تاشلىساق نېمىسى بولمايدۇ؟ — دېدى ما چاۋ.

— ئوغلۇم، سەن! — دېدى ما تېڭ، — چانلاردىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇنغا سەركەردە بولۇپ، شىلياڭنى ساقلاپ تۇرغىن. ئۇكىلىرىڭ ما شيۇ، ما تيې بىلەن جىيەنىم ما دەي مېنىڭ بىلەن بىللە بارسۇن. ساۋ ساۋ سېنىڭ شىلياڭدا تۇرغانلىقىڭنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن سۇيىنىڭ ياردىمى بارلىقىنى كۆرۈپ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالماس.

— ئاتا! بارىدىغان بولسىڭىز، پايتەختكە ئەسلا يەڭگىللىك بىلەن كىرىپ قويماڭ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىڭ، — دېدى ما چاۋ.

— كۆپ ئەندىشە قىلما، ئوغلۇم! بۇنىڭغا ئۆزۈم ئامال تاپىمەن، — دېدى ما تېڭ.

ما تېڭ 5000 شىلياڭ لەشكىرى بىلەن يولغا چىقماقچى بولۇپ، ماشيۇ بىلەن ما تيې تۇرشاۋۇل قىسىمنى باشلاپ مېڭىشقا، ما دەينى ھىماتچى قىسىمنى باشلاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى، بۇلار ئارقا ــ ئارقىدىن شۈيچاڭغا قاراپ راۋان بولدى. قوشۇن شۈيچاڭدىن 20 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

ما تېڭنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ ياندىش

www.uyghurkitap.com

ئامبال خۇاڭ كۆيىنى چاقىرىپ:

— ھازىر ما تېلىڭ تۆۋەنگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ، سىزنى قوشۇننىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ بەلگىلىدىم، ئالدى بىلەن ما تېلىڭ قارارگاھىغا بېرىپ لەشكەرلەردىن ھال سورارسىز، ما تېڭغا: شىلياڭنىڭ يولى يىراق بولغاچقا، ئاشلىق توشۇش بەك قىيىن، كۆپ لەشكەر ئېلىپ مېڭىشقا بولمايدۇ، مەن ماسلىشىش ئۈچۈن چوڭ قوشۇن ئەۋەتىمەن. ئەتە شەھەرگە كىرىپ خان بىلەن كۆرۈشۇڭ، مەن ئاشلىق، يەم - خەشەك تەييارلاپ بېرىمەن، دەڭ، — دېدى.

خۇاڭ كۆي بۇيرۇق بويىچە ما تېلىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ما تېلىڭ شاراب بىلەن مېھمان قىلدى. شاراب ئىچىلىپ كەيپى چاغ بولغان ۋاقتىدا خۇاڭ كۆي:

— مېنىڭ ئاتام خۇاڭ ۋەن، لى جۆ، گۇ شىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، بۇنىڭغا ئىنتايىن ئېچىنىمەن. ئويلاتمىغان يەردە بۈگۈن يەنە خانىمىزنى تەقىپ قىلغۇچى مۇناپىققا يولۇقتۇق، — دېدى.

— كىم ئۇ، خانىمىزنى تەقىپ قىلغۇچى مۇناپىق؟ — دەپ سورىدى ما تېلىڭ.

— خانىمىزنى تەقىپ قىلغۇچى مۇناپىق ساۋ ساۋ. جانابلىرى بىلمەمدىلا، مەندىن سورايدىلىغۇ؟ — دېدى خۇاڭ كۆي.

ما تېلىڭ ساۋ ساۋنىڭ ئەۋەتكەن جاسۇسى بولۇپ قالمىسۇن دەپ تېزلا گېپىنى ئۈزۈۋېتىپ:

— قۇلاق كۆپ، قالايمىقان گەپ قىلمايلى، — دېدى.

— جانابلىرى! كەمەردىكى پەرماننى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ — دەپ توۋلىدى خۇاڭ كۆي.

ما تېلىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئېيتقىنىنى كۆرۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇنچە ئېيتىپ بەردى.

— ساۋ ساۋنىڭ جانابلىرىنى شەھەرگە كىرىپ، خان بىلەن

كۆرۈشسۈن دېگىنىدە، چوقۇم ياخشى نىيەت يوق. جانابلىرى، شەھەرگە يەڭگىللىكچە كىرمىسىلە. ئەتە قوشۇننى شەھەر تۈۋىگە ئاپىرىپ توختىتىسىلا. ساۋ ساۋ قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقىدۇ، لەشكەرلەرنى ئىدىتلىگەن پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈرسىلە، ئۇلۇغ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى خۇاڭ كۈي.

ئىككىيلەن كېڭەشنى پىششۇرغاندىن كېيىن، خۇاڭ كۈي غەزەپ بىلەن ئۆيىگە قايتتى، خوتۇنى سورىسىمۇ سۆز قىلمىدى.

خۇاڭ كۈينىڭ توقىلى لى چۇنشياڭ كۈندىشى چوڭ خوتۇنىنىڭ ئۇكىسى مياۋ زې بىلەن ئوينايتتى. مياۋ زې لى چۇنشياڭنى ئېلىش ئۈچۈن ھېچبىر ئامال تاپالماي يۈرەتتى. لى چۇنشياڭ خۇاڭ كۈينىڭ خاپا ئىكەنلىكىنى مياۋ زېغا ئېيتىپ:

— يانداش ئامبال بۈگۈن لەشكىرىي ئىشلار توغرۇلۇق كېڭەش قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ناھايىتى خاپا كۆرۈنىدۇ، كىمگە خاپا بولدىكى بىلمىدىم؟ — دېدى.

— سىز: «ئادەملەرنىڭ ھەممىسى خان تاغىسى ليۇ بېيىنى ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق، ساۋ ساۋنى بولسا مەككار مۇناپىق دەيدىغۇ؟» دەپ بېقىڭ، قېنى ئۇ نېمە دەيدىكىن؟ — دەپ گەپ ئۆگەتتى مياۋ زې.

دەرۋەقە بۇ كېچىسى خۇاڭ كۈي لى چۇنشياڭنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. بۇ خوتۇن سۆز بىلەن ئىلغانىدى، خۇاڭ كۈي مەستلىكتە:

— سىلى ئايال تۇرۇقلۇق توغرا بىلەن ئەگرىلىكنى بىلگەن يەردە، مەن ئەلۋەتتە بىلىمەن، مەن ساۋ ساۋنى يامان كۆرىمەن، ئۇنى ئۆلتۈرەي دەيمەن، — دەپ تاشلىدى.

— ئەگەر ئۆلتۈرىدىغان بولسىلا، قانداق قول سالىدىلا؟ — دېدى توقىلى.

— مەن ما تېڭ بىلەن كېڭىشىپ قويدۇم، ئەتە شەھەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېشىدا لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ۋاقتىدا ئۆلتۈرىمىز، — دېدى خۇاڭ كۈي.

توقال بۇنى مياۋ زىغا ئېيتتى. مياۋ زى بېرىپ ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى.

ساۋ ساۋ خۇاڭ بىلەن شۈي چۈنى چاقىرتىۋېلىپ مۇنداق، مۇنداق قىلىڭلار دەپ بۇيرۇدى؛ يەنە شيا خۇيۇەن بىلەن شۈي خۇاڭنى چاقىرىپ مۇنداق، مۇنداق قىلىڭلار دەپ بۇيرۇدى. بۇلار بۇيرۇقنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدى بىلەن خۇاڭ كۈي ئائىلىسىدىكى قېرى - ياش ھەممىنى قولغا ئالدى.

ئەتىسى، ما تېڭ شىلياڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، شەھەرگە ئاز قالغاندا، ئالدىدىكى بىر تۈركۈم قىزىل بايراق ئىچىدە باش ۋەزىر تۇغى كۆرۈندى. ما تېڭ باش ۋەزىر لەشكەرلىرىنى ئىدىتلىغىلى كەلگەن بولۇشى كېرەك دەپ، ئېتىنى دېۋىتىپ ئالغا باردى. بىردىنلا چىققان توپ ئاۋازى بىلەن قىزىل بايراقنىڭ بۆلۈنگەن يېرىدىن تەڭلا ئوقيا ئېتىلدى. بىر پالۋان ھەممىنىڭ ئالدىدا چىقتى، بۇ ساۋ خۇاڭ ئىدى. ما تېڭ ئېتىنى تېز قايتۇرۇپ قايتماقچى بولغاندا، ئىككى تەرەپتىن چۇقان چىقتى. سولدىن شۈي چۇ، ئوڭدىن شيا خۇيۇەن قىرغىن قىلىپ كەلدى. ئارقىدىن شۈي خۇاڭ قىرغىن قىلىپ كېلىپ، شىلياڭ قوشۇنىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋەتتى، ما تېڭ بىلەن ئوغۇللىرى ئۈچەيلەننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكىنى كۆرگەن ما تېڭ غەيرەت بىلەن جەڭ قىلدى. ما تيې ئاللىقاچان ئوقيا تېگىپ ئۆلدى، ما شيۇ ئاتىسى ما تېڭ بىلەن گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا قىر-چاپ قىلغان بولسىمۇ چىقىپ كېتەلمىدى. ھەر ئىككىلەن ئېغىر يارىدار بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلىرىغا ئوقيا

تېگىپ يىقىلدى، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننى تۇتۇۋالدى. ساۋ ساۋ خۇالڭ كۇي بىلەن ما تېلڭ ئاتا ـ بالىنى بىرگە باغلىتىپ ئېلىپ كەلدى. خۇالڭ كۇي:

— گۇناھسىزمەن! — دەپ توۋلىغانىدى.

ساۋ ساۋ مياۋ زېنى يۈزلەشتۈردى. ما تېلڭ:

— ھەي بىلىمسىز كىتابخان! مېنىڭ ئۇلۇغ ئىشىمغا دەخلى يەتكۈزدۈڭ! ئەل ئۈچۈن بۇ مۇناپىقنى ئۆلتۈرەلمىدىم، تەقدىر كاج كەلدى! — دېدى.

ساۋ ساۋ ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ چىقىپ شقا بۇيرۇدى. ما تېلڭ تىنماستىن تىللىدى. ئۇ ئوغلى ما شيۇ ھەم خۇالڭ كۇي بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. كېيىنكىلەر بۇ توغرىدا مۇنداق نەزمە پۈتكەنىدى:

*قۇربان بولدى شەرەپلىك ئاتا ـ بالا بىرلىكتە،*
*ئاتاقلىق ئىدى ئۇلار ئەقىدە ـ ساداقەتتە.*
*ئەلنى قۇتقۇزماق بولدى، ئاتاپ ئەزىز جاننى،*
*قىلدى ئەسەددۇق جىبىس خان بولغا شۇ پەيتتە.*
*قان چىقىرىپ ئانت ئىچتى يوق قىلماققا مەككارنى،*
*چىلڭ تۇردى ئۇلار ياناي ئەرلىك بىلەن مەردلىكتە.*
*داۋالغۇچنى تىنچىتقان مەرد پۈشتىغا مۇناسىپ،*
*ئىش قىلدىغۇ شىلياڭدا تۇغقۇلغان ئىبىسلىرادە.*

مياۋ زې ساۋ ساۋدىن:

— ئىنئام ئالمايمەن، پەقەت لى چۈنشياڭنى خوتۇنلۇققا سورايمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— سەن بىر خوتۇن ئۈچۈن ئاچاڭنىڭ ئېرىنىڭ پۈتۈن ئۆي ئىچىدىكىلىرى بىلەن ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدۇڭ، ساڭا ئوخشىغان ۋاپاسىزلارنى قالدۇرۇپ نېمە قىلىمىز! — دېدى ساۋ

ساۋ كۆلۈپ.

شۇنداق قىلىپ ساۋ ساۋ مياۋ زىنى، لى چۇنشياڭنى خۇاڭ كۆي ئائىلىسىدىكىلەرگە قوشۇپ جازا مەيدانىدا ئۆلتۈرگۈزدى. قاراپ تۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈغ - كىچىك تىنىشتى. كېيىنكىلەر بۇ توغرىدا مۇنداق بىر قوشاق پۈتكەندى:

*زىيانكەشلىك قىلىپ مياۋ زى ۋاپادار بەگنى ئۆلتۈردى،*
*نە كىرسۇن قولىغا چۇنشياڭ ئۆزىنى گورىغا تىقتى.*
*ئۇنىڭ قىلتىقىغا مەككار پەقەت يول قويىغاچ ئاخىر،*
*قىلىپ شەرمەندىلىكتە ئۇ ۋۇجۇدقا چېقىمدى قەستى.*

ساۋ ساۋ شىلياڭ لەشكەرلىرىنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ:

— ما تېڭ ئوغلى بىلەن ئىسيان كۆتۈردى، كۆپچىلىكنىڭ بۇنىڭغا ئالاقىسى يوق، — دەپ بۇيرۇق چىقاردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆتكەللەرنى چىڭ ساقلاپ، ما دەينى قاچۇرۇۋەتمەسلىككە بۇيرۇق چىقاردى.

ما دەي 1000 لەشكەر بىلەن ئارقىدىن كېلىۋاتاتتى. ئاللىقاچان شۈيچاڭ شەھەر تېشىدىن قېچىپ كەلگەن لەشكەرلەر ئەھۋالنى ما دەيگە مەلۇم قىلدى. ما دەي چۆچۈپ كەتتى ۋە لەشكەرلەرنى تاشلاپ، سودىگەر قىياپىتىگە كىرىپ كېچىلەپ قاچتى.

ساۋ ساۋ ما تېڭلارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، تۆۋەنگە يۇرۇشكە قەتئىي قارار ئالدى. توساتتىن ئادەملىرى: «ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى تەربىيىلەپ، قورالىرىنى تەييار قىلىپ، شىچۈەننى ئالماقچى بوپتۇ» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ چۆچۈپ:

— ئەگەر ليۇ بېي شىچۈەننى ئالماقچى بولسا، قانات -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitabi.com

قۇيرۇقى تەڭشەلدى دېگەن سۆز، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.

سۆز تېخى تۈگىمەستىنلا تاپسىدا بىر كىشى پەيدا بولۇپ:

— مېنىڭ بىر پەتنىم باركى، ليۇ بېي بىلەن سۈن چۈەن بىر - بىرىگە ماسلىشالماي قالىدۇ؛ جياڭنەن بىلەن شىچۈەننىڭ ھەممىسى باش ۋەزىر جانابلىرىغا قالىدۇ، — دېدى.

دەر ھەقىقەت:

*قالدى شىچۈەن باتۇرلىرى بابا بالاغا،*
*قالدى جەنۇب مەردانلىرى يانا قازاغا.*

پەنت كۆرسەتكۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى باتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەللىك سەككىزىنچى باب

## ما چاۋنىڭ لەشكەر تارتىپ قىساس ئالغانلىقى ساۋ ساۋنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى كېسىپ تاشلاپ، كىيىم-كېچىكىنى سېلىۋېتىپ قاچقانلىقى

ئەلقىسسە، پەنت كۆرسەتكۈچى كىشى ئەدلىيە تەپتىشبېگى چېن چۈن ئىدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى چاڭ ۋېن ئىدى. ساۋ ساۋ:

— چېن چۈن، قانداق ياخشى پەنتلىرى بارىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ھالا لیۇ بېي بىلەن سۈن چۈەن ئىتتىپاق بولۇۋالدى، ئەگەر لیۇ بېي شىچۈەننى ئالماقچى بولمىدىكەن، باش ۋەزىر جانابلىرى، ئالىي سەركەردىلەرنى خېفېيدىكىلەر بىلەن بىللە جياڭنەننى ئېلىشقا بۇيرۇسىلا، بۇ ھالدا سۈن چۈەن چوقۇم لیۇ بېيدىن ھەمدەملىك سورايدۇ، لیۇ بېينىڭ كۆڭلى شىچۈەندە بولغاچقا، سۈن چۈەنگە ھەمدەم بولۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؛ سۈن چۈەن ھەمدەملىك ئالالمىغاندىن كېيىن كۈچى ئاجىزلىق قىلىدۇ، جياڭدۇڭ زېمىنىنى باش ۋەزىر جانابلىرى مۇقەررەر ئالىدىلا. ئەگەر جياڭدۇڭ ئېلىنىدىكەن، جىڭجۇنى بىرلا ھەملىدە ئالغىلى بولىدۇ. جىڭجۇنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن ئاستا شىچۈەننى

ئالساق، ئەلنى تىنچىتقىلى بولىدۇ، — دېدى چېن چۈن پەنت كۆرسىتىپ.

— چېن چۈننىڭ سۆزلىرى مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولدى، — دېدى ساۋ ساۋ، شۇئان 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن جياڭنەنگە چۈشمەكچى بولدى؛ ئاشلىق، يەم ـ خەشەك تەمىنات ھازىرلاشقا خېفېيدىكى جاڭ لياۋغا بۇيرۇق ئەۋەتتى.

ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى ئاللىقاچان سۈن چۈەنگە يەتكۈزدى. سۈن چۈەن پالۋانلارنى كېڭەشكە چاقىردى. جاڭ جاۋ:

— لۇ سۇغا كىشى ئەۋەتىلى، ليۇ بېيىنى بىرلىكتە ساۋ ساۋغا قارشى تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، لۇ سۇ جىڭجۇغا تېزلىكتە ئالاقە ئەۋەتسۇن. ياخشىلىق قىلغىنى ئۈچۈن ليۇ بېي چوقۇم لۇ سۇنىڭ گېپىنى ئالىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ليۇ بېي كۇنچىقىش ۋۇنىڭ داماتى بولغاچقا، مەردلىك جەھەتتىنمۇ ياق، دېيەلمەيدۇ. ئەگەر ليۇ بېي ھەمدەمگە كېلىدىكەن، جياڭنەن خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

سۈن چۈەن بۇ مەسلىھەتنى مەقبۇل كۆردى، لۇ سۇغا كىشى ئارقىلىق بۇيرۇق ئەۋەتىپ، ليۇ بېيدىن ھەمدەملىك سوراتقۇزدى. بۇيرۇقنى ئالغان لۇ سۇ شۇئان ئالاقە يېزىپ، ئەلچى ئارقىلىق ليۇ بېيغا ئەۋەتتى. ليۇ بېي خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئەلچىنى يەمخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەنجۈنگە جۇگې لياڭنى تەكلىپ قىلغىلى كىشى ئەۋەتتى. جۇگې لياڭ جىڭجۇغا كەلدى، ليۇ بېي لۇ سۇنىڭ خېتىنى جۇگې لياڭغا كۆرسەتتى. جۇگې لياڭ:

— جياڭنەننىڭمۇ، جىڭجۇنىڭمۇ لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ساۋ ساۋ كۇنچىقىش تەۋەگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دېدى ۋە ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ خاتىرجەم ياتىۋېرىمىز. ئەگەر يۇقىرىدىكى قوشۇن تېگىش قىلىپ كېلىدىكەن، بىزنىڭ ياۋنى قايتۇرۇش تەدبىرىمىز بار، دەپ لۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوغا جاۋاب خەت يازدى. ئەلچى قايتتى.

— ساۋ ساۋ 3 تۈمەن لەشكەر ۋە خېفېيدىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ بىردىنلا باستۇرۇپ كەلسە، ياۋنى قانداق ياخشى تەدبىر بىلەن قايتۇرىدىلا؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— ساۋ ساۋ ئەزەلدىنلا شىلياڭ قوشۇنىدىن ئەندىشە قىلاتتى، ئەلھال ساۋ ساۋ ما تېڭنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئوغلى ما چاۋ شىلياڭ قوشۇنى بىلەن ساۋ ساۋنى يوقىتىشتا تىت - تىت بولماقتا. جانابلىرى ئىتتىپاق تۈزۈش ھەققىدە ما چاۋغا خەت يېزىپ، ما چاۋنى لەشكەر تارتىپ ئىچكىرى قورۇلدىن بېسىپ كىرىشكە دەۋەت قىلسىلا، ئۇ ھالدا ساۋ ساۋنىڭ جياڭنەنگە قاراشقا چولىسى تېگەمدۇ؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

ناھايىتى خۇشال بولغان ليۇ بېي شۇئان خەت يېزىپ، ئىشەنچلىك بىر كىشىسى ئارقىلىق شىلياڭجۇغا ئەۋەتتى.

ما چاۋغا كەلسەك، ئۇ شىلياڭ ئايمىقىدا كېچىسى بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۆزى قارلىق يەردە ياتارمىش - دە، يولۋاسلار كېلىپ چىشلەرمىش، چۆچۈپ ئويغاندى، دىلىغا گۇمان چۈشتى - دە، چېدىردىكى پالۋانلارنى يىغىپ، چۈشىنى ئېيتىپ بەردى. چېدىردا بىر كىشى شۇئان:

— بۇ چۈش شۇم خەۋەرنىڭ ئالامىتى، — دەپ تەبىر بەردى.

كۆپچىلىك نەزەر سالسا، بۇ چېدىردىكى ئىشەنچلىك لەشكەر بېشى بولغان پاڭ دې ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى لىڭ مىڭ ئىدى. ما چاۋ:

— پاڭ دې، سىلىنىڭ قاراشلىرى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— قارلىق يەردە يولۋاسقا يولۇقۇش پەۋقۇلئاددە شۇملۇقنىڭ ئالامىتى. چوڭ سەركەردىمىزگە شۈيچاڭدا بىرەر ھادىسە بولدىمۇ يا؟ — دېدى پاڭ دې.

سۆز تېخى تۈگە ـ تۈگىمەستىنلا، بىر ئادەم سەنتۈرۈلۈپ كىرگەن پېتى يەر قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— تاغام بىلەن ئىنىلىرىم تامام ئۆلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى.

ما چاۋ قارىسا، ما دەي ئىكەن. ما چاۋ ھەيران بولۇپ سورىدى. ما دەي:

— تاغام ئەدلىيە تەپتىشىبېگى خۇاڭ كۈي بىلەن ساۋ ساۋنى يوقىتىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەنىدى، بەختكە قارشى سىر بىلىنىپ قېلىپ، ھەممىيلەن جازا مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلدى، ئىنىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. پەقەت مەنلا سودىگەرلەر قىياپىتىگە كىرىپ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ قېچىپ كەلدىم، — دېدى ما دەي.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ما چاۋ يىغلاپ يىقىلىپ چۈشتى. كۆيچىلىك يۆلەشتۈرۈپ قوپۇردى. ما چاۋ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇناپىق ساۋ ساۋغا غەزەپلەندى. توساتتىن جىڭگىۋدىن خان تاغىسى ليۇ بېي خەت ئەۋەتىپتۇ دەپ مەلۇم قىلىشتى. ما چاۋ خەتنى ئېچىپ ئوقۇۋېدى، قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

ھازىر خەن خاندانلىقى بەختسىزلىككە ئۈچراپ، مۇناپىق ساۋ ساۋ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالدى، خاننى تەقىب قىلدى، ئاھالىنى قۇرۇتۇۋەتتى. مۇقەددەم كەمىنە ليۇ بېيلىرى مەرھۇم ئاتىلىرى بىلەن بىللە مەخپىي پەرمان ئېلىپ، بۇ مۇناپىقنى ئۆلتۈرۈشكە ئانت ئىچىشكەنىدۇق. ھالا ئاتىلىرى مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۈچرىدى. سىلى سەركەردە ئۈچۈن، بۇ مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغان ئىش. ئەگەر سىلى شىلياڭ قوشۇنىنى باشلاپ ئوڭ تەرەپتىن ساۋ ساۋغا تېگىش قىلسىلا، مەن جىڭ، شياڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئالدى تەرەپتىن توسۇسام، ئاسىي ساۋ ساۋنى تۇتقىلى بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەككار مۆرىتلارنى يوقىتىپ، قىساس ئالغىلى بولىدۇ،
خەن خاندانلىقى گۈللىنىدۇ. كۆپ يىزىپ ئولتۇرمايمەن،
تېز جاۋابلىرىنى كۈتىمەن.

ما چاۋ خەتنى ئوقۇپ، دەرھال كۆز - يۇرنىنى ئېرتىپ، جاۋاب يازدى، ئالدى بىلەن ئەلچىنى قايتۇرۇپ، ئارقىدىن شىلياڭ قوشۇننى ئېلىپ يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا توساتتىنلا شىلياڭنىڭ ھاكىمى خەن سۈي ما چاۋنى كۆرۈشۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. ما چاۋ خەن سۈي مەھكىمىسىگە باردى، خەن سۈي ساۋ ساۋنىڭ خېتىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. خەتتە: «ئەگەر ما چاۋنى تۇتۇپ شۈيچاڭغا ئەكېلىپ بەرسىڭىز، شىلياڭ بەگلىككە تەيىنلىنىسىز» دېيىلىپتۇ. ما چاۋ يەر قۇچاقلاپ باش قويغان ھالدا:

— تاغا! مەرھەمەت قىلىپ، ئاغا - ئىنى ئىككىمىزنى بەند قىلىپ، شۈيچاڭغا ئاپىرىپ بېرۈرلەر، قورالغا مۇراجىئەت قىلىشتىن ساقلىنىپ قالۇرلەر، — دېدى.

— مەن ئاتىڭىز بىلەن ئەھدىلەشكەن بۇرادەر بولىمەن، سىزگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ۋىجدانىم كۆتۈرەمدۇ؟ ئەگەر سىز يۈرۈش قىلىدىكەنسىز، مەن ھەمدەمدە بولىمەن، — دېدى خەن سۈي ما چاۋنى يۆلەپ.

ما چاۋ باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. خەن سۈي ساۋ ساۋنىڭ ئەلچىسىنى ئاچىقتۇرۇپ كاللىسىنى ئالدۇردى - دە، قارىمىقىدىكى سەككىز بولۇم قوشۇننى ئېلىپ، تەڭلا يولغا چىقتى. بۇ سەككىز بۆلۈم قوشۇن پالۋانلىرى — خۇ شۈەن، چېڭ يىن، لى كەن، جاڭ خېڭ، لياڭ شىن، چېڭ يى، ما ۋەن، ياڭ چيۇلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سەككىز پالۋان خەن سۈي بىلەن بىللە، ما چاۋنىڭ پالۋانلىرى پاڭ دې، ما دەيلەرگە قوشۇلۇپ، جەمئىي 20 تۈمەن لەشكەر بىلەن چاڭئەنگە قىرغىن قىلىپ كەلدى.

چاڭئەننىڭ ھاكىمى جوڭ يۈ ساۋ ساۋغا دەرھال خەۋەر يوللىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ چىقىپ، دالىدا سەپ تۈزدى.

شىلياڭ قوشۇنىنىڭ تۇرشاۋۇل قىسمىنى باشلاپ ماڭغان ما دەي 15 مىڭ لەشكەر بىلەن دەبدەبىلىك ھالدا، تاغۇ دەشتلەرنى قاپلاپ يېتىپ كەلدى. جوڭ يۈ ئاتلىنىپ سۆزلىشىشكە چىقتى. ما دەي قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، جوڭ يۈ بىلەن ئېلىشتى. بىر رەددى ـ بەدەل ئۆتۈلمەستىن جوڭ يۈ يېڭىلىپ قاچتى. ما دەي قىلىچىنى ئوينىتىپ قوغلىدى. ما چاۋ، خەن سۈي چوڭ قوشۇن بىلەن يېتىپ كېلىپ، چاڭئەننى مۇھاسىرە قىلدى. جوڭ يۈ سېپىلغا چىقىپ مۇداپىئە كۆردى. چاڭئەن غەربىي خەن خاندانلىقىنىڭ پايتەخت قىلغان جايى بولغاچقا، سېپىلى مۇستەھكەم، خەندەكلىرى كەڭ ـ چوڭقۇر بولغاچقا، تېز ئېلىشالمايتتى. ئۇدا ئون كۈن مۇھاسىرە قىلىپمۇ ئالالمىدى.

پاڭ دې:

— چاڭئەن شەھەر ئىچىدىكى توپا قاتتىق بولۇپ، سۈيى شورلۇق، ئىچكىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتۇن كەمچىل ئىكەن. بۈگۈنگە قەدەر ئون كۈن مۇھاسىرە قىلدۇق، لەشكەر، خەلق ئاچ قالدى، ۋاقتىنچە لەشكەرلەرنى يىغىۋالايلى. مۇنداق، مۇنداق قىلايلى، چاڭئەننى قول سېلىپلا ئالغىلى بولىدۇ، — دەپ تەدبىر كۆرسەتتى.

— بۇ ناھايىتى ياخشى تەدبىر! — دېدى ما چاۋ ۋە شۇئان «بۇيرۇق» خېتى يېزىلغان بايراق بىلەن قوشۇنلارنىڭ چېكىنىشىگە بۇيرۇق بەردى. شەخسەن ما چاۋ قوشۇننىڭ ئارقا مۇداپىئەسىدە قالدى. قوشۇنلار ئاستا ـ ئاستا چېكىندى. ئەتىسى جوڭ يۈ سېپىلغا چىقىپ قوشۇننىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆردى، ئۇ ھىيلىمىكىن دەپ قورقتى، تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ ھەقىقەتەن يىراق كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن خاتىرجەم

بولدى ـ دە، لەشكەر ـ ئاھالىنى ئوتتۇن، سۇ توشۇۋېلىشقا قويۇپ بېرىپ، قوۋۇقلاردىن ئادەملەر كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇشتى. بەشىنچى كۈنى بولغاندا، ئادەملەر ما چاۋنىڭ قوشۇنى يەنە كېلىپ قالدى دەپ مەلۇم قىلىشتى، لەشكەر ـ ئاھالىنىڭ بارى قېچىپ شەھەرگە كىرىۋالدى، جۇڭ يۇ شەھەر قوۋۇقىنى قايتىدىن ئېتىپ، مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇردى.

جۇڭ يۇنىڭ ئىنىسى جۇڭ جىن كۈنپېتىش قوۋۇقىنى ساقلايتتى. ئېغىر ياتقۇ بولاي دېگەن ۋاقىتتا، قوۋۇق ئىچىدە ياڭغىن چىقتى. جۇڭ جىن دەررۇ ياڭغىننى ئۆچۈرىمەن دەپ كېلىشىگە، سىپىل تۈۋىدىن بىر ئادەم قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئات چاپتۇرغان ھالدا:

— قارا، مانا پاڭ دې بۇ يەردە! — دەپ نەرە تارتىپ كەلدى. جۇڭ جىن ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە، پاڭ دې قىلىچلاپ تاشلىدى، لەشكەرلەر چاپ ـ چاپتا تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى، قوۋۇقتىكى قۇلۇپ ـ زەنجىرلەرنى پارچىلاپ تاشلاپ، ما چاۋ، خەن سۈي قوشۇنىنى شەھەرگە قويۇپ بەردى. جۇڭ يۇ شەھەرنى تاشلاپ كۈنچىقىش قوۋۇقتىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. ما چاۋ، خەن سۈي شەھەرنى ئېلىپ ئۆز قوشۇنىنى تارتۇقلىدى.

جۇڭ يۇ تۇڭگۇەنگە چېكىنىپ ئۇ يەردە مۇداپىئە تەرتىپاتى ئالدى ۋە دەررۇ ساۋ ساۋغا مەلۇمات يوللىدى. چاڭئەننىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ تۈۋەنگە يۈرۈش ھەققىدە يەنە كېڭەش قىلالمىدى. دەرھال ساۋ خۇڭ بىلەن شۈي خۇاڭنى چاقىرىپ:

— سىلەر ئاۋۋال 1 تۈمەن ئادەم بىلەن بېرىپ، جۇڭ يۇنىڭ ئورنىغا تۇڭگۇەننى مۇداپىئە قىلىڭلار. ئەگەر ئون كۈن ئىچىدە قورۇلنى بېرىپ قويساڭلار ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسىلەر؛ ئون كۈندىن ئېشىپ كەتسە سىلەر مەسئۇلىيەتكە تارتىلمايسىلەر. مەن چوڭ قوشۇن بىلەن ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن، — دەپ

بۇيرۇدى.

ئىككىيلەن بۇيرۇقنى ئېلىپ كېچە ـ كۈندۈزلەپ يولغا راۋان بولدى. شاۋ رېن:

— ساۋ خۇڭنىڭ مىجەزى ئىتتىك، ئىشنى بۇزۇپ قويارمىكىن! — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— مەن سېنىڭ بىلەن ئاشلىق، يەم ـ خەشەكلەرنى توشۇپ، ئارقىدىن بولۇشايلى، — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ خۇڭ بىلەن شۈي خۇاڭ تۇڭگۇەنگە كېلىپ، جۇڭ يۇ ئورنىدا قورۇلنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋالدى، جەڭگە چىقمىدى. ما چاۋ قورۇلنىڭ تۈۋىگە قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، ساۋ ساۋنىڭ يەتمىش پۈشتى ـ ئەۋلادىنى تىللىدى. دەرغەزەپ بولغان ساۋ خۇڭ قورۇلدىن لەشكەر باشلاپ چىقىپ ئۇرۇشماقچى بولدى. شۈي خۇاڭ:

— بۇ ما چاۋنىڭ ئەتەي سىلىنى ئۇرۇشقا چىقسۇن دەپ قىلغان قىلىقى، ھەرگىز ئۇرۇشقا چىقمىسلا. باش ۋەزىرنىڭ چوڭ قوشۇننى كۈتەيلى، بىر گەپ بولار، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ما چاۋنىڭ لەشكەرلىرى كېچە ـ كۈندۈزلەپ نۆۋەت بىلەن كېلىپ تىللاۋەردى. ساۋ خۇڭ زادى جەڭگە چىقمەن دەپ تۇرۇۋالدى، شۈي خۇاڭ مىڭ تەسلىكتە توسۇۋالدى. توققۇزىنچى كۈنىگە كەلگەندە، قورۇل ئۈستىدىن قارىۋىدى، شىلياڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاتلىرىنى قويۇۋېتىپ، قورۇل ئالدىدىكى چىمەنلىكتە ئولتۇرۇشۇپتۇ، تەڭدىن تولىسى ھارغىن بولۇپ، ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ. ساۋ خۇڭ ئېتىنى ئېگەرلىتىپ، 3000 لەشكەر ئېلىپ، قورۇلدىن قىرغىن قىلغىلى چىقتى. شىلياڭ لەشكەرلىرى ئات، قوراللىرىنى تاشلاپ قاچتى، ساۋ خۇڭ توختىماستىن قوغلىدى. دەل بۇ ۋاقىتتا شۈي خۇاڭ قورۇل ئۈستىدە ئاشلىق، يەم ـ خەشەكلەرنى كۆزدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەچۈرۈۋاتاتتى، ساۋ خۇڭنىڭ جەڭ قىلغىلى چىقىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، لەشكەر باشلاپ تېز ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى ۋە: «ساۋ خۇڭ، ئارقىغا قايتسىلا!» دەپ توۋلىدى؛ بىردىنلا ئارقىدىن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چوقان چىقىپ كەتتى، ما دەي قوشۇن بىلەن قىرغىن قىلىپ كەلدى. ساۋ خۇڭ، شۈي خۇاڭلار دەررۇ ئارقىغا قايتىپ مېڭىۋىدى، بىرلا چېلىنغان دۇمباق - ناغرا ئاۋازى بىلەن تاغنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى قوشۇن چىقىپ يولنى كېسىپ تاشلىدى، سولدىن ما چاۋ، ئوڭدىن پاڭ دې چىقىپ بىر پەس قىرغىن بولدى. ساۋ خۇڭ تەڭ كېلەلمەي، لەشكىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى چىقىم بەردى - دە، مىنىڭ تەستە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، قورۇلغا كەلدى. شىلياڭ لەشكەرلىرىمۇ ئارقىدىنلا قوغلاپ كېلىپ قالدى، ساۋ خۇڭلار قورۇلنى تاشلاپ قاچتى. پاڭ دې تۇڭگۇەندىن ئۆتۈپمۇ قوغلىدى، ئۇ ساۋ رېن قوشۇنىغا ئۇچراپ، ساۋ خۇڭلار قوشۇنىنى قۇتقۇزۇۋالدى. ما چاۋ پاڭ دېغا بولۇشۇپ قورۇلغا چىقتى. ساۋ خۇڭ تۇڭگۇەننى بېرىپ قويۇپ، قاچقان پېتى بېرىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. ساۋ ساۋ:

— ئون كۈن بەلگىلەپ بەرگەنىدىم، نېمىشقا توققۇز كۈندىلا تۇڭگۇەننى قولدىن بېرىپ قويدىڭىز؟ — دېدى.

— شىلياڭ لەشكەرلىرى بەك تىللاپ كەتتى. قارىسام ياۋ لەشكەرلىرى بوشىشىپ قالغاندەك قىلدى، پۇرسەت دەپ قوغلاپتىمەن، ئويلانمىغان يەردە ياۋنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالدىم، — دېدى ساۋ خۇڭ.

— ساۋ خۇڭغۇ ياش، ئالدىراڭغۇ، شۈي خۇاڭ، سىز ئىش بىلىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— قايتا - قايتا مەسلىھەت بەرسەم ئاڭلىمىدى. ئۇ كۈنى قورۇلدا مەن ئاشلىق، يەم - خەشەكلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ قاپتىمەن. مەن خەۋەر تاپقاندا ياش سەركەردە ئاللىقاچان

قورۇلدىن چۈشۈپ كېتىپ قالغانىكەن. يەنە بىر زىيان ــ زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن دەپ ئالدىراپ قوغلاپ بېرىۋېدىم، ياۋنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالدۇق، — دېدى شۈي خۇاڭ.

ئىنتايىن خاپا بولغان ساۋ ساۋ جاللات دەپ ۋارقىراپ، ساۋ خۇڭنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئەمەلدارلار مىڭ تەسلىكتە تىلىۋالدى. ساۋ خۇڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىپ قايتىپ چىقتى.

ساۋ ساۋ قوشۇنى ئۇدۇللاپ تۇڭگۇەننىڭ تۈۋىگە كەلدى. ساۋ رېن:

— ئاۋۋال قارارگاھ قۇرۇپ، ئاندىن تۇڭگۇەنگە قول سالساق كەچلىك قىلماس، — دەپ پىكىر بەردى.

ساۋ ساۋ دەرەخ كەستۇرۇپ توسما قىلىشقا بۇيرۇق بەردى، ئۈچ قارارگاھ قۇردى: سول تەرەپتە ساۋ رېن، ئوڭ تەرەپتە شيا خوۋيۈەننى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىدىكى قارارگاھقا ئورۇنلاشتى. ئىككىنچى كۈنى ساۋ ساۋ ئۈچ قارارگاھتىكى چوڭ ــ كىچىك پالۋانلارنى باشلاپ، قورۇل تۈۋىگە قىرغىن قىلىپ كەلدى. شىلياڭ لەشكەرلىرىگە دۈچ كەلدى. ئىككىلا تەرەپ سەپ تۈزدى. ساۋ ساۋ نىشان تۇغى ئاستىغا كېلىپ شىلياڭ لەشكەرلىرىنى كۆزىتىۋېدى، شىلياڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەربىرى دېگۈدەك قەيسەر، قەھرىمان كۆرۈندى. يەنە ما چاۋغا نەزەر سېلىۋېدى، يۈزى ئاپئاق، لەۋلىرى قىزىل، بېلى ئىنچىكە، دولىسى كەڭ بولۇپ، ئاۋازى ھەيۋەتلىك، كۈچلۈك باتۇر ئىكەن؛ ئۈچىسىغا ئاق چاپان، كۈمۈش رەڭلىك ساۋۇت كىيىپتۇ، قولىدا نەيزە بولۇپ، ئاتلىق سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ؛ ئۈستى تەرىپىدە پاڭ دې، ئاستى تەرىپىدە ما دەي تۇرۇپتۇ. ساۋ ساۋ كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئېتىنى دېۋىتىپ، ما چاۋغا قاراپ:

— سىز خەن خاندانلىقىنىڭ ئاتاقلىق پالۋاننىڭ ئەۋلادى بولۇپ تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئاسىيلىق قىلىسىز؟ — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— ھەي مۇناپىق ساۋ ساۋ! سەن خانىمىزنى ئالدىدىڭ، جىنايىتىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرۈش كېرەك! ئاتام بىلەن ئۆكىلىرىمنى ئۆلتۈردۈڭ، سېنىڭ بىلەن ئارامدا ئالەمگە سىغمايدىغان ئاداۋەت، قىساس بار! سېنى تىرىك تۇتۇپ گۆشۈڭنى يەيمەن! — دېدى ما چاۋ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تىللىغان ھالدا.

ما چاۋ سۆزىنى تۈگىتىپلا نەيزىسىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈپ، توپتوغرا ساۋ ساۋغا ئېتىلدى. ساۋ ساۋنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان يۈي جىن چىقىپ ئېلىشتى. ئىككى ئات روبىرو بولدى، سەككىز- توققۇز رەددى بەدەل ئېلىشىپلا، يۈي جىن يېڭىلدى. جاڭ خې چىقىپ ئېلىشتى، 20 رەددى بەدەل ئېلىشىپ ئۇمۇ يېڭىلدى. لى تۇڭ ئات سېلىپ چىقتى، ما چاۋ غەيرەت بىلەن جەڭ قىلدى، بىرنەچچە رەددى بەدەلدىن كېيىن، نەيزىنى شۇنداق سالدىكى، لى تۇڭ ئاتتىن يىقىلدى. ما چاۋ نەيزىسىنى ئارقىغا بىر پىرقىرىتىۋىدى، شىلياڭ قوشۇنى بىردەكلا قىر- چاپقا ئۆتتى. ساۋ ساۋ قوشۇنى قاتتىق يېڭىلدى. شىلياڭ قوشۇنى بەك ئىتتىك كەلگەچكە، ساۋ ساۋنىڭ ئوڭ، سول ئەتراپىدىكى پالۋانلار توسۇيالماي قالدى، ما چاۋ، پاڭ دې، ما دەيلەر 100 چە ئاتلىق يىگىت بىلەن توپتوغرا ياۋ قوشۇنىنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ ساۋ ساۋنى تۇتماقچى بولدى. پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن قوشۇننىڭ ئىچىدە، ساۋ ساۋ شىلياڭ لەشكەرلىرىنىڭ: «قىزىل تون كىيگەن ساۋ ساۋ شۇ!» دەپ توۋلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى-دە، ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ دەرھال تونىنى سېلىۋەتتى؛ ئۇ يەنە لەشكەرلەرنىڭ «ئۇزۇن ساقاللىق ئادەم ساۋ ساۋ شۇ!» دەپ توۋلىغانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە، تەمتىرەپ قېلىپ، يېنىدىن شەمشىرىنى سۇغۇردى ـ دە، ساقىلىنى كېسىۋەتتى؛ ساۋ ساۋنىڭ ساقىلىنى كېسىۋەتكەنلىكىنى لەشكەرلەردىن بىرى ما چاۋغا ئېيتىپ قويدى، ما چاۋ: «ساقىلى قىسقا ئادەم ساۋ ساۋ، شۇنى تۇتۇڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ

دەرھال تۇغىنىڭ بىر بۇرجىكىنى يىرتىۋېلىپ بوينىغا ئورىدى ـ دە، قاچتى. كېيىنكىلەر بۇ توغرىدا مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*يېدى ساۋ ساۋ پەلشۇا تۈگگۈنەندە جەڭدە يېڭىلىپ،*
*تاشلىدى مىڭ دېدە ئۇ ئۆز تونىنى دەرھال سېلىپ.*
*يۈرىكى قاپتىن چىقىپ شەمشەردە ئۇ كەستى ساقال،*
*چىقتى ما چاۋنىڭ شۇ دەم نام ـ شۆھرىتى كۆككە يېتىپ.*

ساۋ ساۋ راسا قېچىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، ئارقىدىن بىر ئاتلىق قوغلاپ كەلدى، ئۆرۈلۈپ قارىسا، نەق ما چاۋنىڭ ئۆزى ئىكەن. ساۋ ساۋ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئەتراپىدىكى سەركەردە ـ سەرۋازلار ما چاۋنىڭ قوغلاپ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممىسى ساۋ ساۋنى تاشلاپ ئۆز جېنىنى ئېلىپ قاچتى. ما چاۋ نەرە تارتىپ: «ساۋ ساۋ توختا!» دەپ ۋارقىرىدى. قورقۇپ كەتكەن ساۋ ساۋنىڭ قامچىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى، يېتىشىپ قالاي دېگەندە، ما چاۋ ئارقىدىن نەيزە ئۇردى. ساۋ ساۋ دەرەخ ئايلىنىپ قاچقانىدى، ما چاۋنىڭ نەيزىسى دەرەخكە قادىلىپ قالدى، نەيزىسىنى سۇغۇرۇپ بولغىچىلىك، ساۋ ساۋ خېلى يىراققا كېتىپ قالدى. ما چاۋ ئات چاپتۇرۇپ قوغلاپ كەلدى، ئەنە شۇ پەيتتە تاغنىڭ يان باغرىدىن بىر پالۋان چىقتى ـ دە:

— خوجايىنىمغا قول تەگكۈزمە! ساۋ خۇڭ دېگەن مانا مەن! — دەپ نەرە تارتتى، قىلىچىنى ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ما چاۋنى توسۇۋالدى. ساۋ ساۋ جېنىنى ئېلىپ قاچتى. ساۋ خۇڭ ما چاۋ بىلەن 40 — 50 رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، قىلىچ سېلىش ئۇسۇلى ئاستا ـ ئاستا تەرتىپسىزلىنىشكە باشلىدى، ئۇ ئاجىزلىق قىلىپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا بىرنەچچە ئون ئاتلىق يىگىتلىرى بىلەن شيا خۇيۇەن كېلىپ قالدى. ما چاۋ يالغۇز بولغىنى ئۈچۈن، دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالماي دەپ، بېشىنى بۇراپ قايتتى. شيا خۇيۇەنمۇ قوغلىمىدى.

ساۋ ساۋ قارارگاھقا قايتتى، ساۋ رېن ناھايىتى قاتتىق جەڭ قىلىپ قارارگاھنى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ چىقىم تارتمىدى. ساۋ ساۋ چېدىرغا كىرىپ ئاھ تارتىپ:

— ئەگەر مەن ساۋ خۇڭنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان بولسام، بۈگۈن چوقۇم ما چاۋنىڭ قولىدا ئۆلگەن بولاتتىم! — دېدى ـ دە، شۇئان ساۋ خۇڭنى چاقىرتىپ نۇرغۇن ئىنئام بەردى. يېڭىلگەن لەشكەرلەرنى يىغىۋېلىپ، قارارگاھنى مۇستەھكەملەپ قاتتىق ساقلاشقا، چىقىپ جەڭ قىلماسلىققا بۇيرۇق بەردى، ما چاۋ ھەر كۈنى دېگۈدەك لەشكەر باشلاپ كېلىپ قارارگاھ ئالدىدا تىل ـ ھاقارەت قىلىپ، ساۋ ساۋنى جەڭگە ئۈندىدى. ساۋ ساۋ قاتتىق مۇداپىئە قىلىش، ئەگەر قالايمىقان ھەرىكەتلەنگۈچىلەر بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. پالۋانلار:

— شىلياڭ لەشكەرلىرى ئۇزۇن نەيزە ئىشلىتىدىكەن، ئوقيا بىلەن جاۋاب بېرەيلى! — دېيىشتى.

— ئۇرۇش ـ ئۇرۇشماسلىقنى مەن بەلگىلەيمەن، ياۋنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس. قاراقچىلار گەرچە ئۇزۇن نەيزە ئىشلەتسىمۇ، بىزگە قانداق سانجىيالايدۇ؟ ھەرقايسىڭلار قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ قاراپ تۇرۇڭلار، قاراقچىلار ئۆزلۈكىدىن چېكىنىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ.

پالۋانلار ئۆزئارا غودۇڭشىدى: «باش ۋەزىر ئەزەلدىن تارتىپ جەڭلەردە ئۆزى ئالدىدا مېڭىپ بېرەتتى؛ بۈگۈن ما چاۋدىن يېڭىلىپ، ئەجەب قورقۇنچاق بولۇپ قاپتۇ ـ ھە؟» دېيىشتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئايغاقچىلار كېلىپ: «ما چاۋغا ھەمدەم بېرىش ئۈچۈن يەنە 2 تۈمەن كۈچ كېلىپ قوشۇلدى، بۇلار چان قەبىلىلىرى ئىكەن» دەپ مەلۇم قىلدى.

ساۋ ساۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى.

— ما چاۋغا يېڭىدىن لەشكەر كېلىپ قوشۇلسا، باش ۋەزىر سىلى ئەكسىچە خۇشال بولۇپ كەتتىلىغۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى پالۋانلار.

— زەپەر قازانغىنىمدىن كېيىن سىلەرگە دەپ بېرەي، — دېدى ساۋ ساۋ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە قورۇلغا يېڭى لەشكەر كېلىپ قوشۇلدى دەپ مەلۇم قىلغانىدى. ساۋ ساۋ يەنە خۇشال بولۇپ كەتتى ـ دە، چېدىردىلا مەرىكە تەييارلاپ قۇتلۇقلىدى، پالۋانلار دىلىدا كۈلۈشتى.

— سىلەر ما چاۋنى يوقىتىشتا مېنى ئامالسىز بولۇپ قالدى دەپ كۈلۈۋاتىسىلەر. سىلەرنىڭ قانداق ياخشى تەدبىرىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر جانابلىرى! بۈگۈن كۈچلۈك قوشۇنىمىز بۇ يەردە تۇرۇۋېتۇ، قاراقچىلارنىڭ پۈتكۈل قىسمىمۇ قورۇلغا ئورۇنلاشتى، بۇ يەردىن دەريانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە بارساق، چوقۇم ئۇلارنىڭ تەييارلىقى يوق؛ ئەگەر بىر قوشۇن بىلەن پۇيەنجىندىن يوشۇرۇن كېچىپ ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن ياۋنىڭ ئارقا يولىنى كېسىپ تاشلىساق، باش ۋەزىر سىلى دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن تېگىش قىلسىلا، قاراقچىلار ئىككى تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە ماسلىشالماي قالىدۇ ـ دە، چوقۇم خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، — دېدى شۈي خۇاڭ.

— شۈي خۇاڭنىڭ پىكرى دەل مېنىڭ ئويىمغا مۇۋاپىق، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان شۈي خۇاڭغا 4000 لەشكەر بەردى ۋە جۇ لىڭ بىلەن بىللە دەريانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە تۇيۇقسىز بېرىپ تاغ جىلغىلىرى ئىچىگە پىستىرما بولۇشنى بۇيرۇدى، ئۆزى قوشۇن بىلەن دەريانىڭ يۇقىرىغا ئۆتكەندە بىللە تېگىش قىلماقچى بولدى. شۈي خۇاڭ جۇ لىڭلار بۇيرۇقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، ئالدى بىلەن 4000 لەشكەر باشلاپ يوشۇرۇن يۈرۈپ كەتتى. ساۋ ساۋ ئاۋۋال ساۋ خۇڭنى پۇبەنجىڭگە بېرىپ كېمىلەر هازىرلاشقا بۇيرۇدى. ساۋ رېننى قارارگاھنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى لەشكەرلەرنى ئېلىپ ۋېيخې دەرياسىدىن ئۆتۈشكە ماڭدى.

ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى ئالىقاچان ما چاۋغا يەتكۈزدى. ما چاۋ:

— بۈگۈن ساۋ ساۋنىڭ تۇڭگۇەنگە تېگىش قىلماستىن، كېمە هازىرلاشقا كىشى ئەۋەتىشى دەريانىڭ يۇقىرىغا ئۆتۈپ، بىزنىڭ ئارقا يولىمىزنى كەسمەكتىن ئىبارەت. مەنمۇ بىر قوشۇننى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ، دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىنى توسۇسام، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئۆتەلمەيدۇ، 20 كۈن ئۆتمەستىنلا دەريانىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئاشلىق تۈگەيدۇ-دە، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى چوقۇم پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ، بىز دەريانى بويلاپ تۆۋەن تەرەپكە تېگىش قىلساق، ساۋ ساۋنى تۇتقىلى بولىدۇ، — دېدى.

— بۇنداق قىلىشنىڭ هاجىتى يوق. لەشكىري ئىلىمدە: «قوشۇننىڭ تېڭى دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا تېگىش قىلىش كېرەك» دېيىلگەن، بۇنى ئاڭلىغانمىدىڭىز، ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ يېرىمى دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا، سىز تۆۋەن قىرغاقتا تۇرۇپ تېگىش قىلسىڭىز، ساۋ ساۋ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەريادا غەرق بولىدۇ، — دېدى خەن سۈي.

— ئاغا، پىكىرلىرى ناهايىتى ياخشى، — دېدى ما چاۋ ۋە شۇئان ساۋ ساۋنىڭ دەريادىن ئۆتىدىغان ۋاقتىنى ئىگىلەپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى تەخلەپ ئۈچ قوشۇنغا بۆلدى، قوشۇننىڭ ئالدى ۋېيخې كېچىككە يېتىپ كەلدى. لەشكەر كېچىكنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندە، قۇياش ئەمدىلا

كۆتۈرۈلگەنىدى. ساۋ ساۋ ئالدى بىلەن تاللانغان لەشكەرلىرىنى يۇقىرى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قارارگاھ قۇردى. ساۋ ساۋ 100 چە خاس يىگىتنى ئېلىپ، شەمشىرىنى تۇتقىنىچە، تۆۋەن قىرغاقتا ئولتۇرۇپ، لەشكەرلەرنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىنى كۆزىتىپ تۇردى. بىردىنلا: «ئاق تونلۇق سەركەردە ئارقا تەرەپتىن كېلىپ قالدى!» دەپ مەلۇم قىلىشتى. ھەممە ما چاۋ ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ئولاش - چولاش كېمىگە چىقتى. دەريا بويىدىكى لەشكەرلەرنىڭ كېمە تالىشىشتىكى چۇقانلىرى ئۈزۈلمىدى. ساۋ ساۋ ئولتۇرۇپ مىدىرلىمىدى، ئۇ شەمشىرىنى تۇتۇپ: «چۇقان سېلىشما!» دېدى. ئەنە شۇ پەيتتە ئادەملەرنىڭ چۇقانى، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە يېتىپ كېلىپ قالدى، كېمىدىن بىر پالۋان قىرغاققا سەكرەپ چىقىپ:

— قاراقچىلار كېلىپ قالدى، باش ۋەزىر جانابلىرى، كېمىگە مەرھەمەت قىلسىلا! — دەپ توۋلىدى.

ساۋ ساۋ قارىسا، شۈي چۇ ئىكەن. ساۋ ساۋ:

— قاراقچىلار كېلىپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ ئارقىغا قارىغانىدى، ما چاۋ ناھايىت يۈز قەدەمچە ئارىلىققا كېلىپ قاپتۇ. شۈي چۇ ساۋ ساۋنى تارتىپ كېمىگە قاراپ ماڭغان ۋاقىتىدا، كېمە قىرغاقتىن ئۈچ قۇلاچ كەلگۈدەكلا ئارىلىقتا ئىدى، شۇ چۇ ساۋ ساۋنى يۈدۈپ، بىر سەكرەپلا كېمىگە چىقتى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى سۇغا سەكرەپ، كېمىگە يامىشىپ چىقىپ قاچماقچى بولۇشتى. كېمە كىچىك بولغاچقا داۋالغۇپ ئۆرۈلۈشكە تاس قالدى، شۈي چۇ قىلىچى بىلەن كەلسە - كەلمەس چېپىۋەردى، كېمىگە ئېسىلغانلارنىڭ قولى كېسىپ تاشلانغاچقا، سۇغا يىقىلدى، ئۇلار تېزلىكتە كېمىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ھەيدىدى. شۈي چۇ كېمىنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ، ئالدىراپ خادىنى ئىشقا سالدى. ساۋ ساۋ شۈي چۇنىڭ پۇتى يېنىدا دۈم يېتىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەن ما چاۋ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان كېمىنى كۆرۈپ، ئوقيانى يەتلەپ دەريا بويلاپ ئېتىڭلار! دەپ توۋلاپ بۇيرۇق بەردى، ئوق يامغۇردەك ياغدى. شۇي چۇ ساۋغا ئوق تېگىپ كەتمىسۇن دەپ، سول قولىغا ئېگەرنى ئېلىپ سۇپەر قىلدى. ما چاۋنىڭ ئوقى زايە كەتمەيتتى، كېمە ھەيدىگۈچىلەر ئوق تېگىپ سۇغا يىقىلدى؛ كېمىدىكى بىرنەچچە ئادەممۇ ئوق تېگىپ يىقىلدى. كېمە داۋالغۇپ سۇنىڭ جىددىي ئېقىمىدا چۆرگىلەپ قالدى. شۇي چۇ يالغۇزلا غەيرەت - شىجائەت كۆرسىتىپ، ئىككى پۇتى بىلەن كېمىنىڭ رولىنى چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ، بىر قولىدا خادا بىلەن كېمىنى ماڭدۇردى، بىر قولىدا ئېگەرنى سۇپەر قىلىپ ساۋ ساۋنى قوغدىدى.

بۇ ۋاقىتتا ۋېيىنەن ناھىيىسىنىڭ ئامىلى دىڭ فېي تۆۋەن تەرەپتىكى تاغدا ما چاۋنىڭ ساۋ ساۋنى جىددىي قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ساۋ ساۋنىڭ ھاياتىغا دەخلى يەتمىسۇن دەپ قارارگاھتىكى ئات، كالا پادىلىرىنى قويۇپ بەردى، بۇ ئات، كالىلار پۈتۈن تاغۇ دەشتلەرنى قاپلاپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن شىلياڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئات، كالا تۇتۇشقا كىرىشىپ كېتىپ، ياۋنى قوغلاشقا كۆڭۈل بۆلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ قۇتۇلۇپ كەتتى. يۇقىرى قىرغاققا كېلىپ، كېمىلەرنى تېشىپ چۆكتۈرۈۋەتتى. ساۋ ساۋنىڭ دەريادا خەۋپكە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغان پالۋانلار جىددىي قۇتقۇزۇشقا كەلگەن ۋاقىتتا، ساۋ ساۋ قىرغاققا چىقىپ بولغانىدى. شۇي چۇ ئېغىر ساۋۇت كىيگەچكە، ئوقلارنىڭ ھەممىسى ساۋۇتقا قادىلىپ قالغانىدى. پالۋانلار ساۋ ساۋنى دالىدىكى قارارگاھقا باشلاپ كېلىپ، ھەممە باش قويۇپ ھال سورىدى.

— بۈگۈن بۇ كىچىك قاراقچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدىم! — دېدى ساۋ ساۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— ئەگەر ئادەملەر ئات، كالىنى قويۇپ بېرىپ ياۋنى مالغا دۇ تۇتتۇرمىغان بولسا، قاراقچىلار چوقۇم دەريادىن ئۆتۈشكە تىرىشاتتى، — دېدى شۇي جۇ.

— قاراقچىلارنى مالغا دۇ تۇتتۇرغان كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— ۋېيىەن ئامبىلى دىڭ فېي، — دېدى بىلىدىغانلار.

بىر پەستىن كېيىن دىڭ فېي ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ساۋ ساۋ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— جانابلىرىنىڭ ياخشى تەدبىرى بولمىغان بولسا، قاراقچىلار مېنى تۇتۇۋالغان بولاتتى، — دېدى-دە، شۇئان ئۇنى لەشكەر ئىشلىرى بېگى قىلىپ بەلگىلەپ بۇيرۇق چىقاردى.

— قاراقچىلار ۋاقىتلىق چېكىندى، ئەتە چوقۇم يەنە كېلىدۇ. ياخشى تەدبىر بىلەن قارشى تۇرۇش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى دىڭ فېي.

— تەييارلىق قىلىپ قويدۇم، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان پالۋانلارنى چاقىرتىپ ھەرقايسىسىغا دەريا بويلاپ قارارگاھ قۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق دىۋارى يول سېلىشقا بۇيرۇق بەردى. قاراقچىلار كەلگەندە لەشكەرلەرنى دىۋارى يولنىڭ ئىچىگە تىزىپ ئۈچ تەرەپكە بايراق قاداپ، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ كۆزىنى بوياڭلار؛ دەريا بويلاپ خەندەك كولاڭلار، ئۈستىنى يېپىپ ياۋنى دەرياغا جەلپ قىلىڭلار؛ جىددىي كەلگەن قاراقچىلار چوقۇم يېپىلغان خەندەككە چۈشىدۇ-دە، خەندەككە چۈشكەندە زەربە بەرگىلى بولىدۇ، — دېدى.

ما چاۋ قايتىپ خەن سۈي بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

ساۋ ساۋنى تۇتۇۋالغىلى ئازلا قېلىۋېدىم، بىر پالۋان غەيرەت كۆرسىتىپ ساۋ ساۋنى يۈدۈگەن پېتى كېمىگە ئېلىپ چۈشۈۋالدى، كىملىكىنى بىلەلمىدىم، — دېدى.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى خەن سۈي، — ساۋ ساۋ ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك ئادەملەرنى تاللىۋېلىپ بارگاھ قورۇقدىغۇچىلىققا قويغانىكەن، بۇلارنىڭ نامى «يولۋاس قوشۇنى» دەپ ئاتىلىدىكەن، غەيۇر پالۋانلاردىن دېيەن ۋېي، شۆي چۇ باشچىلىق قىلىدىكەن. دېيەن ۋېي بولسا ئۆلدى، بۈگۈن ساۋ ساۋنى قوغدىغۇچى شۆي چۇ بولۇشى چوقۇم. بۇ ئادەم پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولۇپ، ئادەملەر ئۇنى «قۇترىغان يولۋاس» دەپ ئاتىشاتتى؛ ئەگەر يولۇقۇپ قالسا، ئۇنى سەل چاغلاپ قويمالى.

— مەنمۇ ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولدى، — دېدى ما چاۋ.

— بۈگۈن ساۋ ساۋ دەريادىن ئۆتتۈۋالدى، ئارقىمىزغا تېگىش قىلىشى تۇرغان گەپ، بىز تېز تېگىش قىلايلى ـ دە، قارارگاھ قۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمەيلى، مۇبادا قارارگاھ قۇرۇۋالسا، يوقىتىپ تاشلاش قىيىن بولىدۇ، — دېدى خەن سۈي.

— مېنىڭ كالتە پىكرىمچە، — دېدى ما چاۋ، — ئەڭ ياخشىسى دەريانىڭ يۇقىرى قىرغىقىنى توسۇساق، ياۋنى دەريادىن ئۆتكۈزمىسەك.

— ئۇنداق بولسا، سىز قارارگاھنى ساقلاڭ، مەن قوشۇن بىلەن دەريا بويلاپ ساۋ ساۋ بىلەن جەڭ قىلاي، قانداق؟ — دېدى خەن سۈي.

— پاڭ دې ئالدىنقى قىسىملارنى ئېلىپ، سىلى تاغام بىلەن بىرگە بارسىلا! — دېدى ما چاۋ.

شۇنداق قىلىپ، خەن سۈي پاڭ دې بىلەن 5 تۈمەن لەشكەر ئېلىپ تويتوغرا ۋېينەنگە قاراپ يول ئالدى. ساۋ ساۋ پالۋانلارغا ياۋنى دىۋارى يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە دو تۇتتۇرۇڭلار دەپ بۇيرۇق بەردى.

پاڭ دې ئالدى بىلەن 1000 دىن ئارتۇق چەۋەنداز لەشكەرلەر بىلەن بۆسۈپ كەلدى، سۈرەن ـ چۇقان بىلەن تەڭ ئادەم ۋە ئاتلار خەندەككە چۈشۈپ كەتتى. پاڭ دې سەكرەپ خەندەكتىن چىقىپ،

تۈز يەرگە چىقىۋېلىپ، بىرنەچچە كىشىنى ئۆلتۈردى ـ دە، پىيادە قىلىچلاپ يۈرۈپ، قاتمۇقات مۇھاسىرىدىن چىقىپ كەتتى. خەن سۈيمۇ ئوتتۇرىغا قامىلىپ قالدى. پالۋ دې پىيادە جەڭ قىلىپ قۇتقۇزۇۋالدى، ساۋ رېننىڭ پالۋانى ساۋ چېگغا كەز كەلدى؛ پالۋ دې قىلىچنى بىرلا سېلىش بىلەن ئاتتىن يىقىتىپ تاشلىدى، ئاندىن ئېتىنى مىندى ـ دە، بىر يول ئېچىپ خەن سۈينى قۇتۇلدۇرۇپ، كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپكە قاراپ قاچتى، ئارقىدىن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قوغلاپ كەلدى، ما چاۋ لەشكەر باشلاپ كېلىپ بولۇشتى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى يېڭىپ، لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. زاۋالغىچە جەڭ قىلىپ ئاندىن قايتتى. لەشكەرلەرنى ئىدىتلاپ كۆرسە، يارەمچى پالۋانلاردىن چېڭ يىن بىلەن جاڭ خېڭ قۇربان بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق لەشكەر خەندەككە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. ما چاۋ خەن سۈي بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— ئەگەر ۋاقىتنى ئۇزۇنغا سوزۇۋېرىپ، ساۋ ساۋ دەريانىڭ يۇقىرىغا قارارگاھ قۇرۇۋالسا، ئۇنى چېكىندۇرۇش قىيىن بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كۆرە بۈگۈن كېچە يېنىك ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن دالا قارارگاھىغا تېگىش قىلايلى، — دېدى.

— لەشكەرلەرنى بۆلۈپ ئالدى ـ ئارقا تەرەپتىن ئۇزۇئارا ماسلىشىپ تۇرايلى، — دېدى خەن سۈي.

شۇنداق قىلىپ ما چاۋنىڭ ئۆزى تۇرشاۋۇل قىسمىنى، پالۋ دې، ما دەيلەر ھىماتچى قىسىمنى باشلاپ، شۇ كېچىسى يۈرۈپ كەتتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى يىغىپ ۋېيخې دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئورۇنلاشتۇردى ـ دە، پالۋانلارنى چاقىرىپ:

— قاراقچىلار بىزنىڭ تېخى قارارگاھىنى قۇرمىغان ۋاقتىمىزدىن پايدىلىنىپ، چوقۇم دالا قارارگاھىمىزغا تېگىش قىلغىلى كېلىدۇ. لەشكەرلەرنى تۆت تەرەپكە بۆلۈپ پىستىرما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلايلى، بارگاھنى ساختىلىق بىلەن بوش قالدۇرايلى، توپ ئاۋازى بىلەن تەڭلا، پىستىرمىدىكىلەرنىڭ بارى چىقسا، بىر ھەملە بىلەن ياۋنى تۈتىمىز، — دېدى.

پالۋانلار بۇيرۇققا بىنائەن، لەشكەرلەرنى پىستىرما قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ما چاۋ 30 لەشكەر بىلەن چېرىك يىنى پايلاقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. بارگاھتا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرگەن چېرىك يى توپتوغرا بارگاھقا كىرىپ كەتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى شىلىيانىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ توپ ئاتتى، تۆت تەرەپتىكى پىستىرمىلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ، 30 ئاتلىقنى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. شيا خۇيۇەن چېرىك يىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ما چاۋ ئۆزى ئارقىدىن يالىڭ دې، ما دەيلەر بىلەن لەشكەرلىرىنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ تېگىش قىلىپ كەلدى.

دەرھەقىقەت:

*ئالدىدا پىستىرمىلار تۇرسا كۆتۈپ ياۋنى ھامان،*
*ھەددى نە تۇسۇماق چىقىپ ئالدىغا ئۆتسە پالۋان.*

زادى كىمنىڭ يەڭگەن ـ كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەللىك توققۇزىنچى باب

## شۇي چۈنىڭ يالغاچ بولۇپ ما چاۋ بىلەن ئېلىشقانلىقى ساۋ ساۋنىڭ خەن سۈيگە ئۆچۈرگەن خەت ئەۋەتىپ ئارىنى بۆلگەنلىكى

ئەلقىسسە، ئەنە شۇ كۈنى كېچىسى ئىككى قوشۇن تاڭ ئاتقۇچە قۇچاقلاشما جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى تەرەپ ئۆز لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. ما چاۋ لەشكەرلىرىنى ۋېيكۇغا ئورۇنلاشتۇردى، لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ، ئالدى ــ ئارقا تەرەپتىن كېچە ــ كۈندۈزلەپ تېگىش قىلىپ تۇردى. ساۋ ساۋ ۋېيخې دەرياسى ئۈستىگە كېمە ــ ساللارنى بىر ــ بىرىگە چېتىش بىلەن ئۈچ لەيلىمە كۆۋرۈك سېلىپ، تۆۋەن قىرغاققا تۇتاشتۇردى. ساۋ رېن قوشۇن باشلاپ كېلىپ دەريانىڭ ئىككىلا تەرىپىگە قارارگاھ قۇردى، ئاشلىق، يەم ــ خەشەك، ھارۋىلارنى تۇتاشتۇرۇپ، توسۇقلار ئورناتتى. بۇنى ئاڭلىغان ما چاۋ لەشكەرلىرىگە بىر باغدىن ئوت ــ چۆپ، تۇتۇرۇق ھازىرلاتتى، خەن سۈي بىلەن بىللە قارارگاھ ئالدىغا قىرغىن قىلىپ كەلدى، ئوت ــ چۆپلەرنى دۆۋىلەپ ئوت قويدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى تەڭ كېلەلمەي، قارارگاھنى تاشلاپ قاچتى. ھارۋىلار، لەيلىمە كۆۋرۈك پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىدى. شىلياڭ لەشكەرلىرى چوڭ زەپەر قازىنىپ، ۋېيخېنى توسۇۋالدى. قارارگاھنى قۇرالمىغان ساۋ ساۋنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ ۋەھىمىگە چۈشتى. شۇن يۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ۋېيخېنىڭ قوّم توپلىرى بىلەن سېپىل ياســـاق مۇداپىئە كۈرگىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى. ساۋ ساۋ 3 تۇمەن لەشكەرنى سېپىل قۇرۇلۇشىغا سالدى. ما چاۋ يەنە پالىك دې، ما دەيلەرنى 500 دىن لەشكەر بىلەن تېگىش قىلغۇزۇپ تۇردى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوّم توپا بىلەن ياسىغانلىكـــى جاي ئۆرۈلۈپ تۇرغاچقا، ساۋ ساۋ ئىلاجسىز بولۇپ قالدى. پەسىل توققۇزىنچى ئاينىڭ ئاخــىرى بولغاچقا، ھاۋا سوغۇق بولۇپ، قويۇق بۇلۇت ئاسماننى قاپلاپ تۇراتتى، ھاۋا داۋاملىق تۇتۇلۇپ تۇردى. قارارگاھتا ساۋ ساۋ ئىچى پۇشۇپ ئولتۇراتتى، تۇساتتىن ئادەملىرى:

— بىر مويسىپىت كىشى تەدبىر ـ مەسلىھەتىم بار، باش ۋەزىر بىلەن كۆرۈشىمەن دەپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى. ساۋ ساۋ قوبۇل قىلىپ كۆرۈشتى. بۇ بوي ـ بەستى خادىدەك ئېگىز كەلگەن، چاچ ـ ساقىلى ئاپئاق ئاقارغان بىر قېرى ئادەم ئىكەن، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە، بۇ زات جىڭجاۋلىق بولۇپ، جۇڭنەنشەن تېغىدا ئىستىقامەت قىلىدىكەن، ئىسىم ـ زاتى لۇ زىبۇ، دەرۋىشلىك نامى «مېڭمېي ئىستىقامەتچى» ئىكەن. ساۋ ساۋ ئۇنى مېھمان تەرىقىسىدە كۈتتى. لۇ زىبۇ:

— ۋېيخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ قارارگاھ قۇرغانلىرىڭىزغا خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى، نېمىشقا ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ سېپىلىنى پۈتتۈرمەيدىلا؟ — دېدى.

— قوّم توپا بولغاچقا، سوققان تام توختىمايۋاتىدۇ. شەيخ! ياخشى تەدبىرلىرى بولسا تەلىم بېرۈرلەر، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر جانابلىرى! سىلى لەشكەرلەرنى كارامەت ئىشقا سالاتتىلا. ھاۋا رايىدىن مەلۇماتلىرى يوقمۇ؟ نەچچە كۈندىن بېرى ھاۋا داۋاملىق تۇتۇلۇپ، ئاسماننى بۇلۇت قاپلىۋالدى، يۇقىرى تەرەپ شامىلى چىقىش بىلەنلا، توپا توڭلاپ قالىدۇ.

شامال چىققاندىن كېيىن لەشكەرلەرگە توپا توشۇتۇپ، سۇ سەپكۈزسىلە، تاڭ ئاتقۇچىلىك سېپىل پۈتۈپ چىقىدۇ، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى لۇ زىبۇ.

ساۋ ساۋ ئەقلىگە كەلدى ـ دە، لۇ زىبۇغا نۇرغۇن ئىنئام بەردى. مويسىپىت قوبۇل قىلماستىن كېتىپ قالدى.

دېگەندەك شۇ كۈنى كېچىسى قاتتىق يۇقىرى تەرەپ شاملى چىقتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى توپا توشۇتۇپ، سۇ سېپىشكە بۇيرۇدى، سۇ توشۇيدىغان نەرسە بولمىغاچقا، سىپتا توقۇلغان شايى ـ ماتالارنى خالتا قىلىپ سۇ توشۇپ توپىغا سۇ سەپتى. بىر تەرەپتىن قوپۇرسا، بىر تەرەپتىن توڭلاپ باردى. تاڭ ئاتقۇچىلىك قۇم بىلەن سۇ قاتتىق توڭلىدى ـ دە، سېپىل پۈتۈپ چىقتى.

ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى ما چاۋغا يەتكۈزدى. ما چاۋ لەشكەر باشلاپ كېلىپ كۆزەتتى، ئۇ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، پەرىشتە ـ مالائىكىلەر ياردەم قىلغانغا ئوخشايدۇ دەپ گۇمانلاندى. ئىككىنچى كۈنى پۈتكۈل قوشۇننى يىغىپ، ناغرا، داقا ـ دۇمباقلار بىلەن ئالغا باستى. ساۋ ساۋ قارارگاھتىن ئاتلىق چىقتى، ئارقىدا پەقەت شۈي چۇلا بار. ساۋ ساۋ قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— مەن ساۋ ساۋ يەككە ئاتلىق بولۇپ كەلدىم، ما چاۋنى سۆزگە چاقىرىمەن، — دەپ توۋلىدى. ما چاۋ ئاتلىنىپ نەيزىسىنى ئېلىپ چىقتى.

— مېنى قارارگاھ قۇرالمايدۇ دەپ بەك ئۆكتەملىك قىلغاندىڭىز؛ بۈگۈن بىر كېچىدىلا سېپىلنى پۈتكۈزدۈم، نېمىشقا بۇرۇنراق باش ئەگمەيسىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

غەزەپلەنگەن ما چاۋ ئېتىلىپ بېرىپ ساۋ ساۋنى تۇتۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ساۋ ساۋنىڭ ئارقىسىدا بىراۋنىڭ كۆز ئالايتىپ، قىلىچ بىلەن ئاتلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ما

چاۋ شۆي چۇ بولۇشى كېرەك دەپ گۇمانلاندى ـ دە، قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— قوشۇنىڭىزدا يولۋاس بەگ بار دەپ ئاڭلايمەن، قەيەردە ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن چياۋجۇنلۇك شۆي چۇ بولىمەن! — دەپ توۋلىدى شۆي چۇ قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— ما چاۋ چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۆز سېپىگە قايتتى. ساۋ ساۋمۇ شۆي چۇ بىلەن قارارگاھقا قايتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

ساۋ ساۋ پالۋانلارغا:

— قاراقچىلارمۇ شۆي چۇنىڭ يولۋاس بەگ ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ، — دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۆي چۇنى يولۋاس بەگ دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. شۆي چۇ:

— مەن ئەتە چوقۇم ما چاۋنى تۇتۇپ كېلىمەن، — دېدى.

— ما چاۋ غەيۇر پالۋان، سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئۆلگۈچە جەڭ قىلىشقا ئانت ئىچىمەن! — دېدى شۆي چۇ ۋە جەڭ قىلىش توغرۇلۇق خەت ئەۋەتتى، خەتتە: «يولۋاس بەگ ئەتە ما چاۋنىڭ ئۆزىنىلا ھەل قىلغۇچ جەڭگە تەلەپ قىلىدۇ» دېيىلگەن. ما چاۋ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىنتايىن غەزەپلەندى ۋە:

— ئۇنىڭ مۇنچىۋالا بوزەك قىلىشقا نېمە ھەددى؟ — دېدى ـ دە، جەڭ خېتىگە ئەتە «قۇترىغان يولۋاس» نى ئۆلتۈرۈشكە ئانت ئىچىمەن دەپ يېزىپ قويدى.

ئەتىسى، ئىككىلا قوشۇن قارارگاھتىن چىقىپ سەپ تارتتى، ما چاۋ پاڭ دېنى ئۇڭ قاناتقا، ما دەيىنى سول قاناتقا قويدى، خەن سۈي بارگاھ قوشۇنىنى باشقۇردى. ما چاۋ

نەيزىسىنى ئېلىپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ سەپ ئالدىغا چىقتى ــ دە:

— قوزغىلىغان يولۋاس، قېنى مەيدانغا تېز چىقمامسەن! — دەپ توۋلىدى.

ساۋ ساۋ نىشان توغ ئاستىدا پالۋانلارغا قاراپ:

— پالۋانلىقتا ما چاۋ لۈي بۇدىن كەم ئەمەس، — دېدى.

ساۋ ساۋنىڭ سۆزى تېخى تۈگە ــ تۈگىمەيلا شۈي چۇ ئات چاپتۇرۇپ قىلىچىنى ئوينىتىپ مەيدانغا چىقتى. ما چاۋ نەيزە بىلەن ئېلىشتى. يۈز نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپ كۆردى، لېكىن ئۇلار بىر ــ بىرىنى يېڭەلمىدى. ئاتلىرى ھېرىپ كەتتى، ھەر ئىككىلىسى ئۆز سېپىگە قايتىپ، ئات يەڭگۈشلەپ يەنە مەيدانغا چىقتى، يەنە يۈز نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشتى، يەنە بىر ــ بىرىنى يېڭەلمىدى. شۈي چۇنىڭ مىجەزى تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇچقاندەك ئۆز سېپىگە قايتتى ــ دە، ساۋۇتلىرىنى يېشىپ تاشلىدى، يالىڭاچ بولۇۋالدى، قىلىچىنى ئېلىپ ئاتلاندى ــ دە، مەيدانغا كېلىپ ما چاۋ بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى، ھەر ئىككىلا تەرەپ لەشكەرلىرى ھەيران قېلىشتى. ئىككىسىلەن يەنە ئوتتۇز نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، شۈي چۇ غەيرەتلىنىپ ما چاۋغا قىلىچ ئۇردى، ما چاۋ ئۆزىنى بىر تەرەپكە ئالدى ــ دە، نەيزىسىنى شۈي چۇنىڭ يۈرىكىگە شىلتىدى. شۈي چۇ قىلىچىنى تاشلاپ نەيزە تۇتىۋالدى. ئىككىسىلەن ئات ئۈستىدە نەيزە تارتىشىپ قالدى. شۈي چۇ كۈچلۈك بولغاچقا، غاراسسىدە قىلىپ قالدى ــ دە، نەيزىنىڭ دەستىسى سۇندى، ھەربىرىنىڭ قولىدا يېرىمى قېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ــ بىرىنى قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلىدى. ساۋ ساۋ شۈي چۇغا بىرەر خېيىم ــ خەتەر بولۇپ قالمىسۇن دەپ، شيا خوۋېن بىلەن ساۋ خۇڭ ئىككى پالۋاننى تەڭلا بولۇشۇشقا بۇيرۇدى. پاڭ دې، ما دەيلەر ساۋ ساۋ پالۋانلىرىنىڭ تەڭلا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككى قاناتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن توپتوغرا چاپىپ چاپقا ئۆتتى ـ دە، قوچاقلاشما جەڭ بولۇپ كەتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. شۈي چۇنىڭ بىلىكىگە ئىككى ئوق تەگدى. پالۋانلار ئالدىراپ ـ تېنەپ قارارگاھىغا چېكىنىدى. ما چاۋ خەندەك بويىغا قەدەر قىرغىن قىلىپ كەلدى، ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ تەڭدىن تولىسى چىقىم بولدى. ساۋ ساۋ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ جەڭگە چىقماسلىققا بۇيرۇق بەردى، ما چاۋ ۋېيكۇغا قايتىپ، خەن سۈيگە:

— مەن شۈي چۇدەك قاتتىق جەڭ قىلغان كىشىنى كۆرمىگەنىدىم، ھەقىقەتەن «قۇترىغان يولۋاس» ئىكەن! — دېدى.

ساۋ ساۋ ما چاۋنى پەنت بىلەن ئارمار قىلىشقا كۆزى يېتىپ، شۈي خۇاڭ بىلەن جۇ لىڭنى دەريانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە قارارگاھ قۇرۇپ، ئالدى ـ ئارقا تەرەپتىن تېگىش قىلىشقا مەخپىي بۇيرۇق بەردى.

بىر كۈنى سېپىل ئۈستىدە ئولتۇرغان ساۋ ساۋ ما چاۋنىڭ بىرنەچچە يۈز ئاتلىق لەشكىرى بىلەن توپتوغرا قارارگاھ ئالدىغا كېلىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچقاندەك چېپىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ساۋ ساۋ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ، دۇبۇلغىنى يەرگە ئاتتى ـ دە:

— ما چاۋ ئۆلمەيدىكەن، مېنىڭ ئۆلۈكۈمنى دەپنە قىلىشقىمۇ يەر قالمايدۇ! — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شيا خوۋيۈەننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ:

— مۇشۇ يەردە ئۆلسەممۇ، ئوغرى ما چاۋنى ئۆلتۈرۈشكە ئانت ئىچىمەن! — دېدى ـ دە، ئۆز قىسمىدىكى 1000دىن ئارتۇق نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ، قارارگاھ دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ، توغرا قوغلاپ باردى. ساۋ ساۋ توسۇپ قالالمىدى،

خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزى ئالدىراپ ئاتلىنىپ بولۇشۇشقا چىقتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ما چاۋ تۇرشاۋۇل قىسىمنى ھىماتچى قىسىم، ھىماتچى قىسىمنى تۇرشاۋۇل قىسىمغا ئايلاندۇرۇپ سەپ تۈزدى. شىيا خۇيۇەن كېلىش بىلەنلا، ما چاۋ توسۇپ جەڭ قىلدى. ما چاۋ تەرتىپسىز كېلىۋاتقان قوشۇن ئىچىدە يىراقتىنلا ساۋ ساۋنى كۆرۈپ قېلىپ، شىيا خۇيۇەننى تاشلىدى ـ دە، توپتوغرا ساۋ ساۋغا ئات سالدى. ئىنتايىن قورققان ساۋ ساۋ دەرھال ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ قاچتى، ساۋ ساۋ قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. تازا قوغلاپ كېتىۋاتقان پەيتتە خىزمەتچىلەر توساتتىن: ساۋ ساۋنىڭ بىر قوشۇنى دەريانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە قارارگاھ قۇرۇۋېتىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلىشتى. ما چاۋ چۆچۈپ كەتتى، قوغلاشقا رايى بارماي، لەشكەرلىرىنى يىغىپ قارارگاھقا قايتتى، ئۇ خەن سۈي بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— ساۋ ساۋ قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەريانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە ئۆتۈۋاپتۇ، قوشۇنىمىز ئالدى ـ ئارقا تەرەپتىن ياۋنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— يەر كېسىپ بېرىپ سۈلھى قىلايلى، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلەرنى قايتۇرايلى، قىشنى ئۆتكۈزۈپ، باھارغا چىققاندا يەنە كېڭەش قىلمايمىزمۇ! — دەپ مەسلىھەت بەردى قارىمىقىدىكى پالۋانلاردىن لى كەن.

— لى كەننىڭ سۆزى توغرا، شۇنداق قىلايلى، — دېدى خەن سۈي.

ما چاۋ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا، ياڭ چيۇ، خۇ شۈەنلەر سۈلھىگە ئۈندىدى. شۇنداق قىلىپ، خەن سۈي ياڭ چيۇنى ئەلچى قىلىپ ساۋ ساۋ قارارگاھىغا خەت ئەۋەتتى، يەر ئاجرىتىپ بېرىش بەدىلىگە سۈلھى تەلەپ قىلدى. ساۋ ساۋ:

www.uyghurkitap.com

— ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ. ئەتە كىشى ئەۋەتىپ جاۋاب بېرەي، — دېدى.

ياڭ چيۇ خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. جياۋ شۈي ساۋ ساۋ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— باش ۋەزىر جانابلىرى! رايىلىرى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— جانابلىرىنىڭ قاراشلىرى قانداق؟ — دەپ ئۆزىگە سوئال قويدى ساۋ ساۋ.

— لەشكىرىي ئىش نەيرەڭسىز بولمايدۇ، يالغاندىن ماقۇل دېسىلە؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىنى بۇزۇش پەنتى بىلەن خەن سۈي بىلەن ما چاۋنى بىر - بىرىگە گۇماندار قىلايلى، شۇنىڭدا بىر ھەمىلىدىلا تارمار قىلغىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى جيا شۈي.

— دۇنيادا دانا قاراشلار كۆپىنچە بىر - بىرىگە توغرا كېلىپ قالىدۇ. جيا شۈي، سىلىنىڭ تەدبىرلىرى مەن ئويلىغان ئىشقا دەل مۇۋاپىق كېلىدۇ، — دەپ، ساۋ ساۋ چاۋاك چېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، شۇئان كىشى ئارقىلىق جاۋاب يازدى، خەتتە: «لەشكەرلەرنى ئاستا قايتۇرۇپ، دەريانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى يېرىڭلارنى قايتۇرۇپ بېرەيلى» دېيىلگەنىدى. بىر تەرەپتىن لەيلىمە كۆۋرۈكلەر سالدۇرۇپ، قوشۇنىنى قايتۇرىدىغاندەك بىر ۋەزىيەت ئالدى. خەتنى تاپشۇرۇۋالغان ما چاۋ خەن سۈيگە:

— ساۋ ساۋ گەرچە سۈلھىگە ماقۇل بولغان بولسىمۇ، مەككارنىڭ خىيالىنى بىلىپ بولمايدۇ، ئەگەر ھازىرلىقسىز تۇرۇپ قالساق، ئۇنىڭ ھىيلىسىگە ئۇچراپ قالىمىز. تاغا، ئىككىمىز نۆۋەت بىلەن، بۈگۈن سىلى ساۋ ساۋ تەرەپكە چىقسىلا، مەن شۈي خۇاڭ تەرەپكە چىقاي؛ ئەتە سىلى شۈي خۇاڭ تەرەپكە بارسىلا، مەن ساۋ ساۋ تەرەپكە باراي، ئۇنىڭ ھىيلىسىدىن

ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ ھازىرلىق كۆرەيلى، — دېدى.

خەن سۈي بۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش قىلدى.

كىشىلەر بۇنى ئاللىقاچان ساۋ ساۋغا يەتكۈزدى. ساۋ ساۋ جىيا شۈيگە:

— ئىشىم ئەمەلگە ئاشمىدىغان بولدى! ئەتە كىم مەن تەرەپكە كېلىدىكەن؟ — دېدى.

— خەن سۈي، — دەپ مەلۇم قىلىشتى ئادەملىرى.

ئەتىسى، ساۋ ساۋ ئوڭ - سول تەرىپىگە پالۋانلارنى ئېلىپ قارارگاھتىن چىقتى. ساۋ ساۋ دەل ئوتتۇرىدا يالغۇزلا ماڭدى. خەن سۈي لەشكەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ساۋ ساۋنى تونۇمىغاچقا، سەپ ئالدىغا ئۆتۈپ قاراشتى. ساۋ ساۋ ئۈنلۈك قىلىپ:

— ھەي نۆكەرلەر! ساۋ ساۋنى كۆرمەكچىمۇسىلەر؟ مەنمۇ ئادەم، تۆت كۆز، ئىككى ئاغزىم يوق، ئەمما، ئەقىل - تەدبىرىم كۆپرەك، — دەپ توۋلىدى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ساۋ ساۋ مەيداننىڭ ئۇ تەرىپىگە كىشى ئەۋەتىپ، خەن سۈيگە: «باش ۋەزىر، سەركەردە خەن سۈي جانابلىرىنى سۆزگە تەكلىپ قىلىدۇ» دېگەن گەپنى يەتكۈزدى.

خەن سۈي شۇئان مەيدانغا چىقتى؛ ئۇ ساۋۇتسىز، قورالسىز تۇرغان ساۋ ساۋنى كۆرۈپ ساۋۇتلىرىنى تاشلاپ، يەڭگىل كىيىم، يەككە ئاتلىق بولۇپ چىقتى. ئىككى ئاتنىڭ بېشى بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇردى، ھەر ئىككىيلەن تىزگىنىنى تۇتقان ھالدا سۆزلەشتى. ساۋ ساۋ:

— ئەي سەركەردە، مەن سىلىنىڭ ئاتىلىرى بىلەن بىللە ئەمەلدارلىققا كۆرسىتىلگەنىدىم، سىلىگە نىسبەتەن ئاغىلىرى ئورنىدا مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك. ئاتىلىرى بىلەن بىللە ئەمەلدار بولغانىمەن، بۇنىڭغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. سەركەردە، بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىلە؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— 40 قا كىرىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى خەن ىيۋي.

— ئۆتمۈشتە پايتەختتىكى ۋاقىتلىرىدا نۆۋەر يىگىت ئىدىلە، ئەمدى ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بولۇپ قاپتىلا! ئەل تىنچىسا بىرلىكتە راھەت كۆرۈشىمىز كىرەك! — دەپ ساۋ ساۋ ئۆتمۈشتىكى كونا ئىشلارنىلا تىلغا ئېلىپ، لەشكىرىي ئىشلىرى توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېمىدى، سۆز تۈگىگەندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلدى. بىر ئاش پىشىم سۆزلىشىپ ئاندىن خەيرلىشىپ قايتىشتى.

بۇ ئەھۋالنى ئادەملەر ئاللىقاچان ما چاۋغا يەتكۈزدى. ما چاۋ ئالدىراپ كېلىپ خەن سۈيدىن:

— بۈگۈن ساۋ ساۋ سەپ ئالدىدا نېمە توغرىلىق سۆز قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

— پايتەختتىكى ۋاقىتىدا ئۆتكەن كونا ئىشلارنىلا تىلغا ئالدى، — دېدى خەن سۈي.

— نېمىشقا لەشكىرىي ئىشلار توغرۇلۇق سۆز قىلمىدى؟ — دەپ سورىدى ما چاۋ.

— ساۋ ساۋ بىرنەرسە دېمىسە، مەن قانداق بىرنەرسە دەيمەن، — دېدى خەن سۈي.

كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەن ما چاۋ ئىندىمەستىن چىقىپ كەتتى. ساۋ ساۋ قارارگاھىغا قايتىپ، جيا شۈيگە:

— جانابلىرى مېنىڭ سەپ ئالدىدا سۆزلەشكىنىمدىكى غەرىزىمنى بىلدىلىمۇ؟ — دېدى.

— بۇ گەرچە ئۇستىلىقلىرى بولسىمۇ، ئىككىيلەننىڭ ئارىسىنى بۇزالمايدۇ. مېنىڭ بىر پەنتىم باركى، ما چاۋ بىلەن خەن سۈينى بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇشقا سالغىلى بولىدۇ، — دېدى جيا شۈي.

ساۋ ساۋ پەنتنى سورىغانىدى، جيا شۈي:

— ما چاۋ بىر غەيۇر پالۋان بولسىمۇ، ئىشنىڭ تېگى -

تەكتىنگە يېتەلمەيدۇ، باش ۋەزىر جانابلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن خەن سۈيگە بىر خەت يازسىلا. ئوتتۇرىدا ئۇقۇلمايدىغان ئىبارىلەر بولسۇن، مۇھىم يېرىنى ئۆزلىرى ئۆچۈرۈپ لىپاپىغا سېلىپ، ئاندىن خەن سۈيگە ئەۋەتىپ بەرسىلە. بىر ياقتىن ئەتەي ما چاۋغا بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك. ما چاۋ چوقۇم كېلىپ خەتنى سوراپ ئوقۇيدۇ. خەتتىكى مۇھىم جايلارنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇھىم مەخپىي ئىشلارنى مېنى بىلىپ قالمىسۇن، دەپ خەن سۈي ئۆزى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ دەپ گۇمانلىنىدۇ ـ دە، يەككە ئاتلىق بولۇپ سۆزلەشكەنلىرىگە بولغان گۇمان تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. گۇمان پەيدا بولغاندىن كېيىن چوقۇم ئارىسى بۇزۇلىدۇ. بىز خەن سۈينىڭ قول ئاستىدىكى پالۋانلار بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزساق، ما چاۋنى تارمار قىلغىلى بولىدۇ، — دەپ ئۆز پىلانىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ياخشى پەنت ئىكەن! — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان خەت يازدى، خەتنىڭ مۇھىم يەرلىرىنى ئۆچۈرۈپ لىپاپىغا سېلىپ، ئاغزىنى ئەتتى ـ دە، خەتنى ئەتەي كۆپرەك كىشى تەيىنلەپ ئەۋەتتى، ئۇلار خەتنى تاپشۇرۇپ قايتتى. دېگەندەك ئەھۋالنى كىشىلەر ما چاۋغا مەلۇم قىلدى. ما چاۋ تېخىمۇ گۇمانلاندى. خەن سۈيگە كېلىپ خەتنى سورىدى. خەن سۈي خەتنى ما چاۋغا بەردى. ما چاۋ خەتنىڭ ئۈستىدىكى ئۆچۈرۈلگەن ئىبارىلەرنى كۆرۈپ، خەن سۈيدىن:

— خەتنىڭ بىر تالاي يەرلىرى قالايمىقان ئۆچۈرۈلۈپتىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسلى خەت شۇنداق ئىكەن، سەۋەبىنى ئۇقالمىدىم، — دېدى خەن سۈي.

— كىشىگە خەتنىڭ كۆپىيىسىنىمۇ ئەۋەتەمدۇ؟ تاغا، سىلى مېنى تەپسىلىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۆچۈرۈۋېتىپتىلا، — دېدى ما چاۋ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ساۋ ساۋ خاتالىشىپ قېلىپ، كۆپىينى ئەۋەتىپ قويدىمىكىنا؟
— مەن ئىشەنمەيمەن، ساۋ ساۋ ئىشنى ئىنچىكە قىلىدىغان ئادەم. قانداق خاتا سېلىپ قويسۇن؟ تاغا! ئىككىمىز مۆرىنى ـ مۆرىگە تىرەپ مۇناپىقلار بىلەن جەڭ قىلىۋېدۇق، نېمىشقا بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى ما چاۋ.
— ئەگەر ماڭا ئىشەنمىسىڭىز، — دېدى خەن سۈي، — ئەتە ساۋ ساۋنى ئالداپ چىقىپ مەيداندا سۆزگە تۇتاي، سىز سەپ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈڭ!
— مۇنداق بولىدىكەن، تاغا سىلىنىڭ ھەقىقىي نىيەتلىرىنى بىلەلەيمەن، — دېدى ما چاۋ.
ئىككىيلەن كېلىشىپ قويدى. ئەتىسى خەن سۈي خۇ شۈەن، لى كەن، ليالڭ شىن، ما ۋەن، ياڭ چيۇ بەش پالۋاننى باشلاپ مەيدانغا چىقتى. ما چاۋ سەپ ئىچىگە يوشۇرۇندى. خەن سۈي ساۋ ساۋ قارارگاھىغا كىشى ئەۋەتىپ:
— خەن سەركەردە باش ۋەزىرنى سۆزگە تەكلىپ قىلىدۇ، — دەپ توۋلاتقۇزدى.
ساۋ ساۋ خۇڭنى بىرنەچچە ئون ئاتلىق نۆكەر بىلەن سەپ ئالدىغا بېرىپ خەن سۈي بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. بىرنەچچە قەدەم قالغاندا، ساۋ خۇڭ ئات ئۈستىدە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە:
— كېچە باش ۋەزىرنىڭ سەركەردە جانابلىرىغا يوللىغان دۇئايى سالاملىرىنى خاتا چۈشىنىپ قالمىغايلا! — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپلا قايتتى.
بۇنى ئاڭلىغان ما چاۋ دەرغەزەپ بولدى ـ دە، نەيزىسىنى ئېلىپ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى كېلىپ، خەن سۈيگە نەيزە سالدى. بەش پالۋان توسۇۋېلىپ، نەسىھەت قىلىپ قارارگاھىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— بۇرادەر زادى گۇمان قىلماڭ، يامان نىيەتتە ئەمەس-مەن، — دېدى خەن سۈي.

بۇ سۆز ما چاۋنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرمىدى، غەزىپى بىلەن كېتىپ قالدى. خەن سۈي بەش پالۋان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ — دېدى.

— ما چاۋ ئۆزىنىڭ پالۋانلىقىغا يۆلىنىپ، دائىم سىلىنى كۆزىگە ئىلماي كەلدى، ساۋ ساۋنى يېڭەلمىگەن بولسا، سىلىگە يول قويامدۇ؟ مېنىڭ قىسقا پەمىمچە كەلگۈسىدە بەگلىك ئۇنۋانلىرىدىن مەھرۇم بولماسلىق ئۈچۈن، ساۋ ساۋغا يوشۇرۇن ئەل بولساق ئوبدان بولارمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى ياڭ چيۇ.

— مەن ما تېڭ بىلەن ئەھدىلەشكەن بۇرادەر بولىمەن، بۇنىڭغا قانداق يۈز ئۆرۈلەيمەن؟ — دېدى خەن سۈي.

— ئىش شۇ يەرگە كېلىپ قالدى، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ، — دېدى ياڭ چيۇ.

— كىم خەۋەرلەشكىلى بارىدۇ؟ — دېدى خەن سۈي.

— مەن باراي! — دېدى ياڭ چيۇ.

خەن سۈي مەخپىي ئالاقە يېزىپ، ئەل بولۇش ھەققىدىكى ئىشلارنى سۆزلىشىش ئۈچۈن ياڭ چيۇنى ساۋ ساۋ قارارگاھىغا ئەۋەتتى.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، خەن سۈينى شىلياڭ بەگلىكىگە، ياڭ چيۇنى شىلياڭنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، قالغانلارغىمۇ مەنسەپ - ئۇنۋانلار بەردى. ئوت يېقىش بەلگىسى بىلەن بىرلىكتە ما چاۋنى يوقىتىشقا ۋەدىلەشتى. ياڭ چيۇ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ خەيرلەشتى. قايتىپ كېلىپ خەن سۈي بىلەن كۆرۈشتى - دە:

— ئوت قويۇش بەلگىسى بىلەن ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىدىغان بولدۇق، — دەپ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن خۇشال بولغان خەن سۈي نۆكەرلەرگە بارگاھ قوشۇنىنىڭ چېدىرى ئارقىسىغا قورۇق ئوتۇن دۆۋىلەتكۈزدى، بەش پالۋان قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇردى. خەن سۈي ما چاۋنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، مەرىكىدىلا بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق كېڭەش قىلغان بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدى.

ئويلانمىغان يەردە ئەھۋالنى ما چاۋ بىلىپ قالدى، بىرقانچە نەپەر خاس يىگىتلىرىنى ئېلىپ، قىلىچلىق ئالدىن ماڭدى، پاڭ دې بىلەن ما دەينى ئارقىدىن ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى.

ما چاۋ چاندۇرماي خەن سۈينىڭ چېدىرىغا كىرىپ كەلگەندە، بەش پالۋاننىڭ خەن سۈي بىلەن يوشۇرۇن كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردى، ياڭ چيۇنىڭ: «ئىشنى كېچىكتۈرۈپ بولمايدۇ، تېز ئورۇنداش كېرەك!» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى.

دەرغەزەپ بولغان ما چاۋ شەمشىرىنى ئويناتقىنىچە، تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى

— ھەي مۇناپىقلار! ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلىشتىڭ! — دەپ توۋلىدى. ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتى. ما چاۋ شەمشىرىنى خەن سۈينىڭ يۈزىگە ئۇرغانىدى، ئالدىراشلىقتا خەن سۈي قولى بىلەن توسۇۋدى، سول قولى قىلىچ بىلەن تاشلاندى. بەش پالۋان قىلىچلىرىنى ئويناتقىنىچە تەڭلا قارشى چىقتى. ما چاۋ چېدىر تېشىغا چىقىۋالدى، بەش پالۋان ئارقىدىن قوغلاپ چىقتى. ما چاۋ يالغۇز شەمشىرى بىلەن بەش پالۋانغا قارشى تۇردى. پارقىراپ تۇرغان شەمشەردىن ئىسسىق قان چاچراپ تۇردى. ما ۋەن ئاغدۇرۇلدى، لياڭ شىڭ يىقىلدى، قالغان ئۈچ پالۋان جېنىنى ئېلىپ قېچىشتى. ما چاۋ خەن سۈينى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چېدىرغا كىرىۋېدى، خادىملار ئاللىقاچان قۇتقۇزۇپ ئاچىقىپ كەتكەنىكەن. چېدىر ئارقىسىدىن چىققان ئوت

بىلەن ھەممە قارارگاھتىكى لەشكەرلەر پۈتۈنلەي ھەرىكەتكە كەلدى. ما چاۋ تېزلىكتە ئاتلاندى. پالۋ دې، ما دەيلەرمۇ يېتىپ كەلدى، ئۆز ئارا قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشتى. ما چاۋ قوشۇنلىرى بىلەن قىرغىن قىلىپ چىققان ۋاقىتتا، تۆت تەرەپتىن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى — ئالدى تەرەپتىن شۈي چۇ، ئارقا تەرەپتىن شۈي خۇاڭ، سول تەرەپتىن شيا خۇيۇەن، ئوڭ تەرەپتىن شاۋ خۇڭلار يېتىپ كەلدى. شىلياڭ لەشكەرلىرى بىر- بىرى بىلەن قىرغىن قىلىشىپ كەتتى. ما چاۋ پالۋ دې بىلەن ما دەينى يوقىتىپ قويدى، يۈزنەچچە ئاتلىق نۆكىرى بىلەن ۋېيچياۋ كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىنى توسۇپ تۇرۇۋالدى. ئەمدى تاڭ ئاتاي دېگەن ۋاقىتتا، لى كەننىڭ بىر قوشۇن بىلەن كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ما چاۋ نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئات چاپتۇرۇپ قوغلىدى، لى كەن نەيزىسىنى ئارقىغا قىلىپ قاچتى. دەل بۇ ۋاقىتتا يۈي جىن ما چاۋنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى - دە، ئوقيايىنى تولغىلاپ ما چاۋغا ئاتتى. ئارقىدا يايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ما چاۋ ئۆزىنى تېز بىر تەرەپكە ئالدى - دە، ئوق ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان لى كەنگە تېگىپ، ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى. ما چاۋ ئارقىغا قايتىپ يۈي جىن بىلەن جەڭ قىلغىلى كېلىۋېدى، يۈي جىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ قېچىپ كەتتى. ما چاۋ قايتىپ كېلىپ كۆۋرۈكنى توسۇدى.

ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى ئالدى - كەينىدىن بولۇپ يېتىپ كەلدى. قورۇقچى قوشۇن ما چاۋنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئوقياغا تۇتتى. ما چاۋ نەيزىسى بىلەن كەلگەن ئوقلارنى يەرگە قېقىۋەتتى. ما چاۋ نۆكەرلىرىنى گاھى ئۇياققا، گاھى بۇياققا قىرغىن قىلىشقا بۇيرۇدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قاتمۇقات مۇھاسىرە قىلىۋالغاچقا، بۆسۈپ چىقىپ كېتەلمىدى. ما چاۋ كۆۋرۈك ئۈستىدە بىر نەرە تارتتى - دە، دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قىرغىن قىلىپ كىرىپ كەتتى. نۆكەرلىرى توسۇلۇپ قالدى. ما چاۋ

يالغۇز ئۆزىلا قىرغىن قىلدى، ئاستىدىكى ئاتقا ئوقيا تېگىپ يىقىلدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېقىنلىشىپ كېلىپ قالدى.

راسا خەتەرلىك ئەھۋال ئۈستىگە، تۇساتتىنلا كۆنپېتىش يۇقىرى بۇلۇڭدىن بىر قوشۇن قىرغىن قىلىپ كېلىپ قالدى، بۇلار پالڭ دې، ما دەيلەر ئىدى. ئىككىيلەن ما چاۋنى خالاس قىلدى، قوشۇندىكى ئاتلاردىن بىرىگە ما چاۋنى مىندۈردى ـ دە، قىرغىن قىلىپ قانلىق بىر يول ئېچىپ كۆنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە قاچتى. ما چاۋنىڭ قېچىپ قۇتۇلغىنىنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ پالۋانلارغا: «كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن ما چاۋنىڭ ئارقىسىدىن قوغلانسۇن، بېشىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە 1000 سەر ئالتۇن ئىنئام بېرىلىدۇ، يەنە ئۇ تۈمەن ئائىلىگە بەگ قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. تىرىك تۇتۇۋالغۇچىلار ئالىي سەركەردىلىككە بەلگىلىنىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇقنى ئالغان پالۋانلار خىزمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئارقىمۇئارقا قوغلىشىپ كەتتى. ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ھېرىشىغا قارىماستىن ما چاۋ ھەدەپ قاچتى، نۆكەرلىرى بارا ـ بارا ھەممىسى دېگۈدەك ئارىلىپ كەتتى. پىيادە بولۇپ يېتىشەلمەي قالغانلارنىڭ تولىسى ئەسىرگە چۈشۈپ كەتتى، پەقەت ئوتتۇز نەچچە ئاتلىق نۆكەرلا پالڭ دې، ما دەيلەر بىلەن لۇڭشى لىنتاۋغا قاراپ كەلدى.

ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى ئەندىڭگە قەدەر قوغلاپ كەلدى، ئۇ يەردە ما چاۋنىڭ يىراققا كېتىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى ـ دە، چاڭئەنگە قايتتى. پالۋانلارمۇ جەم بولدى، سول قولىدىن ئايرىلغان خەن سۈي مېيىپ بولدى، ساۋ ساۋ چاڭئەندە تۇرۇشقا بۇيرۇدى، شىلياڭنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلىدى، ياڭ چيۇ، خۇ شۈەنلەر ئادەتتىكى بەگلىككە بەلگىلەندى، ۋېيكۈنى ساقلاشقا بۇيرۇلدى. ساۋ ساۋ قوشۇننى پايتەخت شۈيچاڭغا قايتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

لياڭجۇلۇق مەسلىھەتچى ياڭ فۇ، يەنە بىر ئىسمى يى شەن

بولۇپ، چاڭگەنگە كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. ساۋ ساۋ سۆز سورىغانىدى، ياڭ فۇ:

— ما چاۋ لۈي بۇغا ئوخشىغان پالۋان، چان خەلقىنىڭ مىجەز - خۇلقى بىلەن ئوبدان ئاشنادۇر. بۈگۈن باش ۋەزىر جانابلىرى ئەگەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يوقاتمايدىغان بولسىلا، كېيىن كۈچىيىۋالىدۇ - دە، ئۈستۈن لۇڭدىكى ۋىلايەتلەر بىزنىڭ ئىلكىمىزدىن كېتىپ قالىدۇ. باش ۋەزىر جانابلىرى ھازىرچە قوشۇننى قايتۇرماسلىقلىرى كېرەك، — دېدى.

— مەن ئەسلىدە ئۇنى يوقىتىشقا لەشكەر قالدۇرماقچىدىم، بىراق جۇڭيۈەندە كۆپ ۋەقە تۇغۇلۇپ تۇردى، تۆۋەن تەرەپ تېخى بىر تەرەپ بولغىنى يوق، ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدۇ. مېنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ مۇھاپىزىتىنى جانابلىرى ئۈستىلىرىگە ئالۇرلەر، — دېدى ساۋ ساۋ.

ياڭ فۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلدى، يەنە ۋېي كاڭنى لياڭجۇ ئايماق بەگلىكىگە تونۇشتۇردى، ئىككىيلەن بىرلىكتە قوشۇننى جىچېڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ما چاۋدىن مۇداپىئە كۆردى.

ياڭ فۇ مېڭىش ئالدىدا ساۋ ساۋدىن:

— ئارقىدىن ھەمدەم بېرىش ئۈچۈن چاڭگەندە كۆپ لەشكەر قالدۇرۇپ كېتۇرلەر! — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— ھەممىنى بەلگىلەپ قويدۇم، سىلى خاتىرجەم بولسىلا! — دېدى ساۋ ساۋ.

ياڭ فۇ خەيرلىشىپ كەتتى. كۆپچىلىك پالۋانلار:

— دەسلەپ قاراقچىلار تۇڭگۇەننى ئىگىلەپ ۋېيبېيگە يول قالمىغان ۋاقىتتا، باش ۋەزىر جانابلىرى دەريانىڭ كۈنچىقىشىدىن فېڭيىگە تېگىش قىلماستىن، ئەكسىچە تۇڭگۇەننى مۇداپىئە قىلدىلا، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن، يۇقىرىدىن دەريانى كېچىپ، قارارگاھ قۇرۇپ، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدىلا، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراشقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دەسلەپ قاراقچىلار تۈگۈندە مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى. ئەگەر بىز دەسلەپ كېلىپلا دەريانىڭ كۈنچىقىش تەرىپىنى ئالساق، قاراقچىلار لەشكەرلىرىنى كېچىكلەرگە بۆلۈپ مۇداپىئە كۆرەتتى، دەريانىڭ كۈنپېتىشىغا ئۆتەلمىگەن بولاتتۇق. مەن ئەتەيگە قوشۇننىڭ بارىنى تۈگۈن ئالدىغا يىغدىم - دە، قاراقچىلار پۈتۈنلەي تۆۋەندىلا مۇداپىئەدە تۇردى، دەريانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ھازىرلىق كۆرمىدى، شۇڭلاشقا شۈي خۇاڭ بىلەن جۇ لىڭ كېچىكتىن ئۆتەلىدى. ئاندىن كېيىن مەن قوشۇننى باشلاپ يۇقىرىدىن ئۆتتۇم، ھارۋا دەرەخلەر بىلەن توسما قۇرۇپ يول سالدۇق، توپىنى مۇزلىتىپ سېپىل ياسىدۇق، ياۋغا ئۆزىمىزنى ئاجىز كۆرسىتىپ، ئۇلاردا مەغرۇرلۇق ھېسسىياتى پەيدا قىلدۇق، ھازىرلىقسىز قالدۇردۇق. يەنە ئۇستىلىق بىلەن ئارىنى بۇزدۇم، شۇڭا بۇ ھايۋان قوشۇنلار بىرلا قىرغىن قىلىپ تارمار كەلتۈرۈلدى. بۇ «توساتتىن قىلغان ھۇجۇمغا جاۋاب بېرەلمەي قالدى» دېمەكتۇر. لەشكىري ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىرلا يولدا بولىدىغان ئىش ئەمەستۇر، — دېدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر! قاراقچىلارغا ھەر قېتىم يېڭى لەشكەر كېلىپ قوشۇلغان ۋاقىتتا، سىلى خۇشال بولدىلا! بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراشتى پالۋانلار يەنە.

— گۇەنجۇڭنىڭ يىراق چېگرىلىرىدىكى قاراقچىلار ئەگەر يولنىڭ خەتەرلىكلىرىگە يۆلىنىپ مۇداپىئە كۆرىدىغان بولسا، ئۇلارنى بىر - ئىككى يىلسىز بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايتتى؛ ھالا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلدى، گەرچە ئۇلار كۆپ بولسىمۇ، نىيەتلىرى بىر بولمىغاچقا، ئارىنى بۇزۇشقا ئاسان بولدى، ئۇلارنى بىرلا زەربىدە تارمار كەلتۈرگىلى بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن خۇشال بولغانىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر جانابلىرى! كارامەت پاراسەتلىك ئىكەنلا، ھېچكىم سىلىگە باراۋەر كېلەلمەيدۇ! — دەپ باش قويدى ھەممە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

پالۋانلار.

— بۇ كۆپچىلىك قەلەمدار، ئەلەمدار ئەمەلدارلارنىڭ كۆچى ئارقىسىدا بولدى، — دېدى ساۋ ساۋ شۇ ئان ھەممە قوشۇنلارغا كاتتا ئىنئام بەردى. شيا خوۋيۈەننى قوشۇن بىلەن چاڭئەندە قالدۇردى، ئەل بولغان لەشكەرلەرنى ھەرقايسى قىسىملارغا بۆلۈپ بەردى. شيا خوۋيۈەن فېڭيى ئاۋلىڭلىق جاڭ جى، يەنە بىر ئىسمى دې رۇڭ دېگەن كىشىنى جىڭجاۋنىڭ ئايماق بەگلىكىگە تونۇشتۇردى، ئۇ شيا خوۋيۈەن بىلەن بىرلىكتە چاڭئەننى مۇداپىئە قىلدى.

ساۋ ساۋ قوشۇننى ئېلىپ پايتەختكە قايتتى. شيەندى خان خانلىق يۆشتىغا ئولتۇرۇپ شەھەردىن ئىستىقبالغا چىقتى. ساۋ ساۋغا «ئوردىغا كىرسە باش ئۇرۇش، لېكىن نامىنى مەلۇم قىلماسلىق، خان ھوزۇرىغا تاۋاپ قىلغاندا ھەر ئۈچ قەدەمدە بىر تىز پۈكمەسلىك، سارايغا شەمشەرلىك كىرىش»كە رۇخسەت قىلدى، خۇددى ئۇ خەن خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى شياۋ خېدەك بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەلنىڭ ئىچى - تېشىدا شان-شۆھرەت قازاندى.

بۇ خەۋەر خەنجۇڭغا يېتىپ كېلىپ، خەننىڭ ھاكىمى جاڭ لۇنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. جاڭ لۇ ئەسلىدە پېي بەگلىكىنىڭ فېڭ ناھىيىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى جاڭ لىڭ شىچۇەننىڭ خۇمىڭشەن دېگەن تېغىدا دەرۋىشلىك ھەققىدە رىسالىلەر يېزىپ، خەلقنى مەپتۇن قىلىۋالغاچقا، ئاھالىنىڭ بارى ھۆرمەت - ئېتىقاد قىلاتتى. جاڭ لىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى جاڭ خېڭ ئۇنىڭ ئىشىنى داۋام قىلدى، ئاھالىدىن دەرۋىشلىك تەلىم ئالغۇچىلار بەش دۇ گۈرۈچ بەدەل تۆلەيتتى، شۇڭا ئەلدە «گۈرۈچ ئوغرىسى» دەپ لەقەم قويۇلغانىدى. جاڭ خېڭ ئۆلگەندىن كېيىن، جاڭ لۇ ئۇنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇردى، جاڭ لۇ خەنجۇڭدا ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

«ھەزرىتى ھاكىم» دەپ ئاتاتقۇزدى؛ كېلىپ دەرۋىشلىك تەلىمىنى ئالغۇچىلارنىڭ بارى «جىن مالاي» دەپ، باشچىلىق قىلغۇچى «باشقۇرغۇچى» دەپ، كۆپچىلىككە باش بولغۇچى «كاتتا باشقۇرغۇچى» دەپ ئاتىلاتتى. ھەر ئىشىنا تەڭرىگە سەممىمىي ئېتىقاد قىلاتتى، ئالدامچىلىق قىلمايتتى. كېسەل بولۇپ قالغۇچىلار بولسا مۇنار ياساپ، كېسەلنى جىمجىت ئۆينىڭ ئىچىگە قوياتتى ـ دە، ئۆز گۇناھىنى ئەسلىتىپ، تۇۋا قىلدۇراتتى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى؛ دۇئا ـ تىلەكنى باشقۇرغۇچى «مەككار باشقۇرغۇچى» دەپ ئاتىلاتتى. دۇئا ـ تىلەك ئۇسۇلى — كېسەلنىڭ ئىسىم ـ زاتى يېزىلغان، تۇۋا قىلغان «ئۈچ ئەمەلدارنىڭ قولىيازمىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ پارچە خەت يېزىلاتتى. بىرى تاغنىڭ ئۈستىدە ساقلىنىپ تەڭرىگە، بىرى يەرگە كۆمۈلۈپ يەر ئىلاھىغا، بىرى سۇغا تاشلىنىپ سۇ مۇئەككىلىگە مەلۇم قىلىناتتى. ئەنە شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، كېسەل ساقىيىپ قالسا، بەش دۇ گۈرۈچ بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى.

يەنە سەدىقىخانىلار قۇرۇلغانىدى. سەدىقىخانىلار ئىچىگە يېمەك ـ ئاشلىق، يېقىلغۇ، گۆش قاتارلىق نەرسىلەر تەييارلاپ قويۇلاتتى، يولۇچىلار ـ مۇساپىرلار قانچىلىك يېيەلىسە شۇنچە ئېلىپ يەيتتى، كۆپ ئالغانلارنىڭ جازاسىنى تەڭرى بېرىدۇ، دەيتتى. تەۋەلىكى ئىچىدە جىنايەت قىلغۇچىلار ئۈچ قېتىم كەچۈرۈلەتتى؛ ئۆزگەرتمىسە جازا بېرىلەتتى. شۇ تەۋەگە مەمۇرىي بەگلەر قويۇلمىدى، ھەممە ئىشقا پەقەت باشقۇرغۇچىلارلا قويۇلۇپ باشقۇرۇپ كېلىندى. خەنجۇڭ بىرى ئەنە شۇ يول بىلەن 30 يىل ئىدارە قىلىندى. ئورۇنلاشقان يېرى يىراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، خاندانلىق خەنجۇڭغا جازا يۈرۈش قىلالماي، جاڭ لۇنى تۆۋەن تەرەپ خوجىسى، كەپتاۋۇللۇققا، خەننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، ئۆباغ ـ خىراج تۆلەپلا كەلدى.

جاڭ لۇ ئەنە شۇ يىلى ساۋ ساۋنىڭ شىلياڭ قوشۇنىنى تارمار كەلتۈرگەنلىكىنى، ئەلدىكى شان ـ شۆھرىتىنى ئاڭلىدى ـ دە، پالۋانلارنى يىغىپ كېڭەش قىلدى ۋە:

— ما تېڭ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ما چاۋ يېڭىدىن يېڭىلىپتۇ، ساۋ ساۋ چوقۇم خەنجۇڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كېلىدۇ. ئۆزۈمنى خەننىڭ ۋاڭى دەپ ئېلان قىلىپ، قوشۇنغا نازارەت قىلىپ ساۋ ساۋغا قارشى تۇرسام دەيمەن، ھەرقايسىڭلار نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى.

— خەنچۈەننىڭ ئاھالىسى 10 تۈمەن تۈتۈندىن ئاشىدۇ، يېرى مەمۇرچىلىق، ئاشلىقى مول، تۆت ئەتراپى مۇستەھكەم؛ ھالا ما چاۋ يېڭىدىن يېڭىلگەچكە زىۋۇگۇ ئارقىلىق بىرنەچچە ئون تۈمەن شىلياڭ لەشكەرلىرى خەنجۇڭغا قېچىپ كەلدى. مېنىڭ قارىشىمچە يىجۇدىكى ليۇ جاڭ ئەقىلسىز، ئاجىز، ئاۋۋال شىچۈەندىكى 41 ئايماقنى ئالايلى، ئۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ۋاڭلىق ئېلان قىلساق كەچلىك قىلمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى يەن پۇ.

ناھايىتى خۇرسەن بولغان جاڭ لۇ دەرھال ئىنىسى جاڭ ۋېي بىلەن يۈرۈش توغرىسىدا كېڭەش قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئايغاقچىلار ئاللىقاچان شىچۈەنگە مەلۇم قىلدى.

يىجۇدىكى ليۇ جاڭ، يەنە بىر ئىسمى جى يۈي بولۇپ، ليۇ يەننىڭ ئوغلى ئىدى، خەن خانى بولغان لۇ گۇڭۋاڭنىڭ پۇشتى ئىدى.

جاڭدې خان تەسىس ئەتكەن يۈەنخې كالېندارىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەمەلگە بەلگىلىنىش تۈپەيلى جىڭلىڭغا كۆچۈپ كېلىپ، شۇ يەرگە يەرلىشىپ قالغانىدى. كېيىن ليۇ يەن يىجۇنىڭ پاسىبانى قىلىپ تەيىنلەندى، شىنپىڭ يىلنامىسىنىڭ دەسلەپكى يىلىدا ليۇ يەن ئاغرىپ ۋاپات بولدى. ئايماقىكى جاۋ ۋېي قاتارلىقلار ليۇ جاڭنى يىجۇنىڭ پاسىبانلىقىغا سايە قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ليۇ جاڭ جاڭ لۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاداۋەتلىك ئىدى. ليۇ جاڭ پاڭ شىنى باشىغا ھاكىم قىلىپ، جاڭ لۇغا قارشى قويغانىدى. بۇ ۋاقىتتا جاڭ لۇنىڭ شىچۇەننى ئېلىش مەقسىتىدە يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان پاڭ شى تېزلىكتە ليۇ جاڭغا خەۋەر قىلدى. ليۇ جاڭ ئاجىز ئادەم بولغاچقا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشتى، ئۇ بەگلىرىنى جىددىي كېڭەشكە چاقىردى. توساتتىن بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— جانابىي پاسبانىم، خاتىرجەم بولسىلا، مەن قابىلىيەتسىز كىشى بولسامۇ، ئۇپرىماس ئۈچ سۆڭلۈق تىلىمنى ئىشقا سالىمەن، جاڭ لۇنى شىچۇەنگە كۆز قىرىنىمۇ تاشلىيالمايدىغان قىلىپ كېلىمەن، — دېدى.

دەرھەقىقەت:

*كەلگەچكە مۇشاۋىر شىچۇەندىن يۈرۈپ،*
*كەلدى مەردلەر جىڭجۇدىن قولداش بولۇپ.*

بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىشىنچى باب

## جاڭ سۇڭنىڭ ياڭ شيۇنى خىجىل قىلىپ قويغانلىقى پاڭ تۇڭنىڭ شىچۇەننى ئېلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنلىكى

ئەلقىسسە، ليۇ جاڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ مەسلىھەت كۆرسەتكۈچى يىجۇنىڭ ئورۇنباسار ئايماقبېگى جاڭ سۇڭ ئىدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى يۇڭ نيەن ئىدى. ئۇ دۇقا ماڭلاي، خاڭگا باش، پاناق بۇرۇن، ھىڭگاڭ چىش، بويى بەش چىغا يەتمەيدىغان، ئاۋازى ئىنچىكە، جاراڭلىق چىقىدىغان ئادەم ئىدى. ليۇ جاڭ:

— ئەي ئورۇنباسار ئايماقبېگى! جاڭ لۇ خەۋپتىن قۇتۇلىدىغان قانداق دانا قاراشلىرى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن پايتەخت شۇيچاڭدىكى ساۋ ساۋنىڭ جوڭيۈەننى تازىلىغانلىقىنى، يۈەن شاۋ، يۈەن شۇلارنى يوقاتقانلىقىنى، يېقىندا يەنە ما چاۋنى تارمار قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم؛ ئەلدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. جانابلىرى سوۋغا-سالام تەييارلاپ بەرسىلە، مەن پايتەخت شۇيچاڭغا بېرىپ، ساۋ ساۋنى خەنجۇڭدىكى جاڭ لۇ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا دەۋەت قىلاي. جاڭ لۇ ئۇياقتا جەلپ قىلىنىدۇ-دە، سىچۈەنگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دېدى جاڭ سۇڭ.

ليۇ جاڭ ناھايىتى خۇرسەن بولدى، شۇئان ئالتۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com

كۆمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار، كىمخاب، گۈزەل شايى ـ ئەتلەسلەر تەييارلاپ، سوۋغا ـ ھەدىيىلەر بىلەن جالڭ سۇلڭنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. جالڭ سۇلڭ سىچۈەننىڭ جۇغراپىيە خەرىتىسىنى مەخپىي سىزىپ ئېلىۋالدى، بىرنەچچە ئاتلىق خادىملارنى ئېلىپ، پايتەخت شۈيچاڭغا راۋان بولدى. بۇ خەۋەرنى ئايغاقچىلار ئاللىقاچان جىڭجۇغا يەتكۈزدى. خەۋەر بىلىش ئۈچۈن جۇگې لياڭ شۈيچاڭغا ئادەم ئەۋەتتى.

جالڭ سۇلڭ شۈيچاڭغا بېرىپ يەمخانىغا چۈشتى، ھەر كۈنى باش ۋەزىر سارىيىغا بېرىپ، ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ساۋ ساۋ ما چاۋنى تارمار قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كاتتا ئۆزمەن بولۇپ كەتتى، ھەر كۈنى دېگۈدەك مەرىكىدىن خالىي بولالمىدى، ئىشى بولمىسا تالاغا كۆپ چىقمىدى، ئەلنىڭ سىياسىي ـ مەمۇرىي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز سارىيىدا مەسلىھەت ئۆتكۈزۈپ ئورۇنداپ تۇردى. جالڭ سۇلڭ ئۈچ كۈن كۈتۈپ ئىسمىنى ئاران يەتكۈزدى، ساۋ ساۋنىڭ ئەتراپىدىكى خادىملىرى ئاۋۋال پارا ئالدى ـ دە، ئاندىن باشلاپ كىردى.

ساۋ ساۋ داتاڭدا ئولتۇردى، جالڭ سۇلڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋ:

— خوجايىنىڭىز ليۇ جاڭ نېمە ئۈچۈن ئۇدا نەچچە يىل باج ـ خىراج تۆلىمەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يولىمىز مۈشكۈل، قاراقچىلار قوزغالدى، بۇ ياققا ئۆتكىلى بولمىدى، — دېدى جالڭ سۇلڭ.

— مەن، — دېدى توۋلاپ ساۋ ساۋ، — جۇڭيۈەننى تازىلاپ بولدۇم، ئوغرى ـ قاراقچىلار نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

— تۆۋەندە سۇن چۈەن، يۇقىرىدا جاڭ لۇ، كۈنپېتىشتا ليۇ بېي بولۇپ، ئەڭ ئاز دېگىنىنىڭ 1 تۈمەن لەشكىرى بار، مۇنداق تۇرۇقلۇق ئەمىن تاپقىلى بولامدىكەن؟ — دېدى جالڭ سۇلڭ.

ساۋ ساۋ دەسلەپ جاڭ سۇڭنىڭ بىر چاكىنا ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئۇنى ئانچە ياقتۇرمىغانىدى؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە تەگكۈزۈپ سۆز قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ يېڭىنى سىلكىپلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئارقا ھوجرىغا كىرىپ كەتتى.
ئەتراپىدىكىلەر جاڭ سۇڭنى ئەيىبلەپ:

— سىلى ئەلچى بولۇپ تۇرۇقلۇق نېمىشقا قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەي تەگكۈزۈپ سۆز قىلىدىلا! بەختكە يارىشا باش ۋەزىر يىراقتىن كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن رىئايە قىلىپ، ئەيىبكە بۇيرۇمىدى. تېز قايتىپ كەتسىلە! — دېيىشتى.

— بىزنىڭ سىچۈەندە خۇشامەتگۈيلار بولمايدۇ، — دېدى كۈلۈپ جاڭ سۇڭ.

توساتتىن پايىدە تۇرغان بىراۋ توۋلاپ تۇرۇپ:

— سىلىنىڭ سىچۈەنلىرىدە خۇشامەتگۈيلار بولماي، بىزنىڭ جوڭيۈەندە خۇشامەتگۈيلار بار ئىكەن ـ دە؟ — دېدى.

جاڭ سۇڭ قارىسا، ئۇ ئىنچىكە قاش، خۇمار كۆز، كېلىشكەن بىر كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسىم ـ زاتىنى سورىۋېدى، ئەمىر ياڭ بياۋنىڭ ئوغلى ياڭ شيۇ بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى دې زۇ ئىكەن، ھازىر باش ۋەزىر سارىيىدا خەزىنە دەپتەردارلىقى قىلىدىكەن. بۇ كەڭ بىلىملىك، سۆزمەن، قاراشلىرى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر شەخس ئىدى. جاڭ سۇڭ ياڭ شيۇنىڭ مۇنازىرىچى ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، ئۇنى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرمەكچى بولدى. ياڭ شيۇ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە تەمەننا قويۇپ، ئەلنىڭ زاتلىرىنى كۆزىگە ئىلمايتتى. ئەنە شۇ پەيتتە ئۇ جاڭ سۇڭنىڭ تەنلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال تاشقىرىدىكى دەرىسخانىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىردى، مېھمان ۋە ساھىبخان بولۇپ ئولتۇرۇشتى ـ دە، جاڭ سۇڭغا:

— سىچۈەننىڭ يوللىرى ئەگرى ـ توقاي ھەم بەك يىراق، رىيازەت چەككەندۇرلەر، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— خوجايىندىن بۆيرۇق بولغاندىن كېيىن، ھەرقانچە خەۋپ ـ خەتەر بولسىمۇ، ياق دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى جاڭ سۆلك.

— سىچۇەننىڭ زېمىنى قانداق؟ — دەپ سورىدى ياڭ شيۇ.

— سىچۇەن شىجۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قەدىمكى ئىسمى يىجۇدۇر. يولىنى جىڭجياڭ دەرياسى توسۇپ تۇرىدۇ، يېرى ھەيۋەت جىيەنگېغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. بېرىپ ـ كېلىش 280 مەنزىل بولۇپ، ئۇزۇنتى توغرىسى ئوتتۇز نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. توخۇسىنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى يېزىلار ئارا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، شەھەرلەر، قورۇقلار، ئاھالە ئۈزۈلمەستىن تۇتىشىپ كېتىدۇ. ئېتىزلىرى مۇنبەت، زېمىنىدا ھەممە نەرسە ئۆسىدۇ، سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن غېمى يوق؛ ئەل باي، ئاھالە توق، ساز ـ ناخشىلار بىلەن خۇشال ـ خۇرام ياشايدۇ. مەھسۇلات تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. ئەلدە بۇ يەرگە يېتىدىغان يەر يوق، — دەپ سۆزلەپ بەردى جاڭ سۆلك.

— سىچۇەننىڭ ئەربابلىرى قانداق؟

— ئەدىبلىرى شياگرۇ* دەك يازىدۇ، پالۋانلىرى فۇبو** دەك قەھرىماندۇر؛ ھېكىملىرى جۇگجياڭ*** دەك قابىلىيەتكە ئىگە، پالچىلىرى جۇنپياڭ**** دەك سىرلىق ئىشلارنى دەپ بېرەلەيدۇ. توققۇز ئىلمى ئېقىم، ئۈچ دىنىنى «ياخشى بىلىدىغانلار» ناھايىتى كۆپ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ! — دېدى جاڭ سۆلك.

— ئەلھال، — دېدى ياڭ شيۇ يەنە، — لىيۇ جاڭنىڭ قول ئاستىدا جانابلىرىغا ئوخشىغانلاردىن قانچەيلەن بار؟

— قەلەمدە ھەم ئەلەمدە كامالەتكە يەتكەن، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە پالۋانلىقتا يېتىشكەن، سادىق مەرد ـ ئەزىمەتلەر 100 چە بار.

---

* شياگرۇ — سىما شياگرۇ، غەربىي خەن خاندانلىقىدا ياشىغان ئەدىب.
** فۇبو — مياگجۇن بولۇپ، كېيىنكى خەن خاندانلىقىنىڭ پالۋانى ما يۈەندۇر.
*** جۇگجياڭ — جاگجى بولۇپ، شەرقىي خەن خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ھەكىم.
**** جۇنپياڭ — غەربىي خەن خاندانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن رەممال.

ماڭا ئوخشاش قابىلىيەتسىزلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوقتۇر.

— جانابلىرى ھازىر قانداق خىزمەتتە؟

— ئورۇنباسار ئايماق بەگلىك ۋەزىپىسىدە بولساممۇ، خىزمىتىمگە مۇناسىپ ئەمەسمەن. جانابلىرى خانىدانلىقتا قانداق ۋەزىپە ئۆتەيدىلىكى؟

— باش ۋەزىر سارىيىدا دەپتەردارلىق قىلىمەن.

— ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلىشىمچە جانابلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئەجىب خانىدانلاردىن ئىكەن، نېمىشقا خانىدانلىقنى تىكلەش يولىدا خانىمىزغا ھەمدەم بولماي، تۆۋەنلىشىپ، باش ۋەزىر سارىيىنىڭ بىر خىزمەتچىسى بولۇۋالدىلا؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ياڭ شيۇ خىجالەتچىلىكتىن قىزىرىپ كەتتى، زورغا چىرايىنى ئوڭشاپ:

— مەن گەرچە تۆۋەندىكى خىزمەتچىلەردىن بولساممۇ، باش ۋەزىر مېنى لەشكىرىي مەمۇرىي مەبلەغ ـ ئاشلىقنى قاراشتەك مۇھىم خىزمەتكە تەيىن قىلدى، ئەتە ـ ئاخشامدا باش ۋەزىردىن تەربىيە ئالىمەن، بىلىمىمنىڭ ئېشىشىغا ئىنتايىن پايدىسى بار، شۇ سەۋەبتىن بۇ خىزمەتنى قىلماقتىمەن، — دېدى.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى كۈلۈپ جاڭ سۇڭ، — باش ۋەزىر ساۋ ساۋ قەلەمدە كۆڭزى، مېڭزى تەلىماتلىرىنى، ئەلەمدە سۇنزى، ۋۇچىلارنىڭ ماھارىتىنى بىلمەيدىكەن، مەخسۇس زوراۋانلىقتا يۈلىنىپلا ئالىي ئورۇنني ئىگىلىۋاپتۇ. قانداق قىلىپ سىلىگە تەربىيە بەرسۇن، جانابلىرىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرالىسۇن؟

— جانابلىرى چەت يۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يۈرسىلە، باش ۋەزىرنىڭ ئۇلۇغ تالانتىنى قانداق بىلەلەيدىلا؟ جانابلىرىغا كۆرسىتىپ باقاي، — دېدى ياڭ شيۇ ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى چاقىرىپ ساندۇقچىدىن بىر جىلد كىتابنى ئېلىپ جاڭ سۇڭغا كۆرسەتتى. جاڭ سۇڭ كىتابنىڭ ئىسمىغا قارىۋېدى: «ساۋ ساۋ يېڭى ئەسىرى» دېيىلىپتۇ. باشتىن ـ ئاخىرغا قەدەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر قاراپ چىقتى، جەمئىي 13 ماقالە بولۇپ، پۈتۈن مەزمۇنى لەشكەر ئىشلىتىش ئۇسۇلى توغرۇلۇق ئىكەن. جاڭ سۇلىڭ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— جانابلىرى بۇنى قايسى كىتاب دەپ بىلىدىلا؟ — دەپ سورىدى ياڭ شيۇدىن.

— بۇنى باش ۋەزىر قەدىمكى ۋە ھازىرقى كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، «سۇنزىنىڭ 13 ماقالىسى»غا تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىققان. جانابلىرى باش ۋەزىرنى ئىستېداتسىز دەپ كۆزلىرىگە ئىلمىدىلا، مانا بۇ ئەسەر كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇشقا مۇناسىپ كىتاب ئەمەسمۇ؟ — دېدى ياڭ شيۇ.

— بۇ كىتابنى، — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن جاڭ سۇڭ، — بىزنىڭ سىچۇەننىڭ ئۈچ چىلىق گۆدەكلىرىمۇ يادقا بىلىدۇ، قانداقسىگە «يېڭى ئەسەر» بولىدىكەن؟ بۇ جەنگو دەۋرىدە ئۆتكەن نامسىز بىر قەلەمكەشنىڭ ئەسىرى، ۋەزىر ساۋ ساۋ ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى كۆرسەتمەكچى بوپتۇ، بۇ پەقەت جانابلىرىغا ئوخشىغان كىشىلەرنىلا ئالدىيالايدۇ!

— باش ۋەزىرنىڭ ساقلاپ كېلىۋاتقان كىتابلىرى، جىلدلىق بولسىمۇ، ھېچ ئەلگە تارالغىنى يوق! جانابلىرى سىچۇەننىڭ باللىرىمۇ بۇ كىتابنى سۇدەك يادلاپ بېرىدۇ دەۋاتىدۇ، بۇ سۆز بىلەن مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئالدىماقچىمۇ؟ — دېدى ياڭ شيۇ.

— ئەگەر جانابلىرى ئىشەنمىسىلە، مەن يادقا ئوقۇپ باقاي، — دېدى جاڭ سۇڭ ۋە «ساۋ ساۋ يېڭى ئەسىرى»نى باشتىن ـ ئاخىرغا قەدەر، بىر ھەرپىنى خاتا قىلماي يادقا ئوقۇپ بەردى.

— جانابلىرى كۆزدىن بىر كەچۈرگەن نەرسىنى ئۇنتۇمايدىكەنلا، ھەقىقەتەن ئەلنىڭ ئاجايىپ تالانتى ئىكەنلا! — دېدى ياڭ شيۇ ئىنتايىن ھەيران بولۇپ.

كېيىنكىلەر بۇنى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە

پۈتكەندى:

*چىرايى غەلىتە، تۇرقى ئۆزگىچە،*
*غارقىراپ سۆزلەيدۇ، سۆزى تېز شۇنچە.*
*كىتابقا كۆز تىكسە بىر دودا ئەگەر،*
*ئون قۇرنى ئوقۇيدۇ ھايت - ھۇيت دېگۈچە.*
*شىئۇدا ھەممىدىن يۈرەكلىك ئۆزى،*
*ئالەمگە سىڭىدۇ ھەر ماقالىسى.*
*ئالىملار ئىلمىنى بىر كۆرمەك ھامان،*
*كۆڭلىدە قالىدۇ ئۇنىڭ ھەممىسى.*

جاڭ سۇڭ خەيرلىشىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى. ياڭ شيۇ:

— ھازىرچە جانابلىرى يەمخانىغا قايتىپ تۇرسىلا، مەن باش ۋەزىرگە خانىمىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ئىلتىماس قىلاي، — دېدى.

جاڭ سۇڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ياڭ شيۇ ساۋ ساۋ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— باش ۋەزىر جانابلىرى، بايا نېمىشقا جاڭ سۇڭغا ئىلتىپات قىلمىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— سۆزى قوپال، ئەدەپسىز ئادەم ئىكەن، شۇڭا ئەتەيگە ئىلتىپات قىلمىدىم، — دېدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر جانابلىرى! بۇرۇن مى خېڭنى قوبۇل قىلغان يەردە، نېمىشقا جاڭ سۇڭنى قوبۇل قىلمايدىلا؟

— مى خېڭنىڭ يازغان ماقالىلىرى ھازىرغا قەدەر تارقىلىپ ساقلانماقتا، شۇ سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈشكە قولۇم بارمىغانىدى. جاڭ سۇڭنىڭ نېمە ئىستېداتى بار ئىكەن؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— تولا گەپ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ شەكسىز مۇنازىرىچى ئىكەن. مەن باش ۋەزىر جانابلىرى يازغان «ساۋ ساۋ يېڭى ئەسىرى» ناملىق كىتابنى كۆرسىتىۋېدىم، كۆزىدىن بىرلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەچۈردى - دە، تامام يادقا ئوقۇپ بېرەلىدى. مۇنداق كەڭ بىلىملىك، كۈچلۈك مۇھاپىز قۇۋۋىتى بار ئادەم دۇنيادا بەك نادىردۇر. جاڭ سۇڭ بۇ كىتابنى جەنگو دەۋرىدە ئۆتكەن نامسىز بىر ئاپتور يازغان، سىچۈەندىكى گۆدەكلەرنىڭ ھەممىسى يادقا بىلىدۇ دەيدۇ، — دەپ سۆزلەپ بەردى ياڭ شيۇ.

— قەدىمكىلەرنىڭ ئويى مېنىڭكى بىلەن بىر يەردىن چىقتىمۇ يا؟ — دېدى - دە، ساۋ ساۋ كىتابنى يىرتىپ كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق بەردى.

— بۇ ئادەمنى خان بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، خانىدانلىقىمىزنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى كۆرسىتىپ قويايلى، — دەپ پىكىر بەردى ياڭ شيۇ.

— ئەتە كۆنۈپتىش مەشق مەيداندا لەشكەرلەرنى ئىدىتلاپ كۆرىمەن، سىز ئاۋۋال ئۇنى باشلاپ بېرىڭ، قوشۇنىمىزنىڭ جەڭگىۋار روھىنى كۆرسىتىڭ، قايتقىنىدا: ئۇزۇنغا قالماي مېنى جىياڭنەنگە چۈشىمەن، شۇ قاتاردا سىچۈەننى ھەم ئالىمەن دەيدۇ دەپ بارسۇن، — دېدى ساۋ ساۋ.

ياڭ شيۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ياڭ شيۇ جاڭ سۇڭنى ئېلىپ كۆنۈپتىش مەشق مەيدانىغا كەلدى. ساۋ ساۋ شىرمەت باتۇر 5 تۈمەن لەشكەرنى مەيدانغا تىزدۇردى. دېگەندەك لەشكەرلەرنىڭ دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرى، كىيىملىرى پارقىراپ تۇراتتى؛ جاڭ، ناغرىلارنىڭ سادىسى يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈردى، قورال - ياراغلار كۈن نۇرىدا بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى؛ ھەممە تەرەپ لەشكەر بىلەن تولدى؛ تۇغ - ئەلەملەر لەپىلدەپ تۇراتتى، لەشكەر، ئاتلار خۇددى ئۇچۇدىغاندەك سەپراس بولۇپ تۇرۇشاتتى. جاڭ سۇڭ كۆز قىرى بىلەن نەزەر سالدى. بىر ھازادىن كېيىن، ساۋ ساۋ جاڭ سۇڭنى چاقىرتىپ:

— سىز سىچۈەندە مۇنداق قەھرىمانلارنى كۆرگەنمىدى-

ىڭىز؟ — دەپ سورىدى لەشكەرلەرنى كۆرسىتىپ.

— مەن سىچۈەندە مۇنداق لەشكەر، قورال - ياراغلارنى كۆرمىگەن، پەقەت ۋاپادارلىق، ھەققانىيەت بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى جالىڭ سۇلىڭ.

ساۋ ساۋ چىرايى ئۆڭگەن ھالدا قارىدى. جالىڭ سۇلىڭ پەقەت پەرۋايىغىمۇ ئالمىدى. يالىڭ شيۇ جالىڭ سۇڭغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ساۋ ساۋ جالىڭ سۇڭغا:

— مېنىڭ قارىشىمدا ئەلدىكى چاكىنا ئادەملەر ئوت - خەسكە ئوخشاشلاردۇر. چوڭ قوشۇن نەگە يېتىپ بارسا، جەڭ قىلىدىكەن، زەپەر قازانماي قالمايدۇ، ىىر يەرگە تېگىش قىلىدىكەن، ئۇنى ئالماي قويمايدۇ. ماڭا ئىتائەت قىلغانلار ياشايدۇ، قارشىلىق قىلغۇچىلار ھالاك بولىدۇ، سىز بۇنى بىلەمسىز؟ — دېدى.

— باش ۋەزىر جانابلىرى لەشكەر باشلاپ يارغانلىكى يەردە جەڭ قىلىدىكەن، زەپەر قازىنىدۇ، قەيەرگە تېگىش قىلىدىكەن، ئۇنى چوقۇم ئالىدۇ، كەمىنە جالىڭ سۇڭلىرى بۇنى بىلىمەن. بۇرۇن پۇياڭدا لۈي بۇغا تېگىش قىلغان ۋاقىتلىرىدا، ۋەنچېڭدا جالىڭ شيۇ بىلەن جەڭ قىلغان كۈنلەردە؛ چىبىيدا جو يۈيگە يولۇققانلىرىدا، خۇارۇڭدا گۈەن يۈيگە ئۇچرىغانلىرىدا؛ تۇڭگۈەندە ساقاللىرىنى كېسىپ، چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلىغانلىرىدا، ۋېيشۈيدە كېمە تالىشىپ ئوقيادىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغانلىرىدا—مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەلدە تەڭداشلىرى يوق ئىدى، — دېدى جالىڭ سۇڭ.

— ھەي كىتابخان! مېنىڭ قۇسۇرۇمنى ئېچىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ! — دېدى ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە، — ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ تۇۋلاپ بۇيرۇق بەردى.

— جالىڭ سۇڭ گەرچە ئۆلۈمگە لايىق بولسىمۇ، سىچۈەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باج ـ خىراج ئېلىپ كەلگەن، ئەگەر ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، پىراقتىكىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالارمىزمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى ياڭ شىۋ.

ساۋ ساۋ غەزەپتىن يانمىدى. شۇن يۈيمۇ مەسلىھەت بەردى. ساۋ ساۋ ئۇنى ئۆلۈمدىن كەچۈردى، لېكىن كالتەكلەپ قوغلىۋېتىشقا بۇيرۇق بەردى.

جاڭ سۇڭ يەمىخانىغا قايتىپ كەلدى ـ دە، كېچىلەپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ شەھەردىن چىققان پېتى سىچۈەنگە قايتماقچى بولدى. جاڭ سۇڭ خىيال قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن ئەسلىدە سىچۈەننىڭ ئايماق، ۋىلايەتلىرىنى ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلماقچى بولغانىدىم، ئادەمگە مۇنچىلىك قوپاللىق قىلىشنى كىم ئويلىسۇن! كېلىش ۋاقتىمدا ليۇ جاڭ ئالدىدا چوڭ سۆزلىگەنىدىم؛ ئەمدىلىكتە خاپىلىق بىلەن قۇرۇق قايتسام، سىچۈەن ئاھالىسى مەندىن كۈلىدۇ. جىڭجۇدىكى ليۇ بېيىنىڭ ۋاپادار ۋىجدانلىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلىغانىدىم، ئاشۇ يول بىلەن قايتىپ كۆرۈپ باقاي ـ دە، بۇ ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى سىناپ كۆرەي، ئاندىن بىر نەرسە قىلاي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن خادىملىرىنى ئېلىپ جىڭجۇ تەۋەسىگە قاراپ يولغا راۋان بولدى. يىڭجۇ تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە، تۇساتتىن 500 چە ئاتلىق لەشكەر ئۇچرىدى، بۇلارنىڭ باشلىقى بولغان، يېنىك ئاددىي كىيىنگەن بىر پالۋان ئات ئالدىغا كېلىپ:

— مېھمان، ئۆزلىرى ئورۇنباسار ئايماقبېگى جاڭ سۇڭ جانابلىرىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى جاڭ سۇڭ.

بۇ پالۋان تېزلىكتە ئاتتىن چۈشۈپ:

— كەمىنە جاۋ يۈنلىرى كۈتۈپ تۇرغىنىمىغا ئۇزۇن

بولدى، — دېدى.

— ئۆزلىرى چاڭشەنلىك جاۋ يۈنمۇ؟ — دېدى جاڭ سۇڭ ۋە ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈشتى.

— شۇنداق. پاسبانىم ليۇ بېيىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، جانابلىرىنىڭ يىراق، ئەگرى ـ توقاي يوللاردىن ئاتلىق زەخمەت چېكىپ كېلىۋاتقانلىقلىرى ئۈچۈن شاراب، يېمەكلىكلەر بىلەن ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغاندىم، — دېدى جاۋ يۈن.

سۆز تۈگەش بىلەنلا نۆكەرلەر تىزلىنىپ تۇرۇپ شاراب، تائام قويدى. جاۋ يۈن ھۆرمەت بىلەن تەكلىپ قىلدى. جاڭ سۇڭ: «كىشىلەر ليۇ بېيىنى كەڭ، مېھماندوست دېيىشەتتى، راست شۇنداق ئىكەن» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە. شۇنداق قىلىپ جاۋ يۈن بىلەن بىرنەچچە قەدەھ شاراب ئىچىشتى ـ دە، ئاتلىنىپ بىرلىكتە يولغا راۋان بولدى.

جىڭجۇ تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە كەچ كىرىپ قالدى، يەمخانا ئالدىغا كېلىشۋېدى، يەمخانا دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان 100دىن ئارتۇقراق كىشىلەر داقا ـ دۇمباق چېلىپ قارشى ئالدى. بىر پالۋان ئات ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ:

— جانابلىرى ئۇزۇن سەپەردىن كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئاغام كەمىنە گۈەن يۈيىنى يەمخانىنى سىپىرىپ ـ سۈپۈرتۈپ، ئۆزلىرىنى كۈتۈشكە بۇيرۇغانىدى، — دېدى.

جاڭ سۇڭ ئاتتىن چۈشۈپ گۈەن يۈي، جاۋ يۈن بىلەن بىرلىكتە يەمخانىغا كىردى، سالام ـ رەسمىيەتلەردىن كېيىن ئولتۇرۇشتى. بىرپەستىن كېيىنلا مەرىكە ـ سورۇن ھازىرلاندى، ئىككىيلەن ھەدەپ مېھماننى تاماققا تەكلىپ قىلدى، خېلى ۋاقىتقىچە مەرىكىدە بولۇشۇپ، ئاندىن تارقالدى، بۇ بەردە بىر كېچە قوندى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن يولغا چىقىشتى، تېخى تۆت ـ بەش چاقىرىم يول مېڭىشقانىدى، بىر تۈركۈم ئاتلىقلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈندى. لىۋ بېي جۇگې لياڭ، پاڭ تۇڭلار بىلەن شەخسەن ئىستىقبالغا چىققانىدى. يىراقتىن جاڭ سۇڭنى كۆرۈپلا ئالدىن ئاتتىن چۈشۈپ كۈتۈپ تۇردى. جاڭ سۇڭمۇ ئالدىراپ ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈشتى. لىۋ بېي:

— جانابلىرىنىڭ ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلاپ يۈرگىنىمگە ئۇزۇن بولدى. ئەپسۇسكى ئارىمىز يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، تەربىيىلىرىدىن مەھرۇم قالدىم. بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ قايتقانلىقلىرىنى ئاڭلاپ ئالاھىدە بۇ يەردە كۈتۈۋالدىم. ۋىلايىتىمىز چۆل بولسىمۇ كەمىنىلىرىنى تاشلىماي بىرئاز ۋاقىت دەم ئېلىپ، دىدارلىرىغا بولغان تەشنالىقىمنى قاندۇرغان بولسىلا، ئۆزۈمنى تۈمەن مىڭ ھەسسە بەختلىك ھېسابلايتتىم! — دېدى.

جاڭ سۇڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، شۇئان ئاتلاندى، يانمۇيان يۈرۈشۈپ شەھەرگە كىردى. مەھكىمىگە كېلىپ سالام-رەسمىيەتلەر ئادا ئېتىلگەچ، مېھمان ۋە ساھىبخان بولۇپ تەرتىپ بىلەن ئولتۇرۇشتى، مەرىكە - سورۇن تەييارلاپ كۈتتى. لىۋ بېي مەرىكە ئۈستىدە پەقەت ئادەتتىكى سۆزلەرنىلا قىلىپ، سىچۈەن توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمىدى. جاڭ سۇڭ سۆز بىلەن ئىلماقچى بولۇپ:

— ھالا خان تاغىسى جانابلىرى جىڭجۇنى ئىدارە قىلىۋاتىدىلا، يەنە نەچچە ۋىلايەتلىرى بار؟ — دەپ سورىدى.

— جىڭجۇنى كۈنچىقىش ۋۇدىن ۋاقىتلىق ئارىيەتكە ئېلىۋېدۇق، دائىم كىشى ئەۋەتىپ سوراپ تۇراتتى. ئەلھال خوجايىنىم كۈنچىقىش ۋۇنىڭ دامادى بولغاچقا، ۋاقىتلىق بۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ تۇردى، — دېدى جۇگې لياڭ.

— كۈنچىقىش ۋۇ، — دېدى جاڭ سۇڭ، — ئالتە ۋىلايەت، 81 ناھىيىنى ئىدارە قىلىۋاتىدۇ، خەلقى توق، ئېلى بايدۇر، بۇنىڭغا قانائەت قىلمامدىكەن؟

— پاسبانىم خەن خانىنىڭ تاغىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ھەممىسى خەن خاندانلىقىغا قارشى چىققان بۇزۇق ئوغرىلار بولسىمۇ، ھەممىسى دېگۈدەك زورلۇق بىلەن يەر ئىگىلەپ ئالدى؛ بىلمىگەنلەر نەزەرىدە بۇ بارلىق ئىشلار چۈشكە نۇرنىدەك. بىلىدىغانلار نەزەرىدە بۇ باراۋەرسىزلىكتۇر.

— جانابىي ھەربىرلىرى بۇ ھەقتە سۆز قىلىشمىسىلا. قايسى پەزىلەتلىرىم بىلەن كۆپ تەلەپ قويالايمەن؟ — دېدى ليۇ بېي.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى جاڭ سۇڭ، — جانابىي ئالىيلىرى خەن خاندانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى بولۇپ، مېھرىبانلىق ۋە مەردلىكلىرى پۈتۈن ئەلگە مەلۇمدۇر. ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى ئىگىلەش ئەمەس، رەسمىي - قانۇنىي خانلىق ئورنىغا ئولتۇرۇشقىمۇ ھەقلىرى بار.

— جانابلىرى بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە، ليۇ بېيلىرىنىڭ مۇنداق قىلىشىغا نېمە ھەددى؟ — دېدى ليۇ بېي تەزىم قىلىپ تەشەككۈر بىلدۈرگەن ھالدا.

شۇنداق قىلىپ جاڭ سۇڭغا ئۇدا ئۈچ كۈن مەرىكە ئۆتكۈزۈلدى، سىچۈەن ئىشى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىلمىدى. جاڭ سۇڭ خەيرلىشىپ قايتتى، ليۇ بېي ئون يوللۇق شىپاڭدا ئۇزىتىش مەرىكىسى ھازىرلىدى. ليۇ بېي قەدەھ كۆتۈرۈپ:

— جانابلىرى كەمىنىلىرىنى يات كۆرمەي ئۈچ كۈن تۇرۇپ بەردىلە؛ بۈگۈن جۇدا بولىمىز، ئەمدى قاچان ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىلىرىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولۇشۇمنى بىلمەيمەن، — دېدى - دە، كۆزىدىن تارام - تارام ياش ئاقتى.

جاڭ سۇڭ ئىچىدە: «ليۇ بېي مېھرىبان ۋە بىلىملىك كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىكەن، قانداق تاشلاپ كېتىش مۇمكىن، سىچۈەننى ئېلىشقا دەۋەت قىلاي» دېدى - دە:

— كەمىنە جاڭ سۇڭلىرى ئەتە - ئاخشامدا خىزمەتلىرىدە بولۇشنى ئويلىساممۇ، ئەپسۇسكى پۇرسەت بولمايۋاتىدۇ. مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارىشىمچە جىڭجۇنىڭ كۆتۈرۈلۈش تەرىپىدە سۈن چۈەن بولۇپ، دائىم ئىستىلا قىلىش نىيىتىدە ئىكەن؛ يۇقىرى تەرەپتە ساۋ ساۋ بولغاچقا ھەر ۋاقىت يۇتۇۋېلىشنى ئىزدەيدۇ؛ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى.

— شۇنداق بولۇشنى بىلسەممۇ، ئىز بېسىپ تۇرىدىغان بىر ئورۇن بولمايۋاتىدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— يىجۇ ئېلىپ بولمايدىغان جاي، يەرلىرى مۇنبەت، ئاھالىسى توق، ئېلى بايدۇر؛ ئىقتىدار ئىگىلىرى بولغان زاتلار ئۇزۇندىن بېرى غايىبانە سىلى خان تاغىسىنىڭ پەزىل ـ ئەخلاقلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە؛ ئەگەر جىڭ، شياڭ ئايمىقىنىڭ كۈچى بىلەن كۈنپېتىش تەرەپكە يۈرۈش قىلىدىغان بولسىلا، ئەلنى بىنا قىلىش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەن خاندانلىقىنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ، — دېدى جاڭ سۇڭ.

— مۇنداق قىلىشقا نېمە ھەددىم؟ يىجۇ ئايماقبېگى لىيۇ جاڭمۇ خاندان ئەۋلادى، ئۇزۇندىن بېرى ياخشىلىقى سىچۇەنگە يۇر بولدى. باشقىلار ئۇنى تەۋرىتەلەمدۇ؟ — دېدى لىيۇ بېي.

— مەن پاسىبانىمنى سېتىش ھېسابىغا شەرەپ قازىنىدىغان كىشى ئەمەسمەن؛ بۈگۈن جانابلىرىغا يولۇققىنىم ئۈچۈن، چىن ئىخلاسىمنى كۆرسەتمەي تۇرالمايمەن. لىيۇ جاڭ گەرچە يىجۇغا ئىگە بولسىمۇ، تەبىئىتى ئاجىز، دانىشمەن ـ ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن پايدىلىنالمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ لۇ يۇقىرىدا بولۇپ، ھەر ئان تاجاۋۇز قىلىشنى ئويلىماقتا. ئاھالىنىڭ دىلى پاراكەندە، بىر دانا پاسىبانغا ئىگە بولۇشنى ئويلاشماقتا. مېنىڭ بۇ سەپىرىمدىن مەقسەت مەخسۇس ساۋ ساۋغا خىراج ئاپىرىپ بېرىش ئىدى؛ بۇ ئاسىي ئوغرىنىڭ تۇرقىدىن قارىسام مەككار بۇزۇق كۆرۈنىدۇ، دانىشمەن ئالىملارنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئالاھىدە جانابلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋېدىم. جانابلىرى ئاۋۋال سىچۇەننى ئېلىپ، شۇ يەرنى ئاساس قىلىپ

تۇرۇپ، كېيىن يۇقىرىدىكى خەنجۇگىنى ئالۇرلەر، ئاندىن جۇگېيۇەننى ئېلىپ، خانلىقتا ياردەم بېرۇرلەر، شۇندىلا تارىختا پاك ناملىرى قالىدۇ، زور ئەجىر - خىزمەت يەتكۈزگەن بولىدىلا. ئەگەر جانابلىرىدا سىچۇەننى ئېلىش نىيىتى بولىدىغان بولسا، مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە خىزمەت قىلىشقا، ئىچكى جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە تەييارمەن. ئالىيلىرىنىڭ نىيىتى قانداق ئىكىن بىلمىدىم؟ — دېدى جاڭ سۇڭ.

— جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، ليۇ جاڭ كەمىنە ليۇ بېيلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان بولىدۇ، ئەگەر تېگىش قىلىدىغان بولسام خەلقئالەمنىڭ تىلىغا قالىمەن، — دېدى ليۇ بېي.

— مەردۇ ئەزىمەت دۇنيادا ئەجىر - خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. بۇگۈن ئالماي، باشقىلار ئالغاندىن كېيىن قىلغان پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ، — دېدى جاڭ سۇڭ.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى ليۇ بېي، — سىچۇەننىڭ يوللىرى ئەگرى - توقايمىش، تاغۇ دەريالىرى بەك كۆپ بولۇپ، هارۋا ماڭالماسمىش، ئاتلار يانمۇيان يۈرەلمەسمىش؛ ئېلىشقا نىيەت قىلغاندىمۇ، قانداق ياخشى تەدبىر قوللىنىش كېرەك؟

جاڭ سۇڭ يېڭىنىڭ ئىچىدىن بىر خەرىتە چىقىرىپ، ليۇ بېيغا سۇندى ۋە:

— مەن جانابلىرىنىڭ پەزىل - ئەخلاقلىرىغا ئىخلاس قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇشبۇ خەرىتىنى تەقدىم قىلدىم. بۇ خەرىتىگە قارالسا، سىچۇەننىڭ يوللىرىنى بىلگىلى بولىدۇ، — دېدى.

ليۇ بېي ئېچىپ قارىۋىدى، خەرىتىنىڭ ئۈستىگە جۇغراپىيىلىك مۇساپىلەر، يولنىڭ يىراق - يېقىنلىقى، كەڭ - تارلىقى، تاغ - ۋادىلاردىكى مۇھىم جايلار، غەزىنىدىكى مەبلەغ، ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر - بىرلەپ ئېنىق

بېرىلىپتۇ.

— جانابلىرى، — دېدى جاڭ سۇڭ، — تېز ھەرىكەت قىلىۋرلەر. مېنىڭ فا جېڭ، مېڭ دا ناملىق ئىككى ئىشەنچلىك دوستۇم بار، بۇ ئىككىيلەن ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ. مۇبادا بۇ ئىككىيلەن جىڭجوۇغا كېلىپ قالسا، كۆڭۈللىرىدىكى ئىشنى تارتىنماستىن بىرلىكتە مەسلىھەت قىلىۋەرسىلە.

— يېشىل تاغ كونىرىماس، كۆك سۇ دائىم ئاقار. ئىشىم ئەمەلگە ئاشقان كۈنلەردە، ئىلتىپاتلىرىنى قايتۇرارمەن، ئەلۋەتتە، — دېدى ليۇ بېي تەزىم قىلىپ تەشەككۇر بىلدۈرگەن ھالدا.

— دانا پاسىبانغا يولۇققان ۋاقتىمدا، ئەھۋالنى تولۇق بايان قىلماي تۇرالمىدىم. بەدەل ـ ھەقلەردىن ئۈمىدۋار بولۇشقا نېمە ھەددىم؟ — دېدى جاڭ سۇڭ.

جاڭ سۇڭ سۆزىنى تۈگىتىپ خەيرلەشتى. جۇگې لياڭ گۇەن يۈيلەرنى بىرنەچچە ئون يول يەرگىچە جاڭ سۇڭنى قورۇقداپ، ئۇزىتىپ قويۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

جاڭ سۇڭ يىجوۇغا قايتىپ كېلىپ، ئاۋۋال دوستى فا جېڭ بىلەن كۆرۈشتى. فا جېڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى شياۋ جى ئىدى، ئۇنىڭ يۇرتى يۇفۇفېڭدىكى مېي ناھىيىسى بولۇپ، ئۇ دانىشمەن فا جېننىڭ ئوغلى ئىدى. جاڭ سۇڭ فا جېڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ساۋ ساۋ دانىشمەن زىيالىيلارنى كۆزىگە ئىلمايدىكەن، رىيازەتنى تەڭ تارتىش مۇمكىن ئىكەنۇ، راھەتنى تەڭ كۆرۈش مۇمكىن ئەمەسكەن. مەن يىجوۇنى خان تاغىسى ليۇ بېيغا ۋەدە ئەتتىم. مەخسۇس سىلى ئاغىمىز بىلەن ئورتاق كېڭەش قىلغىلى كەلدىم، — دېدى.

— مېنىڭ قارىشىمچىمۇ ليۇ جاڭ ئىقتىدارسىز كىشى، شۇڭا ئۇزۇندىن بېرى خان تاغىسى ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. نىيىتىمىز ئوخشاش ئىكەن، شۇبھىلىنىشنىڭ

نېمە ھاجىتى؟ — دېدى فا جېلى.

بىر پەستىن كېيىن مېلى دا كەلدى. مېلىڭ دانىلىڭ يەنە بىر ئىسمى زى چېلىڭ بولۇپ، فا جېڭنىلىڭ يۇرتدىشى ئىدى. مېلىڭ دا كىرىپلا فا جېلىڭ بىلەن جالىڭ سۇڭنىلىڭ مەخپىي سۆزلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە:

— مەن ئىككىڭلارنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالدىم. يىجۇنى تەقدىم قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — دېدى.

— راست، شۇنداق بولدى. قېنى، ئاغا، تېپىپ باقسىلا، كىمگە تەقدىم قىلماقچى بولۇۋاتىمىز؟ — دېدى جالىڭ سۇلىڭ.

— لىيۇ بېيغا تەقدىم قىلماي كىمگە تەقدىم قىلاتتىڭلار، — دېدى مېلىڭ دا.

ئۈچەيلەن چاۋاك چېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. فا جېلىڭ جالىڭ سۇڭغا قاراپ:

— سىلى ئەتە لىيۇ جالىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىرىدە، قانداق قىلىدىلا؟ — دېدى.

— ئىككىلىرىنى جىڭجۇغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشىنى سورايمەن، — دېدى جالىڭ سۇلىڭ. ئىككىيلەن قوبۇل كۆردى.

ئەتىسى جالىڭ سۇلىڭ لىيۇ جالىڭ بىلەن كۆرۈشتى. لىيۇ جالىڭ:

— قىلغان ئىشىڭىز قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ساۋ ساۋ خەن خاندانلىقىدىن چىققان بىر مۇناپىق، ئۇ پۈتۈن ئەلنى ئۆزىگە قارىتىپ ئېلىشنى ئويلايدىكەن، ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. سىچۈەننىمۇ ئېلىش نىيىتى بار ئىكەن، — دېدى جالىڭ سۇلىڭ.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟

— مېنىڭ بىر تەدبىرىم باركى، جالىڭ لۇ، ساۋ ساۋلار ئاسانلىقچە سىچۈەنگە تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

— قانداق تەدبىر ئۇ؟

— جىڭجۇدىكى خان تاغىسى لىيۇ بېي جانابلىرىنىڭ تۇغقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، مېھىر ـ شەپقەتلىك، كەڭ قورساق، ئۇلۇغ كىشى ئىكەن. چىبى ئۆرۈشىدىن كېيىن، ساۋ ساۋ ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىسىلا تىترەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. جاڭ لۇ دېگەن نېمە؟ جانابلىرى نېمىشقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرمەيدىلا؟ شۇنداق قىلىدىغان بولساق ساۋ ساۋ، جاڭ لۇلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

— مېنىڭدىمۇ ئۆزۈڭدىن بىرى مۇشۇ نىيەت بار ئىدى، كىمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتسەك بولار؟ — دەپ سورىدى.

— فا جېڭ بىلەن مېڭ دادىن باشقا ئادەم بارسا بولمايدۇ.

ليۇ جاڭ شۇئان ئىككىيلەننى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، بىر پارە خەت يازدى، فا جېڭنى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، ئالدى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشقا بۇيرۇدى؛ ئارقىسىدىن تاللانغان 5000 لەشكەر ئېلىپ ھەمدەمگە كەلگەن ليۇ بېينى قارشى ئېلىپ، سىچۇەنگە باشلاپ كىرىشكە مېڭ دانى بۇيرۇدى. دەل كېڭەش ئۈستىگە يۈزىنى تەر باسقان بىر ئادەم سىرتتىن بۆسۈپ كىردى-دە، توۋلىغان ھالدا:

— جانابىي پاسىبانىم، ئەگەر جاڭ سۇڭنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان بولسىلا 41 ئايماق، ۋىلايىتىمىز ئۆزگىلەرنىڭ بولۇپ كېتىدۇ! — دېدى.

ئىنتايىن چۆچۈپ كەتكەن جاڭ سۇڭ قارىدى، ئۇ شىلاڭجۇڭ باشيەن ناھىيىلىك خۇاڭ چۈەن ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى گۇڭ جىڭ بولۇپ، ئۇ ھازىر ليۇ جاڭ مەھكىمىسىنىڭ مىرزىسى ئىكەن.

— ليۇ بېي ماڭا تۇغقان بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئىتتىپاق تۈزۈپ ھەمدەمگە چاقىرماقچىمەن، نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدى ليۇ جاڭ.

— مەن ليۇ بېينىڭ باشقىلارغا كەڭ مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئۇ يۇمشاقلىق بىلەن قاتتىقلىقنى

يېگەندىغان، قەھرىمانلىقتا تەڭدىشى يوق ئادەم. ئۆزۈڭدىن بىرى خەلقىنىڭ ئىخلاسىغا ئېرىشىپ، يېقىندا خەلق ئىچىدە ئابرۇيغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇگې لياڭ، پاڭ تۇڭدەك بىلىملىك مۇشاۋىرلار، گۇەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈن، خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەرگە ئوخشاش پالۋانلار ئۇنىڭ قاناتلىرى. ئەگەر سىچۈەنگە چاقىرىپ كېلىدىغان بولساق، قول ئاستىمىزدىكىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ليۇ بېي ئۆزىنى تۆۋەنلىتىپ كىچىكلىتىپ ئولتۇرامدۇ؟ مۇبادا مېھمانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلساق، بىر قازانغا ئىككى باش سىغمايدۇ. بۈگۈن كەمىنە خادىملىرىنىڭ سۆزىگە كىرىدىكەنلا، سىچۈەن تەيشەن تېغىدەك ئەمىن بەرقارار تۇرىدۇ، سۆزۈمگە كىرمەيدىكەنلا، جانابلىرى خەتەرگە ئۇچرايدىلا. جاڭ سۇڭ تېخى تۈنۈگۈنلا جىڭجۇدىن ئۆتۈپ كەلدى، ليۇ بېي بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى چوقۇم. ئالدى بىلەن جاڭ سۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئارقىدىن ليۇ بېينى رەت قىلساق، سىچۈەن بەختىيار ياشاۋېرىدۇ، — دېدى خۇاڭ چۈەن.

— ساۋ ساۋ، جاڭ لۇلار كەلسە قانداق توسىمىز؟ — دېدى ليۇ جاڭ.

— يوللارنى ئېتىپ توسۇيلى، خەندەكلەرنى چوڭقۇرلىتىپ، قورغانلارنى ئېگىزلىتەيلى - دە، پۇرسەت كۈتەيلى، — دېدى خۇاڭ چۈەن.

— قاراقچىلار قوشۇنى تەۋەيىمىزگە بېسىپ كىرگەن مۇنداق جىددىي پەيتتە، نەۋاققىچە پۇرسەت، ۋاقىت كۈتۈپ تۇرىمىز؟ — دېدى ليۇ جاڭ.

ليۇ جاڭ خۇاڭ چۈەننىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلماي، فا جېڭنى يۈرۈشكە بۇيرۇدى. يەنە بىراۋ توسۇپ:

— بولماسمىكىن! بولماسمىكىن! — دېدى.

ليۇ جاڭ نەزەر سېلىۋېدى، بارگاھتىكى مىرزا-ۋاڭ لېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىكەن. ۋالڭ لېي باش قويۇپ تۇرۇپ:

— جانابىي پاسىبانىم! بۈگۈن سىلى جالڭ سۈڭنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۆزلىرىنى بالا ـ قازاغا تاشلاۋاتىدىلا! — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ ليۇ بېي بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشۈم، ھەقىقەتتە جالڭ لۇغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت، — دېدى ليۇ جالڭ.

— جالڭ لۇنىڭ تەۋەيىمىزگە تاجاۋۇز قىلىشى تەمرەتكىنىڭ قىچىشىشى بولسا، ليۇ بېينىڭ سىچۈەنگە كىرىشى يۈرەككە چۈشكەن چولڭ كېسەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ليۇ بېي ئەلنىڭ قەھرىمانى، ئاۋۋال ساۋ ساۋغا خىزمەت قىلىپ زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، كېيىن سۈن چۈەن بىلەن بولۇپ، جىڭجۇنى تارتىۋالدى. نىيىتى ئاشۇنداق تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكىلى بولىدۇ؟ ئەلھال چاقىرىپ كېلىندىغان بولساق، سىچۈەن تۈگەشتى دېگەن سۆز، — دېدى ۋالڭ لېي.

— بەنە ئالىجوقا سۆز قىلىشقا رۇخسەت يوق! ليۇ بېي مېنىڭ ئۇرۇقدىشىم بولىدۇ، مېنىڭ يېرىمنى تارتىۋېلىشقا رايى بارامدۇ؟ — دەپ تۇۋلىدى ليۇ جالڭ ۋە خادىملىرىغا ئىككىيلەننى يۆلەشتۈرۈپ چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇق بەردى ۋە شۇئان فا جېڭنى مېڭىشقا بۇيرۇدى.

فا جېڭ يىجۇدىن چىقىپ جىڭجۇغا راۋان بولدى، ئۇ كېلىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن خەتنى تەقدىم قىلدى، ليۇ بېي خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

ئاغام سەركەردە ليۇ بېي جانابلىرىغا!

ئىنىلىرى ليۇ جالڭ باش قويۇپ سالام خەت يوللايمەنكى، ئۇلۇغ ناملىرىنى ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلىغان بولساممۇ، سىچۈەننىڭ يولى يامان بولغاچقا، ۋاقتىدا خىراج بەتكۈزۈپ بېرەلمىگىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن

خىجالەتتە مەن. كەمىنە لىۋ جاڭلىرى «دوستلار ياخشى كۆڭۈللىرىنىڭ يامىنىدا، قىيىنچىلىققا قالغاندا بىر - بىرىنى قۇتقۇزۇشىدۇ، ئۆزئارا ياردەم بېرىشىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. دوستلارغا شۇنداق قىلغان يەردە بىزلەر نېمىشقا قىلالمايمىز؟ ھالا جالڭ لۇ يۇقىرىمىزدا، قاچان بولمىسۇن كەمىنە لىۋ جاڭلىرىنىڭ زېمىنىغا يۈرۈش قىلىپ بېسىپ كىرىدۇ، ئىنتايىن خاتىرجەمسىزمەن. مەخسۇس كىشى ئارقىلىق خەت ئەۋەتتىم، تاپشۇرۇۋېلىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن. ئۆزۈق - تۈلۈكنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇرادەرلىك، مەردلىكلىرىنى كۆرسەتسىلە، تېز كۈنلەرنىڭ ئىچىدە، يۈرۈش قىلىپ قوزغىلىدىغان ئوغرىلارنى يوقىتىپ، مەڭگۈ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولسىلا، ئەجرىلىرى ئۈچۈن ئوبدان جاۋاب قايتۇراتتىم، تۈگىمەس سالاملار بىلەن يوللىرىغا مۇنتەزىرمەن.

لىۋ بېي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى، فا جېڭ شەرىپىگە مەرىكە - سورۇن تەييارلىندى. قەدەھلەر بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، لىۋ بېي ئەتراپىدىكىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، مەخپىي ھالدا فا جېڭغا:

— ئۇزۇندىن بېرى ناملىرىنى ئاڭلىغانىدىم، جاڭ سۇڭ جانابلىرىمۇ سىلىنىڭ پەزىل - ئەخلاقلىرى ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بەردى. بۈگۈن تەربىيىلىرىنى ئاڭلاشقا مۇشەررەپ بولدۇم، پۈتكۈل ھاياتىمدا تەسەللى تاپتىم، — دېدى.

— سىچۈەننىڭ ئاددىي بىر ئەمەلدارىمەن، تىلغا ئالغۇچىلىكىم يوق، ئاڭلىشىمچە ئات بولۇپ يولۇققاندا كىشنەر ئىكەنمىش، ئادەم ئۆزىنى چۈشەنگەن كىشى ئۈچۈن ئۆلسە ئارمانسىز كېتەرمىش. جاڭ سۇڭنىڭ ئۆتكەندە قىلغان سۆزلىرىگە جانابىي سەركەردە قانداق قارارغا كەلدىكىن؟ — دېدى فا جېڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ھالدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن ليۇ بېي پۈتكۈل ھاياتىمدا مۇساپىر مېھمان بولۇپلا يۈردۈم، كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلىسەم ھەسرەت - نادامەت چېكىمەن. كىچىك قۇشقاچلارنىڭمۇ قونىدىغان بىر تال شېخى، ھەييار توشقانلارنىڭمۇ ئۆزىنى يوشۇرىدىغان ئۈچ تۆشۈكى بولىدۇ، ئادەملەرنىڭغۇ ئەلۋەتتە پاناھ جايى بولۇشى كېرەك. سىچۈەن مەمۇر - بەرىكەتلىك يۇرت، ئېلىش نىيىتىم يوق ئەمەس؛ بىراق ليۇ جاڭ ماڭا جەمەت كەلگەچكە، ئېلىشقا ۋىجدانىم ئۇنىمايدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

— يىجۇ جەننەتتەك ماكان، پاراكەندىچىلىكنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان پاسىبان بولمىسا، ئۇ يەردە تۇرغىلى بولمايدۇ. بۈگۈن ليۇ جاڭ دانىشمەنلەردىن پايدىلىنالمايۋاتىدۇ، بۇ يۇرت ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. سەركەردە جانابلىرى بۈگۈن ئۆزلىرىگە نېسىپ بولغاندا، قولدىن بېرىپ قويماسلىقلىرى كېرەك. «توشقاننى كىم دەسلەپ تۇتقان بولسا، شۇ ئىگە بولىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمىدىلە؟ سەركەردە جانابلىرى ئەگەر ئالماقچى بولىدىكەنلا، ئۆلگۈچە خىزمەت قىلىمەن، — دېدى فا جېڭ.

— يەنە كېڭەش قىلايلى، — دېدى ليۇ بېي تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ھالدا.

شۇ كۈنى مەرىكە - سورۇندىن تارقىغاندىن كېيىن جۇگې لياڭ شەخسەن ئۆزى فا جېڭنى يەمخانىغا ئۇزىتىپ باردى. ليۇ بېي يالغۇز خىيال سۈرۈپ بىرنېمىلەرنى دەپ ئولتۇردى. پاڭ تۇڭ كىرىپ:

— ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندە، قارار بېرەلمىگەنلەر ئەخمەق ھېسابلىنىدۇ. جانابىي پاسىبانىم! سىلى دانا پىكىر قىلىدىغان ئادەمتىلە، ئەمدى نېمىشقا ئىككىلىنىپ كەتتىلە؟ — دېدى.

— جانابلىرىنىڭ پىكىرىچە قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ

سورىدى ليۇ بېي.

— جىڭجۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە سۈن چۈەن، يۇقىرى تەرىپىدە ساۋ ساۋ بولغاچقا، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن. يىجۇنىڭ ئاھالىسى مىليوندىن ئارتۇق، يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئۇ يەردە ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا يار بېرىدۇ. بۈگۈن بەختكە يارىشا جاڭ سۇڭ، فا جېڭلار ئىچكى جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان بولدى، بۇ تەڭرىنىڭ ئىنايىتىدۇر، ئىككىلىنىپ نېمە قىلىدىلا؟ — دېدى پاڭ تۇڭ.

— بۈگۈن مېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم، — دېدى ليۇ بېي، — ساۋ ساۋ. ساۋ ساۋنىڭ مىجەزى چۈس، مەن كەڭ، ئېغىر - بېسىق؛ ساۋ ساۋ زالىم، مەن رەھىمدىل؛ ساۋ ساۋ كاززاپ - ھىيلىگەر، مەن ساداقەتمەن. ھەر ئىشتا ساۋ ساۋنىڭ ئەكسى بولغىنىمدا، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئازغىنا مەنپەئەتنى دەپ، خەلقئالەمنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشقا چىدىمايمەن.

— جانابىي پاسىبانىم! — دېدى پاڭ تۇڭ كۈلۈپ، — گەرچە سۆزلىرى قائىدىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، پاراكەندە زاماندا، قوشۇننى ئىشقا سېلىپ كۈچلۈكلۈك تالىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ھەممە ئىشنى قائىدە بىلەن قىلىپ كېتىمەن دېگىلى بولمايدۇ؛ ئەگەر ئادەتتىكى قائىدە بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان بولساق، بىرەر قەدەممۇ تاشلىغىلى بولمايدۇ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئىش قىلىشىمىز كېرەك. ھازىرچە ئاجىزلارنى قوشۇۋېلىپ، بەڭۋاشلارغا ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك. قورال كۈچى بىلەن ئەلنى ئېلىپ، ئاندىن كېيىن چارە تېپىپ ھاكىمىيەتنى ساقلايمىز — بۇ تاڭ ۋۇ يولى* ھېسابلىنىدۇ. ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ھەققانىيلىق قىلىپ، چوڭ

* تاڭ ۋۇ يولى — شاڭ خاندانلىقىنىڭ خانى تاڭنىڭ شيا خاندانلىقىنىڭ خانى جيېنى، جۇ خاندانلىقىدىكى ۋۇ ۋاڭنىڭ شاڭ خاندانلىقىنىڭ خانى جۇنى يوقاتقانلىقىنى دېمەكچى. رىۋايەتلەردىن كۆرە، جيې بىلەن جۇ زالىم خان بولغاچقا يوقىتىلغان.

بەگلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرسەك، ۋاپاسىزلىق قىلغان بولمايمىزمۇ؟ بۈگۈن ئالمايدىكەنمىز، بەرىبىر ئاخىردا باشقىلار ئېلىپ كېتىدۇ. جانابلىرى ئوبدان مۇھاكىمە قىلسۇرلەر.

— قىممەتلىك سۆزلىرىنى خاتىرەمدە مەھكەم ساقلاي مەن، — دېدى لىيۇ بېي بىردىنلا ئويغىنىپ ۋە شۇئان كۆنپېتسىشقا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا كېڭەش قىلىشقا جۇگې لياڭنى تەكلىپ قىلدى.

— جىڭجۇ مۇھىم جاي، قوشۇننى بۆلۈپ مۇداپىئە قىلىشىمىز زۆرۈر، — دەپ پىكىر بەردى جۇگې لياڭ.

— مەن پاڭ تۇڭ، خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەر بىلەن سىچۇەنگە باراي؛ مۇشاۋىر سىلى گۈەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەر بىلەن جىڭجۇنى مۇداپىئە قىلسۇرلەر، — دېدى لىيۇ بېي.

جۇگې لياڭ قوبۇل كۆردى. شۇنداق قىلىپ جۇگې لياڭ جىڭجۇنىڭ ئومۇمىي مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولدى، گۈەن يۈي شياڭياڭ مۇھىم يولى بىلەن چىڭنى ئېغىزىنى توسۇدى؛ جاڭ فېي تۆت ۋىلايەتكە مەسئۇل بولۇپ دەريا ئۈستىدىمۇ نازارەت ئېلىپ باردى؛ جاۋ يۈن جياڭلىڭغا ئورۇنلىشىپ گۇڭئەننى ساقلاپ تۇردى.

لىيۇ بېي خۇاڭ جۇڭنى ئوڭ قاناتقا، ۋېي يەننى ئالدىنقى قىسىمغا سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى. لىيۇ بېينىڭ ئۆزى لىيۇ فېڭ، گۈەن پىڭ بىلەن بارگاھ قوشۇن بولدى. پاڭ تۇڭ مۇشاۋىر بولدى، ئاتلىق- پىيادە بولۇپ 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. سەپەر ئالدىدا لياۋ خۇا بىر بۆلۈم لەشكەر بىلەن ئەل بولۇپ كەلدى. لىيۇ بېي ساۋ ساۋدىن بىرلىكتە مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن لياۋ خۇانى گۈەن يۈينىڭ ياردىمىگە بەردى.

شۇ يىلى قىش ئايلىرىدا، سىچۇەنگە قاراپ لەشكىرىي سەپەر باشلاندى. تېخى بىرنەچچە مەنزىل ماڭغا- ماڭمايلا مېڭ دا ئالدىغا

چىقىپ، باش قويۇپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى، ليۇ جاڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ مېنى 5000 لەشكەر بىلەن يىراقتا ئىستىقباللىرىغا ئەۋەتتى، دېدى. ليۇ بېي يېجۈغا كىشى ئەۋەتىپ، ئالدى بىلەن ليۇ جاڭغا خەۋەر يوللىدى. ليۇ جاڭ يول بويىدىكى ئايماق - ۋىلايەتلەرگە پۇل - تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇق ئەۋەتتى. ليۇ جاڭنىڭ ئۆزى ليۇ بېينىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن فۇ چېڭغا ماڭماقچى بولدى. شۇئان روشەن بەلگىسى بار هارۋا - چېدىرلار، تۇغ - ساۋۇتلار هازىرلاشقا بۇيرۇق بەردى. مىرزا خۇاڭ چۈەن كىرىپ:

— جانابىي پاسىبانىم! بۇ سەپەرلىرىدە چوقۇم ليۇ بېينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدىلا. مەن كۆپ يىللار جانابلىرىنىڭ ئاش - تۇزلىرىنى يېدىم، جانابلىرىنىڭ ئۆزگىلەرنىڭ تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ كېتىشلىرىگە چىدىمايمەن. ئويدان ئويلىنىۋېلىڭلار، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— خۇاڭ چۈەننىڭ بۇ سۆزى ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بىر - بىرىگە يىراقلاشتۇرۇش، مۇناپىقلارنىڭ نوپۇزىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت، بۇ ھەقىقەتتە پاسىبان جانابلىرىغا پايدىسىز، — دېدى جاڭ سۇڭ.

— مېنىڭ نىيىتىم قەتئىي، نېمىشقا قارشى چىقىسىز! — دەپ توۋلىدى ليۇ جاڭ.

خۇاڭ چۈەن قاتتىق باش ئۇردى، ئۇنىڭ بېشىدىن قان ئاقتى، ئالغا بېرىپ ليۇ جاڭنىڭ كىيىمىنى چىشلەپ تۇرۇۋېلىپ يەنە ئىلتىجا قىلدى. غەزەپلەنگەن ليۇ جاڭ كىيىمىنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خۇاڭ چۈەن قويۇپ بەرمىگەچكە ئىككى دانە ئۇدۇل چىشى چۈشۈپ كەتتى. ليۇ جاڭ ئەتراپىدىكىلەرگە خۇاڭ چۈەننى: «ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىڭلار!» دەپ توۋلىدى. خۇاڭ چۈەن يىغلىغان پېتى چىقىپ كەتتى.

ليۇ جاڭ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، بىراۋ توۋلىغان

ېيتى:

— جانابىي پاسىبانىم! خۇاڭ چۈەننىڭ سەممىي سۆزلىرىنى قوبۇل قىلماي، ئۇ يەرگە ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئۆلگىلى بارامدىلا؟ — دېدى پايىدە يەر قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

ليۇ جاڭ قارىسا، ئۇ جيەننىڭ يۈيىۋەنلىك لى خۈي دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇ باش قويغان هالدا:

— ئاڭلىشىمچە «خانلارنىڭ سەممىيى، توغرا سۆزلۈك ۋەزىرلىرى ئاتىلارنىڭ سەممىي توغرا سۆزلۈك پەرزەنتلىرى بولارمىش»، خۇاڭ چۈەننىڭ سەمىمىي سۆزلىرىنى چوقۇم ئاڭلاشلىرى زۆرۈر. ليۇ بېيىنى سىچۈەنگە باشلاپ كىرىش يولۋاسنى باشلاپ كىرىش دېمەكتۇر، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— ليۇ بېي مېنىڭ قېرىنداش ئاغام بولىدۇ، ماڭا قانداق زىيانكەشلىك قىلىدۇ؟ يەنە سۆز قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم! — دەپ ئەترابىدىكىلەرگە،— لى خۈينى ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىڭلار! — دەپ توۋلىدى ليۇ جاڭ.

— بۈگۈن سىچۈەندىكى قەلەمدار بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى دەپ يەنە ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ؛ پالۋانلار بولسا خىزمەت يەتكۈزگەن بىز دەپ مەغرۇرلىنىپ باشقا ـ باشقا غەرەزلەردە بولماقتا؛ ئەگەر خان تاغىسى ليۇ بېيغا ئىگە بولمايدىكەنمىز، ياۋلار تاشقى تەرەپتىن تېگىش قىلسا، خەلق ئىچكى تەرەپتىن قوزغىلىدۇ ـ دە، شۇنداقتا چوقۇم نابۇت بولىمىز، — دېدى جاڭ سۇڭ.

— سىلىنىڭ بۇ چوڭقۇر مەسلىهەتلىرى مېنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق، — دېدى ليۇ جاڭ.

ئەتىسى ئاتلىنىپ يۈيچياۋمېن دەرۋازىسىدىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى. ئادەملەر:

— مىرزا ۋاڭ لېي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئۆزىنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپتۇ، بىر قولىدا مەسلىهەتنامە، بىر قولىدا

شەمشەر تۇرىدۇ، ئەگەر مەسلىھەتىمنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئارقاننى كېسىمەن ـ دە، پەرگە چۈشۈپ ئۆلىمەن دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى. ليۇ جاڭ مەسلىھەتنامىنى ئالدۇرۇپ ئوقۇدى، قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

يىجۇ مىرزىسى ۋاڭ لېي قان يىغلاپ ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئاڭلىشىمچە «شىپا بەخش دورىلار ئاچچىق بولسىمۇ، كېسەلگە پايدا قىلىدىكەن، ساداقەت بىلەن بېرىلگەن مەسلىھەتلەر سەت ئاڭلانسىمۇ ئىشقا پايدىلىق بولىدىكەن». ئۆتمۈشتە چۇ بەگلىكىنىڭ ۋاڭى خۇەي ۋاڭ چۈي يۈەننىڭ سۆزىگە كىرمەستىن، ئىتتىپاقچىلىرى بىلەن ۋۇگۈەندە كۆرۈشۈپ چىن بەگلىكىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان. بۈگۈن جانابلىرى باش ۋىلايەتتىن ئايرىلىپ ليۇ بېينىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن فۇچېڭغا بارىدىغان بولسىلا، قايتىپ كېلەلمەسلىمىكى. جاڭ سۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، ليۇ بېينى رەت قىلىدىغان بولسىلا، سىچۈەننىڭ ياش ـ قېرىلىرى بەختلىك بولاتتى، جانابلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى سائادەتلىك بولاتتى!

ليۇ جاڭ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، غەزەپلىنىپ:

— مەن ۋىجدانلىق، ۋاپادار كىشى بىلەن كۆرۈشىمەن. بىز چىرايلىق ئوبدان تۇغقان تۇرساق، قانداق قىلىپ مېنى قارىلايدىكەن! — دېدى.

ۋاڭ لېي قاتتىق بىر تۋۋلىدى ـ دە، ئارقاننى كېسىپ تاشلاپ، پەرگە چۈشۈپ ئۆلدى.

كېيىنكىلەر بۇنىڭدىن ھەسرەت چېكىپ مۇنداق بىر قوشاق توقۇغانىدى:

*قولىدا مەسلىھەتنامە، بېشىن دەرۋازىغا ئاستى،*
*ئۇ ليۇ جاڭغا ئۆزىنى نابۇت قىلىش بىرلە جاۋاب بەردى.*
*چېشمىنى سۇندۇرۇپ خۇاڭ چۈەن شۇدەم ليۇ بېيغا ئەل بولدى،*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*ئېسىل نومۇسى پاكلىقتا ئۇ ۋاڭ لېيغا يېتەلمىدى.*

ليۇ جاڭ 3 تۈمەن كىشى بىلەن فۇچېڭغا قاراپ كەلدى. ئارقىدىكىلەرگە 1000دىن ئارتۇق هارۋىغا ئاشلىق، پۇل، شايى، كىمخابلار باسقۇزۇپ ليۇ بېيىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ليۇ بېيىنىڭ ئۇرشاۋۇل قوشۇنى دېڭجياڭغا يېتىپ كەلدى. بىرىنچىدىن، شىچۈەن تەرىپىدىن تەمىنلەپ تۇرغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، ليۇ بېيىنىڭ بۇيرۇقى قاتتىق بولغانلىقى، ئەگەر ئاھالىنىڭ بىرەرتە نەرسىسىنى ئېلىۋالغۇچىلار بولسا ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بارغانلىكى يەردە خەلقنىڭ قىلچە نەرسىسىگە چېقىلمىدى. خەلق قېرىلارنى قولتۇقلاپ، باللارنى كۆتۈرۈپ كوچىلارغا سىغمىغان هالدا كۈتۈۋېلىشتى، خۇشبۇي ئىسرىق سېلىپ تەزىم قىلدى. ليۇ بېي ياخشى سۆزلەر بىلەن ئاھالىدىن هال سورىدى.

فا جېڭ پاڭ تۇڭغا مەخپىي هالدا:

— جاڭ سۇڭنىڭ ئەۋەتكەن مەخپىي خېتى كەلدى، خەتتە فۇچېڭدا ليۇ جاڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىدىلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك، دەپتۇ. پۇرسەتنى هەرگىز قولدىن بېرىۋەتمەسلىك لازىم، — دېدى.

— بۇ سۆزنى هازىرچە ئېغىزدىن چىقارماي تۇرايلى. ليۇ بېي بىلەن ليۇ جاڭ ئىككىيلەن كۆرۈشكەندە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر ياقلىق قىلايلى. ئەگەر سىر ئالدىن پاش بولۇپ قالسا، ئوتتۇردا ئۆزگىرىش بولۇپ قالىدۇ، — دېدى پاڭ تۇڭ.

فا جېڭ بۇ ئىشنى سىر تۇتۇپ سۆزلىمىدى.

فۇچېڭ چېڭدۇدىن 360 چاقىرىم كېلەتتى. ليۇ جاڭ يېتىپ كېلىپ، ليۇ بېيىنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتتى. هەر ئىككىلا قوشۇن فۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ليۇ بېي شەهەرگە كىرىپ ليۇ جاڭ بىلەن كۆرۈشتى، هەر ئىككىيلەن ئاغا - ئىنىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. سالام - تەزىم بەجا كەلتۈرۈشۈپ بولۇپ، يىغىلىشىپ كەتتى. مەرىكە - سورۇندىن كېيىن ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىشىپ دەم ئېلىشتى. ليۇ جاڭ ئەمەلدارلىرىغا قاراپ:

— كۆلكىلىككى، خۇاڭ چۇەن، ۋاڭ لېي قاتارلىقلار قېرىنداش ئاغامنىڭ مېھرىبانلىقىنى بىلمەستىن بولمىغۇر گۇمانلاردا بولغانىدى. بۈگۈن قارىسام ھەقىقىي ۋىجدانلىق ئادەم ئىكەن. ئاشقى جەھەتتىن ئۇنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولسام، ساۋ ساۋ، جاڭ لۇلاردىن ئەندىشە قىلاتتىممۇ؟ جاڭ سۇڭ بولمىغاندا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان بولاتتىم، — دېدى - دە، شۇئان ئۈستىدىكى يېشىل تونىنى سېلىپ، 500 سەر ئالتۇن بىلەن چېڭدۇدىكى جاڭ سۇڭغا ئىنئام قىلىپ ئەۋەتتى.

بۇ ۋاقىتتا قول ئاستىدىكى بەگ - سىپاھلاردىن ليۇ كۈي، لېڭ باۋ، جاڭ رېن، دېڭ شيەنلەر:

— جانابىي پاسىبانىم! ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمىسىلە. ليۇ بېي سىلىقلىق بىلەن قاتتىقلىقنى يېگىدىغان ئادەم بولۇپ، تېخى نىيىتىنى بىلىپ بولمايدۇ، ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر، — دېيىشتى.

— سىلەر ئارتۇق ئەندىشە قىلماڭلار. ئاغام قانداق قىلىپ بەتنىيەت بولسۇن؟ — دەپ كۈلدى ليۇ جاڭ. كۆپچىلىك ھەسرەت چېكىپ چىقىپ كەتتى.

ليۇ بېي قارارگاھىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پاڭ تۇڭ كىرىپ:

— جانابىي پاسىبانىم! بۈگۈن مەرىكىدە ليۇ جاڭنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلدىلىمۇ؟ — دېدى.

— ليۇ جاڭ ھەقىقەتەن سەمىمىي، راستچىل ئادەم ئىكەن، — دېدى ليۇ بېي.

— ليۇ جاڭ گەرچە ياخشى ئادەم بولسىمۇ، خادىملىرى ليۇ

كۆي، جاڭ رېن قاتارلىقلار باشقىچىرەك تۇرىدۇ، ئۇلارنى يامانلىق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە ئەتە مەرىكە - سورۇن ھازىرلاپ، لىيۇ جاڭنى تەكلىپ قىلايلى؛ چېدىر ئارىلىقلىرىغا قوراللىق 100 ياساۋۇلنى پىستىرما قىلىپ قويايلى، جانابلىرى قەدەھ تاشلاپ بەلگە بەرسىلە، مەرىكە ئۈستىدىلا لىيۇ جاڭنى ئۆلتۈرەيلى - دە، چېگىدۇغا باستۇرۇپ كىرەيلى. قىلىچىمىزنى سۇغۇرماستىن، ئوقنى يايغا توغرىلىماستىنلا، خاتىرجەم بولايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى پاڭ تۇڭ.

— لىيۇ جاڭ مېنىڭ قېرىندىشىم، مېنى سەمىمىي كۈتۈۋالدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىچۇەنگە يېڭىدىن كەلدۇق، ئىناۋىتىمىز تېخى تىكلەنگىنى يوق؛ ئەگەر ئاشۇنداق قىلىدىغان بولساق، يۇقىرىدا تەڭرى راۋا كۆرمەيدۇ، تۆۋەندە خەلقنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرايمىز. جانابلىرىنىڭ بۇ مەسلىھەتلىرىنى زوراۋان بەگلەرمۇ ئورۇندىمايدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— بۇ مېنىڭ مەسلىھەتىم ئەمەس؛ جاڭ سۇڭ فا جېڭغا ئەۋەتكەن مەخپىي خېتىدە، ئىشنى كېچىكتۈرمەي، تېزرەك بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك دەپ جېكىلىگەنىكەن، — دېدى پاڭ تۇڭ.

سۆزنىڭ ئۈستىگە فا جېڭ كىرىپ قالدى ۋە:

— بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن قىلىۋاتقىنىمىز يوق، تەڭرى ئىرادىسىگە بويسۇنۇشىمىز كېرەك، — دېدى.

— لىيۇ جاڭ ماڭا قېرىنداش بولىدۇ، قول سېلىشقا ۋىجدانىم چىدىمايدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— جانابلىرى، يېڭىلىشىۋاتىدىلا، ئەگەر مۇنداق قىلمايدىكەنمىز، لىيۇ جاڭ لۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەچكە، قىساس ئۈچۈنمۇ چوقۇم باستۇرۇپ كېلىدۇ. جانابلىرى يىراقتىن تاغلار ئېشىپ، ۋادىلار بېسىپ، لەشكەرلىرى بىلەن بۇ يەرگە

يىتىپ كەلدىلە، ئالغا باسىدىكەنلا، خىزمەت يەتكۈزەلەيدىلا؛ چىكىنىدىكەنلا، پايدىسىز بولىدۇ. ئەگەر كاجلىق قىلىپ ئىككىلىنىپ، ئارقىغا سوزىدىغان بولسىلا، ناھايىتى زور ئۇتتۇرغان بولىمىز. مۇبادا بۇ مۇھىم تەدبىرىمىز پاش بولۇپ قالىدىكەن، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە تەڭرى بۇيرۇغان، ئەل قارىغان، ئۇلار ھازىرلىق كۆرمىگەن مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، بۇرۇنراق ئۇلۇغ ئىشىمىزنى تىكلىۋالساق، بۇ ناھايىتى دانا تەدبىردۇر، — دەپ مەسلىھەت بەردى فا جىڭ.

پاڭ تۇڭ ھەم قايتا ـ قايتىلاپ نەسىھەت ـ دەۋەت قىلدى. دەرھەقىقەت:

*ساقلىمدى دىيانەتتىن، بىرنەچچە رەت خوجايىن،*
*يەكدىل بولۇپ ۋەزىرلەر، دەۋەت قىلدى تەدبىرىن.*

لىۋ بېينىڭ قانداق نىيەتكە كەلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1973 ـ يىل 12 ـ ئاي بېيجىڭ 3 ـ نەشرى، خۇبېي 17 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社一九七三年十二月北京第三版湖北第十七次印刷本翻译出版。

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە (3)

ئاپتورى: لو گۇەنجۇڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھاجى ياقۇپ
غۇلام غوپۇر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1981 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 5 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 16.001—19.000
ISBN7—228—05085—1/I・1898
باھاسى: 15.50 يۈەن

三国演义 (3) (维吾尔文)

罗贯中 著

阿吉·牙于浦
乌拉木·吾麦尔 合译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂排版
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.5 印张 2 插页
1981 年 12 月第 1 版 1999 年 5 月第 2 次印刷
印数:16.001—19.000

ISBN7-228-05085-1/I·1898 定价:15.50 元